

بۇ كىتابنى ئانا يۇرتتىن ئايرىلىپ ، چەت ئەللەردە مۇھاجىرەتتە تۇرۇۋاتقان بارلىق ۋەتەنداشلىرىمغا بېغىشلايمەن !

— ئاپتور


غېرىب دەردىنى غۇربەتتە ئادادىن سورا ،
ۋىسال قەدرىنى ئاشىق گادادىن سورا ،
ۋەتەنسىز ھاياتتا نە مەنە ، نە تەم ،
بۇنى ئۆز ئېلىدىن جۇدادىن سورا !

— ئابدۇرېھىم تىلەشۇف ئۆتكۈر

ئەخمەت تۇردى

# سەرسان روھ

( رومان )



مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

飘荡的灵魂：维文/艾海提·图尔迪著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，1999. 3

Ⅰ. 飘... Ⅱ. 艾... Ⅲ. 长篇小说一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I 247.5

中国版本图书馆CIP数据核字（1999）第05545号

**喀什维吾尔文出版社出版**

（喀什市塔吾古孜路14号　邮政编码：844000）

**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**

850×1168毫米 1/32开本　16.625印张　5插页

1999年4月第1版　1999年4月第1次印刷

印数：1—8080　　定价：20.00元



ئەخەت تۇردى، 1998- يىل .

# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى ئۆزىگە خاس تالانتى، مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىدارلىق يازغۇچى.

مانا بۈگۈن، ھۆرمەتلىك ئەدىبىنىڭ يەنە بىر يېڭى رومانى قولىڭىزغا تەگدى. ئانا يۇرت، ئانا تۇپراق، ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى، جۇدالىق دەردى، ۋىسال شادلىقى، ئىنسان قىسمىتى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ ئەسەردىمۇ ئەخەت تۇردى ھەقىقىي يازغۇچىلىق ماھارىتىنى نامايان قىلغان. روماندا سىزنى ناھايىتى كۆپ قىزىقارلىق ۋەقەلەر، ئېچىنىشلىق تەقدىرلەر كۈتىدۇ!

«سەرسان روھ» رومانى — يازغۇچىنىڭ 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىتىبارەن ئېلان قىلىشقا باشلىغان «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى»، «يىراقتا قالغان مۇھەببەت» قاتارلىق رومانلىرىدىن كېيىنكى بەشىنچى رومانى. يازغۇچى ھازىر قەدىمكى يۇرتىمىزنىڭ XVII ئەسىردىكى ھەسرەت - نادامەتلىرى توغرىسىدا «ئاپئاق خوجا ۋە مەشرەپ» ناملىق تارىخىي رومان يېزىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

# « سەرسان روھ » نىڭ گۈزەل ئىستەكلىرى

« سەرسان روھ » رومانىغا سىڭگەن بۇ ئىدىيە يازغۇچىنىڭ ئارزۇسى بىلەنلا پەيدا بولغان ئەمەس. ۋەتەن تۇپرىقىنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ياد ئېتىش — ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ھەربىر سەرگەردان ئۈچۈن ۋىجدانىي بۇرچ. مانا مۇشۇ ئەمەلىيەت ئاپتورنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق رومانغا ئايلىنىپ، « سەرسان روھ » دېگەن نام بىلەن گۈزەل قەلبلەردىكى گۈزەل ئارزۇلارنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە بىز بىلەن دىدارلاشتى.

رومانىنى ئوقۇساق، قەشقەرلىك ئاق كۆڭۈل تىجارەتچى ئاتىخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەكبەر، شۇنىڭدەك ئالاھىدە، تەبىئىي خاسلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھېلىمشالارنىڭ ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە، مەككە شەھەرلىرىگە يېتىپ بارغۇچە ۋە ئۇ يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇزاق يىل تارتقان جۇدالىق ئازابلىرى، پاجىئەلەر، جاپالىق كەچۈرمىشلەر بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ۋەتەنسىزلىك — ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور يېتىملىق، پاناھسىزلىق. 1987 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە بىر ياشانغان ئۆزبېك ماڭا: « نۇرغۇن پۇل بەرسەك مۇشۇ يەردە قالامسىز؟ » دېگەندە، مەن: « مەن ھەرگىز ئۆلگەن ھۆجەيرە بولۇشنى خالىمايمەن. ۋەتىنىدىن — خەلقىدىن ئايرىلغان ئادەم باشىنىڭ كېپىكىگە ئوخشايدۇ. مەن بۇنداق كېپەك بولۇشنى ھەرگىز خالىمايمەن » دېگەن ئىدىم. ئۇ، ھۆكرەپ يىغلاپ:

«مەن 16 يېشىمدا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا پىدائىيلار قوشۇنىغا ئەسكەر بولۇپ قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئوق ئاتقان ۋە ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، ۋەتەنسىز قالغانمەن. دۇنيادا مەن بارمىغان يەرلەر ئاز قالدى، پۇلۇم جىق، خوتۇن - بالىلىقمۇ بولدۇم، لېكىن مەن ئەڭ بەختسىز ئادەممەن! مەھەللەمنى، ئىشىكىمىز ئالدىدىكى تۈگمەننى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. مەن — ئۆلگەن ھۆجەيرە، مەن — باشىنىڭ كېپىكى!» دېدى.

مانا بۇ «سەرسان روھ» تىكى پېرسوناژلار ئۈچۈن ئۇرتاق تەقدىر، ئورتاق ئازاب. چەت ئەللەردە خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ۋەتەنسىزلىك ئازابىنى تارتمايدۇ دەيسىز؟!

بۇ تېمىدا تېخى چوڭراق بىر ئەسەر يېزىلمىغان ئىدى، تۇنجى بولۇپ يازغۇچى ئەخەت تۇردى «سەرسان روھ» ناملىق رومانى بىلەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى.

«سەرسان روھ» — يالغۇز تېمىسى بىلەنلا داڭلىق ئەسەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئەسەر. كەڭ ھايات كۆرۈنۈشلىرى — جۇڭگو، پاكىستان، ئەرەبىستان، مىسىر تۇرمۇشى، پېرسوناژلارنىڭ خاسلىقى، تۇرمۇش يوللىرىنىڭ ئەگرى - توقايلىقى، مۇساپىردىن تارتىپ پادىشاھقىچە بولغان ئادەملەر قاتلىمىنىڭ روھىي دۇنياسى ... ئوقۇرمەنلەرگە تەربىيە، زوق ۋە بىلىم بېرىدۇ؛ سيۇژېت قۇرۇلمىسىدىكى دولقۇنسىمان چوڭ - كىچىك ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقى، قىزىقارلىقى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ كۆپ خىل خاراكتېر خاسلىقلىرىمۇ بىزگە قىزىق تۇيۇلىدۇ.

ئاپتور بۇ تېما ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىككى قېتىم چەت

ئەللەرگە بېرىپ، ئۇرغۇنلىغان «سەرسان روھ» ئىگىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتتە بولغان، ۋەتىنىنىڭ بىر سىقىم تۇپرىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ، سىياسىي پاجىئەلەرنىڭ قۇربانى بولغان ئادەملەرنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاخىرقى تىنىقىدا ئانا يۇرتىنى زىكىر قىلىپ جان ئۈزگەن مۇساپىرلار توغرىسىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلارنى ئاڭلىغان... شۇڭا بۇ رومان ھەم تۇرمۇش چىنلىقىغا، ھەم بەدىئىي چىنلىققا ئىگە بولغان.

«سەرسان روھ» تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىش — بىر جاپالىق، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ئەمگەك. تالانتلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشلىرى، بىباھا مېھنىتى ئارقىلىق ۋەتەن تېمىسىدا يېزىلغان بۇ رومانىنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە كاتتا ئىش قىلدى.

«سەرسان روھ» بىر گۈزەل روھقا — ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئۇيغۇلغان مەدھىيە كۈيى. بۇ رومان ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قىممىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان ئېسىل رومانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

**زوردۇن سابىر**

1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## دېڭىزغا تۇتاشقان يوللار


بىرىنچى باب  ھەج ئىشقى .......................... 3
ئىككىنچى باب  خەير ـ خوش ، ئەزىزانە قەشقەر ! ... 20
ئۈچىنچى باب  مىكتىپكە داۋىنىدىكى جۇدۇن .......... 53
تۆتىنچى باب  قىمارۋازنىڭ ھېكايىسى ............... 76
بەشىنچى باب  تاغ قاراقچىلىرى ..................... 93
ئالتىنچى باب  تىنچىسىز كۆڭۈلەر ................... 118
يەتتىنچى باب  تۆيۈقسىز غايىب بولۇش .............. 132
سەككىزىنچى باب  لاھور تۈرمىسىدە .................. 145
توققۇزىنچى باب  غېرىب كېپەن پالۋان ............... 164
ئونىنچى باب  كاراچىدىكى تەقەززالىق ............... 178
ئون بىرىنچى باب  ئۈمىد ساھىلى ................... 205


## ئىككىنچى قىسىم


## قۇياش سۆيگەن يەر


بىرىنچى باب  تاۋاپچىلار ............................ 223
ئىككىنچى باب  مەككىدىكى مۇساپىرلىق ............... 256

ئۈچىنچى باب   ھۈنەرلىك قول ـــ گۆھەرلىك قول . 280
تۆتىنچى باب   شاھانە ماكان ........................ 307
بەشىنچى باب   مىسىردىن كەلگەن ئەلچى ............ 325
ئالتىنچى باب   ئىشق سەۋداسى ........................ 344
يەتتىنچى باب   غايىب بولغان مەشۇق ................ 377
سەككىزىنچى باب   يىلان ۋەقەسى ........................ 404
توققۇزىنچى باب   شاھ ھۇزۇرىدا ........................ 424
ئونىنچى باب   « شىركىتى سالام » ........................ 444
ئون بىرىنچى باب   نەدىسەن ، ئانا ماكان ؟ ................ 466
ئون ئىككىنچى باب   شاپائەت ۋە ئاداۋەت ................ 487
ئون ئۈچىنچى باب   ئىلاھىي سۆيگۈ ........................ 502

بىرىنچى قىسىم

# دېڭىزغا تۇتاشقان يوللار



بىرىنچى باب

# ھەج ئىشقى

## 1

تومۇز كۈنلىرىنىڭ ئىسسىقى خۇددى مۇشۇ قاپچىغاي رەستىگە تىقىلىۋالغاندەك ، ئاتىخانىنىڭ يىپەكچىلىك دۇكىنى ھۆپۈللەپ كەتتى . ئۇ ، بىردەم غاز پېيىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ باقتى ، بىردەم مۇشۇ رەستىدە يۇگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان ھېلىقى شادا پاچاق دەرۋىش باقىغا مۇزدەك دوغ ئەكەلدۈرۈپ ئىچىپمۇ باقتى ، لېكىن سەگىمىدى ، تەشنالىقىمۇ قانمىدى ، ئىچ - ئىچىدىن ئىسسىق ئۆرلەپ ، تىنىقىمۇ ئۆزىگە ئوتتەك بىلىنىپ كەتتى . ئاخىر ئۇ ، دۇكاننى تاقىدى ، ئۆيىگە كىرىپ مەنزەردىكى سالقىن ئايۋاندا دەم ئېلىپ ، سەگىدەپ چىقىش نىيىتىگە كەلدى .

يېشى ئەللىككە تاقىغان ، گىجىك ساقىلىنى چىرايلىق ياسىتىپ ، بېشىغا كۆك مانپۇ دوپپا ، ئەگنىگە ئىنچىكە قارا يوللۇق ئاق پاڭچۇ يەكتەك ، پۇتىغا قارا شاۋرۇندىن تىكىلگەن يۇمشاق شىپەك كەش كىيگەن ئوتتۇرا بوي ، مېھرى ئىسسىق بۇ ئادەم ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى ۋە قەدەمدە بىر ئۇچرىغان تونۇشلارغا ئىللىق سالام بېرىپ ، جانان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا

كەلگەندە ، بىرسى چاقىرىپ قالدى . ئۇ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى ، ياگاق سارىيىنىڭ يېنىدىكى بوتكا دۇكاندىن بېشىنى چىقىرىپ ، قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان تاش قارىينى كۆردى .

ئۇلار سالاملاشتى ، تاش قارىي ئاتىخانغا ئەنجۈر ياغىچىدىن ياسالغان ئويما گۈللۈك قاتلىما ئورۇندۇقنى قويۇپ بەردى ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە قۇراق كۆرپە سېلىنغان ئىدى .

— پاھ - پاھ ، كۆن ئەجەب ئىسسىپ كەتتى دېسىلە ، — دېدى تاش قارىي قولىدىكى قومۇش يەلپۈگۈچنى ئاتىخانغا ئۇزىتىپ ، — ئۆزلىرىمۇ دۇكاندا ئولتۇرالماپلا - دە !

ئۇ ، پەشتاختىنىڭ ئاستىدىن ئەجدىھاگۈللۈك جانان چەينەكنى ئېلىپ ، ئىككى پىيالىغا چاي قۇيدى . ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چايدىن لاچىندانە بىلەن قەلەمپۇرنىڭ ئۆتكۈر ھىدى ئەتراپقا تارىدى .

— بۇنداق ئىسسىقتا چايدىن باشقىسى تەشنالىقنى قاندۇرالمايدىكەن ، — دېدى تاش قارىي ئاتىخانغا پىيالىنى سۇنۇپ ، — قېنى خوش ، چايغا ئىلتىپات قىلسىلا !

تاش قارىي ئاتمىش ياشقا يېقىنلىغان ، ئېگىز بوي ، قاتما كەلگەن ، كېلىشەڭگۈ ، سۆلكەتلىك ئادەم ئىدى . ئۇ ، بېشىغا زەيتۇن رەڭلىك شايى دوپپا كىيىپ ، ئەگنىگە ئاق چۇجۇنكىدىن كېرىتىك ياقىلىق ئۇزۇن كەمزۇل كىيىۋالغان ، كەمزۇلنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىنغان قىيام سائەتنىڭ سېرىق زەنجىر بېغى چاپاننىڭ تۈگمىسىگە ئىلىپ قويۇلغان ئىدى .

تاش قارىينىڭ دۇكىنى بۇ ئەتراپتا خېلى نامى بار دۇكان ئىدى . گەرچە ئۇنىڭدىن بىرلا قاراپ ۋاھ دېگۈدەك بىرەر ئەتىۋار نەرسىنى تاپقىلى بولمىغان بىلەن ، ئەمما ئىزدەپ كەلگەن ھاجەتمەنگە ھەرقانداق نەرسە تېپىلاتتى . چوڭ كۆمۈش شامداندىن كىچىككىنە سەدەپ تۈگمىگىچە ، ھەتتا مايلامچىلار ئىشلىتىدىغان

قارىگۈلدىن تارتىپ، يىڭنە - ئويماق، پىسلداق - ئىلگەككىچە بار ئىدى. لازىم بولغانلارغا كونا زامانىنىڭ دات باسقان يارماق - داچەنلىرىگىچە تېپىلاتتى. دۇكاننىڭ ئۈستى تەرىپىگە تۇلكە، داۋىغان، سۇغۇر تېرىلىرى بىلەن بىللە ھەر خىل نوگاي - قاپاقلارغىچە ئېسىلغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بوۋاقلارنىڭ قىرقىنى چىقارغاندا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس نوگايدىن تارتىپ، ناس قاپىقى ۋە كەپتەرۋازلار ئىشلىتىدىغان غوڭ قاپاقچە بار ئىدى...

ئەڭ مۇھىمى، تاش قارىينىڭ يۇقىرى - تۆۋەندە تونۇش - بىلىشلىرى كۆپ ھەم ئۆزىمۇ خۇش پېئىل، چىقىشقاق بولغاچقا، بۇ كۆرۈمسىز، ئاددىي دۇكاننى مۇشۇ شەھەردىكى يېڭى خەۋەر، يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ مەركىزى دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ مانا شۇ قۇراق كۆرپىلىك قاتلىما ئورۇندۇقىدىن ھەمىشە ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، ئەجدىھاگۈللۈك چەينەكىدىمۇ قىش - ياز ئۈزۈلمەي، خۇش پۇراق چايلار دەملىنىپ تۇراتتى.

— خوش تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ ھەجگە بېرىش ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — سورىدى تاش قارىي بىر پىيالە چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، — بىرەر خۇش خەۋەر بارمۇ؟

— يوقسۇ، تاش قارىيكا، — دېدى ئاتىخان بىر خىل ئىزتىراپلىق تۇيغۇ بىلەن، — پېقىرنىڭ تەلىيى تەتۈر ئىكەن، چەك چىقمىدى، ھەممە ئىش تۇگىدى!...

— چەك چىقمىدى دېسىلە! — دېدى تاش قارىي دىككىنگەن ھالدا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — لېكىن ئامال قانچە، كونىلاردا «چەككە چىكىلدىماڭ» دېگەن گەپ بار. ئاڭلىسام، بۇ قېتىمقى چەك تارتىشنى ھاكىم تۇرسۇن ئىبلى ئۆزى قىپتۇ دەيدىغۇ، راستمۇ؟

— راست، ئۇلۇشكۈن جىددىي ئۇقتۇرۇش قىپتۇ، —

دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئاتىخان ، — ئالدىراپ ياڭۇلغا بارساق ، شۇ ئىش ئىكەن ، تۇرسۇن ھاكىم ئۆز قولى بىلەن چەك تارتىپ ۋە : « بۇ يىللىقى ھەجگە چەك چىققانلار بارىدۇ ، چەك چىقمىغانلار كېلەر يىلى نۆۋەت كۈتىدۇ » دېدى . چەك ئالغانلار ناھايىتى كۆپ ، لېكىن چىققانلار بەكمۇ ئاز ...

— ئاڭلىسام ، نەدىكى ئادەملەرگە چەك چىقىپ ، بېشى ئاسمانغا يەتكەن ئوخشايدۇ ، ياپچان ، ئوغۇساق ، تاشمىلىق تەرەپلەردىن كەلگەن سەھرالىق بايلارنىڭ بىرنەچچىسىگە چىقتى دەيدىغۇ !

— ھەي ! ... ، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ئاتىخان ، — بەندە نىيەت قىلغان بىلەن ئىشنىڭ روياپقا چىقمىقى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئوخشايدۇ !

ئاتىخاننىڭ يۈرىكى ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ ، بېشمۇ لەسسىدە چۈشۈپ كەتتى .

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، تەقسىر ! — دېدى تاش قارىي ئاتىخان تەرەپكە تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىپ ، — لېكىن بۇ ، سەۋەبلىك ئالەم ، سەۋەب قىلسا پۈتمەيدىغان ئىش يوق . سەۋر قىلسىلا ئاتىخان ، ئاللاتائالا ھەمىشە سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە . سىلىنىڭ نىيەتلىرى دۇرۇس ، بۇنداق خاسىيەتلىك ، قۇتلۇق ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمنى ئاللاتائالا ھەرگىز نائۈمىد قويمايدۇ !

— دوتەي ياڭۇلىدىكى بىر بۇرادىرىمىز يول مېڭىپ باقاي دەۋاتىدۇ ، — دېدى ئاتىخان ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئاز - تولا ئۈمىدلەنگەن ھالدا ، — شۇنىڭدىن بىرەر ياخشى خەۋەر بولۇپ قالارمىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمەن .

— ئۇمۇ بوپتۇ ، — دېدى تاش قارىي دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ ، — لېكىن يول دېگەننىڭ ئىپىنى تېپىپ ، ئەكەك -

چىشىنى ئايرىپ ماڭمىسا، ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەن سى-
لىگە بىر مەسلىھەت بېرەي ... — ئۇ ئاتىخاننىڭ قولىقىغا خېلى
ئۇزاق پىچىرلىدى، پىچىرلاپ بولۇپ، يەنە ئەتراپقا گۇمان بىلەن
قاراپ قويىدى.

— رەھمەت، تاش قارىيكا، — دېدى ئاتىخان ئورنىدىن
تۇرۇۋېتىپ، — خۇدا يولىدا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز
يەردە قويمايمەن. بۇ ئىش ئۈچۈن نېمە كەتسە مەن رازى! ...

ئاتىخان ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، خۇشاللىق بىلەن
ھەسرەت، تىت - تىتلىق بىلەن تەقەززالىق ئارىلىشىپ كەتكەن
بىر خىل مۇرەككەپ روھىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆيىگە قاراپ
ماڭدى.

ئۇنىڭ ئۆيى جانان كوچىسىدا ئىدى. كىرگەن كىشىنىڭ
كۆڭلى ۋاللىدە ئېچىلغۇدەك پاكىز، ئازادە بۇ ئۆينىڭ ھويلىسىدا
بىر تۇپ ئاكاتسىيە دەرىخى بولۇپ، ئۇنىڭ باراقسان نوتىلىرى
ئېگىز ئۆگزىگىچە بوي سوزغان ئىدى. چىرايلىق ناۋا چىقىرىپ
ياسالغان پېشايۋان كەڭ ھەم كۆركەم ئىدى. ئاكاتسىيىنىڭ يېنىغا
قويۇلغان ئىككى يامىنىڭ بىرسىدە ئەنجۈر، بىرسىدە ئانار كۆچىتى
بار ئىدى. ئەنجۈرلەر ئاندا - مۇندا تۇغۇپ، خۇددى يېشىل تۇگ-
مىلەردەك يالتىراپ تۇراتتى، ئانارمۇ قىپقىزىل چېچەكلەپ، ئۆزىگە
خاس تۇس بىلەن جۇلالىنىپ تۇراتتى. خىش پەلەمپەي بىلەن
چىقىدىغان ئىككىنچى قەۋەتتىكى مەنزەر ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئويما
گۈللۈك ۋادەكلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
تىزىلغان تەشتەكلەردە گۈل سۆسە، گۈلىيەسمەن، ئېپار گۈل،
خېنىگۈل، تۇخۇمگۈل، چىلانگۈل، مىرزە سەبدە قاتارلىق
رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ، بۇ ھويلىنى
تولىمۇ كۆركەم تەبىئىي گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى.
چىرايلىق كېپىنەكلەرمۇ نازۇك قاناتلىرىنى كېرىپ، گۈلدىن -

گۈلگە پىرىلداپ ئۇچۇپ ، ھويلىغا تېخىمۇ رەڭدار ھۆسن قوشقان ئىدى .

ئاتىخان گۈل خۇمار ئادەم ئىدى . يام ۋە تەشتەكلەردىكى گۈللەرنى ھەر كۈنى سۇ پۈركۈپ تازىلاپ ، پەرۋىش قىلاتتى ، ئۆزىمۇ كىيىم - كېچەكنى پاكىز ، يېڭى ۋە ئازادە كىيەتتى . ئۇ ، تېخى ھەر كۈنى كەچتە قاراڭغۇ دالان بىلەن چوڭ دەرۋازا ئالدىغا چىراغ يېقىپ قوياتتى . ئۆيدىكىلەر نېمە ئۈچۈن ياغنى ئىسراپ قىلىپ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا ، ئۇ : « ئادەم ئۆلگەندە گۆرى نۇرلۇق بولىدۇ » دەپلا قوياتتى . ئاتىخان يەنە كۈندۈزلىرى بوش ۋاقىت چىقسىلا ، قولىغا كىچىككىنە كەكە بىلەن سۇپۈرگىنى ئېلىپ ، ھويلا ، ئىشىك ئالدى ، ھەتتا قوشنىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىلىرىدىكى ئېگىز - پەس ، مۇدۇر - چوقۇر يەرلەرنى تۈزلەپ ، تەكشىلەپ ، پاكىزلەپ قوياتتى . شۇڭا ، كىشىلەر ئاتىخاننى «خۇدانىڭ نەزىرى چۈشكەن ئادەم» دەپ تەرىپلىشەتتى...

ئاتىخان ئۆيگە كىرىپ ، بىر پىيالە سوۋۇتۇلغان ناۋات چاي ئىچتى ، ئاندىن ئۈستىدىكى مېھمانخانىغا چىقتى . بۇ مېھمانخانا كايىۋانلىق بولۇپ ، ئىشىكنىڭ چۆرىسىگە زەڭگەر رەڭلىك گەجدىن شالۋان تارتىلغان ئىدى . ئۇ ، مېھمانخانىغا كىرىپلا ، بۇلۇڭدىكى سىم كارىۋات ئۈستىگە چىقتى . ئۆي ئىچى تىنچ ، سالقىن ھەم قاراڭغۇ ئىدى . بۇنداق پىنھان ، راھەتلىك مۇھىت ئاتىخاننى بىردەم چېكى يوق خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىتىپ ، كېيىن تېزلا ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋەتتى .

## 2

تاڭ سەھەرنىڭ قارامتۇل سۇبھىسى كۆتۈرۈلۈپ ، كەڭ ئۇپۇق ئاقىرىپ كەلمەكتە ئىدى .

كىشىلەر ناماز بامداتتىن ياندى، تېخى بايىلا جىمجىت تۇرغان پىنھان كوچا ـ رەستىلەر جانلىنىپ كەتتى. ئوردا ئالدىدىكى داڭلىق ئاشپۇزۇلىنىڭ خوجايىنى بەلەن ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، كېچىچە خامۇش ياتقان شەھەرنى ئويغىتىۋەتتى.

— ئاڭلاڭلار جامائەت! پولۇ دەم يېدى، پۇلى يوقلار غەم يېدى، پۇلى بارلار قولۇڭلارنى چايقاڭلار، پۇلى يوقلار تامنى تۇتۇپ تارقاڭلار!

تاش قارىي جانان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتتىن چىقىپ، ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم بۇرۇن ماڭغان ئاتىخانغا يېتىشىۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتىخان!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تاش قارىيكا!

ئۇلار كوچا ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا توختىدى، ئېرىقتا لەبىا لەپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. يىلتىزى سۇغا قانغان سۇۋادان تېرەكلەر تېخىمۇ بوي تارتىپ، يۇمران ياپراقلار سەھەر سالقىنىدا يېنىك شىلدىرلايتتى. يىراقتا ئىككى چەكادە تامباللىرىنى يوتىسىغىچە تۇرۇپ قويۇپ، بىر پۇتىنى ئېرىققا تىققان ھالدا بەس ـ بەس بىلەن يولغا سۇ سېپىۋاتاتتى...

— سىلىگە خۇش خەۋەر ئاتىخان، ھېلىقى ئىشىمىز ئېقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى تاش قارىي ئاۋازىنى پەس قىلىپ، — مېنىڭ ھېلىقى تىلماچلىق قىلىدىغان جىيەن ئوغلۇم دوتەي يامۇل خارجى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياڭ مۇدى بىلەن سۆزلىشىپتۇ...

— نېمە دەپتۇ؟ — ئالدىراپ، تەقەززالىق بىلەن سورىدى ئاتىخان.

— ئاغزىدا بولىدۇ، دېگەن گەپنى قىلمىغان بىلەن، كۆزىدە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ، — دېدى تاش قارىي ئەينى

ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ ، — ئەمدىكى گەپ ، بىزنىڭ يەمچۈك سېلىشىمىزدا قالدى ، لېكىن مەن ئۆزلىرىگە ئارتۇقچە چىقىم بولۇپ كېتەرمىكىن ، دەپ ئەنسىرەيمەن ...

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت ، تاش قارىيكا ، — دېدى ئاتىخان سۆھبەتدىشىنىڭ سەممىيىتىدىن تەسىرلىنىپ ، — لېكىن مەن ئاللا يولىدا باسقان يولۇمدىن ھەرگىز يانمايمەن ، ھەرقانچە چىقىم تارتسامۇ مەن رازى !

تاش قارىيمۇ ئۇنىڭ ئىنايىتىدىن ، ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى :

— ئىنشائاللا ، خۇدايىم سىلىنى ھەۋزىكەۋسەردىن ، ئۇلۇغ مۇستاپانىڭ شاپائىتىدىن يىراق قىلمىغاي ! مەنمۇ سىلىنىڭ بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە بۇ يىلدىن قالماي ئاتلىنىپ كېتىشلىرىنى تىلەيمەن . مېنىڭ ھېلىقى جىيەن ئوغلۇمنىڭ ئېيتىشىچە ، ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ ، ئەگەر مۇنداق كېتىۋەرسە ، كېلەر يىللىرى ھەجگە بېرىش ئىشىمۇ بەسى مۇشكۇل ئىكەن !...

— خۇدايىم مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلار !... — دېدى ئاتىخان ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرگەندەك ئاستا پىچىرلاپ ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر غايىبانە تۇسقۇنلۇقنى ، ۋەھىمىنى سەزگەندەك تېز - تېز سوقۇپ كەتتى .

ھەج قىلىش — ئاتىخاننىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن يۈكسەك ئارزۇسى ئىدى . بۇ ئارزۇدا ئۇنىڭ ئۆزىدىكى كۈچلۈك دىني ئەقىدە ، تەلپۈنۈش ۋە بۇرچ تۇيغۇسىدىن باشقا ، مەرھۇم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى ...

ئۇنىڭ دادىسى ھاشىم ئورۇس خېلى باش كۆتۈرگەن سودىگەر ئىدى . ھاشىم ئورۇس ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا ،

بولۇپمۇ قازان ، شەمەي قاتارلىق جايلاردا كۆپرەك سودا قىلاتتى . ھاشىم ئورۇس 1942 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پاسپورت ئىشلىتىپ ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلغان ئىدى ، لېكىن سەپەرگە ئاتلىنىش تەرەددۇتىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇنىڭ بېشىغا كۈتۈلمىگەن ئېغىر كۈلپەت چۈشتى . شېڭ شىسەي « ئۈچ مەسىلەك » تىن يۈز ئۆرۈپ ، سوۋېتپەرەسلەرنى تۇتقۇن قىلغاندا ، بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ھاشىم ئورۇسنىمۇ تۇتۇپ كەتتى . ھاشىم ئورۇسنىڭ ھەج قىلىش نىيىتى يوققا چىقتى . شۇ چاغدا ھاشىم ئورۇس بۇ مۇقەددەس ئارزۇسىنى ئوغلى ئاتىخانغا تاپشۇرۇپ ، تۈرمىدە ئۇنىڭغا : « ئوغلۇم ، ھەج قىلىش ئىسلامنىڭ بىر تۈۋرۈكى . كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتكەن ئادەم ھەجنى تەرك ئەتسە ، ئىسلامنىڭ بىناسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان بىلەن تەڭ بولىدۇ . مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمدى ئىشقا ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ ، سەن بۇ پەرزنى چوقۇم ئادا قىلىپ ، مەن ئۈچۈنمۇ ئۆمرە ھەج قىلىپ قايتقىن ! ... » دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بولۇپ قالدى .

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئاتا ۋەسىيىتى ئاتىخاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھەمىشە ياڭراپ ، ئاللانىڭ بەيتىگە تاۋاپ قىلىش ئوتى ئۇنىڭ قەلبىدە مەشئەل بولۇپ ياندى . بۇ خىل قىزغىنلىق ۋە ئېتىقاد كۈچى ئۇنى بىر كۈنمۇ جىم تۇرغۇزمىدى ...

ـــ پۇل بىلەنلا ھەل بولىدىغان ئىش بولسا ، قولۇم كۆك-سۇمدە ، تاش قارىيكا ! ـــ دېدى ئاتىخان يەنە شۇ تەقەززالىق بىلەن گېپىنى داۋام قىلىپ ، ـــ بايام ئۆزلىرى ئېيتقاندەك ، كېيىن قالغان ئىشنى قارا باسمىسۇن يەنە ! ئەمدىكى ئۈمىدنى ئۆزلىرىگە قويدۇم !...

ـــ ئاۋۋىلى خۇدا ، ئاتىخان ! زادىرانىسى يەتكەن كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككەمۇكەررەمگە بېرىپ تاۋاپ قىلماق پەرز .

لېكىن خۇدا چاقىرمىسا، بەندىگە نېسىپ بولمايدۇ! — دېدى تاش قارىي ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ، — ئۇنىڭدىن قالسا، خۇدا يولىدا مەن سىلىنىڭ ئىشلىرىغا ماڭىمەن، سىلى پەقەت ئاللانىڭ ئۆيى — بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ بوسۇغىسىدا كەمىنە ئاكىلىرى ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىپ قويسىلىرى بولىدى.

— مىلىڭ مەرتىۋە، تاش قارىيكا، — دېدى ئاتىخان خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇپ، — سىلىنىڭ ھېلىقى جىيەن ئوغۇل قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

تاش قارىي بىردەم تۇرۇۋېلىپ، كېيىن ئېنىقىنى ئېيتتى:

— ھېلىقى ياڭ مۇدى دېگەن باشلىق بىر پاسپورتقا 10 سومۇلۇقتىن بەش تىللانىڭ گېپىنى قىلغان ئوخشايدۇ. سىلى ئىككى پاسپورتنىڭ گېپىنى قىلۋېدىلە، شۇڭا بۇنچە كۆپ پۇلنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان ئىدىم. ھازىر بۇ مۇناپىقلارنىڭ نەپسى يوغىناپ، دوزاخنىڭ ئوتىنىمۇ پۇۋلىمەي يېگۈدەك بوپ كەتتى، دېسىلە!...

— مەيلى، مەيلى ... — دېدى ئاتىخان خېلى چىڭقىلىپ تۇرۇپ، — ئىش ۋۇجۇدقا چىقسىلا، پۇلدا گەپ يوق. سىلىنىڭ ھېلىقى جىيەن ئوغۇلنىڭ ئىسمى نېمە؟

— كىشىلەر ئۇنى ھېلىم پەيىي دەيدۇ، دوتەي يامۇلدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تۇڭچىسى.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقسام قانداق، بۇ ئىش يەنە يېرىم يولدا توختاپ قالمىسۇن!

— كۆرۈشىمەن دېسىلىرىمۇ مەيلى، لېكىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۇ ئۆز قولىمىزدىكى ئادەم، بارماق قولدىن ئايرىلىپ نەگە باراتتى!

— ئەمىسە، سىلىگە تاپشۇردۇم، — دېدى ئاتىخان ئىشەنچ بىلەن، — مەن 10 تىللانى بۈگۈن پېشىندىن كېيىن ئۆز-

لىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن!

تاش قارى خوشلىشىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— ماقۇل، مەن سىلىنى دۇكاندا ساقلاي، باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە. بۇ، ھەم ئۇزۇن، ھەم مۇشكۇل سەپەر، تەييارلىق پۇختىراق بولغىنى ياخشى!

ئۇلار خوشلاشتى، تاش قارى دۇكىنى تەرەپكە، ئاتىخان ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئاتىخان كېتىۋېتىپ، قولىدىن بىھۇدە چىقىپ كېتىۋاتقان جىرىلىڭ - جىرىلىڭ 10 تىللانى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، مۇسۇلمانلار چۈشىدىمۇ ياد ئېتىدىغان بەيتۇل ھەرەمنى تاۋاپ قىلىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يەنە كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى ۋە ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدەك شادىمان ھېس قىلدى.

## 3

بۈگۈن كەچتە ئاتىخاننىڭ ئۆيى بەكمۇ جانلىنىپ كەتتى. ھەممەيلەن جەم بولغان ئىدى. زىلچا - گىلەملەر سېلىنغان چوڭ مېھمانخانا گازۋاي چىراغنىڭ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان كاناپ داستىخان قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە، سامسا - سامبۇسىلار بىلەن لىق تولغان ئىدى.

بۈگۈن بۇ يەردە ئاتىخان ئائىلە كېڭىشى ئاچقان ئىدى. ئۇ، داستىخاننىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى ياشلىق تۇنجى ئوغۇل نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى. بوۋاق تاتلىق قىلىقلىنىپ، بىردەم ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى تارتقۇشلايتتى، بىردەم ئۇنىڭ بېشىدىكى شەيدايى دوپپىسىنى يۇلۇپ تاشلايتتى. ئاتىخان بىر چاغدا نەۋرىسىنىڭ بادام گۇللۇك باچكىنا

دوپپىسىنى ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ يوغان بېشىغا كىيىۋىدى ، كىشىلەرگە خۇددى گۇمبەزگە چىكىت قويغاندەك غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتى ، شۇڭا ھەممەيلەن كۈلۈشتى .

— دادا ياراشتى ، ھەج سەپىرىگە ئاشۇنداق چىقسىلىرى بولغۇدەك ، — دېدى چوڭ قىزى مەستۈرە كۈلكىدىن توختاپ ، — بىز بارالمىغاندىن كېيىن ، بالىمىزنىڭ دوپپىسى بولسىمۇ سىلى بىلەن بىللە بارسۇن ...

مەستۈرە — ئاتىخاننىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئىدى . بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن 18 يېشىدا ئۇنى ياتلىق قىلىپ ، ئاتا قەرزىنى ئادا قىلغان ئىدى . ھازىر ئۇ تولغان ، چىرايلىق ، بېجىرىم جۇۋان ئىدى . ئۇ ، بۈگۈن ئۈستىگە دىلكەپىياز رەڭلىك گىرىپ جەرجەتتىن كەڭ ئېتەك كۆڭلەك كىيگەن ، بېشىغا كالۋۇتۇن دوپپا كىيىپ ، چېكە چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى بىلەن پاتلاپ قاتۇرۇۋەتكەن ئىدى . ئاق ، دىقماق بىلىكىدىكى ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن بارماقلىرىدىكى رومچە ئۈزۈكلەر چىراغ يورۇقىدا يالت - يۇلت قىلىپ كۆز چاقاتتى . ئۇ ، 12 ياشلىق سىڭلىسى پاتىمەنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ، داستىخاندىكىلەرگە چاي قۇيۇپ ئولتۇراتتى . مەستۈرەنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە — ئاتىخانغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرغان ئانىسى خان تىللا تولىمۇ ئىنائەتچان ، رايىش قىياپەتتە بىردەم ئېرىگە ، بىردەم بالىلىرىغا ھەم كۆيۈنۈش ، ھەم ئىپتىخارلىق نەزىرى بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۇ ، ئېغىرئاياغ بەدىنىگە زەيتۇن رەڭلىك خاڭدەندىن كەڭ چەجمەك كىيىپ ، بېشىغا مىسقالى رومالنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ئارتىۋالغان ئىدى . خان تىللا مۇشۇ ھالىتى بىلەن ئەسلىدىكى 35 ياشلىق خىپچا بەدەن ، زىلۋا قامەت ، چىرايلىق جۇۋانغا ئوخشاشماي قالغان ئىدى .

ئاتىخان نەۋرىسىنى ئويىنىتىشتىن توختىدى ، ئاۋۋال

ئايالىغا، ئاندىن باللىرىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقىپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— خۇدايىم ئۆزىگە ھالاللىق بىلەن بەندىلىك قىلغان مۆ-مىنلىرىگە جەننەتنى بەخشەندە قىلغاندىن باشقا، يەنە نۇرلۇق جامالىم بىلەن مېھمان قىلىمەن، دېگەن. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا ئاللانىڭ قۇتلۇق ئۆيىنى تاۋاپ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغاندەك تۇرىمەن...

— خۇدايىم ئامان - ئېسەن نىيەتلىرىگە يەتكۈزەر! — دېدى خان ئىللا ئېرىگە ئاللادىن شاپائەت تىلەپ.

— دېگىنىڭ كېلەر، — دېدى ئاتىخان ئايالىغا مېھىر بىلەن قاراپ، — بۈگۈن مەن ھەربىرىڭلارنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى ئىشنى دېمەكچىمەن: بىرى، دۇكاننى بىر يىللىق ئىجارىگە قويۇپ، نەزىرباغدىكى دادامدىن قالغان يەر - زېمىنلارنى سېتىش. مەن ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆردۈم، شۇنداق بولغاندا، ھەم ھەجگە بېرىپ - كېلىشنىڭ خىراجىتىنى غەملىگىلى، ھەم ئۆي بىلەن باللارنىڭ بىر - ئىككى يىللىق كەم - كوستىنى راسلىغىلى بولىدىكەن؛ ئىككىنچىسى، مەن ئۇزاق ئويلىنىشلاردىن كېيىن، ئوغلۇم ئەكبەرنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىش قارا-رىغا كەلدىم...

بۇ سۆز بىلەن تەڭ مېھمانخانىدا دەسلەپ يېنىك شاۋقۇن، كېيىن جىمجىت سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى، بولۇپمۇ خان ئىللانىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ، يالغۇز ئوغلى ئەكبەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۆز ھاياتىنىڭ بىردىنبىر غۇرۇرى، ھىماتى ۋە غەمگۈزارى دەپ بىلەتتى. ئەك-بەرمۇ ئانىسىغا شۇنداق ئىجىل، ئامراق ئىدى. ئەگەر سىڭلىسى پاتىمە تۇغۇلۇپ قالمىغان بولسا، ئۇ ئانىسىنى تۆت ياشقىچە ئەم-گەن بولاتتى...

— دادا، مەنمۇ بارامدىمەن؟! — سورىدى ئەكبەر دادىسىنىڭ قارارىدىن شەكلەنگەندەك قىياپەتتە.

بايا ئۇ، داستىخاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ مەرىپى يېنىغا قويۇلغان يوغان شەمەي ساندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالغان ئىدى.

ئۇ، بۇ يىل 16 ياش ئىدى، چىراي - شەكلى دادىسىنى كىيىپلا چۇشكەن، ئاتىخاننىڭ بەئەينى ئۆزى ئىدى. لېكىن ئۇ كىچىك بولغاچقا، تېرىلىرى يۇمران، كۆزلىرى ئوتلۇق، چىرايى سەبىي ئىدى.

— شۇنداق، سەنمۇ بارىسەن ئوغلۇم! — دېدى ئاتىخان سالماقلىق بىلەن، — ساڭمۇ پاسپورت ئىشلىتىۋاتىمەن.

ئاتىخانىڭمۇ ئوغلىنى بىللە ئېلىپ بېرىشتا ئويلىغان يەرلىرى بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى — يالغۇز ئوغلىنى سەپەر قىلدۇرۇپ، جاھان كەزدۇرۇپ كۆزىنى ئېچىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىدى. ئەكبەر ئالتە يىل خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب تىل - يېزىقىنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەن ئىدى. ئەمدى ئەرەب دۇنياسىنى بىر قۇر ئايلىنىپ، مۇقەددەس، ئۇلۇغ يەرلىرنى كۆرۈپ، تاۋاپ قىلىپ كەلسە، بالىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى، ئېتىقادى ئۇچۇن پايدىلىق بولاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىخاننىڭ ئوغلىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى، بالا شوخ، ئەركە ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانىسى ھەددىدىن زىيادە ئەتىۋارلاپ كەتكەچكە، دادىسى يوق ۋاقىتدا بىرەر چاتاق چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى...

ئاتىخان كۆڭلىدە، مېنىڭ بۇ قارارىم ئەكبەرنى چوقۇم خۇشال قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن كۇتمىگەن يەردىن ئەكبەر ئانچە خۇشال بولمىدى، بۇ ھال ئاتىخاننىڭ ئۆز قارارىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ كۇچەيتتى.

— ئوقۇشنى قانداق قىلىمەن ؟ — سورىدى ئەكبەر ئاخىر قىيىنىدىغاندەك تەلەپپۇزدا ، — ئالتە يىل ئوقۇپ ، يېرىم يولدا قالامدىمەن !؟

دەرۋەقە ، ئەكبەر مەدرىستىكى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تالىپلارنىڭ ئالدى ئىدى . ئۇ يەنە بىرنەچچە يىلدا بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ، خۇددى ئۇستازى جالالىدىن مەۋلىۋىگە ئوخشاش ، ھىندىستان ياكى مىسىردىكى كاتتا بىلىم يۇرتلىرىدا داۋاملىق ئوقۇپ ، پۈتۈن - سۆرۈك ئادەم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى . ئۇستازىمۇ ئۇنىڭ مۇنداق يۈكسەك غايىسىنى بىلىپ ، ئۇنى ئالاھىدە مېھىر ۋە تەلەپ بىلەن تەربىيىلەۋاتاتتى ...

— ئوقۇش ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ ، ئوغلۇم ، — دېدى ئاتىخان تەسەللى بېرىۋاتقان قىياپەتتە ، — بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە ئوقۇيسەن ، ئۇ چاغدا بەلكىم تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيالايسەن !

ئاتىخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى بىرئاز خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن ، ئايالىغا قارىدى ۋە بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن :

— سېنىڭ پىكرىڭ قانداق ، ئانىسى ؟ — دەپ ئايالىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى ، — ئوغلۇڭنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ بېرىشكە كۆزۈڭ قىيامدۇ ؟

— ياق ، ئۇنداق ئەمەس ... — ئەزەلدىن ئېرىنىڭ قارارىغا قارشى چىقىپ باقمىغان ۋە قارشى چىقىشنىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان بۇ ئىناتئەتمەن ئايال كۆڭلىدىكى نارازىلىق بىلەن ئېغىر قىيالماسلىقنى زورىغا بېسىپ ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىرادىسىگە قارشى گەپنى ئېيتتى ، — ئوغۇل بالا ھەر ۋاقىت دادىغا يانتاياق بولۇشى لازىم . بۇ ، ھەم قۇتلۇق ، ھەم مۇشكۇل سەپەر ، ئەكبەرنىڭ

سىلىگە ھەمراھ بولغىنى ياخشى ، مەن رازى !...

— ھەببەللى ، مانا بۇ گېپىڭ توغرا ! — دېدى ئاتىخان ئايالىنىڭ گەپلىرىگە خۇشال بولۇپ ، — ھەممە ئىشىمىز كۆڭۈللۈك ، ئوڭۇشلۇق بولدى . ئىنشائاللا ، سەپىرىمىزمۇ شۇنداق بولىدۇ ، مەن سىلەرنىڭ تېرىقتەك نارازى بولۇپ قېلىشىڭلارنى خالىمايمەن ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ، بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ !...

— خاتىرجەم بولسىلا ، دادا ! — دېدى مەستۇرە ئاتىخاننىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، — سىلى قانداق ئويلىغان بولسىلىرى شۇنداق بولىدۇ ، ئاتا رازى — خۇدا رازى ئەمەسمۇ !

مەستۇرەنىڭ سۆزى خۇددى بۇگۈنكى يىغىلىشقا يەكۈن ياسىغاندەك ئائىلە كېڭىشى شۇ يەردە ئاخىرلاشتى .

ئەتىسى ، ئەكبەرنىڭ ھەجگە بارىدىغانلىق خەۋىرى مەدرىسكە تارقالغاندا ، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەر بولدى . بەزىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ قورقۇتۇپ : « سەن دېگەن سېرىق تۆكى چۈشمىگەن چۈجە تورساڭ ، ھەج تاۋاپىڭ ھەرگىز قوبۇل بولمايدۇ ، مىنادا شەيتانغا تاش ئېتىپ قوغلىيالماي ، شەيتاننىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالامسەن تېخى ! ... مۇشۇنداق ئۆلتۈرگەن بولساڭغۇ شور دەرياغا تاشلىنىپ ئۆلىسەن !...» دېيىشسە ، بەزىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ : «بەخت ـ تەلىيىڭ ئوڭ ئىكەن ئەكبەر ، كىچىككىنە تۇرۇپ خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلاندىڭ ، جاھاننىڭ يەنە بىر چېتىنى كۆرۈپ كېلىدىغان بولدۇڭ ! ... » دېيىشەتتى .

ئەكبەر شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇستازى جالالىدىن مەۋلىۋىنىڭ ئالدىغا كىردى . خىيالىدا ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ، كېيىنكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ئوچۇق ئېيتسام ، بەلكىم ئۇستازىم دادام بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنى رايىدىن قايتۇرار ،

دەپ ئويلايتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئىدى، ئۇستازىنىڭمۇ شۇنداق قىلىشىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ، دادىسىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن چىقىپ، جالالىدىن مەۋلىۋى بىلەن ئاللىقاچان سۆزلىشىپ، بۇ ئىشنى بېكىتىپ بولغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا، ئەكبەر ئۇستازىغا كۆيۈپ - پىشىپ بىرمۇنچە سۆزلىگەندە، ئۇستازى ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇنى ئاگاھلاندۇردى:

— ئاتا بۇيرۇقى مۇقەددەس، ئاتا سۆزىنى ئاڭلاش — پەرزەنت ئۈچۈن ۋاجىپ. خۇشاللىق ۋە رازىلىق بىلەن بۇ سەپەرگە ئاتلان ئوغلۇم. جاھان كۆرسەن، زېھنىڭ ئېچىلىدۇ. ئاللانىڭ بەيتىدە ئىبادەت قىلىپ ئىمانىڭ قۇۋۋەت تاپىدۇ. بۇ يەردىكى ئوقۇشنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملاشتۇرغىن، مەن سېنى كۈتىمەن!...

مانا شۇنىڭ بىلەن ئەكبەرنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى، ئۇنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئۇستازى ئېيتقاندەك، خۇشاللىق ۋە رازىلىق بىلەن دادىسىنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ ئىشتىن بىر ھەپتە كېيىن، ئاتىخانىنىڭ قولىغا ئىككى كىشىلىك پاسپورت — 12 يۇلتۇزلۇق، تۆت چاسا تامغا بېسىلغان چەت ئەلگە چىقىش گۇۋاھنامىسى تېگىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزدى!

## ئىككىنچى باب

# خەير-خوش، ئەزىزانە قەشقەر!

### 1

ئاتىخان سەپەر تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى.

نەزەرباغدىكى يەر - زېمىننى شۇ يەردىكى چوڭ بىر زېمىندار ئۇستۇن باھادا سېتىۋالدى. يىپەكچىلىك دۇكىنىمۇ بىر يىللىق ئىجارىگە قويۇلۇپ، ھەممە پۇل ئالدىن تاپشۇرۇپ ئېلىندى. ئاتىخان پۈتۈن بىساتىدىكى بارلىق تەڭگە ۋە قەغەز پۇللارنى 10 سوملۇق، بەش سوملۇق نىكولاي تىللاسىغا ئالماشتۇرۇپ بولدى، ئۆيگە، بالا - چاقىلىرىغا ئىككى يىل يەتكۈدەك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى غەملەپ بەردى. ئاندىن ئۇ، بۇ يىل شەھەردىن ھەجگە بېرىشقا يول خېتى ئالغانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەپتە - ئون كۈن ئىچىدە بىر كارۋان بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىشنى پۈتۈشۈپ قويدى.

بۇ كۈنلەردە خان تىللا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئېغىرئاياغ بولۇشقا قارىماي، سەپەر تەييارلىقى بىلەن كېچە - كۈندۈز پايىپېتەك بولۇپ يۈردى، بىردەم سەپەر توقۇچى ياقاتتى، بىردەم جىگدە تالقىنى قورۇيتتى، بىردەم ئەكبەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى راسلايتتى. خان تىللا ئەكبەردىن مۇشۇ ئايرىل-

غانچە مەڭگۈ ئايرىلىپ كېتىدىغاندەك، بەزىدە ئۇنى باغرىغا بېسىپ، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، يۇم - يۇم يىغلاپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئەكبەرمۇ ئانا باغرىنىڭ بۇنداق ئىللىق، مېھىرلىك ئىكەنلىكىدىن ھوزۇرلىنىپ، سائەت - سائەتلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىمايتتى.

بۈگۈن بازار كۈنى ئىدى. ئاتىخان چۈشكە يېقىن ئەكبەرنى باشلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ، يارۋاغ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، تۈمەن دەريا بويىدىكى ئۇلاغ بازىرىغا كەلدى. ئۇلاغ بازىرى قىزىپ كەتكەن ئىدى، چېپىپ يۈرگەن ئات، ئېشەكلەرنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن توزۇندىلار بىلەن ھاۋا مانانلىشىپ، قايىنام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن بازار ئاسمىنىنى بىر قەۋەت قويۇق چاڭ - توزان قاپلىغان ئىدى، ئادەملەرنىڭمۇ چاچ - ساقاللىرىدىن تارتىپ كىرپىكلىرىگىچە توپا باسقان ئىدى. ئاتىخان بازارنى ئارىلاپ ئېشەك كۆردى، ئۇ سەپەر ئۈچۈن نوچىراق بىر ئېشەك ئالماقچى ئىدى. ئۇنىڭ ئېشەكلەرگە سەپسىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بىر بېدىك ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ سورىدى:

— غوجام، ئۆزلىرىگە ئېشەك لازىممۇ؟

بېدىك ئوتتۇرا ياشلاردىكى ھاپاناس، كېلىشىملىك بىر ئادەم ئىدى.

— شۇنداق، بىر ئېشەك ئالاي دېۋىدىم. — دېدى ئاتىخان بېدىككە.

— بازاردا ئېشەك كۆپ، ئۆزلىرىگە قانداقراقى بولسا بولار؟ تەخەيمۇ، ھاڭگىمۇ، مېدىمۇ ياكى قېچىرمۇ، سەپەرچىمۇ؟

— ماڭا سەپەرچىسى لازىم، — دېدى ئاتىخان ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ داۋام قىلدى، — سەپەرچى بولغاندىمۇ خاسىيەتلىك ئۇزۇن سەپەرگە يارايدىغىنى!

— ھە ، بىلدىم ، بىلدىم ، — دېدى بېدىك قولىنى يەڭگىل شىلتىپ ، — سىلىنىڭ سەپەر قۇتلۇق ھەم مۇشكۈل سەپەر ئىـكەن ، ئېشەكمۇ شۇنىڭغا لايىق بولمىسا بولمايدۇ . مېنىڭ مەسلىھەتىم ، سىلى بۇگۈن بۇ بازاردىن قايتىپ كەتسىلە . سىلىگە قارا شەھەرنىڭ ئېشىكى بولمىسا بولمايدۇ . قارا شەھەرنىڭ ئېشىكى ھەم يوغان ، ھەم كۈچلۈك ...

— ئۇنداق ئېشەكنى قانداق تاپىمىز ؟ — ئالدىراپ سو-رىدى ئاتىخان .

— ئىككى - ئۈچ كۈن تەخىر قىلىسىلا ، — دېدى بېدىك ۋە ئاتىخاننى دەۋرەپ تۇرغان ئۇلاغ بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىن چەتكە ئېلىپ چىقتى ، — مېنىڭ بىر تونۇشۇم قارا شەھەردىن بىر توپ ئېشەك ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ . مەن سىلىگە شۇنىڭدىن بىرنى تاللاپ بېرەي ...

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت !...

— رەھمەتنى ھازىر ئەمەس ، كېيىن سەپەردە ئېيتالا !

— مەن سىلىنى نەدىن تاپىمەن ؟

— يەنە مۇشۇ يەردىن تاپىلا ، مېنىڭ بازىرىممۇ ، مازىرىممۇ مۇشۇ ، — دېدى بېدىك ۋە ئىسىم فامىلىسىنى ئېيتىپ بېرىپ خوشلاشتى .

ئاتىخان ئۇلاغ بازىرىدىن چىقىپ ، سەرراچلىق دۇكىنىغا كەلدى ، ئۇ يەردە ئات - ئېشەكلەرنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى خۇددى قۇش چاڭگىلىرىدەك تىزىلىپ ، ئېسىلىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ يەردىكى تەييار ئۇچىلىقلار ئاتىخانغا يارىمىدى . ئۇ ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن دۇكاندارغا يوغان ھەم ئازادە گىلەم ئۇ-چىلىقتىن بىرنى بۇيرۇتتى ، زاكالەت ئۈچۈن ئادەم باشلىق كۈمۈش تەڭگىدىن بىرنى قويۇپ كەتتى .

— تەييار ئۇچىلىقنى ئالساق بولۇۋېرەتتىغۇ ، دادا ! —

دېدى ئەكبەر دادىسىنىڭ ئالايىتەن ئۈچلۈق بۇيرۇتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ، — نەرخىمۇ ئەرزان ئىكەن.

— ياق بالام، بۇيرۇتقىنىمىز دۇرۇس بولدى، — دېدى ئاتىخان ئۇنىڭغا قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ، — ئۈچلۈق سەپەر ئۈچۈن بەك مۇھىم، كېيىن بىلىپ قالىسەن!...

ئەكبەر بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، «ھە» دەپ قويۇپ، يەنە دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ كېتىۋەردى.

ئۇلار ئەمدى پىچاق بازىرىغا كەلدى. نۇرغۇن پىچاقچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن ناتىۋان بىر پىچاقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئەكبەرگە قاراپ:

— ئوغلۇم، پىچاق دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ ھەمراھى، سەپەردە كېرەك بولۇپ قالىدۇ، ساڭىمۇ بىر پىچاق ئېلىپ بېرەي، — دەپ، تۈچ دەستىلىك، ئۆتكۈر بىر خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ باھاسىنى سورىدى، — ئۇستام، بۇ خەنجەرگە قانچە پۇل بەرسەم بولار؟

— بىر چارەك قوناقنىڭ پۇلىنى بەرسىلە، غوجام، — دېدى پىچاقچى قارا كۆيە باسقان يۈزىگە كىچىككىنە ئىللىقلىق يۈگۈرتۈپ.

— ۋاي - ۋۇي، ئادەمنىڭ قولى يەتمىگۈدەك نېمانچە يۇقىرى باھا بۇ! — دېدى ئاتىخان رايى قايتقاندەك بىر تەلەپپۇزدا، — بولىدىراق گەپ قىلماملا!

— قىممەت ئەمەس، تەخسىر، مال ئېسىل! — دېدى پىچاقچى ۋە قولىدىكى ئارقار مۈڭگۈزىنى يونۇشقا باشلىدى، يۈز - كۆزلىرى قارىيىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ياۋاش، ئىشچان ۋە راستچىللىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىر تال تۆمۈرنى چاقلاپ، تۈچ دەستىنىڭ تۆشۈكىگە

سانجىپلا پىچاق ياساش تەسمۇ ! — ئاتىخان بۇ گەپلەرنى گەپ تېپىشىش ئۈچۈن دېدىمۇ ياكى تىجارەتچىگە خاس گىجىڭلىق بىلەن دېدىمۇ ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە تىغى كەسمەيدىغاندەك قىلىدۇ !

— تىغى كەسمەس ! ؟ — پىچاقچى خۇددى غۇرۇرى ھاقارەتلەنگەندەك ، قولىدىكى ئىشنى شاققىدە قويۇپ ، يېنىدا تۇرغان بىر تال قىلنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئاسمانغا ئاتتى - دە ، خەنجەرنى بىر شىلتىپ ھېلىقى قىلنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى . خەنجەر ئۇنىڭ قولىدا ئويناپ كەتكەندەك بولدى .

— مانا بۇنى تىغ دەيدۇ ! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن .

ئاتىخان كۆڭلى يۇمشاق ، قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم ئىدى . ئۇ پىچاقچىنىڭ ھۈنىرىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدى .

— بولدى ، خەنجەرنى مەن ئالدىم ، — دېدى ئۇ مەردلىك بىلەن ، — ماڭا يەنە ياخشى ئۈستىرىدىن ئىككىنى تاللاپ بەرسىلە .

— دادا ، ئۈستىرىنى نېمە قىلىسەن ؟ خەنجەرنى ئالغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ ؟ — دېدى ئەكبەر قولىدىكى خەنجەرنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇرۇپ كۆرۈپ .

— ئۈستىرىنىڭ ئىشىنى خەنجەر قىلالمايدۇ ، بالام ، — دېدى ئاتىخان ۋە پىچاقچى تاللاپ بەرگەن سەدەپ ساپلىق بىر ئۈستىرىنىڭ تىغىنى تىرنىقىغا تەگكۈزۈپ كۆرۈپ داۋام قىلدى ، — بىز ھەمىشە شەھەر - بازارلارنى ئارىلاپ ماڭمايمىز ، يولىمىزدا ئۆگمەس چۆل - جەزىرە ، تاغ - داۋانلار بار . كىشىلەرنىڭ چاچ - ساقىلىنى ئېلىشتا ئۈستىرا بولمىسا بولمايدۇ . بۇ ئۈستىرا ماڭا يارىدى ئۇستام ، يەنە بىرنى بەرسىلە .

ئاتىخان بەلەن ئۈستىرىدىن ئىككىنى ئالدى ، بۇنىڭدىمۇ باھا تالاشماي ، پىچاقچىنىڭ دېگىنىنى بەردى .

ئاتا ـ بالا پىچاق بازىرىدىن قايتىپ، بىر دوقمۇشتىن قايرىلىشىغا، شۇ يەردىكى لاي پەشتاقلىق مەسچىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىرىسال پالچى ئۇلارنى توۋلاپ قالدى:

— تەخسىر كەلسىلە، ئۆزلىرىگە ۋە ئوغۇللىرىغا بىر پال ئېچىپ باقاي، ئۇلۇغ بازار كۈنى، كۆڭۈللىرى پاكىز، يوللىرى روشەن بولسۇن!

ئاتىخان چىپپىدە توختاپ قالدى، دىنىي ۋە پەننىي كىتابلارنى خېلى كۆپ ئوقۇغان، ھەمىشە ھىدايەت يولىدىكى ئۆلىما ۋە دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار ئەتكەن بۇ ئادەم ئەزەلدىن بۇنداق پالچىلارغا ئىشىنىپ كەتمەيتتى، لېكىن بۈگۈن قۇلاق يوپۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئاخىر «پالچىغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە» دېگەن ئەقىدە بويىچە، سەپەر ئالدىدا بۇ قېرى پالچىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئاستا قەدەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

پالچى سېمىز، بومبا ساقال، جاغال كۆز، بېشىدا سەللە، ئۇچىسىدا چوڭ يوللۇق نىمكەش بەقەسەم تون، پۇتىدا مەسە ـ كالاچ بار، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ، ئالدىغا يېيىۋالغان بىر پارچە ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە «پالنامە قۇرئى يەككە ئەنداز» ناملىق كونا كىتابنى قويۇپ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى، پالچى بوش ئاۋازدا كۇسۇرلاپ قانداقتۇر بىر ئايەتنى ئوقۇدى ۋە ئاخىرىدا: «مېنىڭ پالىم ئەمەس، ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى بولغاي، ئىلاھا ئامىن!» دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ، بىر پارچە ئاق قەغەزگە قەلەم بىلەن چېكىت قويۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاغزى توختىماي بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. پالچى بىرىنچى

تۆت قۇرغا خۇددى تۆت مىسرالىق شېئىردەك تەخمىنىي چېكىت-
لەرنى قويغان ئىدى، شۇ يوسۇندا تۆت قۇرلۇقتىن تۆت قېتىم
چېكىت قويۇلغاندىن كېيىن، قەغەز ئۈستىدە 16 قۇرلۇق چېكىت-
لىك سىزىقلار كېلىپ چىقتى. پالچى ئەمدى ئۇنى ئۆزئارا
جۈپلەپ، جۈپ ۋە تاقتا ئايرىغاندىن كېيىن، جۈپ سىزىقلارغا
بىر خىل بەلگە، تاق سىزىقلارغا يەنە بىر خىل بەلگە قويۇپ،
ئاخىرىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان غەيرىي شەكىلدىكى
بىرنەرسىلەرنى چىقاردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېرىم يۇ-
مۇلغان كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ، ئاتىخانغا قاراپ بەلەن ئاۋازدا
سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ شەكىلدە لەھيان كېلىبدۇر. بۇ شەكىل مۇشتىرىگە
تەئەللۇق، كۈنى پەنجشەنبە، سائىتى زۇھەل، يۇلتۇزى ئوتتۇر،
لەھيانىنى سەئدى خارج دەرلەر. ھەركىمنىڭ پالىغا لەھيان كەل-
سە، ئەي پال ئىگىسى بىلگىل، ئاگاھ ۋە دانا بولغىلكى، ساڭا
ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پالى كەلدى. بۇ پال ناھايىتى
مۇبارەكتۇر: تەلىيىڭ بەلەن ۋە كۈچلۈكتۇر، تەندۇرۇس،
سالامەت بولۇرسەن، ئۆمرۈڭ دۆلەت بىلەن ئۆتەر. تىجارەت،
ئوقەتتىن تولا پايدا ئالۇرسەن، ئۆتنە - ئامانەتلىرىڭ قولۇڭغا
كېلۇر؛ ئۆيدىن - ئۆيگە يۆتكىلۇرسەن، ياخشى چۈش كۆرۈر-
سەن، سەپەر بولۇر، مازارلارغا زىيارەتكە بارۇرسەن،
پەرزەنتلىرىڭ كاتتا ئالىم بولۇر، ئەلچىلەر ياخشى خەۋەر كەلتۈ-
رۇر، دوست - يارلىرىڭدىن ۋاپا كېلۇر، كېسەل پات ساقىيۇر،
خەتىرى يوق. بۇ كېسەل مۇسۇلمان پەرىلەرنىڭ ئەسىرىدىن بو-
لۇر، باش ئاغرىقى سەپرادىن بولغاي، كېسەلگە سەۋەب قىلۇر
بولسا، پەنجشەنبە كۈنى سېرىق جان باغلاپ، 41 نان قىلىپ،
قوقاق دۇئاسى، يەل دۇئاسى، كۆز دۇئاسى، ئال دۇئاسى، يىغىن
دۇئاسى، قەسىدە سۇلايمان، قەسىدە بەردەنىڭ ھەربىرىنى 41 دىن

ئوقۇپ ، چوڭ يولدا ئوتلاق قېقىپ تارقاتقاي ! ئالماق ـ ساتماقتىن مەنپەئەت بولۇر ، پال ئىگىسى يالغۇز بولسا ، پات نىكاھ بولۇر ، ئەر ـ خوتۇنىنىڭ سازاۋەرچىلىقى ياخشى كېچەر ، ئەمما پات جۇدا بولۇر ، ئوغرى ئالغان مال تېپىلۇر ، ئوغرى قاچىدۇ ، تۇتۇلمايدۇ ، دەۋايى خۇسۇمەت قىلساڭ ، دەۋانى ئالۇرسەن . سەپەرگە كەتكەن پات كېلەلمەيدۇ ، ئۇزاققا قالۇر ، لېكىن سەپەردىكى كىشىنىڭ ئەھۋالى ئوبدان ، ياخشىدۇر . مالۇ ـ مىراس ، مالۇغايىب قولۇڭغا كېلۇر ، خەۋپ ـ خەتەر ، قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇرسەن ؛ ساڭا سەپەر بولۇر ، سەپەردە جىق پايدا كۆرۈرسەن ، ئىلىمدىن ، ھۈنەر ـ سەنئەتتىن بەھرە ئالۇرسەن ، پادىشاھلاردىن ئىنئام ئالۇرسەن . ئۈمىدلىرىڭ ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭ ئۇزاقتىراق ھاسىل بولۇر ؛ دۈشمەن بار ، كۈچلۈكتۇر ، لېكىن ئەلھال ساڭا زەرەر يەتكۈزەلمەس ، بەندى ـ زىندانغا چۈشكەنلەر پات خالاس بولۇر . ۋاللاھۇئەئلەم بىسساۋاب !...

پالچى سۆزدىن توختاپ ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ، كۆزلىرىنى خىيالەن يۇمۇپ ، بېشىنى تۆۋەن ئەگدى . ئۇ ، خېلى ئۇزاق توختىماي سۆزلىگەچكە ، خالتىلىشىپ قالغان ئېڭەكلىرى لىپىلداپ كەتتى .

پالچىنىڭ ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ ئېيتقان سىرلىق سۆزلىرى ئاتىخانغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى . بۇنداق تاسادىپ توغرا كېلىشنى ئۇ قۇتلۇق سەپەر ئالدىدا خۇدا تەرىپىدىن كەلگەن ياخشى بېشارەت دەپ چۈشەندى . شۇڭا ئۇ ، چوڭقۇر بىر ئىچكى تۈيغۇ بىلەن :

— ئىنشائاللا ، دېگەنلىرى كەلگەي ئاقساقال ! — دېدى ۋە يانچۇقىدىن بىر دانە كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ پالچىغا ئۇزاتتى ، ئۇنىڭ گۆشلۈك ، مېغىز رەڭ قولى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى .

ئاتىخان پالچىنىڭ يېنىدىن خۇشال قايتتى ، كۆڭلى

تاتلىق بىر سېزىمدىن تىپىچەكلەيتتى .

— ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ ، شۇ خۇشاللىق بىلەن يېنىدا كېتىۋاتقان ئەكبەرنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ ، — كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنى ئاللا ئاسان قىلىدۇ . بابىقى گەپلەرنىمۇ پالچىنىڭ ئاغزىغا ئاللا سالغان . ئاللا ھەممىدىن بۈيۈك ، ئۇنىڭسىز كۈچ - قۇۋۋەت ، مۆجىزە يوق ، ئوغلۇم !...

ئەكبەر بۇ گەپلەرنى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاڭلىدى ، شۇ تاپتا ئۇ ، ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۇسساپ ، لەۋلىرى گەزلىشىپ كەتكەن ئىدى . شۇڭا ، ئەكبەر دادىسىنىڭ ھېسسىياتىدىن ، خۇشاللىقىدىن خەۋەرسىز بىگانە ئادەمدەك ئۆزىنىڭ گېپىنى دېدى :

— دادا ، بەك ئۇسساپ كەتتىم ، دوغ ئىچەيلى ، يا بولمىسا ، مارۇژنى ئېلىپ بەرگىنە !

— بىردەم تەخىر قىل ، — دېدى ئاتىخان ئوغلىغا دوق قىلغاندەك بىرئاز سوغۇق تەلەپپۇزدا ، — ئالدىمىزدا چايخانا بار ، چاي ئىچىمىز !

ئۇلار قايناق بازار - رەستىلەرنى ئارىلاپ ، ئوردا ئالدىغا كەلدى . بۇ يەرمۇ ئادەم تىنالمىغۇدەك دەرىجىدە تىقما - تىقماق ئىدى ، ئېلىپ - ساتارلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ، بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىلمۇخىل بازارلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ ، نېرۋىسىنى قاخشىتاتتى ...

ئاتىخان دەۋرەپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ ئۆتۈپ ، بىر تونۇش تۇماقچىنىڭ دۇكىنىغا كەلدى ، ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا سالاملىشىپ ، ئۆزى بىلەن ئەكبەرگە سەپەرلىك ئىككى تۇماق بۇيرۇتتى ، ئاندىن ئۇ يەردىن تېزلا ئايرىلىپ ، چوڭ بىر باققاللىق دۇكىنىنىڭ يېنىدىكى چايخانىغا

كىردى. چايخانىدىمۇ ئادەم كۆپ ئىدى. چايخانىنىڭ ۋاسا جۇپىلۇق ئىگىز تورۇسىنى ئىس قاپلاپ، قارا - قۇرىدىن ھاسىل بولغان تورلار ساڭگىلاپ تۇراتتى، ھاكىلىرى ئۆركۈپ، لاي سۇۋاقلىرى كۆرۈنۈپ قالغان تامغا ھەمەزەكتىن ئايلاندۇرۇپ زەدىۋال تارتىلغان ئىدى. ئوچاقتا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت بىلەن قازان ۋە چەينەكلەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھور بۇ كۆرۈمسىز چايخانىنى بەئەينى ھۆپۈللەپ تۇرغان ھاممامدەك قىزىتىۋەتكەن ئىدى. شۇ ھالەتتىمۇ كىشىلەر باش - كۆزلىرىدىن شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى دەممۇدەم سۈرتۈپ، چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى...

ئاتىخان چايخانىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن تاپالماي سىرتقا چىقتى. چايخانىنىڭ ئالدىمۇ خېرىدارلار ئۈچۈن راسلانغان ئىدى. چۆرىسىگە قىزىل لەمبۇقتىن لەپلىمە تارتىلغان كەڭ بورا چەللە ئۇ يەرگە سايە تاشلاپ، ئازادە پېشايۋان تۈسىگە كىرگۈزۈپ قويغان ئىدى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە سېلىنغان پالاز ۋە كىگىزلەر ئۈستىدە ئادەملەر گىرە بولۇپ ئولتۇراتتى.

ئاتىخان شۇ يەردىن ئىككى كىشىلىك ئورۇن تېپىپ، چايچىنى چاقىردى، بىر ياش بالا ئىككى پىيالە بىلەن بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ماۋۇنى چەينەككە سېلىپ، ئوبدان دەملەپ ئەكېلىپ بەرگىنە، — دېدى ئاتىخان ھېلىقى بالىغا بايا يولدىن ئېلىۋالغان بىر پارچە نۆكچە ناۋاتنى ئۇزىتىپ، — شىرمان نان بولسا، بىرنى ئالغاچ كەل!

— خوپ، مانا ھازىر، — چايچى بالا قەغەزگە ئورالغان ناۋاتنى ئېلىپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى.

چايخانا قىزىق بىر يەر، بۇ يەرنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ جەلپكار يېرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ يەرگە كۆنۈپ

قالغان ئادەم ئۆيدە بەتتە پولۇ بولسىمۇ تاشلاپ قويۇپ، مۇشۇ يەرگە چىقىپ، بىر بۇردا نان بىلەن بىر پىيالە چاينى ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ پاراڭنىڭ تېمىسى بەكمۇ كەڭ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ، ئۇ دۇنيانىڭ سىرلىرىغىچە، مەشھۇر تارىخىي ۋەقەلەردىن تارتىپ، تېخى تۈنۈگۈن مۇشۇ ئەتراپتا يۈز بەرگەن ئەرزىمەس جېدەل - ماجىراغىچە؛ شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى سوراپ ياتقان ئاتامان - لۈكچەكلەرنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلىرىدىن تارتىپ، تۇمەن دەريا بويىدىكى ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇشقىچە مۇشۇ يەردە پاراڭلار بولىدۇ، ئۆزئارا خەۋەرلەر يەتكۈزۈلىدۇ. بەزىلەر بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ، بەزىلەر ھەسرەت چېكىدۇ، بەزىلەر ياقىسىنى تۇتۇپ تۇۋا دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدۇ...

بۈگۈنمۇ بۇ چايخانا بۇنداق پاراڭلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئاتىخاننىڭ يېنىدا گىرە بولۇپ ئولتۇرغان تۆت ئادەم قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. ئاتىخان ئۆزىنى ھەرقانچە قاچۇرسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇردى:

— ھەي - ھەي! ... سىلەر كۆرەلمەي ئارماندا قالدىڭلار، ئاغىنىلەر! — دېدى بىرسى تامىقىنى چاكىلداتقان ھالدا بايا كۆرۈپ كەلگەن خوراز سوقۇشتۇرۇش ئەھۋالىنى سۆزلەپ، — خوراز دېسە، مانا شۇنى دېسە بولىدۇ! كاساپەتنىڭ كۆزى ئوت، بېخىرى شەمشەر ئىكەن. مەيدانغا شۇنداق تاشلىنىۋىدى، قاناتلىرىنى قېقىپ، بازلاپ بېرىپ، ھېلىقى توم تاجىنى بىرلا تېپىپ بىلەن ۋاك دېگۈزۈۋەتتى...

— ھەرقانچە بولسىمۇ، بىزنىڭ چار خورازغا يەتمەس!— دېدى ئارىدىن پوچىراق كەلگەن بىرسى، — بىزنىڭ ھېلىقى

باغنى سىلەر بىلىسىلەر ، بامداتتىنا كىرىپ كەتكەن ئادەم نامازشامدا ئاران ئايلىنىپ چىقالايدۇ ! مانا شۇنداق ئالەمچە باغقا بىزنىڭ ئاشۇ چارخوراز قارايدۇ ، ئەمەسما !؟ ئۇنى بوش چاغلىماڭلار ، ئۆتكەن يازدا ئىككى ئوغرى تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپتىكەن ، چارخوراز بىنلىپ قېلىپ ، ئىككىسىنى ئىككى تېپىك بىلەن تامدىن ئىرغىتىۋېتىپتۇ ...

— قالتىسقۇ ! — دېدى دەسلەپ سۆزلىگەن ھېلىقى ئادەم قىزىقىپ ، — شۇ خوراز ھازىر بارمۇ ؟

— ھەي ! ... ئۆتكەندە ئۇششاق باللار ئوغرىلاپ كەتتى ، دېگىنە !

ئۇنىڭ جاۋابىدىن ھەمراھلىرى دەسلەپ ھەيران بولۇپ ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ، كېيىن ئۇلار بىردىنلا گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ، پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى .

ئاتىسخانمۇ بۇ پوچىنىڭ چاندۇرماي ، ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن مەنىلىك پو ئاتقانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

ئەمدى بۇلارنىڭ « خوراز » توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاتىسخاننىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان بىرنەچچە « ئۇزۇن قۇلاق » لارنىڭ دەرۋىشلەرچە سۆھبىتى بېسىپ كەتتى . بۇ گەپلەرمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئاتىسخاننىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇپ تۇردى :

— سىلى ئاڭلىدىلىمۇ ئاداش ، ھېلىقى ماموت كانايىنىڭ دېيىشىچە ، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شەنجاڭ يامۇلىدا ھەرەمگە بارىدىغانلارغا چەك تاشلاپتۇ ، بەزىلەرگە چىقىپتۇ ، بەزىلەرگە چىقماپتۇ ، چىققانلىرى خۇشاللىقتىن كۈلۈشۈپتۇ ، چىقمىغانلىرى خاپىچىلىقتىن يىغلىشىپتۇ . مەن دەيمەن ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن قىزىق ! بەزىلەر پۇلى يوق ، جېنىنى باقالماي يىغلاۋاتقان ، بەزىلەر بولسا ، پۇللىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن خەجلەيدىغان يەر

تاپالماي يىغلاۋاتقان ! ...

— ھەي ئاداش ، تۆت گىرداب ، سەككىز قىرغاقنىڭ ھەممىسىدە ئاللا يارانتقان ھېلىقى قارا قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتە ! پادىشاھدىن تارتىپ گادايغىچە ھەممىسىنىڭ ئۆز دەردى بار ! بۇ دۇنيادا ئاجايىپ زاتلار ئۆتتۈپتىكەن . ئۇلار كەشۋي ئەرۋاھلاردىن خەبەردارلار ئىكەن . بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاخىرەتتە بولمايدۇ ، ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى بۇ دۇنيادا كۆرۈنمەيدۇ ! لېكىن ، بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتتىكى ئىشلارنى كۆرىدىكەن . ئىنساندا ئىككى كۆز بار ، دەيدۇ . بىرى زاتىن كۆز ، يەنە بىرى باتىن كۆزمىش . باتىن كۆزنى دىل كۆزى دەيدىكەن . بۇنداق كىشىلەر خۇداغا باغلىنىپ ، خۇدا يولىدا زىكىر قىلىپ ، دىل كۆزى بىلەن ئاخىرەتتىكى ئىشلارنى كۆرىدىكەن . سۇلتانى ئاپئاق خوجامنىڭ مۇرىتى دىۋانە مەشرەپ خۇداغا نالە قىلىپ ، نېمە ئۈچۈن بىرنى شاھ ، بىرنى گاداھ ، بىرنى ئوك ، بىرنى سارىڭ ، بىرنى باي ، بىرنى گاداي ياراتتىڭ دەپ ، باتىن كۆزى بىلەن ئۇ دۇنياغا قاراپتۇ . قارىسا ، ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ، ھەممىسىدە غەم - غۇسسە ، ئۇلاردىن خۇشاللىق ، راھەت يىراق ، شۇ چاغدا مەشرەپ ئويغىنىپ قارىسا ، ئۆزى يورۇق ئالەمدە تۇرغان . شۇ چاغدا ئۇ :

« باقسام بۇ جاھاندا ھەممىگە دەردۇئەلەم بار ،
ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر زەررىچە غەم بار . »

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپتۇ ۋە خۇدادىن : « كىشىلەردىكى بۇ غەم - غۇسسەلەرنى كۆتۈرۈۋەتكىن » دەپ نالە قىپتۇ . بۇ چاغدا ئاللاتا- ئالادىن ۋەھيى كېلىپ : « مەن خەلق ئەتكەن بۇ كىشىلەر ئاشۇ غەم - غۇسسىلىرى بىلەن مېنى تاپىدۇ ، مېنى ياد ئېتىدۇ » دەپتۇ .

شۇڭا، كىتابتا: جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، مىزان ھەق، تارازۇ ھەق، ھېسابكا ھەق، سىرات ( كۆۋرۈك ) ھەق، دېيىلگەن.

— مۇنداق دېسىلە، ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەر ئەلمىساقتا ئاللا تەرىپىدىن پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىكەندە!

— ئەلھەق شۇنداق!...

ئەمدى ئاتىخاننىڭ خىيالىنى بۇ پاراڭلار ئەمەس، بەلكى چايخانىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان دۇتارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى تارتىپ كەتتى. كىمدۇر بىرسى دۇتارنى بوش، لېكىن مۇڭلۇق تىرىڭشىتىپ، لەرزان ئاۋازدا ناخشا ئوقۇۋاتاتتى:

بارسامەن مەدىنەمگە،
نۇر - زىيالار كانىگە.
ئەرزىمىزنى ئېيتايلى،
پەيغەمبەر سۇلتانىگە.

بولسا قاناتىم، يەتسەم ھەرەمگە،
دەردىمنى ئېيتاي زىبا سەنەمگە!

ناخشا ئاتىخاننىڭ مەيلىنى تارتىپ كەتتى. ئۇ، ئۆرىدەپ، بوينىنى سوزۇپ ئىچىگە قارىدى، لېكىن بۇ خۇش نەپەس، كۆڭلى پاك غەزەلخاننى كۆرەلمىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ ئادەمگە نىسبەتەن غايىبانە بىر ھۆرمەت ۋە قىزىقىش ئورناپ قالدى. ئاتىخان ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئاشۇ دۇتارچى ئارزۇ قىلىپ، ئۇلۇغلىغان يەرگە بارىدىغانلىقىنى، ئاددىي كىشىلەر چۈشىدىمۇ كۆرۈشكە ئېرىشەلمەيدىغان مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشاللاندى، بىر خىل يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ ئالدى!

## 2

ئاتىخان جامائەت بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كاتتا نەزىر بەردى .

يوغان قوشقار قان قىلىندى . بامداتتىن يېنىپ كىرىشكە باشلىغان مېھمانلارنىڭ چاشكاغىچە ئايىغى ئۈزۈلمىدى . ھەممەيلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىپ ، ئۇنىڭ تېنىگە ساقلىق ، سەپىرىگە ئامانلىق تىلىدى . بەزى بىلىمدان قارىي - خەلپەتلەر ئەمرىمەرۇپ قىلدى . ئۇلارنىڭ ھەر 10 ئېغىز سۆزىنىڭ توققۇزى قۇرئان كەرىم ئىدى . بۇ ئەمرىمەرۇپلەر ئىچىدە ، جامائەتنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ ، كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە ئورناپ قالغىنى ، كاتتا ئۆلىما مەۋلانە شەرىپىددىنىڭ ئەمرىمەرۇپى ئىدى . بېشىغا مىسقالى داكىدىن چاقچانغىنا سەللە ئورىغان ، ئېگىز بوي ، چىرايى ئاق سىرىق ، ماش گۈرۈچ ساقاللىق بۇ ئادەم داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، چوڭ مېھمانخانىدا لىق ئولتۇرغان كىشلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى :

— ئىسلام دىنىنىڭ ئەمر قىلغىنىدەك ، ئىبادەتلىرىنى يولى بىلەن قىلغان كىشى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىدۇ . چۈنكى ، كۈندە بەش قېتىم قازا قىلماي ناماز ئوقۇش ، يىلدا بىر ئاي نەپسىنى بېسىپ روزا تۇتۇش ، جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان ھالال مال - مۈلكىنىڭ بىر قىسمىنى ھېچقانداق بەدەل كۈتمەستىن پېقىر - مۆمىنلەرگە زاكات قىلىش ، يول ئازابىغا ، سەپەر مۇشەققەتلىرىگە چىداپ ھەج تاۋاپ قىلىش — ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئادەمگە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلاردۇر . بۇلارنى پەقەت ئاللا ئۈچۈن قىلغان مۇسۇلمان نەپسانىي تۇيغۇلىرىنى ، غالجىرلىقلىرىنى يېڭىپ ، ئىرادىسىگە ھاكىم بولغان ئاللادىن باشقا

ھېچكىمگە بويۇن ئەگمەيدىغان ھۆر بىر ئىنساندۇر . بۇنداق ئىنسانلار باشقىلارنىمۇ ھۆر بىلىدۇ ، ھېچكىمنىڭ مىلىغا ، جېنىغا ، نومۇسىغا كۆز تىكمەيدۇ ، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ . ئىمان ۋە ئىبادەتنىڭ مەقسىتى ــ ئىگىلىرىنى كامىل بىر ئىنسان قىلىشتۇر ! ــ مەۋلانە بۇ سۆزلەرنى زورۇقماي ، دۇدۇقلىماي ، ناھايىتى تەبىئىي ھەم سالماق بىلەن ئېيتتى ، كىشىلەرمۇ جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ، ئاتىخان پەگاھدا ئۆرە تۇرغان ھالدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ مەۋلانە شەرىپىددىنگە تەۋەززۇ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى ، مەۋلانە بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئاتىخانغا قاراپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى ، ــ بىز ھەممىمىز سىلى جابدۇنغان مۇبارەك سەپەرگە پاتىھە بېرىمىز . يوللىرى ئاق بولسۇن ، مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا . ئايىتى كەرىمەدە : « ئاللاتائالا ھەج سەپىرىگە كېلىش ئۈچۈن قادىر بولغان بارچە مۆمىنلەرگە ھەجنى پەرز ئەتتى . كىمكى بۇنى ئىنكار قىلسا ، گۇناھى ئۆزىگىدۇر . شۈبھىسىزكى ، ئاللاتائالا ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر ! » دېيىلىدۇ . بىز بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز ، سىلىنى بۇ قۇتلۇق سەپەرگە ياخشى دۇئالىرىمىز بىلەن ئۇزىتىمىز ، ئاللا مۇشكۈللىرىنى ئاسان ، مەرتىۋىلىرىنى زىيادە قىلسۇن ، ئىككى دۇنيا ئەزىزى مۇكەررەم قىلسۇن ، ئامىن !

جامائەت دۇررىدە دۇئاغا قول كۆتۈردى ، ئۆي ئىچى سىرلىق شىۋىرلاشلار بىلەن تولدى . ئاخىرىدا ، ئاتىخانغا ئۇنلۇك ، ھاياجانلىق ئاۋازدا ئاقيول تىلىدى ، ئۇنىڭ قۇتلۇق سەپىرىنى مۇبارەكلىدى !

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ، قەشقەرنىڭ تۆت دەرۋازىسى ئىچىدىن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان 29 ئادەم چوڭ بىر كارۋان بولۇپ ، قىزىل دەريا كۆۋرۈكى بويىغا كەلگەندە توختىدى ، ئۇلار ئۇزاتقىلى چىققان نەچچە يۈز ئادەم بىلەن مۇشۇ يەردە ئاخىرقى

قېتىم خوشلاشماقچى ئىدى. قىزىل دەريا بويى قايناق بازارغا ئايلىنىپ كەتتى، بىر - بىردىن ئايرىلىشقا قىيمىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىدە ياش داۋالغۇيتتى، يۈرىكىدە بولسا، بېسىپ بولماس جۇدالىق پىغانى ئۆرلەيتتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، بىر - بىرىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىشەتتى. ئاتىخانمۇ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن بىر چەتتە خوشلىشىۋاتاتتى. خان تىللا بېشىغا چېكەن ئاقپىيجە ئارتىپ، ئۇچىسىغا كەڭ نىمچا كىيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ، ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئەكبەرنى ئاخىرقى قېتىم ئۆز يېنىغا چاقىردى، ئەكبەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى، گويا ئانا مېھرىنىڭ مەيىن شامىلى ئۇنى يەلپۈپ ئۆتكەندەك بولدى، ئەكبەر ئانىسىنىڭ تاتلىق ھىدىنى تويماي سۈمۈرەتتى. ئانا ئىچ كۆيەر ئوغلىنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ماڭلىيىدىن سۆيۈپ، يەنە ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ كەتتى، ئېغىر جۇدالىق ھەر ئىككىيلەننى دەرماندىن كەتكۈزگەن ئىدى...

ئاتىخان ئۇلارنى بىر - بىردىن تەستە ئاجراتتى ۋە خان تىللانىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر ئوغۇل بولسا، ئىسمىنى سەپەر قويۇڭلا، بۇ قېتىمقى قۇتلۇق سەپەرنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن؛ مۇبادا قىز بولۇپ قالسا، ھەجەر قويۇڭلار، خۇدا يولىدىكى ھەج تاۋاپىنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالسۇن! — دېدى ۋە يوغان گىلەم خۇرجۇن ئارتىلغان سۇر ئېشەكنى ئەكبەرگە تۇتقۇزۇپ، ھەمراھلىرى تەرەپكە ماڭدى.

ئەكبەر يېتىلەپ كېتىۋاتقان سۇر ئېشەك سوكال قۇيرۇق، سالپاڭ قۇلاق بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا بېدىك تەرىپلىگەندەك، يوغان ھەم كۈچلۈك ئىدى.

خوشلىشىش، يىغا - زار ئاستا - ئاستا بېسىقتى. ئاتىخان

ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئارىسىغا كىلىپ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى ۋە خالىسانە نىيەت بىلەن مۇنداق دېدى:

— جامائەت، بىز ياخشى ئارزۇ - تىلەك بىلەن قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلاندۇق. بۈگۈندىن باشلاپ، بىز بىر ئېرىقنىڭ سۈيى، بىر ئازگالنىڭ لىيى! ...

سەمىمىلىك ۋە دوستانىلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. ئۇلار ئۆز ئىچىدە بۇنداق توغرا نىيەتلىك، خالىسانە بىر ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى. ئاتىخان ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ساپ تەبىئەتلىك، ئۆزىنى تۇتقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئۆزىنى تۇتۇشى باشقىلارغا بەكمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

كارۋان ئۇزاتقۇچىلاردىن ئاستا - ئاستا ئايرىلىپ، كۆۋرۈك تەرەپكە سىلجىشقا باشلىدى. ئاتىخان كۆۋرۈك ئۈستىدىن ئاخىرقى قېتىم قىزىل دەرياسىغا قارىدى، ئۇلارنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانا دەريانىڭ ئۇلۇغ، شاۋقۇنلۇق سۈيى دۇغلىنىپ، بوزامتۇل چايقىلاتتى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ مەجنۇن تاللىرى دەريادىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك سەلكىندە تىنماي يەلپۈنەتتى!

كارۋاننىڭ ئەڭ ئالدىدا، قوڭۇر رەڭلىك شاش ئايغىرغا مىنىۋالغان ئاتچى قاسىم تايغان قىزىل دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئارقىغا قارىدى ۋە سەپەرگە ئاتلانغانلار بىلەن ئۇزىتىپ چىققانلارنىڭ ھەققىگە ئۇزاق بىر دۇئا قىلدى - دە، ئارقىدىن ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋائىي ئۆز ۋاقتىدا مۇبارەك ھەج سەپىرى ئىشقىدا يازغان بېيىتنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، يولىنى داۋام قىلدى:

« مېنىكىم، بۇ سەۋدا نىزار ئەيلىدى،
ھەۋەس ئىلكىدە بىقارار ئەيلىدى.

ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە گام①،
كى بولغاي، مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇ كام②.
ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمرۈم تەلەپ،
چۇ، بۇ يولدىدۇر ئۇ ھەم ئىرۇر شەرەپ.»

قاسىم تايغان باشلاپ كېتىۋاتقان كارۋان ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كەتتى، قىزىل دەريانىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازى بىلەن ئۇزاتقۇچىلارنىڭ ھەسرەتلىك يىغا ـ زارلىرىمۇ يىراقتا قالدى.

مانا بۇگۈن ئۇلار ھەج تاۋاپ ئىشقىدا گۈزەل يۇرتىدىن ئايرىلىپ، تىنچ، خىرامان تۇرمۇشىنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قۇتلۇق، مۇشكۈل سەپەرگە ئاتىر ئاتلاندى.

بۇ، دەل مىلادىيە 1948 ـ يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيى ئىدى.

## 3

قاسىم تايغان تەجرىبىلىك، پىشقان ئاتچى ئىدى. بۇ مۇشكۈل سەپەرنىڭ تاغ ـ داۋانلىرى، چۆل ـ جەزىرىلىرى، ھەيۋەتلىك دەريا ـ ئېقىنلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەش قولدەك ئېنىق، گويا داغدام يولدەك راۋان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

قاسىم تايغان ھەر خىل ئىزلارغا ۋە يۇلتۇزلار ئورنىغا قاراپ يولنى پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇ، بۇ قېتىم ئۆزى باشلاپ ماڭغان 29 ئادەمنى پاكىستاننىڭ گىلگىت شەھىرىگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ئۇلار قىزىل دەريا بويىدىن ئايرىلىپ، تۆتىنچى كۈنى چۈشتە مىسكەر ③ گە يېتىپ كەلدى. ھاۋاسى شالاڭ، سوغۇق

① گام ــ مەنزىل، كۆزلىگەن يەر.
② كام ــ بەخت، مەقسەتكە يېتىش.
③ مىسكەر ــ ھازىرقى قونجىراپ.

شامال سوقۇپ تۇرىدىغان، ئەتراپى سىم توساقلار بىلەن قورشالغان كۆرۈمسىز چېگرا ئۆتكىدە بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئادەم توپلاشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پاسپورتسىز بولۇپ، چېگرا ساقچىلىرىنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىش كويىدا يۈرگەنلەر ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى خېلى كۆپ ئادەمنىڭ 20 سەردىن كۈمۈش تەڭگە خەجلەپلا، چېگرىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلار بولۇۋاتاتتى. بۇ هال پاسپورتى بارلارنىڭمۇ دەرهال ئۆتۈپ كېتىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاتچى قاسىم تايغان بىلەن يەنە بىرنەچچە ھەمسەپەرلەر ئاتىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلدى:

— ئۆزلىرى ساقچى ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ رەسمىيەتلىرىمىزنى تېزراق بېجىرىپ بېرىشنى ئېيتىپ باقسىلىرى قانداق؟ بۇ يەر تۇرىدىغان يەر ئەمەس ئىكەن، بىر دەقىقە بولسىمۇ بۇرۇنراق يولىمىزغا ماڭايلى!

— بولىدۇ، — دېدى ئاتىخان كۆپچىلىكنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، — مەن بېرىپ سۆزلىشىپ باقاي!

تۆت كۈنلۈك سەپەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئاتىخاننىڭ ئىشەنچلىك، هالال، غەمگۇزار ئادەملىكىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن تەبىئىي هالدا ئۇنىڭدىن ئەقىل سورايدىغان، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كارۋان بېشى، مەنىۋى تۇۋرۈكى دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا ئادەم — كۆزلىرى يوغان، نەزىرى تېز، لېكىن قاراشلىرى پەرۋاسىز، گەپلىرى بىمەززە غوجىمۇللىلا ئۇنى پىسەنت قىلمايتتى.

ئاتىخان ساقچى باشلىقىنى ئىزدەپ، يىراقتىكى دۆڭلۈكتە قارىيىپ تۇرغان ئۆي تەرەپكە قاراپ كەتتى. غوجىمۇللا بولسا، يۈك ئارتىلغان چىپار قېچىرنى يېتىلەپ، ئادىتى بويىچە گەپ تىلى

تــڭلاش ئۇچـۇن ، كــشىلەر توپىنى ئارىلاپ نىشانسىز كېزىشكە باشـلـىدى . ئۇ ، بۇگۈن كۈنىنىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي ، پۇ-تــىغـا ئالاھىدە بـۇيـرۇتـۇپ تىكتۈرگەن يۇمشاق مەسە ـ كالاچ ، ئۇچـىســىغا بۇخارا بەقەسەمدىن ئۇزۇن تون كىيىپ ، بېشىغا ئاق-غاننىڭ سۇرمە رەڭ شايى سەللىسىنى ئورىۋالغان ئىدى .

غوجـىـمـوللا قـېچىرىنىڭ تىزگىنىنى سول قولىغا يۆگەپ تـۇتـۇۋالـغـان ئىدى . ئۇ ، ھەرقانداق شارائىتتا قېچىرىدىن ئايرىل-مايتتى ، ئۆزى يېتىلەپ يۈرەتتى .

ئالـدىـنـقى كـۈنـى كارۋان مۇز تاغ داۋىنىدىن ئۆتكۈچە ، غوجىموللىنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان بىر ئىش بولدى . مـۇسـا داڭـقـان دېـگـەن ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىدى . مـۇسـا داڭـقـانـىـڭ بـۇرنـىـغـا غـوجـىموللا يېتىلەپ كېتىۋاتقان قـېـچـىـرىـنـىـڭ يـۇكتىن ئۆتكۈر زىرە پۇرىقى پۇراپ كەتتى . ئۇ ، ھەيـران بـولـۇپ ، داۋانـدىـن چـۈشـكـەندىن كېيىن غوجىموللىغا ياندىشىپ كېلىپ :

— مـوللام ، پـاكـىستانغا زىرە ئېلىپ ماڭدىمۇ نىمە ؟ بۇ تا-زىـمـۇ تـەتـۈر ئىش بوپتىغۇ ! ... دەپ سورىدى . لېكىن غوجىموللا قىلچە دۇدۇقلىماي ، پەرۋاسىز ھالدا :

— يـوقـسـۇ ، تەقسىر ! تاغاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەپتى-يـەك . راۋالـپـىـنـدى بـىـلـەن كاراچىدىكى قېرىنداشلارنىڭ بالا ـ چـاقىلىرىغا ئۇيغۇرچە بېسىلغان ھەپتىيەك لازىم ئىكەن ، شۇنى ئې-لـىـپ مـاڭـدىـم ، بـۇ تـازىـمۇ ساۋابلىق ئىش دېسىلە . ئەمدى زىرە پـۇرىـقـىغا كەلسەك ، ئۆز ۋاقتىدا تاغارغا زىرە قاچىلاپتىكەن ، شۇ-نـىـڭ پـۇرىـقـى تـېخىچە تۈگىمىگەن چېغى ! — دەپ ، تۇيۇقسىز سـورالـغـان بـۇ قـىـيـىن سوئالغا ئاسانلا جاۋاب بەرگەن ئىدى . بۇ جـاۋاب مـۇسا داڭقاننى كۆڭلىدە پەيدا بولغان تاسادىپىي گۇمانىي سېزىمدىن خالاس قىلغان ئىدى .

غوجىمولىلا ئۆزئارا سودا ـ سېتىق قىلىشىۋاتقان، ئۇ-ياقتىن ـ بۇياقىقا چېپىپ يۈرگەن، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قەيەردە پاراڭ بول-سا، قۇلىقىنى شۇ يەرگە يېقىپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ، چېگرا بويىغىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. بۇ يەردىكى ئا-دەملەرنىڭ ئەس ـ يادى قانداق قىلىپ چېگرىدىن تېزراق ئۆتۈشنىڭ كويىدا ئىدى. غوجىمولللا ئۆزىدىن بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدا مۈكۈلدىشىپ تۇرغان بىرنەچچە ئادەمگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەستلىك، گىروي بىرسى ئۇنىڭغا بەكمۇ تونۇشتەك قىلاتتى. غوجىمولللا يەنە بىرئاز ئالدىغا سىل-جىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىدى... «دەل... دەل ئۆزى شۇ! ئۇ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلار؟...»

غوجىمولللىغا تونۇش كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ كىيىنىشى، تۇرقى يىراق بىر سەپەرگە ئاتلانغاندەك كۆرۈنەتتى: ئۈستىدىكى يېڭى گىلەم خۇرجۇننىڭ بىر كۆزىدە تۇلۇم، يەنە بىر كۆزىدە نېمىلەردۇر تومپىيىپ تۇراتتى.

«ئۇمۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ بىر يەرگە بارامدۇ نېمە؟ ۋاي خۇدايىم، ئۇنىڭ بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قالساق، نەس باسقىنى شۇ! بىزنى سويغان پىيازدەك گاڭسا ـ جىسا قىلىپ قويىدۇ ئۇ لۈكچەك!...»

غوجىمولللىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، بۇ يەردە تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان بۇ ئادەم ئۇنىڭ پىكرىنى چالغىتىپ، كۆڭلىنى غەشلىككە سالدى، غوجىمولللا دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلمەي ئارقىسىغا قايتماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، مۇسا داڭقان بىلەن دوقۇ-رۇشۇپ قالدى، مۇسا داڭقان ئۇنىڭغا ئالدىراپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئاتىخان بايا چېگرا ئەمەلدارى بىلەن سۆزلىشىپ

كەپتۇ ، ئۇلار بىرىنى ئەتە چۈشتىن كېيىن چېگرىدىن ئۆتكۈ-
زۈشكە ماقۇل بوپتۇ ...

بۇ گەپلەر غوجىمۇللىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى ، ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى :

— ئۇنى چېگرىدىن ئۆتكۈزسە بولمايدۇ ... ئۇ يامان ئا-
دەم ...

— غوجىمۇللا ، سىلىگە نېمە بولدى ؟ — مۇسا داڭقان هەيران بولۇپ ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى ، — قىزىتمىلىرى ئۆر-
لەپ قالمىغاندۇ ؟

— راست دەيمەن ... — غوجىمۇللا يەنىلا شۇ گەپتە ئىدى ، — ئۇنى چېگرىدىن ئۆتكۈزسە بولمايدۇ ! قوي ئارىسىغا بۆرە كىرىپ قالىدۇ ! ...

مۇسا داڭقان ئۇنىڭغا هەم هەيرانلىق ، هەم قىزىقىش بىلەن تىكىلىپ قارىدى . غوجىمۇللا كەكىلىك قاش ، كاپچاق يۈز ، سېرىق ساقال ئادەم ئىدى . ئۇ ، گەپنى تېز قىلغاچقا ، ئاڭلىغۇ-
چىلار تازا زەن قويمىسا ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي قالاتتى .

— كىمنى دەيلا ، كىمنى ! ؟ — سورىدى مۇسا داڭقان بىتاقەت بولۇپ .

— ئاۋۇ ئادەمنى كۆرلىمۇ ؟ ! — غوجىمۇللا بىگىز قولى بىلەن هېلىقى ئادەمنى ئىشارە قىلدى ، — ئاۋۇ يېڭىسار تۇمىقى كىيگەن ، گىلەم خۇرجۇنلۇق ئادەمنى دەيمەن !

— هە ، كۆردۈم ، — دېدى مۇسا داڭقان پەرۋاسىزلا ، — ئۇ ئادەمگە نېمە بوپتۇ ؟

— ئۇ دېگەن چوڭ قىمارۋاز ، داڭقى بار لۈكچەك ... ئىسمى هېلىمشا ! ...

مۇسا داڭقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، هېلىمشاغا باشقىچە نەزەر

بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ـ سۈرۈك، بىجىرىم قىياپىتى ئوچۇق نامايان بولدى.

ھېلىمشا پالۋان قامەت، تۇرگۇن ئادەم ئىدى، پۇت ـ قوللىرى غەپسى يوغان ئىدى. بىرلا قارىغان كىشىگە ئۇنىڭ قولى ئېيىق شاپىلىقىدەك، پۇتى بولسا تۆگە تاپىنىدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا، بۇرادەر ـ ئۈلپەتلىرى ئۇنى «ئاتنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىدۇ» دەيتتى. كىشىلەرگە ھەممىدىن بەك تەسىر قىلىدىغىنى، ئۇنىڭ پىچاقنىڭ ئىزى بار قارىمۇتۇق يۈزىدىكى يوغان، دۈگىلەك كۆزلىرى ئىدى. بۇ كۆزلەر ئاجايىپ نۇرلۇق، ھۆكۈمران ۋە ئىرادىلىك ئىدى.

ھېلىمشانىڭ سول پۇتى ئىككى ئەنلىك قىسقا بولغاچقا، يول يۈرگەندە خۇددى دولقۇن يېرىپ ئۈزۈۋاتقان قېيىققا ئوخشاش «شۇڭغۇپ ـ شۇڭغۇپ» ماڭاتتى. ھېلىمشانىڭ گەۋدىسى، شاپ بۇرۇتى، كۆتمەك ساقىلى كىشىلەرگە ئۇنى ئۆز يېشىدىن خېلى چوڭ كۆرسىتەتتى، لېكىن ھېلىمشا بۇ يىل 41 ياشقا كىرىپ، قىرانلىق دەۋرىدە ياشاۋاتاتتى.

ھېلىمشا بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ. لېكىن ئۆي تۇتقان ئەمەس، نەدە قورسىقى تويسا شۇ يەرگە بېرىپ، نەدە كەچ بولسا، شۇ يەردە تۈنەپ يۈرۈيدىغان جاھانكەزدىلەردىن ئىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى باشقا ۋاقىتلارغا زادىلا ئوخشاشمايتتى.

ھېلىمشا بۈگۈن پاكىز، چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئىدى. ئۈستىدە كاپكازچە قىزىل ئۆتۈك بار ئىدى. كەڭ ئاغلىق ئاق تامبال، ئاق چوتا يەكتەكىنىڭ ئۈستىدىن نىل رەڭ چەكمەن چاپان كىيىپ، بېلىنى مايسىرەڭ شايى بەلۋاغ بىلەن باغلىۋالغان ئىدى، سول يانپېشىدا كۈمۈش تولتىلىق يوغان پىچاق ساڭگىلاپ

تۇراتتى. يەكتىنكىنىڭ يېڭى چاپىنىنىڭ يېڭىدىن سەل كەم بىر غېرىچ ئۇزۇن ئىدى. ئۇ، قىش ـ ياز بېشىغا كۆك موۋۇت تاشلىق يېڭىسار تۇمىقىنى كىيىۋالاتتى. تاپقان ـ تەرگەن پۇللىرىمۇ شۇ تۇماقنىڭ ئىچىدە نەمدىلىپ تۇراتتى...

مۇسا داڭقان ھېلىمشادىن كۆزىنى ئېلىپ، ھەمراھىغا قارىدى، غوجىمموللا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھېلىمشا بىلەن سوقۇشىدىغاندەك ئەلپازدا ھومىيىپ تۇراتتى.

— تۇرقىدىن يامان ئادەمدەك قىلمايدىغۇ، غوجىمموللا، — دېدى ئۇ ھەمراھىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي، — تازا كۆچكە تولغان پالۋاندەك كۆرۈنىدۇ.

غوجىمموللا تېرىكىپ كەتتى:

— سىلى نېمىدەپ يۈرۈيدىلا مۇسىراخۇن، ئۇنىڭ يۈزىدىكى پىچاقنىڭ ئىزىنى كۆرمىلىمۇ؟ ئۇ دېگەن شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىدا نامى بار چوڭ قىمارۋاز، قارام لۈكچەك!

— ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىكەنمەنا؟ — سورىدى مۇسا داڭقان دەرگۇمان بىلەن.

— سىلى دېگەن سودىگەرچىلىك بىلەن شەھەرمۇ ـ شەھەر يۈرۈيدىغان ئادەم تۇرسىلىرى، ئۇنداق قىمارۋازلارنىڭ ئەھۋالىنى نەدىن بىلىدىلا، — دېدى غوجىمموللا ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — ئۇ تېخى قاتىللىق قىلىپ قېچىپ چىقتىمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، يۈرسىلە، دەرھال مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنىڭ بىر ئامالىنى قىلايلى!

ئۇلار ئىككىسى بايا چۈشكۈن قىلغان يەرگە قايتىپ كەلدى. بىرنەچچەيلەن ئاتىخاننى چۆرىدەپ، قوي سودىسى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

ئاتىخان بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپلا مۇنداق دېدى:

— بايا بىر قويچى بىر پادا قوي ھەيدەپ كەپتۇ، داڭلىق

پامىر قويلىرى ئىكەن، بەزىلىرى موزايىدەك يوغان، بىر تىللاغا ئۈچتىن قوي گەپلەشتۇق. ھەممىمىز يىغىش قىلىپ ئون نەچچە قوي ئېلىۋالايلى دەۋاتىمىز، ھەربىرلىرىنىڭ پىكرى قانداق؟

— ياخشى گەپ ئىكەن، ئېلىۋالايلى، — دېدى مۇسا داڭقان دەرھاللا قوشۇلۇپ، — بۇ ئۈززۈن سەپەردە گۆش - مايسىز يۈرگىلى بولماس.

ئاڭغىچە جۇلدۇر چاپان بىر قويچى ئون نەچچە قوينى ھەيدەپ كەلدى، بۇ قويلار ئاپئاق ئۈززۈن يۇڭلۇق بولۇپ، بەزىسى قارا زاڭاق، بەزىسى سېرىق زاڭاق ئىدى. يوغانلىقىدىن ئۈستىگە ئەكىبەردەك بالىلار مىنسە خېلى يەرگىچە كۆتۈرۈپ كەتكۈدەك كۆرۈنەتتى.

— راست ئېسىل قويلار ئىكەن، — دېدى مۇسا داڭقان بىر قوينىڭ قۇيرۇقىنى دەڭسەپ، ھەۋەس بىلەن، — ئۈستىگە ئىككى - ئۈچ چارەك يۈك ئارتىپ قويساقمۇ بىمالال مېڭىۋەرگۈدەك!

— ئاسىيە خېنىمنى مىندۈرۈپ قويارلا، — دېدى غوجىمۇللا ھەم چاقچاق، ھەم كىنايە بىلەن، — خوتۇن كىشى دېگەننىڭ ۋەزنى يوق!

مۇسا داڭقان بۇ گەپنى مېيىقىدىكى سوغۇق بىر كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئاسىيە خېنىم ئۇنىڭ ئايالى ئىدى. 29 كىشىلىك بۇ كارۋاندا بەش ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچى ئوغۇللىرى ھەجگە ئېلىپ ماڭغان ئاقۋاش ئانا، ئىككىسى ئەرلىرى بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ئوتتۇرا ياشلىق چوكانلار ئىدى.

قوي سودىسى تۈگىدى، ئاتىخان ئادەم بېشىغا پۇل چېچىپ، ئۈچ تىللاغا توققۇز قوي ئالدى.

باياتىندىن بېرى بىتاقەت بولۇپ تۇرغان غوجىمۇللا بۇ

ئىش تۈگىشى بىلەنلا ھېلىمشا توغرىسىدا سۆزلەپ ۋايساپ كەتتى:

— ئەگەر بۇ قىمارۋاز چېگرىدىن ئۆتۈپ، بىز بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالسا، بىزنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، «ياماندىن يار بويى قاچ» دېگەن گەپ بار. چېگرا باشلىقلىرىغا ئېيتىپ ئۇنى توسۇپ قالايلى!

بىرئاز غۇلغۇلا بولدى، بەزىلەر غوجىمۇللىنىڭ پىكرىنى خوپ كۆردى. لېكىن، كۈتمىگەن يەردىن ئاتىخان باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— غوجىمۇللا، بۇ دۇنيادا ھەركىم ئۆزىنىڭ رىزقى بىلەن ياشايدۇ! بۇ ئادەم بۇرۇن قىمارۋاز بولغان بولسا، ھازىر يامان ئىشتىن قول ئۈزۈپ، قۇتلۇق سەپەرگە نىيەت قىلغان ئوخشايدۇ. بىز ئۇنى توسساق، ئاللا ئالدىدا گۇناھ قىلغان بولىمىز!

— سىلى ئاڭلىمىغانمۇ؟! — دېدى غوجىمۇللا چالۋاقىغاندەك تەرىنى تۈرۈپ، — ياماندىن كېلەر كاساپەت، ياخشىدىن كېلەر شاپائەت! ئۇ قىمارۋازنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس!

غوجىمۇللا شۇنداق دېدى - دە، يەنە شۇ قېچىرنى يېتىلىگەن پېتى ئالچاڭلاپ چېگرا قاراۋۇلخانىسى تەرەپكە قاراپ كەتتى.

غوجىمۇللا ئىمانى سۇس، شۇم ئەڭگىز ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇ، بۇ ئاجىزلىقنى ئاغزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن چىرايىدا ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ساختا ھىجىيىش بىلەن يېپىپ كېتەتتى.

غوجىمۇللا چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنى ئارىلاپ، بىرەر سائەتتەك ئاۋارە بولدى، بىر ئۇيغۇر ساقچىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ناھايىتى تەسلىكتە ئۇلارنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى.

تاغ شامىلىدىن يۈزلىرى قارىداپ، كىچىككىنە پىستە

كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان، ئالتۇن چىشلىق بۇ چېگرا باشلىقى بەكمۇ ئالدىراش ئىدى، ئالدىراشچىلىقتا مىجەزىمۇ چاچقۇن، سەپرا بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇرۇق گەپ خۇش ياقمايتتى. غوجىمۇللا ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگىنى ئەپچىللىك بىلەن سۇڭگۇتتى، ئاندىن ھېلىمشانىڭ ئەھۋالىنى كۆپتۈرۈپ ئېيتتى، ھېلىقى ئۇيغۇر ساقچى تەرجىمانلىق قىلدى. ئەگەر بۇ ئوتتۇرىدا مۇشۇ تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ساقچى بولمىغان بولسا، بۇ ئالتۇن چىش باشلىق غوجىمۇللا سۇڭگۇتكەن ئىككى تەڭگە ئۈچۈن ھېلىمشانى تۇتمىغان بولاتتى، بەلكى ھېلىمشادىن بىرمۇنچە ئالتۇن - تىللاغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئوتتۇرىدىكى بىر گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى ئۇنى قائىدە - نىزام بويىچە ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىپ قويدى. ئۇ، ئىككى ساقچىنى ئەۋەتىپ، ھېلىمشانى تۇيۇقسىزلا تۇتتى ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىدىكى ئەنجان تاملىق بىر ئاتخانىغا سولاپ قويدى. ھېلىمشامۇ ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدى، كۆڭلىدە «خېلى بۇرۇنلا ئىزىمغا ئادەم چۈشكەن ئىكەن، بۇ چوقۇم ھېلىقى نامەرد ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئىشى! ...» دەپ تەقدىرگە تەن بەردى.

غوجىمۇللا بۇ ئىشلارنى — ھېلىمشانىڭ تۇتۇلۇپ ئاتخانىغا سولانغانلىقىنى يىراقتا تۇرۇپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە ئۈستىدىن بىر پارچە ئۇيۇل تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك نەپەس ئالدى، كۆڭلىمۇ جايىغا چۈشتى. لېكىن ئۇ، بىھۇدە كەتكەن ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلاندى. «خەيرىيەت، — دېدى ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بېرىپ، — چېگرىدىن ئۆتۈش ئالدىدىكى باش - كۆزۈمنىڭ سەدىقىسى بولسۇن! مەن باشقىلار ئۈچۈنمۇ خۇدا يولىدا ياخشى ئىش قىلدىم، خۇدا ماڭا بۇ پۇلنى ھەسسىلەپ

قايتۇرىدۇ ! ... »
ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ، ئاتىخان باشچىلىقىدىكى ھەج قىلىش كارۋىنى چېگرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ، يېڭى ۋە جاپالىق سەپىرىنى باشلىدى .

# 4

قارا ئاسمان بىلەن زېمىن تۇتاشقان ئۇپۇق بوزىرىپ ، يىراقتا ئاقۇش شولا پەيدا بولۇشقا باشلىدى . غەربكە سۇرۇلگەن يېنىك بولۇتلار ئاستا - ئاستا قىزغۇچ تۈسكە كىردى .
ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل ، سېھىرلىك تاڭ مەنزىرىسى نامايان بولدى .
كارۋانلار ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا تەرەددۇت قىلىشاتاتتى ، ئاياللار تاشتىن ئوچاق ياساپ ، ئەتراپتىن چاۋار - چاتقال ۋە قۇرۇغان تېزەكلەرنى تېرىپ كېلىپ ، مىس كورىدا چاي قايناتتى ، بەزىلەر تالقان چالدى ، بەزىلەر ھۆمەل چاي ئەتتى ؛ بەزىلەر بولسا ، مايلىق توقاچلارنى كۇرۇشكا ۋە ياغاچ چۆچەكلەرگە چىلاپ ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى ، شۇ چاغدا بىرسى خۇددى ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇردى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، قېرىنداشلار !
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — بىرنەچچەيلەن سالامنى ئىلىك ئېلىپ ، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى .
بۇ ئادەمنىڭ تۇرقىدىن — ئۆتۈكىنى يەلكىسىگە ئارتىپ ، چاپىنىنىڭ پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ، تامبىلىنى تىزىغىچە تۇرۇپ

چەبدەس ۋە يەگگىل ھالەتتە تۇرۇشىدىن كىچىچە قاتتىق يول يۈرگەنلىكى ۋە ھېرىپ، ئۇسساپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

يوغان قەلەي قاچىغا جىگدە تالقىنىنى چېلىپ ئىچىۋاتقان غوجىمولللىنىڭ قاچىسى قولىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى، ئاغزىغا ئەمدى سالغان ياغاچ قوشۇقمۇ شۇ پېتى ئىككى كالپۇكىنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى بۇ ئادەمگە تىكىلگىنىچە مىت قىلماي تۇراتتى، ئۇ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا ئوگۇممۇ، يە چۈشۈممۇ دەپ ئايرىيالماي دەرگۇماندا بولۇۋاتاتتى.

— چېپىگلاردىن بىرئاز ئىچەيمىكىن، دەپ كېلىشىم، — دېدى ھېلىقى ئادەم غوجىمولللىنىڭ يېنىغىراق كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە چۈچىلىق گىلەم خۇرجۇندىن بىر كۇرۇشكا بىلەن بىر گىردە ناننى ئالدى. غوجىموللا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىنى، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان بۇ سۇرلۇك ئادەمنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزى ئىككى تەگگە خەجلەپ سولتىۋەتكەن ھېلىمشا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تۈنۈگۈنكىدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچ چۈشتى. ئۇنىڭ بايا بىردەملىككە تورمۇزلىنىپ قالغان كاللىسى يەنە يېگىۋاشتىن جىددىي ئىشلەشكە باشلىدى.

ھېلىمشا ئۇنىڭ تۈنۈگۈنكى خۇپپيانە ئىشىدىن خەۋەردارمىدۇ؟ ئەگەر خەۋەردار بولسا، غوجىمولللىنى نەس باسقىنى شۇ!...

غوجىموللا دەككە - دۈككە ئىچىدە، ئۇنىڭدىن ئاستا كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى:

— ئۆزلىرى چېگرىدىن قاچان ئۆتكەنتىلە؟

— يېرىم كېچىگە يېقىن ئۆتتۇمغۇ دەيمەن، — دېدى ھې-

لىمشا كۈرۈشكىدىكى قىزىق چاينى پۈۋلەپ ئىچىۋېتىپ .

— ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ ؟

— نەدىكىنى ! — ھېلىمشا تەبىئىي تۈز كۆڭۈللۈكى بىلەن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى ، — ئەسلىي تۈنۈگۈن كۈندۈزدە ئۆتۈپ كېتەتتىم ، لېكىن قەشقەردىلا ئارقامغا ئادەم چۈشۈپتىكەن ، تۈنۈگۈن تۇيۇقسىزلا تۇتۇپ سولاپ قويۇشتى ، ئۇ يەردىنمۇ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇتۇلۇپ چىقتىم ...

غوجىموللىنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى ، ئۆز ئىشىدىن ھېلىمشانىڭ پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى ، شۇنداقتىمۇ ، ئۇنىڭ ھېلىقى ئېگىز تاملىق ئاتخانىدىن قانداق چىقىپ ، چېگرىدىن قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەي ، ھەيران بولاتتى . ۋەھالەنكى ، غوجىموللا ئۈچۈن قىيىن بولغان ئىش ھېلىمشا ئۈچۈن ئاسان ئىدى .

ھېلىمشا شۇ كۈنى چېگرا ئۆتەڭدىكى ھەممە ئادەم ئۇخلاپ ، جاھان تىنچىغان بىر ۋاقىتتا ، يەتتە پەخسىلىك ئەنجان تامدىن ئارتىلىپ سىرتقا چىقتى . بۇ چاغدا ، ھېلىقى ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگە پارا يەپ ئۇنى سولاپ قويغان ئالتۇن چىش باشلىقمۇ ئالدىراش ، غوۋغالىق ئىشلارنىڭ قاتىلاڭچىلىقى بىلەن ئۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى . ھېلىمشا ئاتخانىدىن چىقىپلا ئۇدۇل چېگرا ئېغىزىغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە كۆزەت قىلىپ تۇرغان ئىككى ساقچىغا ئىككىدىن تۆت تىللانى بېرىپ چېگرىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ، بىر تۇلۇم سۇ بىلەن بىرمۇنچە نان قاچىلانغان گىلەم خۇرجۇننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، شۇ ماڭغانچە ھېچ يەردە توختىماي جىددەللەپ ماڭدى . ئۇ ، يوغان ، كۈچلۈك شاتۇر پۇتلىرى بىلەن بىر كېچىدىلا مانا بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشىۋالغان ئىدى .

— خوش ، ئەمدى مەن ماڭاي ، — دېدى ھېلىمشا چاينى

ئىچىپ بولۇپ، — ھەربىرلىرىنىڭ ئىسسىقلىق بەرگەنلىكلىرىگە رەھمەت!

ھېلىمشا نەۋقىران گەۋدىسىنى كۆتۈردى. شۇ چاغدا، غوجىموللىنىڭ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە باشقىچە پىكىر كەلدى، ئەگەر بۇ قىمارۋازنى مۇشۇ پېتى يولغا سېلىۋەتسە، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇلارنى پايلاپ، كېچىسى تېگىش قىلىپ، مال - دۇنياسىنى بۇلاپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ئىش چوقۇم ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، ھېلىمشانى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ قېلىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، بىللە مېڭىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، يىرتقۇچ ھايۋاننى كۆندۈرگەندەك ھېلىمشانىمۇ كۆندۈرۈۋېلىش مۇمكىن!...

— توختىسىلا، ئۆزلىرىنى تونۇغاندەك قىلىمەنا، — دېدى غوجىمموللا بايىقى خىياللىرىدىن روھلىنىپ خۇشپىسەنلىك بىلەن، — ئىسملىرى ھېلىمشاغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، سىلى قانداق بىلىلا؟ — ھېلىمشا ئۇنىڭغا ھەيرانلىق تەرىزدە قارىدى.

— قەشقەردە سىلىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاز، — دېدى غوجىمموللا خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن، — سىلى دېگەن تۆت دەرۋازىدا ناملىرى بار نوچى! خوش، سەپەر نەگىچە؟

— بەيتۇلمۇقەددەسكىچە!

— پاھ! ... ئۇلۇغ ئىش بوپتۇ ... خۇدايىم نىيەت - ئىقباللىرىغا يەتكۈزگەي!

— ئىنشائاللا ... — دېدى ھېلىمشا بىر خىل چوڭقۇر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن، — ھەربىرلىرى بىلەن بىللە ھەج تاۋاپ قىلىپ، خۇداغا تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، پاكلىنىپ ياناي دەيمەن! ...

— ئۇنداق بولسا، بىر - بىرىمىزگە ھەمدەم بولۇپ بىللە ماڭايلى، — دېدى غوجىمموللا كۆيۈنگەن قىياپەتتە، —

سەپەرنىڭ جاپاسى كۆپ، يالغۇز مېڭىپ قىينىلىپ قالىلا ! ...

غوجىمۇللا شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، كۆزى ئىختىيارسىز هالدا مۇسا داڭقاننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مۇسا داڭقان ئۇنىڭغا هەيران بولغان، تەئەججۇپلەنگەن قىياپەتتە سوغ ۋە چۈشىنىكسىز نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. غوجىمۇللا يەنە شۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا: « هەيران بولما، دۇنيانىڭ ئىشلىرى مۇرەككەپ. ئەقىللىق ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ: ‹ ئىت بىلەن سايە تالاشما، مۈشۈك بىلەن تۆر › دېگەن گېپىنى ئاڭلىغانمىدىڭ ! » دېگەندەك قىياپەتتە كۆزىنى قىسىپ قويدى، لېكىن غوجىمۇللىنىڭ هەييارلارچە ئويناپ تۇرغان كۆزىدىن شۇملۇق بىلەن هىيلە ـ مىكىرنىڭ سوغۇق نۇرى چاقناپ تۇراتتى ! ...

# ئۈچىنچى باب

# مىڭتېپكە داۋىنىدىكى جۇدۇن

## 1

مىڭتېپكە داۋىنى مۇشۇ سەپەردىكى ئەڭ خەتەرلىك، مۇشكۇل ئۆتكەللەرنىڭ بىرى ئىدى، بۇ يەردە ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، پۇتى سىرقىرايتتى. بۇنى ھازىر پەقەت قاسىم تايغانلا چوڭقۇر ھېس قىلالايتتى. باشقىلار بولسا، تېخى بۇنداق مۇدھىش تەسىراتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىدى.

قاسىم تايغان ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان، يولى تار، ئەگىم-دوقاللىرى خەتەرلىك بۇ داۋاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈۋاتاتتى. بىرىنچى قېتىم ئۇ ياش چېغىدا، ئاتچىلىق بىلەن نام چىقارغان دادىسى مامۇت تايغانغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. شۇ چاغدا داۋاننىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئۇنى تۇتەك ئەپكېتىپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغان، مەرھۇم دادىسى ئۇنى ئۆزى بىلىدىغان ئامالлар بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدا، ئۇلار پۇتىغا ئۆلۈپ قالغان ئات-ئېشەكلەرنىڭ ھۆل تېرىلىرىنى ئوراپ، چورۇق ئورنىدا كىيىپ ماڭاتتى، بۇنداق بولغاندا، سىدام تاشلاردىن سىيرىلىپ، كۆتۈلمىگەن خەتەرگە يولۇقۇشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. لېكىن، بۇنداق سۇنئىي چورۇقلارمۇ ئۇزۇنغا پايلىمايد-

تى ، ئككى ـ ئۈچ كۈندىلا ئۆتكۈر تاشلار تىلىپ ، ئۆتمىتۆشۈك
قىلىۋېتەتتى ...
ئىككىنچى قېتىم ، قاسىم تايغان ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا
باشقا بىر تەجرىبىلىك ئاتچىغا ياردەمچى بولۇپ ئۆتكەن ئىدى .
شۇ قېتىمقى سەپەردە تۇيۇقسىز جۇدۇن كۆتۈرۈلۈپ ، قار كۆچ-
كەچكە ، تار بىر ئەگىمدىن ئۆتكۈچە بىر تۆگە بىلەن بىر ئادەم
يولنى پەرق قىلالماي هاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى . خۇددى
تۈۋسىز لەهەتنەك سوغ ۋە چوڭقۇر هاڭدىن هېلىقى بەختسىز
ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادى بىلەن زۇۋانسىز هايۋاننىڭ
زەئىپ بوزلىشى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ ، بۇ قاراڭغۇ بوشلۇقتا
ئىلاجسىز قاراپ تۇرغانلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئېزىۋەتكەن ئىدى .
شۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن شۇ مۇدهىش كۆرۈنۈش هېلىغىچە
قاسىم تايغاننىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى . ئۇ شۇ چاغدىلا ، ئا-
دەمنىڭ جېنىغا تىككىلگەن بۇنداق خەتەرلىك كەسىپتىن قول
ئۈزۈپ ، ياخشى يەپ ، ياخشى كىيىمسىمۇ ، ئارامخۇدا ياشاشنى
كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى . لېكىن ، دادىسىدىن ئايرىلغاندىن
كېيىن ، ئۆيىنىڭ يۈكى مۇشۇ بىرلا ئوغۇلنىڭ زىممىسىگە چۈشتى .
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ، قاسىم تايغاننىڭ ئاتا كەسپى ئىدى . هەر قې-
تىم سەپەرگە چىققاندا ، قولغا كىرىدىغان پۇلمۇ ئاز ئەمەس ئىدى .
ئەڭ مۇهىمى ، هەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشىدىن ،
نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۆزىنىڭ بەخت ـ پېشانىسىگە پۈ-
تۈلگىنىنى كۆرمەي ئىلاجى يوق ئىدى . قاسىم تايغاننىڭ
قارىشىچە ، بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقى تۈگىگەن بولسا ، ئۇ
سېھىرگەرلىك قىلىپ كالا مۈڭگۈزىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسىمۇ ،
ئەزرائىل هامان ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ . شۇڭا ، بۇ دۇن-
يادىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمى غايىب ، رىزقى نەدە تۈگىسە ،
ئامانەت شۇ يەردە تاپشۇرۇلىدۇ ، بۇنىڭدىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇل-

غىلى بولمايدۇ ، دەپ ئويلايتتى .
قاسىم تايغان ئەنە شۇ ئەقىدە بىلەن بۇ خەتەرلىك كەسىپنى يەنە داۋام قىلدى ، تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ، چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتتى ، چېگرا بېسىپ ، ئەنجان ، بۇخارا ھەم شەمەيلەرگىچە باردى . بۇ قېتىم مانا شۇ ھەمسەپەرلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ ، مىڭتېكە داۋىنىدىن ئۆچىنچى قېتىم ئۆتۈش ئالدىدا تۇراتتى .
داۋانغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى . تاغ تەرەپتىن كەلگەن سوغۇق شامال ئۇلارنى توڭدۇرۇپ ، دۈگدەيتىۋەتتى .
ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان قاسىم تايغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ، باشقىلارمۇ ئۇنى چۆرىدەپ توختىدى . قاسىم تايغان بېشىغا سالۋار تۇماق ، پۇتىغا غاس - غاس ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى ، ئۇستىدىكى چالا - بۇلا ئاشلانغان كەڭ ياقىلىق پوستەك جۇۋىدىن دوشاپنىڭ ئۆتكۈر ھىدى كېلىپ تۇراتتى . ئۇ ، بىلىكە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر سويام كەڭلىكتىكى كاشا باغلىۋالغان ئىدى . قاسىم تايغان ھەمسەپەرلىرىنىڭ ھارغىن چىرايلىرىغا قاراپ مۇنداق دېدى :
— ھەربىرلىرىنىڭ سەمىگە سەپ قويای : داۋاندىكى سەپەر مۇشكۈل ، خەتەرلىك ! يامان تەرەپنى ئويلىمىغىچە ياخشى كۈنلەرگە يەتكىلى بولمايدۇ . جانىنىڭ قەرەلى يوق ، بىزنىڭ مىنگەن ئېتىمىز جىنازا ، كىيگەن تونىمىز كېپەنلىك ! ...
كىشىلەر ئىچىدە قورقۇش ، ئەنسىزلىك ۋە غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى .
— يا رەب ، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا !
— ئاللا ، ئۆزۈڭگە سېغىنغان ئاجىز بەندىلىرىڭگە پاناھ بول !

توپ ئىچىدىن غوجىمولل‍ىنىڭ ئەندىككەندەك زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇنداق شۇم ئىغىزلىق قىلمايلى، بىزنى خۇدا ساقلايدۇ. بىز سىلىنى يول بىلىدۇ، دەپ تاللىغان!

— شۇنداق، مەنمۇ سىلەرنى خۇداغا تاپشۇرۇپ دەۋاتمەن! — دېدى قاسىم تايغان ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — تەخسىر، بۇ ئالەم بىزگە ئامانەت. مىڭ يىل ياشايمەن دەپ تىرىكچىلىك قىلىشىمىز، هازىر ئۆلىمەن دەپ ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم. مەن بىر ئاددىي ئاتچى، هەربىرلىرىنى باشلاپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن بەندە بەندىنى قوغدىيالمايدۇ، بۇ دۇنيادا بەندىنىڭ ئىجابىتىنى پەقەت بىرلا ئاللا بەجا كەلتۈرەلەيدۇ! هەممىمىزنى خۇدايىم ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي!

— شۇنداق جامائەت، قاسىماخۇن توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ئاتىخان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىشقا ئۇرۇنۇپ، — هەممىمىز ياخشى نىيەت - ئىقبال بىلەن بۇ سەپەرگە ئاتلاندۇق، ئاللاغا تەۋەككۈل قىلدۇق، ئاللاغا تەۋەككۈل قىلمىغان ئادەمنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. هەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئاللاغا تەۋەككۈل قىلىمىز، پايدا بولسىمۇ - زىيان بولسىمۇ كېيىن كۆرىمىز. قېنى، هەممىمىز بىر تەكبىر ئېيتىپ، يولىمىزنىڭ بىخەتەر بولۇشىنى ئاللادىن تىلەيلى!

تەكبىر ئېيتىلدى، گۈرۈلدىگەن ئاۋاز تاغ تەرەپتىن ئەكس سادا بولۇپ ياندى.

داۋانغا ئۆرلەشتىن بۇرۇن هەممەيلەن قېلىن، پاختىلىق كىيىملىرىنى كىيدى. ئاتىخان كالتە كەمزۇل ئۈستىگە چىرمان يوللۇق بەقەسەمدىن ئۇزۇن تون كىيىپ، بېلىنى كۆك شايى بەلۋاغ بىلەن باغلاپ، بېشىغا بابۇر تۇماق كىيىۋالغان ئىدى. بولارنىڭ ئىچىدە پەقەت هېلىمشاننىڭلا پاختىلىق كىيىمى يوق

ئىدى. ئاتىخان ئۇنىڭغا قارا دۇردۇن تاشلىق پاختىلىق جىلىتكىسىنى بېرىۋىدى، جىلىتكە ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىغىمۇ كەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ زاپاس كۆڭلەكلىرىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ كىيىپ، مۇسا داڭقان بەرگەن كونا يۇڭ ئەدىيالنى ئۈستىگە ئارتىۋالدى.

قاسىم تايغان كۆپچىلىكنى سەپەرۋەر قىلدى:

— قېنى جامائەت، داۋانغا ئۆرلىدۇق، بىر - بىرىڭلاردىن يىراقلاشماي، ئىز بېسىپ مېڭىڭلار، ئاستى - ئۈستىگە قارىماي، ئۇدۇل قاراپ مېڭىڭلار! — ئۇ، چاپچىپ تۇرغان شاش ئايغىرنىڭ ماڭلىيىنى سىلاپ تۇرۇپ، خۇددى ئاتنىڭ قۇلىقىغا دەۋاتقاندەك، — ياخشى ئات تاغ - داۋاندىن قورقمايدۇ! — دېدى - دە، چەبدەسلىك بىلەن ئېتىغا مىندى.

كارۋان يىلان باغرى يولنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى.

يول يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى مۇشكۈللەشتى. تۆۋەنگە قارىسا، چوڭقۇر جىلغا ۋە شىددەتلىك ئېقىۋاتقان ئەركە دەريا؛ يۇقىرىغا قارىسا، مۇز قاپلىغان ئۇچما چوققىلىق قىيا تاغ. يول ئەنە شۇ تاغنىڭ يان باغرىدىن ئۆتىدۇ، يىلان باغرى ئايلىنىپ، ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇنداق چاغدا ئۈستىگە قاراشمۇ، تۆۋەنگە قاراشمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك! ئۈستىگە قارىساڭ، بېشىڭ قېيىپ، كۆزۈڭ تورلىشىدۇ؛ ئاستىغا قارىساڭ، يۈرىكىڭ ئېغىپ، ئىچىڭ تارتىشىدۇ!...

بۇنداق چاغدا، ئادەمگە قارىغاندا ئات - ئۇلاغلار تېخىمۇ چېچەنلىشىپ، ئەقىللىق بولۇپ كېتىدۇ، ھەربىر پۇتىنى يۆتكىگەندە، ئۆزىنى دەڭسەپ ئېھتىيات قىلىدۇ، ھەتتا ئۈستىدىكى يۈكىنىڭ تاشقا تېگىپ، تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئۆزىنى تۆۋەنگە سۆرەپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قورسىقى بىلەن

سۆگگىچىنى سىرتقا چىقىرىپ يۈكنى ئاۋايلايدۇ ۋە ھېچ يەرگە تەگكۈزمەيدۇ ! كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە جاھان ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ھايات ـ ماماتلىق بۇ دەقىقىلەردە ، كارۋاننى باشلاپ كېتىۋاتقان ئاتچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلىدۇ ، ئۇلار ئىخلاس بىلەن نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپ ئاتلىرىغا ئامانلىق تىلەيدۇ ! ...

بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاغ يولى ئەنە شۇنداق ۋەھىمە ، ئەنسىزلىك ، لېكىن تەگداشسىز ئەقىدە كۈچىگە تويۇنغان مەزمۇت قەدەملەر بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى ! ...

## 2

تەبىئەت تۈيغۇ بىلەن ياشمايدۇ ، بىراق ئۇ ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ تۇيغۇلارنى يارىتىدۇ !

تۇيۇقسىز ھاۋا يامانلىشىپ ، شىۋىرغان كۆتۈرۈلدى . تاغ چوققىلىرىدىن ئۇچۇپ چۈشكەن قار ئۇچقۇنلىرى يىلاندەك ۋىشىلداپ ئەتراپقا سىلجىيتتى . ئاچچىق سوغۇق ئادەمنىڭ گەجگىسىنى قورۇپ ، يۈزنى ئېچىشتۇراتتى .

دەل شۇ چاغدا ، ئاجايىپ بىر ئاۋاز — قۇلاقنىڭ داپ پەردىسىنى يېرىپ ، ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . ھەممەيلەن چۆچۈپ ، ئەندىكىپ يولدىن توختاپ قالدى ، ھېلىقى ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسى تاغلار ئارىسىدىن قايتىپ كېلىپ ، يەنە بىر قېتىم ساراسىمە پەيدا قىلدى ، دەقىقە ئۆتمەي ، كىشىلەر بۇ ئاۋازنىڭ تېگىگە يەتتى . غوجىموللىنىڭ يۈك ئارتىلغان جاھىل قېچىرى جىلغىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى . جىلغىنىڭ ئاستى جىددىي ئېقىنلىق دەريا ئىدى . تاشلارنىڭ

بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى تېخىچە ئەكس سادا بولۇپ ئاڭلە-
نىپ تۇراتتى ...
بۇ ئىشتىن غوجىمولىلىنىڭ كۆكسىگە نەشتەر تېگىپ ،
ئىسسىق يۈرىكىنى قانسىرىتىۋەتكەندەك ئەندىكىپ ، شۈركۈنۈپ ،
بىئارام بولۇپ كەتتى . شۇنداق سوغۇقتىمۇ ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ
ئۇچى تەرلەپ ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچىيىپ كەتكەن
ئىدى . ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئازاب ۋە
ھەسرەت غوجىمولىلىنىڭ قەلبىنى مۇجۇپ ، نەپسىنى قىسىپ كەت-
كەن ئىدى .
غوجىمولا قېچىرى چۈشۈپ كەتكەن يەرگە ئېڭىشىپ
قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى .
ئۇنىڭ يېنىغا ئاتىخان بىلەن قاسىم تايغان كەلدى ، ھې-
لىمشامۇ شۇ يەردە ئىدى .
ئۇلار سىلىق - سىپايە سۆزلەر بىلەن غوجىمولىغا
تەسەللى بەردى ، كۆڭلىنى ياسىدى . لېكىن غوجىمولا تەتۈرلۈك
بىلەن قاقشاشقا باشلىدى :
— بۇ بالا - قازا نېمە ئۈچۈن ماڭا كېلىدۇ ؟ ! ھەي خۇدا ،
كۆزۈڭ يوقمۇ ؟ ! مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق شۇم پېشانە ، بىتە-
لەي ! ئىسىت مېلىم ، ۋاي ئىسىت ! ...
— غوجىمولا ، ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە ، ھەرقانداق
ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن سىرت بولمايدۇ ! — دېدى ئاتىخان
ئۇنىڭ شۇم ئېغىزىدىن نارازى بولۇپ ، — ھېلىمۇ شۈكرى قىلە-
سىلا ، مال چۈشۈپ كەتكەن بىلەن ، خۇداغا شۈكرى ،
ئۆزلىرى ساق - سالامەت تۇرىلىغۇ ! ھاياتلا بولساق ، ھەممە
نەرسە تېپىلىدۇ !
— مەنمۇ چۈشۈپ كەتسەم بولامتى ؟ ! — تېخىمۇ
تەتۈرلۈك قىلدى غوجىمولا ئاچچىقتىن تولغىنىپ ، — زادى

ھەربىرلىرىنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزلىرى يوق ! بۇ مال بولمىسا ، مەن ھەجگە قانداق بارىمەن ، مېنىڭ بارلىق تاپقان - تەرگىنىم شۇ تۇرسا ، ئۇنى پاكىستاندا سۇ قىلىپ ھەجگە بارماقچى ئىدىم ، ئەمدى قانداق قىلىمەن ، ئۇنىڭدىن كۆرە مېنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئۆلگىنىم ياخشى ! ...

غوجىمۇللا شۇ گەپلەرنى قىلىپلا زىيانغا چىدىماي يىغلاپ كەتتى ، يىغلىغاندىمۇ ئازاب ئىچىدە سىلكىنىپ ، گويا ئۆزىمۇ ئاشۇ جىلغىغا دومىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك پۈكلىنىپ كەتتى ...

ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ، بولۇپمۇ ھېلىمشا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى . ئۇ ، جىلغىغا چۈشۈپ كەتكەن قىپچىر بىلەن مالنىڭ بەلكىم دەريادا ئېقىپ كەتمەي ، بىرەر يەرگە ئىلىنىشىپ تۇرۇپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى .

— مۇنداق قىلايلى ، — دېدى قاسىم تايغان ئاخىر نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان كىشىلەرگە قاراپ ، — بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ ، يولغا قار چۈشۈپ كېتىدۇ ، يەنە بىرەر يۈز قەدەم ماڭساق ، كەڭرەك بىر قاپچىغايغا بارىمىز ، شۇ يەردە تۇرۇشقا بولىدۇ ، ئاڭغىچە شۆرىغانمۇ توختاپ ، كۆڭلىمۇ ئېچىلىپ قالار . شۇ چاغدا بىرنەچچىمىز بۇ يەرگە كېلىپ ، جىلغىنى كۆزىتىپ باقايلى !

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق ئىدى . ئۇلار غوجىمۇللىغا يەنە تەسەللى بېرىپ ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى . تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ كۆڭۈلسىز ئىشتىن تېخىمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن كىشىلەر ھەربىر قەدەمنى دەڭسەپ ، ئاۋايلاپ بېسىپ ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا سىلجىدى ...

تاغ ھاۋاسى تولىمۇ سىرلىق ، ئۇنىڭ قاچان تۇتۇلۇپ ، قاچان ئېچىلىدىغانلىقىنى ھېسابلاش بەكمۇ تەس . بەزىدە دەقىقە ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ !

بايا مىگىتىپكە داۋىنىدىكى جۇدۇن قانداق تېز كۆتۈرۈلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز بېسقتى، شۇۋرغان توختاپ، تۇتەك تارقىدى، تاغنىڭ بىر چېكىسىدە چىراي ئاچقان كۆك ئاسماندا ئىللىق قۇياش يەنە پارلىدى. بىرنەچچە سائەتتىن بېرى كۆگلىنى ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ۋە جۇدۇن قاپلىۋالغان ئادەملەرنىڭ بىردىنلا دىللىرى يورۇپ، سۇلغۇن چىرايلىرىغا قىزىللىق يۈگۈردى، پۈت - قولىلىرىدىمۇ يېڭىدىن كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولدى. ئۇلار داۋاننىڭ يۇقىرى قاپتىلىدىكى بىر قاپچىغايدا توختاپ، ھاردۇق ئېلىشقا باشلىدى. قاسىم تايغاننىڭ ئېيتىشىچە، يولنىڭ خەتەرلىك ئۆتكەللىرى ئەمدى تۈگىگەن ئىدى.

بايىقى مەسلىھەت بويىچە، كۈن ئېچىلغاندىن كېيىن بىر نەچچەيلەن ئارقىغا قايتىپ، غوجىموللىنىڭ قېچىرى چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى يەرگە كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دادىسىغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەكبەرمۇ بار ئىدى.

ئۇلار جىلغىنى كۆزەتتى، قاسىم تايغان بىلەن ھېلىمشانىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى پەستىكى دەريانىڭ لېۋىدە توختاپ قالغان قېچىرنىڭ ئۆلۈكى بىلەن بىر تاي مالنى تەستە ئىلغا قىلدى.

— راست، مالنىڭ بىر قىسمى تۇرۇپ قاپتۇ، — دېدى قاسىم تايغان ئۆزىگە تەقەززالىق ئىچىدە تەلمۈرۈپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ، — بىراق ... بىراق جىلغىغا چۈشۈش خەتەرلىك، چۈشكەندىمۇ مالنى قانداق ئېلىپ چىقىش كېرەك ؟ !

بىر پەس ئېغىر سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردى. دېمىسىمۇ جىلغىغا چۈشۈش — جاننى ئالىقانغا ئەپقويىدىغان قارام ئىش ئىدى.

غوجىموللا بىر چەتتە جىلغىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىچارە ھالەتتە شۈمشىيىپ تۇراتتى...

— جىلغىغا مەن چۇشەي ! — دېدى ھېلىمشا قەددىنى رۇسلاپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن غەيرەت دەرھال يۈزىگە تەپتى .

ھەمسەپەرلەر ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە قايىللىق بىلەن قاراپ قالدى . غوجىمۇللا پايپاسلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ :

— سىلىگە رەھمەت ، ھېلىمشا ! — دېدى يىغلامسىراپ غاندەك تىترىگەن ئاۋازدا ، — خۇدايىم سىلىگە ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بەرسۇن ! ...

ھېلىمشانىڭ گۈسمەستەك غولى ئالدىدا غوجىمۇللىنىڭ جۈغى كىچىك بەستى بەئەينى ئارغىماق يېنىدىكى پىستە كۆچۈكتەك كۆرۈنەتتى .

— رەھمەت ئېيتمىسىلىمۇ بولىدۇ ، — دېدى ھېلىمشا تەبىئىي كەمتەرلىك بىلەن غوجىمۇللىنىڭ دولىسىغا قېقىپ ، — بۇنداق ياردەم سەپەرداش ھەمراھلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدۇ !

ھېلىمشا شۇ گەپلەردىن كېيىن چەبدەس قەدەملەر بىلەن جىلغىغا قاراپ ماڭدى ، ھەمسەپەرلەر ئۇنى ياخشى دۇئا - تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قالدى .

جىلغا چوڭقۇر بولغان بىلەن ئانچە تىك ئەمەس ئىدى . تاشلارنى يېرىپ ، ئاندا - مۇندا يان باغىرلاپ ئۆسۈپ چىققان ئارچا ، قارىغاي كۆچەتلىرى بىلەن قورۇلغان يىلتىزلارغا چىرمىشىپ ئۆسكەن بۇدۇشقاق چاتقاللار تاشلارنى قاماپ ياتقاچقا ، ئۇنچىۋالا خەتەرلىك ئەمەس ئىدى . پەقەت ئادەم چاققان ۋە قورقماس بولسىلا ، چاتاق چىقمايتتى .

ھېلىمشا خۇددى تاغ تېكىسىدەك چاققانلىق ۋە زېرەكلىك بىلەن تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ، بەزىدە ئۆز بەدىنىنىڭ ئېغىر-

لىقى بىلەن سىيرىلىپ، بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۈستىدە قاراپ تۇرغانلار چىناردەك بەستى بار بۇ يوغان ئادەمنىڭ قىلچە كالامپايلىق قىلماي، شۇنداق چاققان ۋە چەبدەس ھەرىكەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەكبەر ھەيرانلىقتىن ئېشىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقتى. ھېلىمشانىڭ جاسارىتى، ئىرادىسى ۋە مەردانىلىقى ئۇنى مەپتۇن قىلدى، ئەك-بەرنىڭ كۆڭلىدە ھېلىمشاغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە بىر خىل قېرىنداشلارچە دوستلۇق تۇيغۇسى ئورناپ قالدى.

ھېلىمشا كىچىكىدىنلا تۆمەن دەرياسى بويىدىكى يار-لىقلاردا ئويناپ چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ، تىك يارلارغا يامىشىشنى، ئېگىز قىيالاردىن دەريا قايناملىرىغا سەكرەشنى ياخشى كۆرەتتى. ھېلىمشا بەزىدە ھېچقانداق تۇتقىسى يوق ئېگىز يارلارغا يامىشىپ، شۇ يەرگە چاڭگا قويۇپ تۇخۇم باسقان تورغاي، قۇشقاچ ۋە چۇغۇندەكلەرنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ چۈشەتتى. بۇنى ئۇ، ھەم ھەۋەس، ھەم پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلاتتى. بەزىدە، ئاشۇ يارلىقلاردا قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەتىۋارلىق قۇش باللىرىنى مەھەللىسىدىكى كىچىك بايۋەچچىلەرگە خېلى قىممەت پۇلغا سېتىپ خەجلەيتتى.

ھېلىمشا بىر قېتىم ئاشۇنداق ئېگىز، تىك يارغا يامىشىپ چىقىپ، بىر قۇش ئۇۋىسىغا قولىنى سالاي دېگەندە، يارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن سويلاپ چۈشۈۋاتقان بىر زەھەرلىك يىلانغا يولۇقۇپ، ھولۇققىنىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، سول پۇتى زەخملەنگەن ئىدى...

ئۇنىڭ بۇگۈنكىدەك چاققان، قورقماس، ئىرادىلىك بو-لۇشى ئەنە شۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىلىپ كەلگەن قەيسەر، تۇرگۇن روھىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ھېلىمشا جىلغىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئارىدىن يىرىم سا-

ئەتتەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ۋاقىت — ئەنسىزلىك، تەقەززالىق ۋە تىت - تىتلىق ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغانلار ئۈچۈن بەكمۇ ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى جىلغىدا ئىدى، كۆڭلىدە بولسا، ھېلىمشانىڭ تېز ۋە ئامان - ئېسەن قايتىپ چىقىشىنى تىلەش ئىستىكىلا بار ئىدى.

بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرىگە جىلغىدىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان بىر تاشپاقا كۆرۈنگەندەك بولدى، تاشپاقا ناھايىتى ئەستە، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئۆرلەۋاتاتتى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ئالاق - جالاق كۆزلىرىگە تاشپاقا ئەمەس، بەلكى بىر تاي مالنى ئۆشنىگە ئارتىپ، خۇددى تاشپاقىدەك يەرگە چاپلىشىپ، بوغان، بېجىرىم پۇتلىرى بىلەن تاشلارنى تىرەجەپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن دەرەخ يىلتىزلىرىنى قاماللاپ، ئۆكۈزدەك تۇرگۇنلۇك بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھېلىمشا كۆرۈندى.

ھايال ئۆتمەي ھېلىمشا ئۈستىگە چىقتى، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى چىلىق - چىلىق تەر، بەدىنىدىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلەتتى، تاشلار جىراپ كەتكەن قوللىرىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى، ھارغىنلىقتىن دېمى كېسىلىپ، نەپەس ئالالماي قالغان ئىدى. غوجىمموللا خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى، ئەكبەر بويىنىغا ئورۇۋالغان لۆڭگىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈشكە بەردى. بۇ، ئۇنىڭ ھېلىمشاغا بولغان ھۆرمەت ۋە قايىللىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ھېلىمشانىڭ مانا شۇ ھالەتتىكى جەسۇر قىياپىتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ - قۇدرىتى، كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان سەممىي ساداقىتى ئەكبەر ئۈچۈن بىر ئۈلگە ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە مۇشۇ ئادەمگە ئوخشاش مەرد، جاسارەتلىك، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان ھالال

ئادەم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ تەسىرات بىردىنلا ئەكبەرنى بۇرۇنقىدىن چوڭ بولغاندەك، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلغاندەك، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ قويدى.

— قېچىرىنىڭ بويىنى ئۇزۇلۇپ ئۆلۈپتۇ، — دېدى ھېلىمشا بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن جىلغىنىڭ ئاستىدىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ، — بىر تاي مالنى دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ماۋۇ بىر تاي مال دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇپ قاپتىكەن، سۇنىڭ كۈچى يەتمەپتۇ! ...

— ھەي ئىست! ... بىر تاي مالنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى - دە! — دېدى غوجىمموللا ھەسرەت بىلەن لېۋىنى چىشلەپ، لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە «نېمىدېگەن نائىنساپ ئادەم بۇ!» دېگەندەك سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال گېپىنى ئوڭشىۋالدى، — ھېلىھەم بولسىمۇ خۇداغا شۈكرى، ئاللا ماڭا بىر تاينى بولسىمۇ نېسىپ قىلىپتۇ! — ئۇ شۇ گەپلەردىن كېيىن قېلىن چىپتا بىلەن تاڭلانغان مالنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈۋېدى، چىپتىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن قارامتۇل، شىلىمشىق بىر نەرسە سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى.

— بۇ نېمە! — ھېلىقى غەلىتە نەرسىگە كۆزى چۈشكەن ئاتىخان ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بۇ ... بۇ ھېچنېمە ئەمەس ...

لېكىن، غوجىمموللىنىڭ چىرايىدا ھولۇقۇش، مەڭدەش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى.

ئاتىخان دەرھال ھېلىقى قارامتۇل، شىلىمشىق نەرسىدىن بارمىقىغا ئازراق ئېلىپ، يەنە بىرنەچچە قېتىم ھىدلاپ پۇرىدى - دە، خۇددى بىر نەرسىدىن تۇيۇقسىز يىرگەنگەندەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ توۋلىۋەتتى:

— نەشە ... نەشە ئىكەن بۇ !

— نېمە ؟ ! — ھېلىمشانىڭ بوم ، ياڭراق ئاۋازى تاغ ئا-رىسىدا چېقىندەك گۈلدۈرلەپ كەتتى .

« كۆرۈنمەيدىغان قىر يوق ، ئېچىلمايدىغان سىر » دېگەندەك ، غوجىمۇللىنىڭ ئاچچىق ئۇچىيىدىكى ھارام نىيەتلىرى ئاخىر ئاشكارىلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ قارام يۈرىكى قاتتىق گۈپۈل-دەپ كەتتى . ھەمىشە مەمەدانلىق ، تەكەببۇرلۇقنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان چېقىر كۆزلىرىنىڭمۇ نۇرى ئۆچۈپ ، مۆلايىملىشىپ قالدى . لېكىن ، غوجىمۇللا يەنە دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى ، ئەمما ئەتراپ-دىكىلەرنىڭ غەزەپلىك ، جۇدۇنلۇق چىرايلىرىغا قاراپ يەنە ئازراق ئەندىكتى .

— ھېلىمشا ، بۇنى ئاچايلى ! — دېدى ئاتىخان زەردە بىلەن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ، — بۇ شەرمەندە ئىشنى باشقىلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن !

ھېلىمشانىڭ يىرىك ساقال باسقان قارامتۇل يۈزى تېخىمۇ قارىداپ ، ئۆپكىدەك ئىسسىپ كەتتى . ئۇ دەۋرەپ كېلىپ ، ھېلىقى بىر تاي مالنىڭ ئارغامچىلىرىنى پىچىقى بىلەن بۇردا - بۇردا كەستى ۋە ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارا قىلدى .

پۇختا تايلانغان مالنىڭ چۆرىسىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغان ھەپتىيەكلەر تۆت قەۋەت تىزىلىپ ، ئوتتۇرىسىغا 30 جىڭ كەلگۈدەك ساپ نەشە قاچىلانغان ئىدى . زېرەك غوجىمۇللا ئۆز ۋاقتىدىلا نەشىنىڭ ئەتراپىغا پۇراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، چىپىتىنىڭ ئىچى - تېشىغا يۇمشاق سوقۇلغان زىرە چېچىۋەتكەن ئىدى ...

مۇبادا ، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن قېچىر جىلغىغا چۈشۈپ

كەتمەي ، بۇ داۋاندىن سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ، غوجىموللا بۇ نەشىلەرنى راۋالپىندى ياكى كاراچىدا نۇرغۇن پۇلغا سېتىپ ، يامبۇدا ئىشسىز تاقايدىغان بايۋەچچىلەردىن بولۇپ قالغان بولاتتى . ۋەھالەنكى ، « نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك » دېگىنى راست ئىكەن ! قېپچىر تۇيۇقسىز جىلغىغا چۈشۈپ كېتىپ ، غوجىموللىنى قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەتتە قويىدى ، ئۇنىڭ شېرىن ئارزۇلىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى ! لېكىن غوجىموللا بۇ كۆ۔ تۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىقتىن ئۆزى يامان كۆرىدىغان ، قورققان ھېلىمشانىڭ مەرد ، خالىس قولى بىلەن يېرىم ـ يارتا قۇتۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما تەبىئەتنىڭ شەپقەتسىز قولى ئۇنى يەنە قايتىدىن ئازابقا مۇپتىلا قىلدى . جىلغىغا چۈشۈپ ، دەريا لېۋىدە تۇرۇپ قالغان ھېلىقى مالنىڭ بىر چېتى خېلى ئۇزاق ۋاقىت سۇغا چىلىشىپ تۇرغاچقا ، ئىچىدىكى نەشە ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ ، ئۇستىگە چىققاندا ، سىرغىپ ئېقىشقا باشلىغان ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ ، غوجىموللىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ھەمراھلىرىنى ئالداپ يالغان ئېيتقانلىقى مانا ئەمدى جامائەت ئال۔ دىدا يۈز تۇرا ئېچىپ تاشلاندى . بۇ شەرمەندىچىلىكلەردىن ئۇنىڭمۇ كۆڭلى ئاچچىق بولۇپ ، ئۇچلۇق تۇمشۇقى گويا ئېشەك باغلىغۇدەك دومسىيىپ كەتتى .

ھەممەيلەن غوجىموللىغا لەنەت ئوقۇدى ، سۆزدىن سۆز چىقتى ، ۋىجدانى ئۆرلىدى :

— قاراڭلار جامائەت ، بىز غوجىموللىدەك ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولدۇقما ؟ ! — دېدى مۇسا داڭقان ئاچچىقىدا تىترەپ ، ئۇنىڭ بېشىدا لەپەڭشىپ تۇرغان مەخمەل تاشلىق سالۋار تۇمىقىمۇ سىلكىنىپ كەتتى ، — بۇنداق ئادەملەرنىڭ تىرىكى نانغا ، ئۆلۈكى كېپەنگە زىيان !

— قەيەردە ھارام قول بولسا ، شۇ يەردە بەرىكەت يوق !

— يالغانچىلىق ، ساختىلىق — مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى !
— ئېشەك گۆشىنى ھالال دەپ پەتىۋا يېزىپ بېرىدىغان ناكەس ئادەمكەن بۇ !

غوجىموللا شۇنچە گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ ، يەنە ئۆمچەرەپ ، گۆشىيىپ تۇرۇۋەردى . غوجىموللا پۈتۈن خىيالى مال - دۇنيا توپلاشقا بېرىلگەچكە ، ئۇنىڭدا سۆيۈلىدىغان قەلبمۇ ، ئۆيۈلىدىغان يۈزمۇ يوق ئىدى .

— بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس ، ماڭا ئىشىنىڭلار جاماـئەت ! — دېدى ئۇ ئۆزىگە دېۋەيلەپ تۇرغان كىشىلەرگە يېلىنغان قىياپەتتە ، — مېنىڭ تىجارەتنى بىللە قىلىدىغان توختى چايان دەيدىغان بىر شېرىكىم بار ئىدى ، بۇ ماللارنى شۇ تايلاپ تەييار قىلغان . ئىللا تاۋارا ، ئۆلۈمدىن خەۋىرىم باركى ، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق ! ...

غوجىموللىنىڭ سۆزى شۇنداق چاك باسمايدىغان تۇتـرۇقسىز ، تېتىقسىز ، يالغان ئىدىكى ، ئەتراپتىكى ئاڭلىغۇچى ھەممەيلەرنىڭ تېخىمۇ زەردىسى قايناپ ، ھۆ قىلغۇسى كەلدى .

ئاتىخان غەزەپتىن پاسسىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى . مۇشۇنداق قۇتلۇق سەپەردە يۈز بەرگەن بۇ گۇناھلىق ئىشنى كۆرۈپ ، ئاچچىقتىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى غۇچ - غۇچ بولۇپ كەتكەن ئىدى .

— غوجىموللا ، بىز شۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەرگە پىسەنت قىلماي ، خۇدانىڭ ئۆيىنى تاۋاپ قىلغىلى كېتىۋاتـساق ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل - پەل بېسىپ ، — سىلى بۇنداق گۇمراھلىق ، بەتنىيەتلىك ئىشلارنى قىلسىلىرى ، بىز قايسى يۈزـمىز بىلەن ئاللانىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىمىز ؟ ! ھارامدىن ، شۇملۇقتىن قول ئۈزمىگەن ئادەمنىڭ ھەج تاۋاپى ئاللاغا مەقبۇل بولارمۇ ؟ ! بۇ كىچىك گۇناھ ئەمەس ، غوجىموللا ! بۇ گۇناھى

كەبىر دەپ ئاتىلىدۇ. سىلى چوقۇم ئاللانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايلا ! ...

ھېلىمشا غوجىموللىنىڭ ئالدىغا بىر ـ ئىككى قەدەم بېسىپ كەلدى، ئۇنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرى چەكچەيدى، بايىقى مېھرىبانلىق ئورنىنى ئەمدى كۈچلۈك قەھر ئىگىلىگەن ئىدى، ئاۋازىمۇ قوپاللىشىپ، ئۆڭگەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— سىلى مېنى مۇشۇ گۇناھلىق ئىشقا سالامدىلا ؟! ئۇنىڭ-سىزمۇ مېنىڭ گۇناھىم ئازمىدى ؟! ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقتىم بولىدىغان بولسا، سىلى بىلەن باشقىچە ھېسابلىشاتتىم، خەير، جاجىلىرىنى خۇدا بەرسۇن !

ئۇ، شۇنداق دېدى ـ دە، ھېلىقى نەشە ئورالغان چېپىتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پىرقىراتقىنىچە جىلغىغا تاشلىۋەتتى. ئەتراپتا تاشلارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ياڭرىدى، بىر چاغدا دەريادىن چولتۇكشىغان ئەكس سادا كەلدى ! ...

ھېلىمشانىڭ بۇ مەردانە ھەرىكىتى ئەكبەرنى بەك خۇش قىلىۋەتتى، ئەكبەر ھۆرمەت ۋە قايىللىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلدى، كېيىن غوجىموللىنىڭ پەقەت كىشلەرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپلا، يالغاندىن ئۆمچىيىپ، شۇمشىيىپ تۇرغان ساختىنا قىياپىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ تىلى تۇزۇك، دىلى بۇزۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى. چۈنكى ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق ـ يورۇق ئادەمنىڭ كۆز نۇرى ئۆزىنىڭ دىلىغا ئوخشاش پاك بولىدۇ، لېكىن غوجىموللىنىڭ كۆزىدىن بىر خىل ياۋۇزلۇق، ھىيلە ـ مىكىر چىقىپ تۇراتتى. بۇ، ئۇنىڭ كۆزىدىكى خۇدۇكسىرەش بىلەن ئانچە ـ مۇنچە چاقناپ تۇرغان سوغۇق، زەئىپ نۇردىن بىلىنىپ تۇراتتى ! ...

— ئەمدى پۇشايمانغا ئورۇن يوق ! — دېدى بىر چاغدا غوجىموللا يىغلامسىرىغاندەك مىسكىن ئاۋازدا، — ئۆزۈمدىن

ئۆتتى، قولۇمدىن كەتتى! مەن گۇناھكار. مەن پاسىق! ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدا ناماقۇل بولاي، گۇناھىمدىن ئۆتۈشسىلە! ...

— ئاللاغا تۇۋا قىلسىلا! — دېدى ئاتىخان زەردە بىلەن، — گۇناھلىرىدىن ئاللا ئۆتسۇن! ھېلىمۇ شۈكۈر، سىلىدەك ئالا كۆڭۈل ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ھەممىمىزنى تاغ يۇتۇپ كەتمەپتۇ!

«تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقمايدۇ» دېگەندەك، غوجىموللا تاسادىپىي ئاشكارىلىنىپ قالغان بۇ شەرمەندە ئىشلارنىمۇ ھېچقانداق روھىي ئازاب تارتماستىن، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىكى يالغان - ياۋىداق گەپ ۋە تۇۋانامىلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا بولسا، ئاتىخانغا نىسبەتەن قاتتىق غۇم ۋە ئۆچمەنلىك ساقلاپ قالدى!

## 3

كارۋان مىڭتېكە داۋىنىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى. داۋاننىڭ بۇ تەرىپى پاكىستاننىڭ «كۈنجۇتخان» دېگەن بىر بەگلىك رايونى ئىدى. بۇ يەر چوڭ شەھەرلەردىن بەكمۇ يىراق، خەلقى ۋەت بولغاچقا، مەھەللىلەر كۆچۈم، كىشىلەر ئۆم ئىدى.

قاسىم تايغان كارۋاننى شۇ يەردە توختىتىپ ئارام ئالدۇردى، يەرلىك خەلق يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۆڭى قارا، چاچلىرى ئۆسۈك، كىيىملىرى ساڭگىل - سۇڭگۇل بۇ ئادەملەرنىڭ تەقى - تۇرقى غەلىتە، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئاق كۆڭۈل، مېھرىبانلىقى چىقىپ تۇراتتى، قاپقارا مۆلدۈر كۆزلىرى

غەرەزسىز چاقنايتتى، ئاپئاق چىشلىرى مۇلايىم ھېجىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى مەينەت، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل مەسۇم بالىلىرى كارۋاننى ئارىلاپ، توشقاندەك سەكرەپ، قى ـ چۇ قىلىشىپ ئوينايتتى. بۇ بالىلار ھەر خىل ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن ئۆز يۇرتىغا قەدەم قويغان بۇ خۇدالىق مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۇلار بىردەمدە ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ـ چىقىپ، ھەممەيلەنگە ئۇسسۇلۇق، تۇخۇم ۋە ياۋا مېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقاتتى، بۇلارمۇ تەسىرلىنىپ، ئۇلارغا تۇز، سەرەڭگە، قەنت ـ گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى...

گەرچە بۇلارنىڭ رەڭگى، كىيىم ـ كېچەكى ۋە تىلى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىزغىن، سەممىي مۇناسىۋىتىدىن دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى نادان، قالاق بۇ تاغلىق يۇرتتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قىسقا، لېكىن ئەڭ يۈكسەك بىر دوستلۇق خاتىرىسى ئورناپ قالدى!...

كارۋان بۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ قالدى، ئاتلارنى دەم ئالدۇردى، كەم ـ كوتىلارنى تولۇقلىدى، ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە قىزغىن روھ بىلەن يولنى داۋام قىلدى.

ئەكبەر بۇ كۈنلەردە ھېلىمشا بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ياتسىمۇ ـ ماڭسىمۇ بىللە ئىدى. ئەكبەر ئۇنى ئۆز ئاكىسىدەك ھۆرمەت قىلىپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتاتتى، ئۇمۇ ئەكبەرنىڭ ئەقىللىق، ئەدەپلىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇكا ئورنىدا ئىچىكىشىپ كەتتى ۋە مۇنداق زېرىكىشلىك سەپەردە ياخشى بىر مۇڭداشچى تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇلار بۈگۈنمۇ بىللە مېڭىپ، پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— قارىماسەن، مەنمۇ قاراپ تۇرۇپ گۇناھكار بولۇپ قالدىم، — دېدى ھېلىمشا ئالدىنقى كۈنلەردىكى ئىشلارنى

ئەسلەپ، — ئاشۇ بىر تاي مالنى يۇدۇپ جىلغىدىن چىققۇچە نىمە ئويلىدىم دىمەمسەن، پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى، شۇ چاغدا مەن خۇداغا نالە قىلىپ، ئىھ خۇدا، بەدىنىمدىن ئېقىۋاتقان مۇشۇ هارام تەرلىرىم بىلەن بۇرۇنقى گۇ-ناھلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ يۇيۇۋەتكىن، دەپ ئۆزۈم قىلىۋاتقان بۇ خالىسانە ياخشى ئىشتىن خۇشال بولغان ئىدىم. نە-دىكىنى، گۇناھىمنى يۇيىمەن دەپ، ئۈستىلەپ گۇناھ ئارتىۋالدىم! ...

— بۇ، سىنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس، ھىلىمشا ئاكا، — دىدى ئەكبەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بىرىپ، — بۇ، پەقەت بىر ئۇقۇشماسلىق! سەن ھىلىقى مالنى جىلغىغا چۈرۈۋىتىپ كارامەت ئىش قىلدىڭ جۇمۇ! مەن شۇ چاغدا خۇشاللىقىمدىن سىنىڭ دۈمبەڭگە مىنىۋالغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدىم...

ھىلىمشا بىر پەس جىم بولدى، قولدىكى ھاسا ئورنىدا ئىشلىتىپ كىلىۋاتقان چوقاتماق بىلەن ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئاستا ئۇرۇپ قويۇپ، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا مۇنداق دىدى:

— دىمىسىمۇ، ئىنسان بالىسى پايدىغا ئامراق كىلىدۇ! ...

داۋاندا يۈز بەرگەن ئاشۇ ئىشتىن كىيىن، ھەمسەپەرلەر غوجىمۇللىدىن خۇددى ئىسرىقتىن قاچقان پاشىدەك قاچىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئاندا - مۇندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان كۈلكىلەرمۇ ئەمدى باشقىلارغا بەئەينى يالغان ھىجىـ يىشتەك تۇيۇلاتتى...

غوجىمۇللا كىچىكىدىن تارتىپ مىس قازاننىڭ تۈۋىنى يالاپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ يامان ئۆگىنىپ قالـ غان ئادەم ئىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ دوستانىلىق بىلەن ئاغرىتىپ ئىيتقان شۇنچە سەممىي گەپلىرى خۇددى تاشقا كار

قىلمىغان يامغۇر سۈيىدەك، ئۇنىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى.
ئۇ، ئاغزىدا ئۇنى ـ بۇنى دېگەنبىلەن، كۆڭلىدە ئۆزىگە كەلگەن
زور زىياننى ئويلاپ پۇچىلىناتتى!
ئاشۇ دەرد ـ ئەلەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈزى ئىككى كۈن
ئىچىدە خۇددى شالۋۇر مەيسىنىڭ قونچىدەك پۈرلىشىپ كەتتى.
ئاتىخان ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئىچ
ئاغرىتتى، ئۇنى «ئۆز گۇناھىنى ئويلاپ ئازابلىنىۋاتىدۇ» دەپ
بىلىپ، تۈز كۆڭۈللۈك ۋە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى
ياسىدى:
— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، غوجىمۇللا! سىلىنى ناھايىتى
بىر قارا باسقان گەپ. يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن كېلىدۇ،
ھېلىمۇ ياخشى، شەيتاننى ۋاقتىدا قوغلاپ، چوڭ ئازغۇنلۇقتىن
ساقلىنىپ قالدۇق! خەير... يامان ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى
كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتۇپ، ئالدىمىزدىكى قۇتلۇق سەپەرنى
ئويلىسىلا. قالغان توۋا ـ ئىستىغپارنى خۇدانىڭ ئۆيىدە قىلىمىز!
ئاتىخان باشقىلارنىمۇ ئىناق ـ ئىجىللىققا چاقىرىپ، غو-
جىمۇللىنى ئەپۇ قىلىش توغرىسىدا بېشارەت بەردى.
— ئەپۇ بىلەن شەپقەتتە ئەل لەززىتى بولىدۇ،
جامائەت! — دېدى ئۇ تەمكىنلىك ۋە مۇلايىملىق بىلەن، — گۇ-
ناھقا توۋا قىلىشنىڭ ۋاقىت چېكى يوق! خۇدا ئىنسانغا بىر
تاللاش ھوقۇقى بەرگەن، ھەركىم خالىغىنىنى قىلىشتا ئەركىن.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسان ئۆزىنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىغا ئۆزى
مەسئۇل بولىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئارازلىق ياخشى ئىش
ئەمەس، دىل ئازارى ـ خۇدا بىزارى دېگەن گەپ بار!
كەڭ قورساقلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ گەپلەر ھەرھالدا
رول ئوينىدى. «كىشىلەر ئۆز گۇناھى ئۆزىگە» دېگەن ئەقىدە
بىلەن غوجىمۇللىغا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى، بۇرۇنقىدەكلا

ئۇنىڭ بىلەن ھەمسەپەر، ھەمدەرد بولۇشتى...

كارۋان كەچكە يېقىن «موزاي مازار» دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. ئەتراپ تۈپتۈز كەتكەن ئايدالا ئىدى. يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ باغرىدا بىر دەريا بار ئىدى. دەريا سۈيى خۇددى مادارىدىن كەتكەن قېرى ئادەمدەك مۇلايىم، رايىش ئاقاتتى. بىردەمدە ئاسمانغا ئاي چىقتى، دەريانىڭ سىزىندى سۈيىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەر ئاي نۇرىدا جىمىرلاپ تۇراتتى، لېكىن بۇ كۆڭۈللۈك ھاۋا ئۇزاققا بارمىدى. تاغ تەرەپتىن شامال كۆتۈرۈلدى، سۇ تامچىلىرى بىلەن كۆپچۈگەن قارا بۇلۇت بىر مەھەل ئاسماندا نىشانسىز كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا تاغ شامىلىنىڭ سۈرۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا پەسلەپ يامغۇرنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى!

كارۋانلار ماتادىن تىكىلگەن چېدىرلىرىنى تىكلەپ، ئىچىدە پاناھلاندى، لېكىن شىددەتلىك چۈشۈۋاتقان ئۆتكۈنچى يامغۇر ئۇنى ماكچايتىپ، سۈزمە خالتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاخىر ئۇلار يامغۇر بىلەن شامالدىن قېچىپ، «موزاي مازار» نىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. قاچانلاردۇر خام كېسەك بىلەن قارا لايدا سېلىنغان بۇ يوغان مازار قاراڭغۇ ۋە سۈرلۈك بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن ئىللىق ۋە بىخەتەر ماكان ئىدى. ئۇلار خۇرجۇن - قاچىلىرىنى ئاختۇرۇپ بىرنەچچە تال شام تاپتى، شامنى يېقىپ، مازارنىڭ تەكچىلىرىگە تىكلەپ قويدى. ئەمدى ئۇلار ئوت قالاپ، قايناق سۇ قايىنتىپ ئىچمىسە، كېچىچە زۇكامداپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئوت قالاش ئۈچۈن سىرتتىن ھېچقانداق قۇرۇق نەرسە تاپقىلى بولمايتتى، ئاخىر ئاتىخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن قوللىرىدىكى ھاسىلىرىنى سۇندۇرۇپ ئوت ياقتى، ھېلىمشا بىلەن ئەكبەر چۆگۈن ۋە تۇلۇملاردا دەريادىن سۇ ئېلىپ كەلدى، ھايال بولماي مىس قازاندا سۇ قاينىدى. ھەممەيلەن

ئىسسىقلىق ئىچىپ تەرلەپ، بىر كۈنلۈك جاپالىق سەپەرنىڭ
هاردۇقىنى چىقاردى. ئادەم سۆڭەكلىرى ئارىسىدا قۇرت - قوڭ-
غۇزلار ئۆمىلەپ يۈرگەن بۇ قەدىمكى مازار ئۇلارغا بىر كېچە
ئىللىق ئارامگاھ بولدى.

## تۆتىنچى باب

# قىمارۋازنىڭ ھېكايىسى

### 1

كېچە جىمجىت، بىر كونا يول يۇرۇپ ھارغان كارۋان ئوچۇق دالىدا گىرە بولۇپ ياتماقتا، ھەممىسى ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن. دالا جىملىقىنى پەقەت ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ بوغۇز چايىنىغان ئاۋازى بىلەن بىئەپ يېتىپ قالغانلارنىڭ خورەكلىرىلا بۇزۇپ تۇرىدۇ.

چۆل ئاسمىنىغا ئاي چىقتى، يىراق ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي مۇئەللەقتە تۇرۇپ نۇر چاچماقتا، يۇلتۇزلارمۇ سۇرلۇك ئاسمان بوشلۇقىدا جىممىدە چاقناماقتا...

ئەتراپتىن شەبنەم ھىدى كۆتۈرۈلۈپ، ھېلىمشانىڭ ئويغاق قەلبىگە بىر خىل راھەت تۇيغۇسى بەخش ئەتتى.

— تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ھېلىمشا يېنىدا ياتقان ئەكبەرنىڭ ھەسرەتلىك خۇرسىنىشىنى ئاڭلاپ.

— ياق... — دېدى ئەكبەر سەل ئۆرە بولۇپ.

— نېمىشقا؟

— يۇرتىنى ئويلاۋاتىمەن، ئانامنى كۆرگۈم كەلدى! — ئۇنىڭ ئاۋازى مىسكىن ۋە تىترەڭگۈ ئىدى.

ئەكبەرنىڭ تاڭ شەبنەمدەك پاكلىققا، سەبىيلىككە تولغان بۇ ھەسرەتلىك سۆزى كۆتۈلمىگەندە، ھېلىمشانىڭمۇ يۈرەك - باغرىنى تىرناپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاشۇ نامرات قازانچى يار بېشى مەھەللىسىدىكى ئىشكلىرى قايغان، قارا سۇۋاقلىق، پاكار ئۆي بىلەن ئاشۇ ئۆيدىكى ئاقۋاشلىق، مۆكچەيگەن، كۆزى ئاجىز، ناتىۋان ئانىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

توغرا، ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا ئەستە قالغۇدەك ئىللىق ماكانى، غەمگۇزار ئانىسى ۋە ۋاپادار خوتۇنى بولغان، تېخى ئۇ-نىڭ نام - نىشانىنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرىدىغان ئايمگۈل ئىسىملىك بىر ئوماق قىزىمۇ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان، لېكىن ئۇلار ھازىر ھېلىمشا ئۈچۈن بۇرۇن كۆرگەن شېرىن چۈشتەكلا تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، ئاشۇ غەمگۇزار ئانا تاپتىن چىققان مۇشۇ كاج تەلەي يالغۇز ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتكەن؛ ۋاپادار خوتۇنى بولسا، ھېلىمشانىڭ قارام ۋە تەلۋىلىكى بىلەن قولىدىن چىقىپ كەتكەن؛ ھېلىقى ئوماق، نارەسىدە قىزى بولسا ئاتا - ئانىنىڭ مېھرىدىن مەھرۇم بولۇپ، چوڭ ئانىسىنىڭ قولىغا قالغان!...

بۇ مۇدھىش خاتىرىلەر كۆڭلىدىن كەچكەن ھېلىمشا قاتتىق بىر ئاھ ئۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئازابلىق ھالىتى ئەكبەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈرۈپ، ھېلىمشانىڭ ئاي نۇرىدا چاقناپ تۇرغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە قاراپ سورىدى:

— نېمە بولدى، ھېلىمشا ئاكا؟ بەك ئاھ چېكىپ كەت-تىڭغۇ!؟

— ئۆزۈمچە... — دېدى ھېلىمشا دەسلەپ پەرۋاسىزلىق

بىلەن ، كېيىن كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى مۇشۇ يۇرىكى تۇيغۇن با-
لىغا ئېيتىپ ، ئىچىنى بوشاتماقچى بولدىمۇ قانداق ، ئاستاغىنا
سورىدى ، — ئاڭلىغىڭ بارمۇ ؟

— ئاڭلايمەن ، نېمە گەپ بولسا ئېيتقىنا ھېلىمشا
ئاكا ، — دېدى ئەكبەر ھەم ئەركىلەپ ، ھەم قىزىقىپ ، —
پاراڭلاشمىساق ، بۇ كېچىنى تاڭ ئاتقۇزماق بەكمۇ تەس ئىكەن !

ھېلىمشا يەنە بىر قېتىم خۇرسىندى ، ئىچ - ئىچىدىن
كۆتىرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئىزتىراپلىق بىر تۇيغۇ ئۇنى بىئارام
قىلاتتى ...

دالىدا ئادەمنى ئەندىكتۈرگۈچى بىر خىل جىملىق ۋە
خامۇشلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە . سىماب رەڭلىك ئاي نۇرى
زېمىننى يورۇتۇپ ، ئويغاق دىللارنى ئەركىلەتمەكتە . ھېلىمشا مانا
شۇنداق جىملىق ۋە خىلۋەت ئىچىدە ھېكايىسىنى باشلىدى :

— مېنىڭ شۇنداق بەختىسىز كۈنلەرگە قېلىشىم روزامە-
ساقتا پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن ! ... مەن توققۇز ياشتا تاماكا
چېكىشنى ئۆگەندىم ، 15 ياشتا بەڭ تارتتىم ، 17 ياشقا كىرە -
كىرمەيلا قىمارۋاز بولۇپ كەتتىم . قىمار دېگەن قىزىق نېمە ،
بەزىدە ئاتلىق كېلىپ ، پىيادە كېتىسەن ؛ بەزىدە پىيادە كېلىپ ،
ئاتلىق كېتىسەن !

30 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا ، تۆت دەرۋازىدا نامىم بار
قىمارۋاز نوچى ئاتىلىپ كەتتىم . ئارقامدا بىرنەچچە چاپانچىلار
ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان بولدى . ھەرقانداق مەندىن تەپ
تارتاتتى . مەندەك ئادەم ئۈچۈن ئائىلە تەشۋىشى ، بالا - چاقا
دەردى دېگەنلەر بىر تېيىن ئىدى . كۆڭلۈم ھەمىشە شاھانە
ساراي ، غەمسىز تۇرمۇش ۋە باغۇئىرەملەردە يۈرۈيتتى ، ئۆزۈم
خان ، ئۆزۈم بەگ ياشايتتىم ، لېكىن بۇنداق ئامەت ، بۇنداق
نۇسرەت ماڭا ھەمىشە نېسىپ بولۇۋەرمىدى . ئىككى يىلنىڭ ئال-

دىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ تاۋكادا پۈتۈن پۇللىرىمنى يوقىتىپ، ئاخىرىدا خوتۇنۇمنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتىم! ... — شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ھېلىمشانىڭ بۇرنى ئېچىشتى، كۆزىنىڭ چانىقى قىزاردى، لېكىن يىغلىمىدى، — مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ يەتتە ياشلىق قىزىم ئايىمگۈلنىڭ ئانىسى ئىدى. ئۇنى مەندىن تارتىپ ئېلىپ كەتتى. قىمارۋاز دېگەن ئۆز گېپىدە تۇرمىسا بولمايدۇ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم، لېكىن بۇنداق ئۇياتلىق ئىشقا ئانام چىدىمىدى، ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، داۋالىتاي دېسەممۇ ئۇنىماي ئىككى ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. قىزىم بولسا، تىرىك يېتىم بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم. جاھان خەلقىگە ئارىلاشمايتتىم، ئاتا - ئانا، خوتۇن - بالىدىن ئايرىلدىم. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز يوق ئىدى، ئۆز - ئۆزۈمگە تۇغقان، ئۆز - ئۆزۈمگە ئۈلپەت ئىدىم. كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن، ئول خۇداۋەندىكېرىمدىن باقىي ئالەمگە كېتىشنى تىلىدىم! ئادەم ئەگەردە لوقماندەك ئۇزاق ئۆمۈر كۆرسىمۇ، ھەزرىتى سۇلايماندەك چوڭ پادىشاھ بولسىمۇ، رۇستەمدەك كۈچلۈك پالۋان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋەت ئەجەل چاڭگىلىغا چۈشىدىغانلىقىنى، بۇ تەقدىرنى ھېچكىشىنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم. لېكىن، ياخشى نام قالدۇرغان كىشىنىڭ ئېتى ئۆچمەيدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئوبدان ناملار بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى ئويلاپ، يېڭىدىن ئادەم بولۇش خىيالىغىمۇ كەلدىم. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيال ئىدى. ئۇ چاغدا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى، مەنزىلىم قاراڭغۇ، ئۆزۈم ناقابىل ئىدىم.

دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تۆشۈك دەرۋازىدىكى ساقچىخانىنىڭ باشلىقى چاقىرتىپ قالدى. بارسام بىر ۋەزىپە تاپشۇردى ... — ھېلىمشا سۆزدىن توختاپ، يىراقلارغا كۆز

تىكتى، ئۇنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر، لېكىن سوغ ئىدى.

## 2

ھېلىمشانىڭ ھاياتى نادانلىق، مەردلىك ۋە نۇرغۇن ئاچچىق - چۈچۈك خاتىرىلەرنىڭ سىرلىق يىپلىرىدىن توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان ھاياتىدىكى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى ئىشلارمۇ، ئادەم قەلبىگە مەڭگۈ ئورناپ قالىدىغان بەخت ۋە بەختسىزلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئۆزى ئۈچۈن روشەن بولغان بۇ پىنھان سىرلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتماي، ئەسلىملەر دەرياسىنىڭ چوڭقۇر ئېقىنىدا يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

— ھېلىقى ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئىسمى ئىمىر ئىدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ھېلىمشا ئاسمانغا قاراپ يېتىپ، — خەقلەر ئۇنى ئىمىر سوجاڭ دەيتتى. ئۇ، مېنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئىشىكنى تاقىدى ۋە يېنىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ، شىرەگە تاققىدە قويدى. سوجاڭنىڭ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق بۇنداق ھەيۋە كۆرسىتىشىدىن مېنىڭ بىرئاز ئاچچىقىم كەلدى، مەن بۇرۇن بۇ ئادەملەر بىلەن تولا ھەپىلىشىپ پىشىپ كەتكەن ئىدىم، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسى بىلەن مەمەدانلىقلىرىدىن قورقۇپ كەتمەيتتىم. «ساڭا پۇل لازىممۇ؟!» دېدى ئۇ بىر چاغدا ئالدىمغا كېلىپ. «لازىم، — دېدىم مەن بېشىمنى سىڭايان قىلىپ، — ئۆلۈككە گۆر، تىرىككە پۇل كېرەك!». «ئۇنداق بولسا، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا: يېقىندا بۇ يەرگە مەكىت، يەكەن، مارالۋېشى قاتارلىق جايلاردىن چوڭ قىمارۋازلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. سەنمۇ ئاڭلىغانسەن، ھەقاچان؟». راست، مەنمۇ ئاڭلىغانتىم، شۇڭا، يوشۇرمايلا ئوچۇق ئېيتتىم: «ئاڭلىدىم، مەكىتتىن زىياۋۇش،

يەكەندىن ھېلىم دوغا، مارالۋېشىدىن روزى قوتازلار كەپتۇ »، « شۇنداق، سەن ئۇلارنى تونۇيسەن، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا تۆت دەرۋازىدا نام چىقارغان چوڭ قىمارۋاز ئەمەسمۇ ؟! مانا ساڭا 5 مىليون پۇل، سەن بۇنى دەسمايە قىلىپ، ئاشۇلارنىڭ ئارىسىغا كىر، بىزگە ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردە تاۋۇكا تۈزىدىغانلىقى خەۋىرى لازىم، كېيىن بۇ 5 مىليون پۇلنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ بولىدۇ. بىزگە پەقەت خەۋەرنى دەل ۋە ئېنىق بەرسەڭلا بولىدى ...». بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دىلىغۇللۇقتا ئولتۇرۇپ كەتتىم، مەن شۇنچە يىل قىمارۋازلىق قىلىپ، ئەمدى ئۆز كەسپىمگە، ئەقىدەمگە ئاسىيلىق قىلامدىمەن ؟! بۇنى شېرىكلىرىم ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ ؟! مېنى ۋىجدانسىز، نامەردكە چىقىرىپ، بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋەتمەمدۇ ؟! ... لېكىن، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئەھۋالىم بەكمۇ ئوسال ئىدى، بىچارە ئىدىم. يوقسۇزلۇق، خارلىقتىن ئۆلۈۋالاي دېسەم، شېرىن جاندىن كەچمەك تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندەك بەزىدە باي بولۇپ، بەزىدە خار بولۇپ ئۆتكەن ئادەم ئۈچۈن، بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۆلۈمنى ئويلاش — چىدىماسلىق، نامەردلىك سانىلاتتى ! ... شۇ خىياللار بىلەن كۆڭۈل توختىتالماي ئولتۇرسام، ئىمىر سوجاڭ مېنى ئاگاھلاندۇردى: «بۇ ساڭا بېرىلگەن ياخشى پۇرسەت، ئاز - تولا خىزمەت كۆرسىتىپ، بۇرۇنقى گۇناھلىرىڭنى يۇيۇۋال، خەقلەرمۇ سېنىڭ ياخشى ئادەم بولغانلىقىڭنى كۆرسۇن ! ...». بۇ گەپلەر بىردىنلا دىلىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك بولدى، تۇرۇپلا كۆز ئالدىمغا ئانامنىڭ مۇڭ باسقان، مېھرىبان چىرايى كەلدى، ئۇ مەندىن ئۆمۈر بويى ياخشى ئادەم بولۇشۇمنى كۈتۈپ، يىغا - زار ئىچىدە نائۈمىد ئۆلۈپ كەتتى. ئانام ھايات ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىدىم، ئەمدى بولسىمۇ، ئۇ خەقلەرنىڭ « ھېلىمشا ياخشى يىگىت » دېگەن گېپىنى

پەرىشتىلەر ئارقىلىق باقىي ئالەمدە تۇرۇپ ئاڭلاپ ، روھى خۇش بولسا ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى . مەن شۇ خىياللار بىلەن غەيرەتكە كەلدىم ، كۆڭلۈمدىن ئارىسالدىلىق كۆتۈرۈلدى . ئىمىر سوجاڭ بەرگەن 5 مىليون پۇلنى ئېلىپ ، « گۇناھىمنى يۇيۇش » ئىستىكىدە ساقچىخانىدىن چىقىپ كەتتىم . مەن بۇ چوڭ قىمارۋازلارغا ناھايىتى تەستە يېقىنلاشتىم . ئۇلار ھەم زېرەك ، ھەم قۇۋ ئىدى ، ئارقىدا يۈرۈيدىغان چاپانچىلىرىمۇ يامان لۈكچەكلەر ئىدى . ئۇلار مېنىڭ سۇنغان قىمارۋازلىقىمنى بىلەتتى ، شۇڭا ، دەسلەپ دو تىككۈدەك پۇلى يوق ، دەپ گۇمانلاندى ، كېيىن يېنىمدىكى 5 مىليون نەق پۇلنى كۆرۈپ ئىشەندى . ئەمما ، ئۇلار تاۋكانى قاچان ، قەيەردە قۇرىدىغانلىقىنى ناھايىتى مەخپىي تۇتتى . بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەملەردەك باغ سەيلىسى قىلدى ، قوي سويۇپ بەزمە ئوينىدى . مەن ئۇلاردىن ئايرىلماي بىللە يۈردۈم ، ھەپتە ئاشۇنداق بەزمە - باراۋەت بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . مەن ئۇلارنىڭ تاۋكا قۇرىدىغان ئورنى بىلەن ۋاقتىنى پەقەت شۇ يەرگە بېرىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇنلا بىلدىم . ۋاقىت بەكمۇ قىس ئىدى ، مەن ئۇلاردىن ئۆيدىن پۇلنى ئېلىپ چىقىش باھانىسى بىلەن ئاران يېرىم سائەتتەك ئايرىلالىدىم ، شۇ ئارىلىقتا تېز ھەرىكەت قىلىپ ، ھېيتگاھتىكى ھېلىقى ماڭا تونۇش ئۇزۇنتۇرا ، چوقۇر گازىرچىنىڭ يېنىغا كەلدىم ، ئىمىر سوجاڭ ئەگەر ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈش بىئەپ بولغاندا ، خەۋەرنى مۇشۇ ئادەم ئارقىلىق يەتكۈزۈشۈمنى ئېيتقان ئىدى .

مەن ئۇنىڭغا گازىر - پۇرچاق ئالغان قىياپەتتە تۇرۇپ ، خەۋەرنى ئېنىق يەتكۈزدۈم . تاۋكا قۇرۇلىدىغان ئورۇن قاقۇللىدىكى رېھىم قەندەل دېگەن ئادەمنىڭ بېغى ئىدى . ھەممىمىز شۇ يەرگە تەخ بولدۇق . باغ چوڭ بولمىسىمۇ ، دەل -

دەرەخلەرى بوٚككىدە ئىدى . كىچىككىنە كوٚلنىڭ بويىدىكى شىپاڭغا گىلەم سېلىندى ، بىر قوي قان قىلىنىپ ، شورپا سېلىندى . قىمار قىزىپ كەتتى ، جەزىخورلار ، دو چىققۇچىلار كوٚپ ئىدى ، چوڭ قىمارۋازلارمۇ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ ، پۇلنى ئايىماي تىكىشكە باشلىدى . گىلەم ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا سۇرۇلۇپ ، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈۋاتقان پۇلنىڭ ھۆددۈدى يوق ئىدى ، ئۇتقانلار تېخىمۇ قىزىپ ، « يا جەمشىت ! » دەپ مەيدىسىگە ئۇراتتى ، ئۇتتۇرغانلار ئۇتۇش نىيىتىدە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ، جان ـ جەھلى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ئىدى . مەنمۇ 5 مىليون پۇلنى ئۇتتۇرىغا تاشلاپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتىم .

دەل شۇ چاغدا باغنىڭ ئارقا تېمى تەرىپىدىن « پاڭ ـ پۇڭ » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، ساقچىلارنىڭ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ، « توختا ! » دەپ ۋارقىرىغىنىچە دۈپۈرلەپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . ھەممەيلەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ، ئوشۇقلار ئوشۇق پېتى ، پۇللار پۇل پېتى گىلەمنىڭ ئۈستىدە قالدى . قىمارۋازلار جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھېچنېمىگە قارىماي بەدەر قاچتى ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە باغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كەتتىم ...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى ، ھەممە ئىش بېسىقتى ، سىرتتىن كەلگەن قىمارۋازلارمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، يۇرتىغا تىكىۋەتتى .

شۇ چاغدا مەن ساقچىخانىغا باردىم ، ئىمىر سوجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ھېلىقى ماڭا تەئەللۇق بولىدىغان 5 مىليون پۇلنى سورىدىم .

« نېمە دەۋاتىسەن ؟! ـــ دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ ، ـــ 5 مىليوننى مۇشۇ ئىشخانىدا قولۇڭغا بەردىمغۇ !؟ سەن يەنە پۇلنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن ؟ سېنى قولغا ئالمىغانلىقىمىزغا شۈكۈر

قىلىپ، بۇ يەردىن تېز كەت! سەن پۈتۈن قىمارۋازلارنى باشلاپ باغدىن قېچىپ كەتتىڭ!...»

«نېمە دەۋاتىسىلا، سوجاڭ! — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، — ھەممە ئىش سىلىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بولدى، مەن 5 مىليون پۇلنى دەسمايە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىردىم، كېيىن ئۇ پۇل گىلەمنىڭ ئۈستىدە قالدى...». «بولدى - بولدى! — دېدى ئۇ تېخىمۇ قوپاللىشىپ، — سەن دېگەن بىر قىمارۋاز - لۇكچەك، قاچان راست گەپ قىلىپ باققان!؟ بۇ يەردىن چىراي- لىقچە كەت، بولمىسا پۇشايمان يەپ قالىسەن!»

مەن ھەرقانچە ئەسكى بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ باققان ئەمەس! بولۇپمۇ بۇنداق ناھەقچىلىققا، بوزەك قىلىنىشقا، ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا، چىداپ تۇرالمايتتىم، شۇڭا ئىمىر سوجاڭنى بىردىنلا سەنلەپ، ئاغزىمنى قويۇۋەتتىم:

«ھەي، نېمە دەۋاتىسەن؟! سەن سوجاڭ بولساڭ ئۆز- ۈڭگە، مېنىڭ بېشىمدا سەن ئېلىۋېتىدىغان تۈغ - شەددە يوق! مەندە ھازىر ئىسسىق جاندىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى، شۇڭا خۇدادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن! سەندە ئىنساپ يوق ئىكەن، مەنچىلىك ۋىجدانىمۇ يوق ئىكەن! مېنى بىلمەيدۇ دېمە، شۇ كۈنى تاۋكادا 60 مىليوندىن ئارتۇق پۇل قالغان، بىز ھەممە نەرسىنى قويۇپ قاچتۇق، سەنلەر ئۇدۇل كەلگەن پېتى پۇلغا ئۆز- ۈڭلارنى ئېتىشتىڭ! ئەمدى كېلىپ، ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان 5 مىليون پۇلنى بېرىشكىمۇ كۆزۈڭ قىزىرىۋاتىدۇ! ئەگەر بۇ پۇلنى بەرمىسەڭ، مەن پۈتۈن ئەھۋالنى ھۆكۈمەتكە دەپ، ئاشۇ كۈنى تاۋكادا قالغان ھەممە پۇلنىڭ ھېسابىنى ئالىمەن!»

«سەن تېخى مەن بىلەن تاكاللاشماقچىمۇ؟ سەن قايسى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلماقچى؟ ھۆكۈمەت دېگەن مانا مەن! سەن بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتمە!» دېدى ئىمىر سوجاڭ ۋارقىراپ

ۋە ئىككى ساقچىنى چاقىرىپ، مېنى تار، قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى. ئۇ يەردە ئىككى كۈن ياتتىم، ھېچنېمە بەرمىدى، ئاخىر جاندىن تويۇپ، ئىشىك ـ تاملارنى مۇشتلاپ، ۋارقىراپ غوۋغا كۆتۈردۈم. بىر گۈندىپاي مېنى يەنە سوجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقتى، بۇ قېتىم ئۇ ماڭا تاپانچىسىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى: «كۆردۈڭمۇ، تەپكىنى باسسام مۇشۇ يەردە جاندىن جۇدا بولىسەن، ھېچكىم سېنىڭ دەۋايىڭنى قىلمايدۇ، سەن بىر نامى بار قىمارۋاز، ئوغرى! ئۆلۈككۈڭنى كۆرۈپ ھۆكۈمەتمۇ، خەقلەرمۇ خۇش بولىدۇ! لېكىن، مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىمەن، بۇ يەردىن چىقىپ، ئاغزىڭنى يۇمۇپ، چىرايلىقچە جېنىڭنى جان ئەت، ئەگەر يەنە كىچىككىنە قىڭغىر ئىش قىلىپ قويساڭ، ئۇ چاغدا مەن سېنى بوش قويۇۋەتمەيمەن، بىلىپ قوي، مەن مۇشۇ قورالىم بىلەن مۇشۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى! ...»

قاتتىق غەزىپىم كەلدى، ئۆزۈمچە خورلۇق ھېس قىلدىم. ئۇ، ماڭا بەكمۇ ئوشۇقچىلىق قىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوزەك قىلىنغان ئادەم بەئەينى پالتىدىن يانمايدىغان ئۆككۈزگە ئايلىنىدىكەن!

« ئاتىساڭ ئاتە ! — دېدىم مەن مەيدەمنى ئېچىپ، — ئادەمنى بۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ بىكاردىن ئىككى كۈن سولىدىڭ، بىر تېمىم سۇ، بىر بۇردا نان بەرمىدىڭ! ھۆكۈمەت دېگەن سەن ئەمەس، سەندىن باشقا ھۆكۈمەت بار. سەن شۇ كۈنى ئاز دېگەندە 60 مىليون پۇل يىغىۋالدىڭ، ماڭا ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان 5 مىليون پۇلنى بىرىشكە قورسىقىڭ ئاغرىپ، مېنى بىكاردىن بىكار بوزەك قىلىۋاتىسەن! مەن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمەن! ...». « سېنىڭ ئەرزىڭنى كىم ئاڭلايدۇ، ساڭا كىم ئىشىنىدۇ؟! — دېدى ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك دىمىغىنى

قېقىپ، — سەن دېگەن چوڭ قىمارۋاز، ئوغرى، قىمارۋاز – ئوغرىنىڭ گېپىگە كىم ئىشىنىدۇ، كىم ئاڭلايدۇ؟! كۆتۈڭنى قىسىپ، بۇ يەردىن ياخشىلىقچە چىقىپ كەت!» دەپ سوجاڭ مېنى دۆشكەلەپ، ئىتتىرىپ چىقارماقچى بولدى. مەن راستىنلا جاندىن تويۇپ، ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم: «مەن ھېچ يەرگە ماڭمايمەن، نوچى بولغاندىكىن ئات، مۇشۇ يەردە تۇرغۇزۇپ جېنىمنى ئال! تويدۇم بۇ جاندىن! مېنى ئېتىۋېتىپ، بۇنى نېمشقا ئېتىۋەتتىڭ دەيدىغان سوراق كەلسە، بۇ دۇنيادا كۆرەرسەن، بولمىسا، مەن ئۇ دۇنيادا سەندىن ھېساب ئالىمەن!» دەپ تۇرۇۋالدىم. مېنىڭ پەيلىمنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ سەل بوشىدى، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كېتىپ، كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىپ، بىر چاغدا ئەسكى قەغەزگە ئورالغان 5 مىليون پۇلنى كۆتۈرۈپ كىردى. «مانا بۇنى ئال! — دېدى ئۇ دوق قىلغاندەك پۇلنى ئالدىمغا تاشلاپ، — ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!»

مەن پۇلنى ئېلىپ «بولدىلا، بۇ خەق بىلەن ئېيتىشىۋەرمەي، ئەمدى يولۇمغا ماڭاي» دەپ ئويلاپ ئىشخانىدىن چىقتىم ۋە ساقچىخانىنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتۈپ، چوڭ دەرۋازىغا بارىدىغان قاراڭغۇ دالانغا كەلگەندە، نەدىندۇر ئۈچ ساقچى پەيدا بولۇپ، ھايت – ھۇيت دېگۈچە قولۇمدىكى پۇلنى تارتىۋېلىپ، دۈمبەمدىن ئىتتەرگىنىچە يانپاشلىرىمغا تېپىپ، دەرۋازىدىن چىقاردى – دە، ئىشىكنى تاقىۋالدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تىلى بىر ئىكەنلىكىنى، ئۆتكەنكى ئىشتا مەقسىتى قىمارۋاز تۇتۇش ئەمەس، پۇل بۇلاش ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ بۇلارغا ئويۇنچۇق بولغانلىقىمنى بىلىپ، قاتتىق غەزىپىم كەلدى. ئاچچىقىمدا دەرۋازىنى قېقىپ ۋارقىراپ، ئۇلار بىلەن يەنە ئېلىشماقچى بولدۇم.

لېكىن ئۇنداق قىلسام، بۇ يەرگە ئادەم يىغىلىدۇ، ئۇلار يەنە مېنى تۇتۇپ، ساقچىخانىنى قالايمىقانلاشتۇردى، دەپ سولاپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ئالدىرىما ھېلىمشا، ئۇلار سېنى شۇنداق ئەخمەق قىلىپ، بوزەك ئەتكەن يەردە، سەنمۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇلاردىن دەردىڭنى ئالماسەن! چوقۇم ئال! ...» دەپ ھاي بەردىم.

ئۈچ ئىلىش خىيالىدا چارە ئىزلەپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى قۇمدەرۋازىدا ئاچ قورساق ئايلىنىپ يۈرسەم، ئون يەتتە ياشلاردىكى يۈت ـ قوللىرى قاسماق، ئورۇق بىر بالا قېشىمغا كېلىپ: «ئاكا، تاپانچا ئالامىلا؟» دەپ ئاستا سورىدى. مەن قىزىقىپ: «قېنى تاپانچا؟» دېدىم، ئۇ قويىنىدىن بىر پارچە لاتىغا ئورالغان قارامتۇل، كىچىك تاپانچىنى چىقاردى. مەن تاپانچا دېگەننى كىنودا، ئەسكەر بىلەن ساقچىنىڭ قولىدا كۆرگەن بىلەن قولۇمغا ئېلىپ باقمىغان، قولۇمغا ئېلىپ باققىنىم پىچاق بىلەن كالتەك ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا، ھېلىقى تاپانچىغا قاراپ، كۆڭلۈمدىن ياللىدا بىر پىكىر ئۆتتى: «توختىغىنا، ئىمىر سوجاڭ دېگەن كۇسپۇرۇچ مېنى قولىدىكى ئاشۇ تاپانچىسىغا تايىنىپ بوزەك ئەتمىدىما! ؟ قېنى ئەمدى، مەنمۇ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ باقاي! ...». مەن شۇ خىيال بىلەن ھېلىقى بالىدىن سورىدىم: «تاپانچاڭ قانچە پۇل ئۇكام؟ ئوقى بارمۇ؟ »، «بەش پاي ئوقى بار، ئوق بىلەن تاپانچىغا 2 مىليون بەرسىلىرى بولىدۇ، ئاكا» دېدى بالا ئاستا كۇسۇرلاپ. « 3 مىليون بېرەي، لېكىن نېسى» دېدىم مەن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ. ئۇ ماڭا بىر ھەيران بولغان، بىر قىزىققان ھالدا بىر پەس قاراپ تۇردى. «سەن مېنى تونۇمسەن؟» دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن. «تونۇيمەن ئاكا، — دېدى ئۇ ماڭا خېلى ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — سىلى ھېلىمشا دېگەن نوچى شۇغۇ!»، «ئۇنداق بولسا ماڭا ئىشەن

ئۇكام ! — دېدىم مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ ، — 3 مىليون پۇلۇڭنى نېرىسى تۆت كۈن ، بىرىسى ئىككى كۈن ئىچىدە قولۇڭغا تەگكۈزىمەن ، گېپىم گەپ ! بۈگۈن تىلخەت دېسەڭ تىلخەت بېرەي ... »

بالا بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ ، كېيىن تاپانچىنى قولۇمغا بەردى : « مەن سىلىگە ئىشىنىمەن ئاكا ، نوچى دېگەن گېپىدە تۇرىدۇ » . مەن تاپانچىنى ئېلىپ قوينۇمغا سالدىم . ھېلىقى بالىدىن تاپانچىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ سورىمىدىم . ئۇ كۈنلەردە ، بەزى ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ يوشۇرۇنچە قورال - ياراغ ساتىدىغان ئىشلىرى بار ئىدى .

مەن شۇ كۈنىلا باشقىچە ياسىنىپ ، ئىمىر سوجاڭنىڭ ئىزىغا چۈشتىم . ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تۆرەياۋاغدا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم . ئەتىسى ، ئىمىر ئۆيدە يوق ۋاقتىدا دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ ، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سەدىقە تىلىدىم ، ئۆيدىن ياش ، چىرايلىق بىر چوكان چىقتى ، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايالىدەك قىلاتتى . چوكان ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا بىر پارچە ناننى سۇندى . مەن ناھايىتى تېز نەزەر بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىنى ، مېھمانخانىسىنى ۋە مەنزەر ئۆيلىرىنى كۆرۈۋالدىم ، كېيىن قوشنىلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ كۆزىتىپ بىلدىم . ئىمىرنىڭ ئۆيىگە كىرىشنىڭ بىر-دىنبىر يولى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۇجمە دەرىخى ئارقىلىق ئاۋۋال قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ، سىراجتامدىن ئارتىلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈش ئىدى . ئىمىر سوجاڭ ھەر كۈنى خوتۇنى بىلەن مەنزەر ئۆيدە ياتاتتى .

ئۈچىنچى كۈنى كۈندۈزدە ، « قىم - قىم بازىرى »① غا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى بىر تونۇشتىن ساقچىلارنىڭ كونا چاپىنى

① قىم - قىم بازىرى — پىت بازىرى مەنىسىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنى ساتىدىغان بازار .

بىلەن شەپكىسىنى ئىسىگە ئالدىم . كەچتە ئىمىر سوجاڭ تاكى ئۆيىگە كىرىپ كەتكۈچە ئارقىسىدا يۈرۈپ كۆزەتتىم ۋە يېرىم كېچىگىچە شۇ مەھەللىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ، جىمىسە كوچىلارمۇ ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ جىمىدىن ئارتىلىپ ئۆگزىگە چىقىپ كەتتىم . سىراجىتامدىنمۇ شەپە چىقارماي ئارتىلىپ چۈشۈپ ، ئە-مىر سوجاڭنىڭ مەنزەر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدىم ، ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق ئىدى ، ئەمما دېرىزىسىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق ئىدى . مەن ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن دېرىزىدىن ئىتىلىپ كىردىم . ئىمىر سوجاڭ ئۇيقۇلۇقتا ئۈندەرەپ ، قورقۇپ : «كىم؟ كىمسەن؟!» دېگىنىچە ھودۇقۇپ كەتتى ، مەن ئۇنى ئاستىمغا باسماداپ ، تاپانچىنى پېشانىسىگە تىرىدىم . ئىمىر تىترەپ كەتتى ، خوتۇنى قورقۇپ ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى ، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىپ ، چىراغ يېقىشنى بۇيرۇدۇم . خوتۇنى ياۋاشلىق بىلەن بېرىپ ، پەنەرنى ياقتى ، ئاندىن مەن ئۇنى بۇلۇڭدىكى قازناققا سولىۋەتتىم .

« ئىمىر سوجاڭ ! ـــ دېدىم مەن ئەمدى ئۇنى ئەركىنرەك قويۇپ ، ـــ پۇلغا تۇرامسەن ، جانغىمۇ ؟! »

« جانغا ... ئەلۋەتتە جانغا ! » دېدى ئۇ تىترىكى تېخىچە بېسىلماي .

« ئۇنداق بولسا ، ئۆيۈڭدىكى نەق پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقار ! »

« بولىدۇ ، بولىدۇ ... ـــ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ، ـــ لېكىن ، ھېلىمشا ... سەن مۇشۇنداق قىلىۋاتىسەن ، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ باقتىڭمۇ ؟ »

« ھەي ئىمىر ، سەن ئاقىۋىتىڭنى ئويلىمايسەن ، مەن ئاقىۋىتىمنى ئويلامدىمەن ؟! ـــ دېدىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە زەردەم قايناپ ، ـــ سەن قانداق قىلغان بولساڭ ، مەن شۇنداق قىلىمەن ! سەن تولا چىشىمغا تەگمە سوجاڭ . مېنىڭ ئايال زاتى قېشىغا بار-

مىغىنىمغا ئۇزاق بولدى، ھېلى بىكار خوتۇنۇڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ جۇمۇ ... مېنىڭ قولۇمدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كې- لىدۇ! سەن مېنى مۇشۇنداق بىر قوتۇر تاپانچا بىلەن مۇشۇنداق رەپرەپ كېيىمگە تايىنىپ قانداق خورلىمىدىڭ. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بارغان ئەمەس، ئۆزۈڭ ۋەدە قىلىپ، ئۆزۈڭ ئىشقا سېلىپ، ئارقىدىن ئەخمەق ئەتتىڭ، ساراڭ تاپتىڭ، بوزەك قىل- دىڭ! ھازىر سەن مېنى تونۇپ بولدۇڭ. ئەگەر سەن مۇشۇ توغرىدا ھۆكۈمەتكە يەنە پالان - پوكۇن دەيدىكەنسەن، ئۇرۇق - ئەۋلادىڭنى قويماي قىرىۋېتىمەن، جاندىن تويدۇم! بۈگۈنمۇ سېنىڭ يا جېنىڭنى ئالىمەن، يا پۇلۇڭنى ئالىمەن!...»

«بېرەي ... ھەممە پۇلنى بېرەي، ھېلىمشا! — دېدى ئۇ يىلىنغاندەك زارلاپ، — مېنىڭ ئۆلگۈم يوق، مەن تېخى ياش، خوتۇن، بالا - چاقام بار. مەن بىلمەي نادانلىق قىپتىمەن، سېنى گول چاغلاپتىمەن ... ھەممە پۇلنى ئال ... »

ئۇ، يېرىم يالىڭاچ پېتى ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن پۇلنى ئىزدەپ تېپىشقا باشلىدى. مەن تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ھوشيار تۇردۇم. ئۇ تېنەپ - تەمتىرەپ، بىر يەردىن بىر تۈگۈچ، بىر يەردىن بىر بولاق، يەنە بىر يەردىن بىر تۇتام نەرسىلەرنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى. ئېچىپ قارىسام، ئاشۇ كۈنى تاۋكاغا چۈشكەن پۇللار شۇ پېتى رەتسىز، پۇرلاشقان، پاسكىنا ھالدا تۇرۇپتۇ.

«ھەممىسى مۇشۇ! ... — دېدى ئۇ ئاۋازى پەسلەپ سولاشقان ھالدا، — ماڭا تەگكىنى شۇنچىلىك ... »

«راست تۈگىدى - ھە!؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قادىلىپ، — ماقۇل، تۈگىگەن بولسا، مەن كەتتىم. ھازىردىن باشلاپ، مەن سېنى كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆرمىدىڭ! ئەگەر بۇنىڭغا رازى بولماي، بۇ ئىشنى ھۆكۈمەتكە دەيدىغان بولساڭ،

مەن تەييار، قورقمايمەن، مۇشۇ پۇللارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، مەن بۇنى ئىمىر سوجاڭنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ چىقتىم، دەيمەن. ئۇلار سەندىن بۇنى سۇرۇشتە قىلىدۇ، مەن گۇۋاھچى بولىمەن، جاۋابىنى ئۆزۈڭ بېرىسەن! ھەرھالدا ئەقىللىك بىلەن ئىش قىل، ئىمىر سوجاڭ! ئېسىڭدە بولسۇن: پاچاق يېگەن تۈك يەيدۇ، قېرىن يېگەن پوق! ...»

مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، كەپەمگە كېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە پۇللارنى رەتلەپ، تەخلەپ ساناپ چىقتىم، ھەممىسى 31 مىليوندىن كۆپرەك پۇل ئىكەن. مەن ئەتىسى ئەتىگەندە قۇمدەرۋازىغا بېرىپ، ھېلىقى تاپانچا ساتقان بالىنى ئىزدىدىم. ئۇ، جاڭ تەيىنىڭ قاۋاقخانىسى ئالدىدا لاغايلاپ يۈرۈپتىكەن، مېنى كۆرۈپلا يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بەش پاي ئوق بىلەن تاپانچىنى بېرىپ، ئۈستىدىن يەنە 3 مىليون پۇلنى بەردىم. خۇشاللىقتىن بالىنىڭ ئاغزى يالاق بولۇپ كەتتى. ئۇ يەردىن يېنىپ، «قىم - قىم بازىرى» غا بېرىپ، ھېلىقى ساقچى كىيىمنى بەرگەن تونۇشۇمغا كىيىم بىلەن بىللە 1 مىليون پۇل بەردىم. ئۇ، ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ: «كېچىچە تازا ئۇتۇپسەندە، ئامىتىڭ كەپتۇ!» دەپ رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە قانداق قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قاتتىق ئويلاندىم: بىر شەيتىنىم: «دەرھال كونا قىمارۋازلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، تاۋكا قۇرۇپ، قوزىنى پوزا قىل، سەنمۇ بىرسىنىڭ خوتۇنىنى ئۇتۇۋال!» دەپ ئۈندەيتتى؛ يەنە بىر شەيتىنىم بولسا: «ئەمدى بەس، قىمار ئويناپ نېمە تاپتىڭ؟! ئۇتتۇرمىغان نېمەڭ قالدى، ئاناڭنىڭ روھى قورۇنمىسۇن، ئەمدى ياخشى يولغا ماڭ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ، خۇدادىن گۇناھىڭنى تىلە!» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

شۇنداق ئارسالدى كۆنلەرنىڭ بىرىدە، چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، خەقلەردىن پالانچى - پوكۈنچىلارنىڭ بۇ يىل ھەجگە بارىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتتىن يول خېتى ئالالمىغان يەنە كىملەرنىڭدۇر چېگرىغا بېرىپ، شۇ يەردىن پۇل بىلەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. مەنمۇ بىر مۇسۇلمان، خۇدانىڭ پەرزلىرىنى بەجا كەلتۈ- رۇش مەجبۇرىيىتىم بار، خۇدا ماڭا بۇ پۇلنى نېسىپ قىپتۇ، ئەمدى ئۇنى ئوڭ سېپىدا ئىشلىتىپ، خار - زارلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھەق جايىغا خەجلەي دەپ ھەج قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بىر كۈنى سەرراپ بازىرىغا بېرىپ، قولۇمدىكى نەق پۇلنىڭ ھەممە- سىگە 27 تىللا ئالدىم. نىكولاينىڭ 10 سوملۇق بىر تىللاسى 1 مىليون ئىكەن، قالغان پارچە - پۇرات پۇللارغا كىيىم - كېچەك ئېلىپ، سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلدىم، نىيىتىمگە يارىشا، سەپىرىم ئاقىيوللۇق بولدى، مانا سىلەرگە ئوخشاش ياخشى ئادەم- لەر بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالدىم...

## 3

ھېلىمشا ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئەكبەر بايىلا ياققان گۈلخاندىكى لوقۇراپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلدى. ئۇنىڭ ياش يۇقى بىلەن سەل - پەل نەملەشكەن كۆزلىرىدە ئوتنىڭ ئويناق شولىسى جىلۋىلەندى...

چۆل ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار سۇس چاقنايتتى. يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان تاڭ ھاۋاسى ئۇرۇلۇپ، ئويغاق كارۋاننىڭ كۆكسىگە سالقىن شامال تەگدى...

بەشىنچى باب

# تاغ قاراقچىلىرى

## 1

تاڭ يورۇماستا يولغا چىققان كارۋان قاقاس تاغ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، چۈشكە يېقىن كەڭ ئېدىرلىققا كەلدى. بىر چاغلاردا ياشىرىپ تۇرغان يېشىل ئوت - چۆپلەر ئەمدىلىكتە ئىسسىق ۋە سۇسىزلىقتىن سارغىيىپ، بۇ پايانسىز ئېدىرلىقنى ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن كۆيۈك زېمىنغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئادەمنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇپ نەپەسنى بوغاتتى. كارۋان ئېدىرلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز - پەس يولدا ئاستا تەۋرىنىپ كېتىپ باراتتى. ئىسسىق ۋە ھارغىنلىقتىن سولاشقان كىشىلەر يىراق سەپەرنىڭ مۈشكۈللۈكلىرى ئۈستىدە ئويلاپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ماڭاتتى. لېكىن، ئۇلار ئاشۇ خەتەرلىك تاغ ئارىسىدىن ئامان - ئېسەن چىقىۋالغانلىقلىرىدىن خۇشال ئىدى. شۇڭا، بەزىلەر پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ، بەزىلەر ئات - ئۇلاغ ئۈستىدە مۈگدەپ، بەزىلەر ناخشا غىڭشىپ، بەزىلەر بولسا، پاراڭ سوقۇپ غەمسىز، خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار كۈن قىيام بولغاندا، چېكى كۆرۈنمەس بۇ ئېدىر-

لىقنىڭ «چاترا» دېگەن يېرىگە كەلدى. بۇ يەر ئېگىز - پەس تۆپىلىك ئىدى. يول بىردەم پەسكە چۈشۈپ، بىردەم يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى، ھاۋا تېخىمۇ ئىسسىپ كەتتى. قۇياش چاقناپ تۇرغان ئوچۇق ئاسماندا ئاچ بۆركۈتلەر چەرخ ئۇرۇپ ئايلىناتتى. ئۇلار گاھ ئوقتەك ئۇچۇپ پەسكە شۇڭغۇيتتى، گاھ شىددەت بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى؛ بەزىدە پەنجىلىرىدە تىپىرچەكلىگەن توشقان ياكى ئاچلىقتىن شۇمشىيىپ قالغان تۈلكىنى قامallap قاياقلارغىدۇر غايىب بولاتتى...

كارۋان تۇرنىلاردەك سوزۇلۇپ مېڭىپ، بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ئوڭ تەرەپتە كۆز يېتىم يەردە كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزاننى كۆردى، ھايال ئۆتمەي ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى، ئاندىن يەتتە - سەككىز ئاتلىقنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. كارۋان تۆپىلىكتىن چۈشۈپ، قۇرۇق ئوت - چۆپلەر قاپلىغان تۈپتۈز بىر مەيدانغا كېلىپ توختىدى، ئاڭغىچە ھېلىقى ئاتلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئىدى. قوللىرىغا نەيزە - قىلىچ ئېلىپ، كارۋاننى 20 — 30 قەدەم نېرىدا قورشاۋغا ئالغان بۇ يېگانە 10 ئاتلىق تاغ قاراقچىلىرى ئىدى. كىيىملىرى غەلىتە، چىرايى سۈرلۈك، كۆرۈنۈشى ياۋۇز، ئاتلىرى سەرخىل بۇ ئادەملەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ - نەيزىلەر كۈن نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى چاقاتتى.

كارۋاننى قورقۇنچ، ساراسىمە باستى، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ مۇدھىش ئىش ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ غۇلغۇلىغا سېلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بوشاشقان جىسمىغا بىرخىل ئۈمىدسىزلىك بىلەن ھەسرەت تىترىكى ئولاشتى. ئاياللار: «ۋاي داد، ئەمدى تۈگەشتۇق!» دېيىشىپ ئاللا - كاللا كۆتۈردى. بەزى قېرى، ئاجىز ئادەملەرمۇ: «ئاھ خۇدا، شورىمىزقۇرۇسۇن!»

دېيىشىپ ، ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى . كارۋاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ،
يىراقتىن خۇددى تاپقا ئېتىلماقچى بولغان قۇزغۇندەك بازلىشىپ
تۇرغان قاراقچىلار ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېگۈدەك چىر-
قىراق سەت ئاۋازدا ۋارقىراشتى . بۇ ئاۋاز نەلەردىندۇر يەنە ئەكس
سادا بولۇپ كەلدى . بۇ ، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ھەيۋە كۆرسىتىشى
ئىدى . قاراقچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئاق بوز ئارغىماققا مىنىۋالغان
بىرسى بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا كەلدى ، تۇرقىدىن ئۇ بۇلارنىڭ
ئاتامانىدەك كۆرۈنەتتى . ئۇ گەۋدىلىك ، سېرىق ساقال ، سەت
ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ چىرايى گويا يۇزىگە كېلەرنىڭ
تېرىسىنى كىيدۇرۇپ قويغاندەك ، بەدرەڭ ، سۇرلۇك ئىدى .
ھېلىقى ئادەم قولىدا ئورغاق شەكىللىك ئەگرى قىلىچنى
يالىڭاچلاپ تۇتۇۋالغان ئىدى . ھېلىمشا دەسلەپ ئۇنىڭغا ، ئاندىن
باشقا قاراقچىلارغا زەن سېلىپ قارىدى ، ئۇلاردا ھەققەتەنمۇ
پىچاق ، نەيزە ۋە قىلىچتىن باشقا قورال يوق ئىدى . ھېلىمشانىڭ
كۆڭلى جايىغا چۈشتى . ئۇ ، ئەمدى بۇلار بىلەن قانداق ئېلىشىش
ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى . ئەگەر ھوشيار تۇرۇپ ، پەنت ئىش-
لىتىپ ، ئۇلارنى ھۆل كېسەككە دەسسىتەلىسە ، ئۇلاردىن چوقۇم
ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولاتتى . ھازىر بۇ كارۋاندا
ئۆزى بىلەن قاسىم قۇرغۇيدىن باشقا ، كارغا كەلگۈدەك تۈزۈك
ئادەم يوق ئىدى . دېمىسىمۇ ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بېشىدىن
ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن ، تۇرمۇشنىڭ قېقىل - سوقۇللىرىغا
ئۇچرىمىغان ، موللا سۈپەت ، مەخسۇم مىجەز ئادەملەر ئىدى . ئۇلار
بىر-بىرسى بىلەن سوقۇشۇش تۇگۇل ، سوقۇشقاننى كۆرسە
ياقىسىنى چىشلەيدىغان ، قاننى كۆرسە كۆڭلى ئاينىيدىغان را-
يىش ، مۆمىنلەر ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت غوجىمۇللىلا
ھازىر ئانچە قورقماي خاتىرجەم ھالەتتە تۇراتتى . ئۇنىڭ ئەتراپ-
تىكىلەرگە ئەلەڭلەپ ، تەلۋىلەرچە قاراشلىرىدىن قانداقتۇر

بىخەملىك ۋە ئاز ـ تولا ئىچى قارىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى . غوجىمۇللا كۆڭلىدە « قارغا پوق تالاشسا، ئوقچىغا پايدا » دەپ ئويلاپ ، بۇ سەپەردە يالغۇز ئۆزىنىڭلا زىيان تارتماي ، باشقىلارنىڭمۇ ئاز ـ تولا زىيان تارتىپ بېقىشىنى خالايتتى . شۇڭا ئۇ ، باشقىلار جان قايغۇسىدا ۋەھىمىگە چۈشۈپ ، توختىماي دۇـ رۇت ئوقۇپ ، خۇدادىن ئامانلىق تىلەۋاتقاندا ، « بۇ قاراقچىلاردىن كەلسە مالغا كېلىدۇ ، جانغا كەلمەيدۇ . سىلەرمۇ زىيانىنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭلار ، ھۆرمەتلىك ھەمراھلىرىم ! » دېگەن زەھەرخەندە پىكرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

قاراقچى باشلىقى بىرنەرسىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى ، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ئۆلۈمنىڭ سوغۇق نۇرى يالتىراپ تۇراتتى ، قاراقچى باشلىقى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، بۇلار ھەجگە ماڭغانلار ، چوقۇم ئەرەبچە بىلىدۇ ، دېگەن خىيال بىلەن ئەرەبچە يامداپ سۆزلەشكە باشلىدى :

ــــ ئەگەر بىزگە قارشىلىق قىلماي ، مال ـ دۇنيايىڭلارنى بەرسەڭلار جېنىڭلارغا تەگمەيمىز ، بۇ يەردىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىسىلەر . ئەگەر قارشىلىق ، جاھىللىق قىلساڭلار ، جەسىتىڭلار ئاسماندىكى ئاشۇ بۈركۈتلەرگە يەم بولىدۇ ! ...

بۇ سۆزلەرنى ئەكبەر چۈشەندى ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ بەردى .

ــــ ھەي بالا ، سەن يەنە ھەممىسىگە ئېيت ! ــــ دېدى قاراقچى باشلىقى ئەكبەرگە ۋارقىراپ ، ــــ دەرھال ئالتۇن ـ كۈـ مۈشلىرىنى بىر يەرگە ، رەخت ـ گەزماللىرىنى يەنە بىر يەرگە تاشلىسۇن !

كىشىلەر نالە ـ پەرياد قىلىشقا باشلىدى ، ئۇلار پۇللىرىـ دىن ، ماللىرىدىن ئايرىلىپ ، بۇ ئۇزاق سەپەردە ، بۇ ئايىغى يوق

دەشت ـ باياۋاندا قانداق ياشايدىغانلىقىنى ، قۇتلۇق ھەج سەپە-
رىنىڭ پېرىم يولدا قېلىپ ، ئاللانىڭ بەيتىنى تاۋاپ
قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ زار ـ زار يىغلاشتى ، ھەتتا بەزىلەر
بۇنداق دەرد ـ ئەلەمدە نا ئۈمىد ياشىغۇچە قاراقچىلار بىلەن
ئېلىشىپ ، ئۆلارنىڭ رەھىمسىز قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىشنى
ئەۋزەل كۆردى ...
كىشىلەر پاتىپاراق بولۇپ ، ئۈمىدسىزلىككە ، ئەنسىزلىككە
چۆشكەن شۇ پەيتتە ، ھېلىمشا بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا چىقىپ ،
قاراقچى باشلىقىغا روبىرو بولدى . بۇلارنىڭ ئارىسى 20 قەدەمدەك
كېلەتتى . ئۇ ، ئەكبەرنىڭ تەرجىمانلىقى بىلەن قاراقچى باشلىقىغا
مۇنداق دېدى :
— مەن مۇشۇ قۇتلۇق سەپەرگە چىققان كارۋاننىڭ
كارۋان بېشى ! سەن بىزنىڭ مال ـ دۇنيايىمىزنى ئالمەن دې-
سەڭمۇ مەيلى ، بېرىمىز ، جېنىمىز ئامان قالسا بولدى . ئەمما ،
مەندە مال ـ دۇنيادىنمۇ ئېسىل بىرنەرسە بار ، ئۇنى بىزنىڭ يۇرت-
تىكى خەلق ئەرەبىستان پادىشاھىغا ھەدىيە قىلىپ ، مېنىڭ
تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغان ...
— نېمە ئۇ ؟! — ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالدىراپ سورىدى
قاراقچى باشلىقى ، — قېنى چىقار ، مەن كۆرۈپ باقاي ! ...
قاراقچىلارمۇ ، كارۋاندىكىلەرمۇ ھېلىمشانىڭ نېمە
قىلماقچى بولغانلىقىغا قىزىقىپ ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يې-
نىدىكى ئەكبەر بىلەن قاسىم تايغان ۋە ئاتىخانلارغا قاراپ ،
كۆزىنى ھەييارلارچە قىسىپ قويدى ، ئاندىن قوينىدىن قىزىل
دۇردۇن ياغلىققا ئورالغان بىرنەرسىنى چىقاردى ۋە ئۇنى سول
قولىنىڭ ئالقىنىدا قويۇپ ، ياغلىقنى ئالدىرىماي ئاچتى ، ھېلىم-
شاغا قىيپاش چۇشۇپ تۇرغان كۈن نۇرى ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى بىر
تىزىق ئۆرۈك يېلىمدەك سۇزۇك ، ساپ كەھرىۋانى يالت ـ يۇلت

چاقنتىپ، قاراقچىلارنىڭ كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلىۋەتتى.

— سەن ئۇ نەرسىنى ئاشۇ يەردە قويۇپ، ئۆزۈڭ ئارقىغا چېكىن! — دېدى قاراقچى باشلىقى ۋارقىراپ، — مەن بېرىپ ئۇنى كۆرىمەن!

— ياق بۇرادەر، بولمايدۇ! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ھېلىمشا، — بۇنداق قۇتلۇق نەرسىنى يەردە قويۇشقا بولمايدۇ، بۇ بىزنىڭ قائىدە، ئىرىم. ئەگەر كۆرمەكچى بولساڭ، مەن مۇشۇنداق تۇتۇپ تۇرىمەن، ئۆزۈڭ كېلىپ كۆر ياكى بولمىسا، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا بېرىپ كۆرسىتەي، مېنىڭ قولۇمدا مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق!

قاراقچى باشلىقى ئويلىنىپ قالدى، ھېلىمشانىڭ قولىدىكى كەھرىۋا ھېلىغىچە ئۇنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، ئاجايىپ سىرلىق بىرنەرسە سۈپىتىدە مەيلىنى تارتىپ تۇراتتى، شۇ تاپتىكى ھېلىمشانىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، قاراقچى باشلىقىنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىش ئىدى.

— بوپتۇ، سەن ئۆزۈڭ يالغۇز مېنىڭ يېنىمغا كەل! — دېدى ئاخىر قاراقچى باشلىقى تەقەززالىق بىلەن، — مەن قولۇڭدىكى نەرسىنى كۆرىمەن! باشقىلار ئۆز جايىڭدا دۇم يېتىش، مىدىرلىساڭ نەيزە يەيسەن!

ھېلىمشا ئۆزىنى توختىتىپ، مەزمۇت قەدەم بىلەن قاراقچى باشلىقىنىڭ ئالدىغا ماڭدى، باشقىلار ئۆز جايىدا دۇم يېتىپ، كۈتۈلمىگەن مۆجىزىلىك، خەيرلىك ئىشلارنىڭ بولۇشىنى تىلەپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلار تەرەپكە قاراشتى.

كىشىلەرنى تەقەززا قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى، قاراقچى باشلىقىنىڭ غەزەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن، ئەبلەخ! مۇشۇ ئاددىي مارجان بىلەن مېنى ئالدىماقچىمۇ؟!



كىشىلەرنى يەنە ۋەھىمە باستى، ھېلىمشانىڭ بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشتى. لېكىن، مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى: ھېلىمشاھ خۇددى بۆرىدەك بۆسكەكلىك بىلەن قاراقچى باشلىقىنى ئاتتىن يۇلۇپ ئالدى. ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى ئويلىغان ئىشىمۇ مۇشۇ ئىدى، يىلاننىڭ بېشى يانجىلسا، قالغان يېرى كارغا كەلمەيتتى.

ھېلىمشا قاراقچى باشلىقىنى يەرگە بېسىپ دىسسىۋالدى، ئاندىن يېنىدىكى كۈمۈش تولتىلىق شەمشەر پىچىقىنى شارتتىدا سۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ بوغۇزىغا تىرىدى. بۇ ئىشلار شۇنداق تېز يۈز بەردىكى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ، نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى.

شۇ چاغدا بىرئاز ئېسىگە كېلىپ، ھېلىمشاغا ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغان باشقا قاراقچىلار ئۆز جايىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. چۈنكى، قاراقچى باشلىقى بوغۇزىغا قادالغان شەمشەرنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە بويىنىنى ئۈزۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا ۋارقىرىغان ئىدى. لېكىن شۇ ئارىلىقتا، ھېلىمشانىڭ ئارقا تەرىپىدە — ئون نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان بىر قاراقچى قولىدىكى پىچاقنى چەنلەپ ئېتىۋىدى، پىچاق ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ، ھېلىمشانىڭ دۈمبىسىگە سانجىلدى. بۇ زەربىدىن ھېلىمشانىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، چىشلىرىنى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلاتتى، ئېزىق چىشلىرىنىڭ كىرىشىشىدىن جاغ سۆڭەكلىرى تومپىيىپ كەتتى. ئەگەر قولىدا بۇ چوڭ ئولجا بولمىغان بولسا، ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلىقى بەتبەشرە قاراقچىنى خېمىر چەيلىگەندەك چەيلىۋەتكەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراقچى باشلىقى مۇھىم ئىدى. شۇڭا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھەممە ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن ئالدى، تىزىدا تېخىمۇ قاتتىق دىسلاپ، چويۇندەك تۈگۈلگەن مۇشتى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە

ئۇرۇۋىدى، قاراقچى باشلىقىنىڭ تاغاق سۆڭىكى سۇنۇپ، پېقىش - پېقىش بولۇپ كەتتى. ئاغرىقىغا چىدىمىغان قاراقچى باشلىقى چىرقىراپ ۋايجانلاپ كەتتى.

— ئادەملىرىڭگە ئېيت، دەرهال كەتسۇن! — دېدى هېلىمشا ئۇنى بۇركۇتتەك باسمادىغان پېتى، — بولمىسا، سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن! ئۇلار كەتسە سەن ئامان قالىسەن!

قاراقچى باشلىقى ئالتاغىل ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى سەت هەم سوغۇق ئىدى. يىراق - يىراقتا قاراپ تۇرغان قاراقچىلار ئۆز ئاتامانىنىڭ ئېچىنىشلىق هالىتى بىلەن هېلىمشانىڭ ئوت پۈركۈيدىغاندەك غەزەپلىك ئەلپازىنى كۆرۈپ، بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى غىپ - غىپ تىكىۋەتتى...

كارۋانغا جان كىردى، ئۇلار خۇشال - خۇرام ۋارقىرىشىپ، هېلىمشانى ئورىۋالدى، هېلىمشانىڭ پىچاق قادالغان يېرىدىن توختىماي قان ئېقىپ، ئۇنى خېلى هالسىرىتىۋەتكەن ئىدى. ئەكبەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، هېلىمشانىڭ دۈمبىسىدىكى پىچاقنى ئاۋايلاپ تارتتى، ئاندىن ئاق كۆڭلىكىنىڭ بىر پېشىنى يىرتىپ، يارا ئاغزىغا تىقتى. باشقىلارمۇ هېلىمشانىڭ تەرلىرىنى ئېرتىپ، توپىلىرىنى قېقىپ، ئۇنىڭغا بارىكاللا، ئاپىرىن ئېيتىشتى. قاسىم تايغان ئىنجىقلاپ ياتقان قاراقچى باشلىقىنىڭ پۇت - قولىنى باغلىۋەتتى.

— بۇ يەردىن دەرهال كېتەيلى، — دېدى هېلىمشا چىرايى تاتارغان، هالسىز قىياپەتتە، — بايا كەتكەن قاراقچىلارنى يەنە يول توسۇپ، ئۆچ ئالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ماۋۇ ئاتامانىنى گۆرۈگە ئېلىپ ماڭايلى!

— توغرا گەپ بولدى، — دېدى قاسىم تايغان ۋە قاراقچى باشلىقىنىڭ بىر چەتتە كىشنەپ تۇرغان ئېتىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى شۇ ئاتقا غانجۇغلاپ ئارتتى.

كـارۋان يـولغا چۈشتى ، ھېلىمشا قاسىم تايغاننىڭ ئېتىنى مىـنىـۋالـغـان ئىدى ، ئەكبەر ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدا بىللە ماڭدى .

ئاتىخان كارۋاندىكىلەرگە مۇنداق دېدى :

— بـىز كەچكىچە ئادەم بار يەرنى تاپمىساق بولمايدۇ ، ھېلىمشا بىزنى دەپ يارىلاندى ، كۆن ئىسسىق ، ئەگەر بىرەر تېۋىپ تېپىپ ئۇنىڭ يارىسىنى ئوبدان تاڭدۇرمىساق ، زەھەر ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن .

كـارۋان شۇ مەسلىھەت بىلەن قاراقچى باشلىقىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى ، ئۇنىڭمۇ جېنى قاقشاپ تۇراتتى . شۇڭا ئۇ راست گەپ قىلىپ ، ئېدىرلىقنىڭ سول تەرىپىنى بويلاپ ماڭسا ، كۆن پاتقۇچە « كـەرگـىـل » دېـگەن بىر يۇرتقا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . كارۋان قاراقچى ئېيتقان يۆنىلىش بويىچە يۈرۈپ كەتتى .

يولدا كېتىۋېتىپ ، ئەكبەر ھېلىمشاغا مۇنداق دېدى :

— ساڭا قول قويدۇم، كارامەتلىرىڭ جىق ئىكەن، ھېلىمشا ئاكـا ، — خـۇشاللىق ، قايىللىق ۋە رازىمەنلىكتىن ئۇنىڭ يۈزلىرى يـال - يـال بـولـۇپ كەتكەن ئىدى ، — بۇ ئىشلار ئەقلىڭگە قانداق كـەلدى ؟ ھە راست، ھېلىقى كەھرىۋا نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى ؟

ھېلىمشا ئەكبەرگە قاراپ كۈلدى ، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى دەردلىك ، ئازابلىق كۈلكە ئىدى :

— ئۇ ئۇزاقـتـىـن بېرى يېنىمدا بار ئىدى ، مەن ساڭا خوتـۇنـۇمنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن دەپ ئېيتقانىدىم ، خوتۇن بىچارە ئۆيدىن كـېـتـىـدىغان چاغدا ، بوينىدىكى ئاشۇ كەھرىۋانى ماڭا يادىكار قىلـىـپ مـاڭـغان ، شۇنىڭدىن بېرى مەن ئۇنى يېنىمدىن ئاجراتماي كـەلگەن ئىدىم . بۈگۈن ئۇنىڭ بۇنداق كارغا ياراپ قالغانلىقىدىن ئۆزۈمـمـۇ ھەيـران قـالـدىـم . ئۇرۇش دېـگـەن شـۇ ، بـىرى جەڭ ، بىرى تۇققۇزى رەڭ !

— بىز ھەممىمىز ساڭا قەرزدار، ھېلىمشا ئاكا، — دېدى ئەكبەر چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، — شۇنچە ئادەمنىڭ جېنىنى، مېلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ!

— خۇدا قۇتۇلدۇردى، مەن پەقەت تەدبىرىنى قىلدىم!

ھېلىمشا ئەكبەرگە قاراپ ھىجايدى، ئۇنىڭ ھىجىيىشى يېقىملىق ھەم سەممىي ئىدى.

## 2

«كەرگىل» دېگەن ئىككى تاشلىق سۇيى بار ئۆستەڭ ياقىسىغا جايلاشقان، ئوتتۇز نەچچە ئائىلىلىك خىلۋەت بىر يۇرت ئىدى.

كارۋان قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۆستەڭ بويىغا چۈشكۈن قىلىپ، ھېلىمشانى سالقىن، يۇمشاق بىر يەرگە ياتقۇزدى، ئەتراپتا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى، قاسىم تايغان بىلەن ئەكبەر ئۇ يەرگە بېرىپ، تېۋىپ ئۇقۇشماقچى ھەم بىرئاز ئوزۇق ـ تۈلۈك تاپماقچى بولۇشتى.

ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ يەردە بىر ئايال بىلەن قىپيالىڭاچ ئىككى بالا تۇراتتى. ئايال بۇ بالىلارغا سۈت بېرىش ئۈچۈن ئۆچكە سېغىۋاتاتتى. بالىلار قاسىم تايغان بىلەن ئەكبەرنى كۆرۈپ ۋارقىراشقىنىچە ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. ئەكبەر ئۇلارنى چاقىردى ۋە «قورقماڭلار» دەپ ئۇلارغا سىڭا مۇشتەك ناۋات بىلەن بىر چاڭگال گۈلە ـ قاقنى تەڭلىدى.

بالىلار ئىشىكنى قىيا ئېچىپ ماراپ، قورقۇپ تۇراتتى. ئەكبەر قولىدىكى قاقتىن بىرنى يېدى ۋە ناۋاتتىنمۇ كىچىككىنە ئاغزىغا سېلىپ شوراپ تامشىپ قويدى. بۇ ئىشلارنى ئۆچكە ساغقاچ كۆزىتىپ تۇرغان ھېلىقى ئايال بالىلىرىغا بىرنەرسىلەرنى دەپ

ۋارقىرىدى. باللار ئاستا ئۆيدىن چىقتى ۋە قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، قورقان، قورۇنغان هالدا ئەكبەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالدى. ئاگغىچە بۇلارنىڭ ئەتراپىغا قوشنا ئۆيدىكى ئادەملەر ئولاشتى. ئۇلارنىڭ ئۆڭى قارا ۋە قوڭۇر ئىدى، بەزى ئەرلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن جىڭگىل چاچلىرى گەدىنىگە چۈشەتتى، ئۇستۋاشلىرىمۇ غەلىتە هەم رەددى - بەدەل ئىدى.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا كىيىم - كېچەك، چىراي - شەكلىدە بىرئاز پەرقلىنىپ تۇرغان ئېگىز بوي، قىزىلكوس، ساقاللىق بىرسى ئەكبەر بىلەن قاسىم تايغانغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى يۇمشاق، سىلىق ئىدى. بۇ، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاقساقىلىدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، كارۋاندىكىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمىدى، ئەكبەر ئەرەبچە سۆزلىۋىدى، ئۇمۇ چۈشەنمىدى. شۇ هامان ئەكبەرنىڭ ئېسىگە ئاز - تولا ئەرەبچە بىلىدىغان هېلىقى قاراقچى باشلىقى كەلدى، ئۇلار ئىما - ئىشارىلار بىلەن بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى چۈشكۈن يېنىغا كەلدى. قاراقچى باشلىقى ئۇ يەردە بىر تۈپ كاۋچوك دەرىخىگە باغلاپ قويۇلغان ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭمۇ هالى پەس، ئاغرىق دەردىدىن سالپىيىپ كەتكەن ئىدى.

— ئۇنىڭغا ئېيتىقىن، بىزگە بىر تېۋىپ تېپىپ بەرسۇن، — دېدى ئەكبەر قاراقچى باشلىقىغا، — بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياردار بار. ئاندىن ئات - ئۇلاغلىرىمىزغا يەم - خەشەك سېتىپ بەرسۇن.

قاراقچى باشلىقى تەرجىمە قىلىپ بەردى، لېكىن ئاقساقال بۇ سۆزلەر قۇلىقىغا كىرمىگەندەك، ئۆز قوۋمىدىن بولغان بۇ تۇتقۇن تەرجىمانغا قاراپ تۇرۇپ قالغان ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قېلىن لەۋلىرى پۈرۈلدى. تۇتقۇنمۇ ئۇنىڭدىن نىجاتلىق كۈتكەندەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئىلتىجا

بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزگەن ئاتىخان بىر خىل ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەكبەر ئارقىلىق قاراقچى باشلىقىغا مۇنداق دېدى:

— سەن بۇ يۇرت بېشىغا ئوچۇق ئېيت، بىز ھەجگە ماڭغان ھاجىلار، ھېچكىمگە دەخلىمىز يوق. لېكىن، بىز بۇ قۇتلۇق سەپەردە بۇگۈن قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق، بىر ئادەمىمىز يارىلاندى. ئۇ بىزگە ياردەم قىلسۇن، بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەنلىرىگە ھاياتلىق، ئاسىيلارغا ماماتلىق بېرىدۇ. قىيامەت كۈنى ياخشىلارغا ساۋاب، يامانلارغا ئازاب قىلىدۇ!

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشى بىھۇدە بولۇپ چىقتى. يۇرت ئاقساقىلى ئىمانى كامىل، ھالال ياشايدىغان، تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ تۇتقۇنغا قاراپلا، ئۇنىڭ يول توسۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولغان قاراقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. ئېتىقادى چىڭ بۇ ئادەم خۇدا يولىدا سەپەرگە چىققانلارنى توسۇپ، مۆمىنلەرنى قاقشىتىدىغان بۇنداق كۆڭلى قارا تەلۋىلەرنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا يۇرت ئاقساقىلى تەرىنى تۈرۈپ، تۇتقۇنغا بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى، تۇتقۇننىڭ شۇ ھامان چىرايى ئۆزگىرىپ، بايىقى ئۈمىدلىك قاراشتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئاندىن ئۇ ئاتىخان ۋە قاسىم تايىغانلارغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىلەر خاسىيەتلىك سەپەرگە چىقىپسىلەر، كۆپ رىيازەت تارتىپسىلەر، سىلەرگە ياردەم قىلىش ئاللا يولىدىكى ساۋابلىق ئىش! بىزنىڭ بۇ يەردە بىر تېۋىپ بار، ھازىر چاقىرىپ كېلەيلى، ياردىمى تەگسە ئەجەب ئەمەس...

ئاقساقال يېنىدا تۇرغان ياش بىر بالىغا بىرنەرسىلەرنى

دەپ ، تېۋىپنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ، ئۇ پىلتىڭلاپ يۈگۈرگىنىچە ، ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى زومچەك - زومچەك ئۆيلەر تەرەپكە قاراپ كەتتى .

ئۇزاق ئۆتمەي تېۋىپ يېتىپ كەلدى . ئۇ ، ئاندا - مۇندا ئاق ئارىلىغان ئۇزۇن چېچىنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى تەرەپكە ياما ئارىغان ، ئەمما يۈزى كوسا ، بويىنغا ھەر خىل تاشلار — كەھرىۋا ، كۆزمۇنچاق ، ھېقىق ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇن تەسۋى ئېسىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق ، دۈمچەكرەك ئادەم ئىدى ، تېۋىپلىق ئۇنىڭغا ئاتا مىراس ئىدى . ئۇ ھېلىمشانىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، يارىسىنى كۆرۈپ ، خىرگەي ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— مەن بۇ كىشىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويىمەن ، لېكىن تېزراق چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپارمىساڭلار بولمايدۇ ، يۇقۇملىنىپ كېتىدۇ !

تېۋىپ مۇشۇ يەردىكى ئوت - چۆپ ۋە مەدەن - تاشلاردىن ياسالغان مەلھەم دورا بىلەن ھېلىمشانىڭ يارىسىنى تاڭدى . ئۇزاق ئۆتمەي دورا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى ، ھېلىمشانىڭ ئاغرىقى پەسىيىپ جېنى خېلى ئارام تاپتى ...

قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ، كارۋان بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم - بېرىم سودىسى قىزىپ كەتتى . يەرلىك خەلق چوڭ بازارلاردىن يىراق ، خىلۋەت يەردە ياشىغاچقا ، ئۇلار ئۇچۇن ھەرقانداق پۇلنىڭ قىممىتى يوق ئىدى ، شۇڭا ئۇلار ئۆز بىساتىدىكى نەرسىلەرنى جانغا ئەسقاتىدىغان تەييار نەرسىلەرگە تەڭ قىممەتتە ئايرىۋاشلايتتى . كارۋان ئۇلارغا تۇز ، چاي ، سەرەڭگە ، رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى بەردى . ئۇلار بولسا ، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان بېدە - سامان ، بوغۇز ۋە ئېتىز قىرلىرىدا ئۆستۈرگەن ئاپېلسىن ، بانان ، ماڭگو قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەرنى بەردى . ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىش ئارقىلىق مۇۋاپىق

ئۆلچەم تۇرغۇزدى، مەسىلەن بىر پىيالە ئاق تۇز يەتتە پىيالە ئارپىغا، ئالىقاندەك چوڭلۇقتىكى قاراچاي يېرىم تاغار سامانغا، بىر غۇلاچ پاختا رەخت بىر سېۋەت مېۋىگە ئالماشتۇرۇلدى. بۇنداق ئۆلچەمدىن ھەر ئىككى تەرەپ رازى - رىزا بولۇشتى.

كارۋاننىڭ يەم - خەشكى تولۇقلىنىپ، يېڭى سەپەر ھازىرلىقى پۈتتى. شۇ كېچىسى ئۇلار ئۆستەڭ بويىغا چېدىرلىرىنى تىكىپ، خاتىرجەم، خىرامان ئۇخلىماقچى بولۇشتى. لېكىن، ئەكبەرنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇ كۆز ئالدىدا دالىيىپ ياتقان ئايدالاغا قارىدى، تەبىئەت سۈكۈناتقا چۆمگەن، ئۇچار قاناتلار بىلەن قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ ئۇۋىلىرىغا كىرىپ تىنچىغان ئىدى، شامال مەيىن سوقۇپ، چۆلنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى پىنھان ھىدلارنى دىماغقا ئۇراتتى. ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاينىڭ سىمابتەك يورۇق نۇرلىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل دالا يۈزىنى يورۇتماقتا ئىدى ...

ئەكبەر ئۆز يۇرتىدىن چەندان يىراق بولغان بۇ بىگانە، يات يەرنىڭمۇ ئۆز يۇرتىدەك يېقىملىق، تىنچ ۋە گۈزەل سېھرىي كۈچىدىن ھەيران بولۇپ، بىر خىل مەپتۇنلۇق تۇيغۇسىغا چۆمدى. ھەر خىل ئۇچقۇر خىياللار ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۇيقۇسىنى ئېلىپ قاچتى ...

شۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزدى، ئۇ زەن سېلىپ تىڭشىۋىدى، ئىتقا ئوخشاش بىرنەرسىلەرنىڭ قاۋىغانلىق، تالاشقانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ ئەسەبىي ھەم يېقىمسىز ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، بارغانسېرى غولداپ، كۈچىيىپ كەتتى.

ئەكبەر تاكى يېرىم كېچىدىن ئاشقۇچە، بۇ ئىتلار كېلىپ بىزنى تالىۋېتەرمۇ، دېگەن ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنى تىنچ، گۈزەل تەبىئەت قوينىدا ئەمەس، بەلكى ئىت

قىياپىتىگە كىرىۋالغان جىن ــ ئەرۋاھلار دۇنياسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، بەدىنىنى سوغۇق تىترەك باستى!...

لېكىن، يەنە ئۇيقۇ غالىب كەلدى، ئەكبەر ئەنە شۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە خىرە ــ شىرە ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا جاھان تىپتىنچ ئىدى، ئەتراپتا ئىتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەكبەر كېچىچە ئاڭلىغان غەلىتە ئاۋازلارنى باشقىلارغا ئېيتتى، باشقىلارنىڭمۇ ئىلەڭ ــ سىلەڭ ئۇيقۇلۇقتا ئاشۇنداق بىر قىسىما ئاۋازلارنى ئاڭلىغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇلار ھەيران بولۇشتى، كېيىن ئۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلگەن كەرگىللىكلەرنىڭ ئەيت ــ ئەڭگىزىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك يۈز ــ كۆزلىرىدە يەڭگىل تىرناق ئىزى، كۆك ۋە ئىششىق بار ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى قىزىقىشقا، قىزىقىشى ئىزدىنىشكە ئۆزگەردى. ئەكبەر بىزەڭلىك بىلەن سوراپ، كوچىلاپ يۈرۈپ، ئاران تەستە بۇ ئىشنىڭ كىچىككىنە تېگىگە يەتتى:

ئەسلىدە، بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى كەربالا ① جېڭىگە قاتنىشىپ، ئىمام ھۈسەيىننى ئۆلتۈرگەن 70 ئادەمنىڭ ئۇرۇق ــ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇلار بۇ شاھزادىنى ئۆلتۈرىدىغان چاغدا، ئۇ زات: «خۇدايىم، سەنلەر قىيامەتكىچە بىر ــ بىرىڭلارنى ئىتتەك تالاپ ئۆتۈپ كېتىشەرسەن!» دەپ ئۇلارنى قارغىۋەتكەن ئىكەن! شۇنىڭدىن بېرى، ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە ھەممە ئۆيلەردە ئىتتەك قاۋاپ، بىر ــ بىرى بىلەن تالىشىدىكەن، ئەر بىلەن خوتۇن، دادا بىلەن بالا يات ــ بېگانىلاردەك بولۇپ كېتىدىكەن، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بولسا، ئۇلار يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆتۈۋېرىدىكەن. بۇ ئىش ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا ئاشۇنداق داۋام قىلىپ كەپتۇ!...

① كەربالا ــ باغداتنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق.

بۇ، بىر رىۋايەت تۈسىنى ئالغان دىنىي چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئەكبەر ئۈچۈن ھەقىقەت ئىدى. ئۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتەن ئىتتەك قاۋىشىپ، تالىشىپ، ئۆرۈشۈپ چىققانلىقىنى كېچىچە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى، ئەتىسى شۇ جېدەل-ماجىرانىڭ ئىزناسىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بۇ دۇنيادا نېمە ئىشلار بولمايدۇ؟ بۇ، تولىمۇ مۇرەككەپ، بىپايان دۇنيا! بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئەڭ ئەقىللىق ئىنسان دېگەنمۇ ئاجايىپ قىزىق مەخلۇق! ئىنساننىڭ ھاياتى ھەمىشە توختاۋسىز داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتىدۇ. بۇ داۋالغۇش ئۇنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئۆزى قورقىتىدىغان جىن-ئالۋاستىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شۇنىڭدىن قورقۇپ ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتىدۇ؛ بەزىدە ئۆزى چوقۇنىدىغان مۇقەددەس مە-بۇدلارنى ياساپ چىقىپ، شۇنىڭ ئىشق-پىراقىدا ئۆتىدۇ؛ بەزىدە بولسا، ئۆزىنى ئۆزى جازالاش ئۈچۈن، قىسما-قىسما ئەمرىمەرۇپلارنى كەشىپ قىلىپ، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا شۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشايدۇ!...

زامانىۋى مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قالغان بۇ يىراق، خىلۋەت يېزىدىكى بەختسىز، نادان كەرگىللىكلەرنىڭ بۇنداق غەلىتە قىلمىشلىرىمۇ ئاشۇ ئىنسان قىسمەتلىرىنىڭ قىزىق كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشى ياكى ئېچىنىشلىق بىر تراگېدىيىسى ئىدى!...

كارۋان يولغا چىقىدىغان چاغدا، يۇرت ئاقساقىلى ھېلىقى قاراقچى باشلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەمدى بۇ تۇتقۇننى ئۆزۈڭلارغا يۈك قىلماڭلار، ئۇ مۇشۇ يەردە قېلىپ، جاجىسىنى تارتسۇن! بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىڭلارنىڭ بىخەتەر، ئاقيوللۇق بولۇشىنى تىلەيمىز!

ھەممىگە ۋاكالىتەن ئاتىخان ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ، قىز-غىنلىق بىلەن:

— رەھمەت، نۇرغۇن مۇشكۈللۈكلىرىمىزنى ئاسان قىلدىڭلار، سىلەرگە كۆپ رەھمەت! — دەپ تەشەككۈر ئېيتتى.

كارۋان يولغا چىقتى، ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز ھاردۇق ئالغاچقا، خېلى تېتىكلىشىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ئادەملەردىن تارتىپ ئات - ئۇلاغقىچە روھى بەلەن، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئادەمنى دىمىقتۇرىدىغان ئىسسىق چۆل سەپىرى يەنە داۋام قىلدى.

## 3

ھارغىنلىق، تەشنالىق ۋە قاتمۇقات جاپالارغا تولغان زېرىكىشلىك كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈۋەردى. كۈنلەر ھەپتىلەرنى، ھەپتىلەر ئايلارنى تۇغدى.

قاسىم تايىغان باشلاپ ماڭغان 29 كىشىلىك بۇ ھەج كارۋىنى قەشقەردىن چىقىپ، 97 كۈن بولغاندا، پاكىستاننىڭ كانجۇت ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنلەردە كانجۇت قالايمىقان، تىنچسىز ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا چوڭ كوچىدىكى بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە بىرنەچچە يەرلىك ئادەملەر: «گىلگىت بومبارى! گىلگىت بومبارى!» دەپ ۋارقىراشقىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ ئەنسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر خۇددى ھازىرلا بۇ يەرمۇ بومباردىمان بولىدىغاندەك، ھەر ياققا قېچىپ، پىتىراپ كەتتى. كارۋانمۇ دەرھال سارايغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى.

سارايۋەن ئۇلارغا ئەرەبچە سۆزلەپ:

— ھازىر ھىندىستان ئايروپىلانلىرى گىلگىتنى بومباردىمان قىلىۋاتىدۇ، سىلەر ئۇ يەرگە بارالمايسىلەر، مۇشۇ يەردە تۇرۇڭلار! — دېگەن گەپلەرنى ئۇقتۇردى.

بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەردىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل ۋەھىمە، ئۈمىدسىزلىك چۈلغىۋالدى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز ؟!

— شۇنچە يەردىن جاپا تارتىپ كېلىپ، ئەمدى بۇ يەرگە قامىلىپ قالارمىزمۇ ؟!

— ئاھ، خۇدا! بۇ بىزگە نېمە تارتقۇلۇق ؟!

— كەلمەي ـ كەلمەي، نەق ئۇرۇشنىڭ ئۈستىگە كەپتۇق ئەمەسمۇ ؟!

— ئىسىت ـ ئىسىت! بىز نېمانداق شور پېشانە! ...

مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە تەقدىر ئاللاغا قويۇۋاتقان سوئالى، پىغانى ھەم ھەسرىتى ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇلار خۇددى بىر سىي يۈرىكىنى سوغۇق قول بىلەن مۇجۇپ ئويناۋاتقاندەك بىئاراملىقتا، ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى دىللىرىغا پۈككەن قۇتلۇق ھەج سەپىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن يېرىم يولدا قېلىشىدىن، ئاللا يولىدا چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنىڭ ھەقدادىغا يەتمەيلا، جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ئازابلىناتتى.

دېمىسىمۇ، بۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەج قىلىشقا بولغان ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ چەكسىز كۈچى، ساداقەت ۋە تەقۋادارلىقنىڭ ھىدايىتى، ئىمان ۋە ئىنتائەتمەنلىكنىڭ رىغبىتى مۇجەسسەملەشكەن ئىدى! ...

ئەتىسى ئاتىخان، قاسىم تايغان، ئەكبەر قاتارلىق بىر نەچچەيلەن بازار ئارىلاپ، خەۋەر تىڭ تىڭلىدى، جاھان خېلى تىنچىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، دۇكانلار ئېچىلىپ، سودا ـ سېتىق قىزغىن بولۇۋاتاتتى.

شۇ يەردە ئۇلار ئىككى ئادەمنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى، بۇ تىل، بۇ ئاۋاز

ئۇلارغا شۇنداق يېقىملىق، سىڭىشلىق تۇيۇلدى. ئۇلار تەقەززالىق بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

بۇلارنىڭ بىرسى — دوغىلاق، قىرقىم ساقال، خۇش چىراي باقىھاجىم دېگەن كىشى شېڭ شىسەي ۋاقتىدا تىجارەت بىلەن بۇ يەرگە چىقىپ، كېيىن سىياسەتنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن يۇرتقا قايتالماي، كانجۇت بىلەن گىلگىت ئارىلىقىدا تۇرۇپ قالغان ئۇچتۇرپانلىق ئادەم ئىدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان سالام - سائەتتىن كېيىن، بۇ ئادەم ئۇلارنى گەزمالچىلىق دۇكىنىغا باشلاپ، قەنت - گېزەكلەر بىلەن چاي قۇيدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر چەت ئەلنىڭ ئادىمى، قورقماي مېڭىۋېرىڭلار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەجگە ماڭغانلارغا ھېچكىم دەخلى - تەرۇز قىلمايدۇ. مانا بۇ ئادەم ئاخشام گىلگىتتىن كەلدى، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ھەمراھىنى كۆرسىتىپ، — بىزنىڭ ھەمشېرىك. ئۇ يەردە چوڭ ئىش يوقتۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى تەستىقلاپ، — بەزى كۈنلىرى ھىندىستاننىڭ ئېزىپ قالغان ئايروپىلانلىرى كېلىپ ھەيۋە قىلىپ قويىدۇ، ناھايىتى بىردەملىك ۋەھىمە، كىشىلەر كۆنۈپ كەتتى!

— شۇ ئەمەسمۇ، ھەممىمىز كۆنۈپ كەتتۇق! — دېدى باقىھاجىم پەرۋاسىز ھالدا، — ئېغىلدا موزاي تۇغۇلسا، ئېرىق بويىدا ئوت - چۆپى ئۆسىدىغان گەپ. ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولۇۋېرىدۇ. تۈنۈگۈنكى گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ تىنچسىز كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. سىلەر خاتىرجەم سەپىرىڭلارنى داۋام قىلىڭلار. گىلگىتكە بارساڭلار، ئۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن لاھورغا بارىسىلەر، لاھوردىن پويىز بىلەن

كاراچىغا بارىسلەر، كاراچىدا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ جىددەگە بارىسىلەر، خۇدا خالىسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىڭلار ئو-ڭۇشلۇق، تېز بولىدۇ.

— ئىنشائاللا، دېگەنلىرى كەلگەي! — دېدى ئاتىخان خېلى خاتىرجەم بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا، بۇگۈن كەچتە كەمىنىلىرى ھەربىرلە-رىگە بىر پىيالىدىن يۇرت چېيى قۇيىمەن، — دېدى باقىھاجىم تەۋەززۇ بىلەن، — ئەتە ئەتىگەندە خۇدا بۇيرۇسا، كىلىگىتكە ئۇ-زىتىپ قويىمەن!

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت! — دېدى ئاتىخان تەسىرلىنىپ، ھاياجانلىق ئاۋازدا، — بىزنىڭ بۈگۈن بېجىرىدىغان مۇھىم بىر ئىشىمىز بار ئىدى، شۇنىڭغا ياردەم قىلغان بولسىلىرى...

— خوش، قولۇم كۆكسۈمدە! — دېدى باقىھاجىم ئور-نىدىن سەل - پەل قىمىرلاپ.

— بىزنىڭ بىر ھەمراھىمىز يولدا يارىلانغان، — دېدى ئاتىخان ھېلىمشانى تىلغا ئېلىپ، — شۇنى مۇشۇ يەردە دوختۇرغا بىر كۆرسىتىۋالساق دەيمىز.

باقىھاجىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال دۇكىنىنى تاقىدى ۋە ئاتىخان بىلەن بىللە سارايغا كېلىپ، يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشۈش ئۇنىڭغا خۇددى ئەل - يۇرتنى كۆرگەندەك، يېقىملىق، ھاياجانلىق تەسىرات ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانا يۇرتنىڭ ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان بىباھا ھىدى بىلەن مۇ-قەددەس تۇپراقنىڭ پاك زەر - تۇزانلىرى بالقىپ تۇراتتى، باقىھاجىم بۇلارنى ھىدلىدى، پۇرىدى ۋە تويىماي سۇمۇردى، شۇ-نىڭ بىلەن جۇدالىق، سېغىنىش ۋە ۋىسال ئىشقىدا ئوت بولۇپ

يـانـغـان يـۈرـىكى سەل ـ پەل ئارامىغا چۈشۈپ ، سەگىدىگەندەك بولدى ! ...

ئۇلار ھېلىـمىشانـى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، كانجۇتتىكى چـوڭ دوخـتـۇرخـانــىغـا ئېلىپ باردى . دوختۇر ئۇنىڭ يارىسىنى تـەكـشـۈرۈپ يـاتـاقـقا بۇيرۇدى . دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ يـارىسى يېتىپ داۋالانمىسا بولمايدىغان ھالغا يېتىپ قالغان ئىدى . لېكىن ، ھېلىمشا قەتئىي ئۇنىمىدى :

ـــ بۇنچىلىك ئاغرىققا سەپەردىن قالمايمەن ! ـــ دېدى ئۇ ئۆزىنى بەردەم تۇتۇپ ، ـــ دوختۇر دەۋېرىدۇ ، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمـگـە ئايـان . يـەنـە بىر تېڭىپ قويسۇن ، يولدا ياخشى بولۇپ كېتىمەن !

ئاتـىـخانىمۇ ، ئەكبەرمۇ ۋە باشقا ھەمسەپەرلەرمۇ ھېلىمشادىن ئايـرىـلـىـپ قېلىشنى خالىمايتتى . ئۇ بەزىلەر ئۈچۈن ھەم قالقان ، ھەم نـەيـزە بـولسا ، ئەكبەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان سادىق ھەمراھ ، سەمىمىي دوست ۋە ياخشى مۇڭداشچى ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ھېلـىـمـشـانىڭ قولىدىن ئاستا تارتىپ ، دوختۇرخانىدىن تېزراق كـېتىشنى ئىشارە قىلدى . ھېلىمشامۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى ، ئۇ بـۇنـچىلىك يارا ئۈچۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ ، قۇتلۇق سەپەردىن قـېلـىـشـنـى تولىمۇ بىمەنىلىك ، چىدىماسلىق دەپ بىلەتتى . ئۆز نـەزـىرىدە ، كىچىكىدىن تارتىپ پىچاق ۋە تاش ـ توقماق ئىچىدە يـۈرۈپ ئۆسـكـەن بـەدىـنى ۋە روھى خېلى مەزمۇت ، مۇستەھكەم ئىدى !

دوخـتۇر ئامالسىز ھېلىمشانىڭ يارىسىنى تېڭىپ قويدى ۋە قايتىدىغان چاغدا ئالاھىدە تاپىلىدى :

ـــ دىققەت قىلىڭلار ، يارا ئېغىزىدا يۇقۇملىنىش بار !

كـەچـتـە بـاقـىـھاجىم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مول ، ئەلۋەك داسـتـىـخـان سېلىپ كاتتا كۈتۈۋالدى . ئۇزاقتىن بېرى ، ئىسسىق

باسقۇدەك ئۆي تامىقى يېمىگەن مۇساپىرلار پولۇ، سامسا، ئۇگرە قاتارلىق تاماقلارنى يەپ تەرلەپ، ئىچ - ئىچىدىن يايراپ كەتتى.

ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ يېڭى سەپەر باشلاندى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتە، گىلگىت ئۆلارنى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە سوغۇق كۈتۈۋالدى. كارۋان كېلىشتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن ھىندىستاننىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ بومبا تاشلاپ، بىر ئادەم بىلەن بىرنەچچە قوي - كالىنى ئۆلتۈرۈپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، رەستە - كوچىلاردا ئادەم شالاڭ، ئەنسىز، دۇكانلار تاقاقلىق ئىدى.

ئۆلارنى گىلگىتنىڭ ھاجى ساھىب دېگەن بىر ساقچى باشلىقى كۈتۈۋالدى.

ئورۇق، ئېگىز بوي، قۇرغۇي بۇرۇن بۇ ئادەم بېشىدىكى ئۇزۇن كۇلانىڭ ئۈستىگە قىزىل سەللە ئورىۋالغان ئىدى.

— پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بار، — دېدى ئۇ ئەرەبچە سۆزلەپ، — بىز ھاجىلارنى توسماي، ئاۋارە قىلماي ۋاقتىدا يولغا سالىمىز. لېكىن، ھازىر ۋەزىيەت جىددىي، جەمئىيەت مۇقىمسىز. شۇڭا، سىلەرنى بۇرۇنقىدەك بۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن لاھورغا، ئاندىن پويىز بىلەن كاراچىغا يولغا سېلىپ قويالمايمىز. سىلەر ئەڭ ياخشىسى، چىلاس يولى بىلەن راۋالپىندىغا بېرىڭلار! جاپا چەكسەڭلارمۇ، تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئەۋزەل!

— توغرا، بىزمۇ ئامان - ئېسەنلىكنى تىلەيمىز! — دېدى ئاتىخان ساقچى باشلىقىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشىنىپ، — لېكىن، بىزنىڭ ئاتچىمىز بىزنى مۇشۇ يەرگىچە ئەكېلىشكە پۈتۈشكەن، ئەمدى ئۇ كىشى ئاتلىرىنى ئېلىپ قايتمىسا بولمايدۇ. بىز چىلاس يولى بىلەن راۋالپىندىغا قانداق بارىمىز؟

— بۇنىڭ چارىسى پۇل! — دېدى ساقچى باشلىقى كۈ-

لۇپ تۇرۇپ .

— پۇلدا گەپ يوق ! — دېدى ئاتىخانمۇ مەردانىلىق بىلەن .

— ئۇنداق بولسا ياخشى ، — ساقچى باشلىقى قېنىق چاي دەملەنگەن ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ داۋام قىلدى ، — بۇ يەردىن ئادەم ۋە ئۇلاغ ياللايسىلەر ، ئۇلار سىلەرنى باشلاپ ماڭىدۇ .

— بۇنداق ئادەمنى بىز نەدىن تاپىمىز ؟

— بىز تېپىپ بېرىمىز ، — دېدى ساقچى باشلىقى خەير-خاھلىق بىلەن ، — پەقەت پۇل ئىشنى ئۆزلۈكلار سۆزلىشىپ پۈتۈشىسىلەر .

— بولىدۇ ، — دېدى ئاتىخان خۇشال بولۇپ ، — سىزگە رەھمەت باشلىق !

ئەتىسى قاسىم تايغان ھەممىيلەن بىلەن خوشلاشتى . بەزىلەر كۆز يېشى قىلدى ، بەزىلەر ئۇنى قىيالماي ، شەھەرنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

قاسىم تايغان كانجۇتقا بېرىپ ، باقىھاجىم ئارقىلىق شۇ يەردىن قەشقەر ياكى خوتەنگە توشۇلىدىغان دورا - دەرمەك ، رەڭ ۋە گەزلىمە قاتارلىق يۈكلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كېتىشنى كېلىشىپ قويغان ئىدى .

ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ، ئاتىخانلار يېڭى بىر يول باشلىغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن تۆگە ، ئات ۋە ئېشەكلەرگە مىنىپ ، چۆل ۋە ئېدىرلىقلاردىن ئۆتىدىغان چىلاس يولى بىلەن راۋالپىندىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

## ئالتىنچى باب

# تىنچسىز كۈنلەر

## 1

ئۇلار راۋالپىندىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قۇچاق ئاچقان شاۋقۇنلۇق، غۇژ - غۇژ بۇ شەھەر باشقىچە دۇنيا ئىدى.

راۋالپىندىنىڭ بۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالى بەكمۇ قالايمىقان، ئوسال ئىدى. يول ياقىلىرىدا پاسكىنا، غېرىب سەرگەردانلار يېتىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئاچ - يالىڭاچ، ھەقىقەتەنمۇ بىچارە ناتىۋانلار ئىدى. ئارقا كوچا، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر، قالايمىقانچىلىق، ۋەيرانچىلىق ۋە قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلاپ كەتكەن ئىدى. كىشىنى دىمىقتى قىلىدىغان يۇقىرى ھارارەت ۋە ئېغىر ئەمگەك كىشىلەرنى ھارغىن، چاچقۇن قىلىۋەتكەن ئىدى ...

ئەكبەر بىلەن ھېلىمشانى بۇ شەھەرنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى — ماي يولى، ئېلېكتر چىرىغى ۋە بەزى ئاۋات دۇكانلاردا ياڭراپ تۇرغان رادىئولىرى جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە قىزىقىپ، ئەجەبلىنىپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى خۇددى ھەيۋەتلىك ھىندىستان پىلىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالغىنىغا ئوخشايتتى.

ئۇلار شۇ قىزىقىش بىلەن كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى سايىۋەنلىك چوڭ بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇ يەرگە خېلى كۆپ ئادەم توپلىشىۋالغان ئىدى، ئۇلار دۇكاننىڭ پەشتاختىسىغا قويۇلغان كىچىك ساندۇقتەك رادىئودىن يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، دۇكاندار رادىئونىڭ يوغان قارا تۈگمىدەك بۇرىغۇچلىرىنى ئۇيان - بۇيان تولغىۋىدى، بىردەم ناخشا - مۇزىكا، بىردەم ئوردۇچە، ئىنگلىزچە گەپ، بىردەم غارت - غۇرت، غاژ - غۇژ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. دۇكاندار ئېرىنمەي تولغاپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر يەردىن ئوردۇچە سۆزلەۋاتقان بىر قانالنى تاپتى. كىشىلەر بايىقى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى شاپىپىدە توختىتىپ، رادىئوغا قۇلاق سالدى، ئەكبەر بىلەن ھېلىمشامۇ خۇددى بۇ گەپلەرنى بىلىدىغاندەك، بۇ گەپلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىمدەك، كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ جىممىدە تۇرۇشتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قىزىقىۋاتقىنى گەپ ۋە ئادەملەر ئەمەس، بەلكى رادىئو ئىدى. ئۇلار رادىئوغا قارىغانسېرى ئەقلى لال بولاتتى، بۇ سىرلىق ساندۇقنىڭ ئىچىگە بىرسى كىرىپ سۆزلەۋاتامدىكىن دېسە، ئۇنىڭغا ئادەم پاتمايتتى، ئادەم يوقمىكىن دېسە، ئادەمنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتاتتى. تېخى بىر يەرلىرىدىن ئالۋاستىنىڭ كۆزىدەك لاپ - لۇپ قىلغان چىراغلار يېنىپ تۇراتتى، يەنە تېخى ئوتقا قويغان چۆگۈندەك گىژىلدىغان ئاۋازىچۇ؟! ... ۋاي خۇدايىمەي، بۇ زادى نېمىدۇر؟ جىن - ئالۋاستىلارنىڭ كۈي ساندۇقمۇ يە؟! ... ئەكبەر بىلەن ھېلىمشا رادىئوغا قارىغانسېرى قىزىقتى، قىزىققانسېرى ئەجەبلەندى ...

خەۋەر ئاڭلاۋاتقانلار تۇرۇپلا ھاياجانلىناتتى، تۇرۇپلا خۇشاللىقتىن ۋارقىرىشىپ كېتەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، خەۋەر تۈگەپ مۇزىكا بىلەن ناخشا ئاڭلاندى، ناخشىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، مەرغۇللىنىپ ئېيتىلغان بىر يەرلىرى ئەكبەرگە خۇددى

ئۆز يۇرتىدىكى چايخانىلاردا ئاڭلىغان مۇقام ناخشىلىرىغا ئوخشىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى ...

ئۇلار ھەيرانلىقتا پاراڭلاشقاچ، توپ ئىچىدىن ئاستا سۇ-غۇرۇلۇپ چىقتى.

— ھېلىمشا ئاكا، ھېلىقى ساندۇقنىڭ ئىچىدە زادى نېمە باردۇر ؟ — دېدى ئەكبەر ھەيرانلىقى بېسىلماي، — ماڭا بەئەينى جىن - شەيتانلارنىڭ ئىشىدەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ! ...

— جەزمى شۇنداق ! — دېدى ھېلىمشا كېسىپلا، — ئۇ-نىڭ ئىچىگە ئادەم پاتمىغاندىن كېيىن، جىن - شەيتانلارنى ئالداپ كىرگۈزگەن گەپ. شۇنىڭ بىلەن، 72 خىل سىياقتا ئۆزگىرەلەيدىغان بۇ مەخلۇقلار گەپ قىلىپ، ئادەمچە ناخشا ئېيتقان ...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يۇرتداشلار !

ئۇلارنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە كۆتۈرۈلگەن بۇ تۇيۇقسىز ئاۋاز ھېلىمشانىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ھەر ئىككىسى تەڭلا ئارقىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، ئۇستىگە مەللە رەڭ جىلىتكە كىيىۋالغان، بېشىدا پاگىرى ①، پۇتىدا چەبلىسى ② بار، ساقاللىق بىر ئادەم مۇلايىم كۈلۈپ تۇراتتى.

— خۇش كەپسىلەر، يۇرتداشلار ! — دېدى ئۇ ئادەم كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزىتىپ، — مەن باياتىندىن بېرى سىلەرگە سەپسالدىم، قارىسام بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن مۇساپىردەك كۆرۈنۈسىلەر ...

— شۇنداق، ھەجگە ماڭغانتۇق، — دېدى ھېلىمشا ئۇ ئادەمنىڭ ئىسسىق قولىنى قىسىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە ئۇلۇشكۇن كەلگەن، « ھەمراھلىرىمىز » مۇساپىرخانا » دا قالدى.

---

① پاگىرى — سەللىگە ئوخشاش باش كىيىم.

② چەبلى — سەندەل كەشكە ئوخشىشىدىغان ئاياغ كىيىم.

ئۇنىڭ « مۇساپىرخانا » دېگىنى مۇشۇ يەردىن 300 چامدام نېرىدىكى چوڭ بىر بىنانىڭ دالدىسى ئىدى .

ئۇلار راۋالپىندىغا ئۇلۇشكۈن يېرىم كېچە بىلەن يېتىپ كەلگەن ئىدى .

چىلاس يولى گەرچە بىخەتەر بولغان بولسىمۇ ، لېكىن بەكمۇ جاپالىق ، مۈشكۈل بولدى . كارۋاندىكىلەر شۇنچە كۆپ يول يۈرۈپمۇ بىرەر كېچە ئارامخۇدا ئۇخلاپ باقمىدى ، ئەرلەر ئاساسەن دېگۈدەك پىيادە ماڭدى ، بەزى قېرىلار مادارىدىن كېتىپ زەمبىلگە چۈشۈپ قالدى . ئۇلار يولنى يۇرت ئىچى بىلەن ئەمەس ، ئادەمسىز چۆل - جەزىرىلەر بىلەن ماڭغاچقا ، ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق ۋە هارغىنلىق هەممەيلەننىڭ جانلىرىنى خورۇتۇپ ، بىر تېرە ، بىر سۆڭەك قىلىپ قويغان ئىدى ...

گىلگىتتىن ياللىغان يول باشلىغۇچىلار ئۇلارنى ئۇلۇشكۈن يېرىم كېچە بىلەن شەهەرگە ئەكىرىپ ، ئاشۇ بىنانىڭ دالدىسىدىكى بوش يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ كەتكەن ئىدى . ئۇلار بىرنەچچە سائەتنى هېچنېمىنى تۇيماي ئېغىر ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزدى . لېكىن ، ئەتىسى كۆزىنى ئېچىپ قويۇپ ، ئۆزلىرىنى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيالىي بىر دۇنيادا هېس قىلىشتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان بۇ كاتتا شەهەر تىنچسىز ، غوۋغاغا تولغان ، يات هەم بىگانە ئىدى . ئادەملەرمۇ ئۇلار بىلىدىغان ئادەملەرگە ئوخشاشمايتتى . شۇڭا ، بۇ يەرگە كېلىپلا ئۇلارنىڭ كۆزى قارىغۇ ، قۇلىقى گاس ، تىلى گاچا بولۇپ قالغاندەك ، هېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى . ئۆزلىرى چۈشكەن يەردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىغا بېرىشقا قورقاتتى ، بارسىمۇ بىرنەرسىلەرنى بەلگە قىلىپ قويۇپ باراتتى .

مانا بۈگۈن ئەكبەر بىلەن هېلىمشا زور غەيرەتكە كېلىپ ، ئۆزلىرى چۈشكەن يەردىن بىرنەچچە يۈز قەدەم نېرىدىكى چوڭ

رەستىگە كەلگەن ئىدى ...

— ئىسمىم باقىتارخان ، ئەسلىي يەكەنلىك ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — كىچىكىمدە دادام بىلەن بۇ يەرگە چىقىپ تۇرۇپ قالغان . مەن ھازىر تىجارەت ئىشى بىلەن پىششاۋۇرغا ماڭماقچى ئىدىم . لېكىن ئەمدى بارمايمەن ، سىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ كەتتى ، مەن سىلەرنى ئۆيۈمگە باشلاپ باراي ، مېھمان بولۇڭلار ، ئۆيۈم مۇشۇ يەردىن يېرىم چاقىرىم نېرىدىكى زابۇرۇلھەق كوچىسىدا .

بۇ ئادەم ھەقىقەتەن خۇشال ئىدى ، خۇشاللىقتىن قورۇق باسقان قارىمۇتۇق يۈزى يال - يال ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى . چۈنكى ئۇ ، بۇ يەردە تۇساتتىن ئۆز تىلىدا سۆزلىشۋاتقان يۇرتدىشىنى ، ئۇزاق يىل كۆرمىگەن ، كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان قوۋم - قېرىندىشىنى ئۇچراتقان ئىدى !

ئادەم بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشى مۇمكىن ، لېكىن پەقەت بىرلا نەرسىنى — نەدە تۇغۇلۇپ ، نەدە ئۆسكەنلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ ! يۇرت دەپ ئاتالغان ئاشۇ گۈزەل ، بىگانە زېمىندا ياشىغۇچى ھەربىر گۈل - گىياھنىڭ ، ھەربىر جان - جانىۋارنىڭ ، ھەربىر نەرسە - بۇيۇمنىڭ ئىنسان قەلبىگە ئورناشقان خاتىرىسى بولىدۇ . قاچانكى ، ئاشۇ نامنى تىلغا ئالغاندا ، ئۇلار «يالت» قىلىپ ، پۈتۈن گۈزەللىكى ، پۈتۈن جەلىپكارلىقى بىلەن ئادەمنىڭ كۆز ئۆڭىدە گەۋدىلىنىدۇ . ئەگەر سەن غەلۋە - غاۋۇرغا تولغان بىگانە شەھەر كوچىلىرىدا تۇساتتىن ئانا تىلدا گەپ قىلىۋاتقان بىرەر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالساڭ ، دەرھال دىلىڭ ئارزىقىپ ، ئۇنى توختىتىپ ، سۆزلەشكۈڭ ، مۇڭداشقۇڭ كېلىدۇ !...

ئۇزاق يىل يۇرتتىن ئايرىلىپ ، مۇساپىرچىلىقتا ياشاۋاتقان باقىتارخاننىڭ بۇگۈنكى ھېسسىياتى ، كەيپىياتى ۋە خۇشاللىقى

ئەنە شۇنداق ئىدى !

ئۇلار پاراڭلاشقاچ ، «مۇساپىرخانا» تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئەكبەر تېخىچە شۇ ھەيرانلىق بىلەن ھېلىقى «جىن - شەيتانلارنىڭ ئىشى» توغرىسىدا سورىدى .

— ئۇنى رادىئو دەيدۇ ، — دېدى باقىتارخان كۈلۈپ كېتىپ ، — ئۇ ئەنگلىيىدە ياسالغان ، ئۇنىڭدا پاكىستاننىڭ ، دۇنيانىڭ يېڭى - يېڭى خەۋەرلىرى تارقىلىدۇ ، ناخشا - مۇزىكىلار بېرىلىدۇ ...

ئۇ ، رادىئو ھەققىدە ئۆزى بىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېرىنمەي ، تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . لېكىن ، بۇ گەپلەر ھېلىمشا بىلەن ئەكبەرگە يەنىلا غۇۋا ، سىرلىق ئىدى .

— بايا ئۇلار تۇرۇپلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتىغۇ ، — دېدى ئەكبەر بايىقى رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ ، — شۇ چاغدا ھېلىقى ساندۇقتىن نېمە گەپلەر چىققان ؟

— ھە ، سەن ھەممىگە سەپسالىدىكەنسەن ! — دېدى باقىتارخان ئەكبەرنىڭ دولىسىغا قېقىپ ، — ھازىر رادىئودىكى خەۋەرلەر بەك كۆپ ، خەقلەرمۇ قىزىقىپ ئاڭلايدۇ . چۈنكى ، ھازىر ھەممە ئادەم يېڭى گەپلەرنىڭ ، ياخشى ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈتۈۋاتىدۇ . بايا رادىئودا ، پاكىستاننىڭ ھازىرقى داھىيسى مۇھەممەدئەلى جىننانىڭ موسكۋاغا بارغانلىقى ، قايتىش ۋاقتىدا ستالىننىڭ ئۇنىڭغا بىر پاراخوت يېمەك - ئىچمەك بىلەن كىيىم - كېچەك سوۋغا قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، ھازىر پاكىستاندىن ھىندىستانغا ، ھىندىستاندىن پاكىستانغا كۆچۈۋاتقان كۆچمەنلەر توغرىسىدا ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ «جانغا جان تېگىشىش» سىياسىتى قوللانماقچى بولىغانلىقى ئېيتىلدى . بۇنىڭدا باي بولسىمۇ ، گاداي بولسىمۇ ، مال - دۇنياسى يۆتكىمەسلىك ، پەقەت ئادەمنىلا ئالماشتۇرۇش

توختىمى تۈزۈلۈپتۇ ...

— ئۇلار نېمىشقا ئادەم ئالماشتۇرىدۇ ؟ — ئەكبەر چۈشەنمىگەنسېرى قىزىقىپ سوراشقا باشلىدى .

— ھە راست ، سەن تېخى ئۇقمايسەن ، ئوغلۇم ! — دېدى باقىتارخان كۆڭۈلچەكلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، — مەن ساڭا ئېيتسام ، ئۆتكەن يىلى 6 - ئايدا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئىككى دۆلەت بولۇپ ئايرىلغان ، شۇ سەۋەبتىن ھېلىغىچە ئىككى ئوتتۇرىدا ئاندا - مۇندا توقۇنۇش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، تېخى چېگرا سىزىقى بېكىتىلمىگەچكە ، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار پاكىستانغا ، پاكىستاندىكى بۇتپەرەسلەر ھىندىستانغا تۈركۈملەپ كۆچۈشكە باشلىدى . مانا بۇ مۇساپىرلارنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ ئۇلار شەھەر كوچىلىرىدا چېدىر تىكىپ ، ماكان تۇتۇپ ياتتى . ھەممە يەردە ئۆلۈۋاتقان ، تۇغۇلۇۋاتقان ، كېسەل ۋە ئاچ - زېرىن يۈرگەن غېرىب - مىسكىنلەرنى ئۇچرىتالايسەن ! ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئىشمۇ بەك تەس ، ئالدىراش بولۇپ كەتتى . بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرمىسا ، ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ . بايا ئېيتقان «جانغا جان ئالماشتۇرۇش» مۇ بەھۇدە قىرغىنچىلىق ھەم بۇلاڭ - تالاڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولغان . بولمىسا ، كېلىۋاتقان ، كېتىۋاتقانلار ئۆزئارا گۇرۇھ بولۇپ ، مۇسۇلمانلار بۇتپەرەسلەرنى ، بۇتپەرەسلەر مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان گەپ . بۇنداق ئىشلار ئۆتكەندە كۆپ بولۇپ ، خەقلەرنى بەك پاراكەندە قىلىۋەتكەن . شۇڭا ، بۇ خەۋەر بايا رادىئودا بېرىلگەندە ، ھەممەيلەن خۇش بولۇشۇپ كەتتى !...

ئەكبەر «ھە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى قانچىلىك چۈشەندى ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى . پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىدە ، مۇساپىرچىلىقنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن ئۆز يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ خۇددى چاچقا

چۈشكەن كېپەكتەك يىلتىزسىز ، قەدىرسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاچچىق بىر تۇيغۇ چوڭقۇر ئورناپ قالدى !...

## 2

ھېلىمشا بۇگۈن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى .

قېلىن كۆزەينەك تاقىغان ، ئورۇق ، كۆسەيدەك قارا بىر دوختۇر ئۇنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ، بۇ ئادەمنىڭ غەيرىتىگە ، ئىرادىسىگە ھەيران قالدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ئەگەر باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا ، بۇ دەرد ئۇنى ئاللىقاچان يىقىتىپ قويغان بولاتتى . چۈنكى ، ھېلىمشانىڭ يارىسى ئېغىرلىشىپ ، پۈ- تۈن بەدەن خاراكتېرلىك يۇقۇملىنىش بولغان ئىدى .

ھېلىمشا ھەقىقەتەن بۇ دەردكە چىدىدى ، ئۇ ، گىلگىتتىن راۋالپىندىغا قاراپ يولغا چىققان ۋاقىتتىلا ، ئۆز ئەھۋالىنىڭ ئوسال- لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئىدى ، تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ، بېشى قايىغاندەك بولاتتى ، بۇنداق چاغلاردا پۇت - قولى ھالسىراپ ، يېنى يەر تارتاتتى ، لېكىن ھېلىمشا بەرداشلىق بەردى ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى ، ئۇنىڭ كېچىكىدىن تارتىپ خۇددى تاشلارنى يېرىپ ، جۇدۇن - چاپقۇندا ئۆسۈپ زورايغان يېشىل قارىغايدەك مەزمۇت تېنىنىڭ ھاياتىي كۈچى ھەقىقەتەن زور ئىدى ، ھېلىمشا يول بويى تىنىمسىز ئاغرىق ۋە لوقۇلداپ تۇرغان زەرداب بىلەن ئەسەبىيلەرچە ئېلىشتى ، ئېلىشقانسېرى ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭىدى ، ئاغرىق ئازابىمۇ خۇددى قورام تاشقا دۇچ كەلگەن ئېقىن سۇدەك ئارقىغا ياندى ...

لېكىن ، ئارقىغا يانغان ئېقىن سۇمۇ ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ ، ئاخىر بىر يەردىن تېشىپ چىققاندەك ، ھېلىمشانىڭ كېسىلى باقى-

تارخانىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ئەۋجىگە چىقتى . يېرىم كېچىگە بارغاندا ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ، پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇپ قالغان ئاتىخان ، ئەكبەرمۇ بىسەرەمجانلىق ئىچىدە كۆز يۇمىدى . تاڭ يورۇش بىلەن باقىتارخان بىر ھارۋا كىرا قىلىپ ، ھېلىمشانى شۇ يەرگە يېقىنراق بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى .

— داۋالاش تەس ! — دېدى ھېلىقى دوختۇر بېشىنى چايقاپ ، — ھازىر بىزنىڭ شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس ، مۇھىم دورىلار كەمچىل ...

— قانداق قىلىمىز ؟ زادىلا ئامال يوقمۇ ، دوختۇر ! — دېدى باقىتارخان يىلىنغاندەك تەلەپپۇزدا ، — بۇ كىشى ھەجگە ماڭغان مۇساپىر ، يولدا پېشكەللىككە ئۇچراپتۇ ، ساۋابلىق ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئامالىنى قىلىڭ !...

— مەن دېدىمغۇ ، شارائىتىمىز ناچار ! — دېدى دوختۇر يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاپ ، — باشقا چوڭراق دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ بېقىڭلار .

ئاتىخان ئاق پاكىچۇ يەكتىكىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىرنەرسىنى ئېلىپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن :

— دوختۇر ، ئاخشامدىن بېرى كېسەلنىڭ قىزىتمىسى چۈشمىدى ، بۇنداق ئىسسىقتا كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۈرسەك بولمايدۇ ، خۇدا يولىدا سىزگە تاپشۇردۇق ! — دەپ ، قولىدىكى بىر تىللانى دوختۇرنىڭ ئالىقىنىغا قويدى ، — ھازىرچە بۇنى ئېلىپ تۇرۇڭ ، كېيىن يەنە سىزنى رازى قىلىمىز .

دوختۇر ئالىقىنىدا پارقىراپ تۇرغان 10 سوملۇق ئىنگلىز تىللاسىنى كۆرۈپ بىرئاز يۇمشىدى ۋە بىر ياردەمچىسىنى چاقىرىپ ، ھېلىمشانى جىددىي قۇتۇلدۇرۇش بۆلۈمىگە ئو-

رۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى. ھەممەيلەن ئېغىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك، چوڭقۇر ئۇھ تارتىشتى. ھېلىمشا شۇ چاغقىچە ھېچنېمىنى سەزمەي بىھوش ياتاتتى.

— بىز ئەمدى بىرنەچچە كۈن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، ھېلىمشانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ، — دېدى ئاتىخان مۇڭ باسقان كۆزلىرىنى باقىنارخانغا تىكىپ، — سىلىگە كۆپ رەھمەت، خۇدايىم سىلىنى ئۇچراتمىغان بولسا، بۇ يوغان شەھەردە بىز كۆپ قىيىنىلىدىكەنمىز، ئەگەر مالال كۆرمىسىلىرى، بىزگە مۇشۇ دوختۇرخانىغا يېقىنراق يەردىن بىرەر ماكان كۆر-سىتىپ بەرگەن بولسىلىرى، يەنە بىر قېتىم خۇش بولغان بولاتتۇق...

— بۇنچە تەكەللۇپ قىلمىسىلا، ئاتىخان، — دېدى باقىنارخان مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، — بۇ شەھەرگە ھەممىمىز مۇساپىر، پەقەت كونا - يېڭىلىق پەرقىمىزلا بار. ھەربىرلىرى ئۇچۇن ياردىمىم تېگىدىغان ئىش بولسىلا، مەن خۇشاللىق بىلەن ئىشلەيمەن! — ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ، قاشلىرىنى يىمىرىپ بىر-دەم ئويلاندى، ئاندىن بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇنداقمۇ توغرا كەلگەن بارمۇ، مۇشۇ ئالدىمىزدىكى سۇخاۋەردى كوچىسىدا بىر ئۆزبېك بۇرادىرىمىزنىڭ ئاشخانىسى بار، ئىككىنچى قەۋەتتە بىر-نەچچە ئېغىز ياتاق ئۆيى بار. ھەربىرلىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماي!

— بەك بەلەن بولدى! — دېدى ئاتىخان خۇشاللىق بى-لەن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ھەم دوختۇرخانىغا يېقىنكەن، ھەم تاماقتىنمۇ قىينالمايدىغان بولدۇق...

باقىنارخان ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى، چوڭ بىر رەستىدىن ئۆتۈپ، ئارقا تەرەپتىكى ئادەملەر كۆپ، قايناق بىر كوچىغا

كەلدى . يىراقتىنلا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قەۋەتلىك كونا ، كۆرۈمسىز بىر بىنا كۆرۈندى . بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ تۇرغان ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قاپلىغان ئاۋات ئاشخانا ئىدى .

— يەھيا خوجا ! — دەپ ۋارقىرىدى باقىتارخان ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا .

ئاشخانىدىن دوغىلاق ، ئالتۇن چىشلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ، ياللىغۇاش ، ئىسسىقتىن تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن بىر ئادەم ئىرغاڭلاپ چىقتى . ئۇنىڭ قاتمۇقات قورۇق باسقان قوڭۇر رەڭ يۈزى خۇددى ئاشۇ ئاشخانىدىكى قېتىشىپ ، پۇرلىشىپ كەتكەن مايلىققا ئوخشايتتى .

— سىزگە مېھمان باشلاپ كەلدىم ، بۇرادەر ! — دېدى باقىتارخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، — بۇلار ھەجگە ماڭغان مۇساپىرلار ئىكەن ، بىر ھەمراھى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى . شۇ كىشى ياخشى بولغۇچە ، بۇ ئىككىيلەن سىزنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرماقچى ، قانداق ، ياخشى كۈتۈۋالارسىز ؟

— خۇدا ئەۋەتكەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتمەي ھەدىمەمۇ ؟ — دېدى يەھيا خوجا تىجارەتچىلەرگە خاس سۈلكەت بىلەن ، — قېنى ، مېھمانلار ئىچكىرى كىرىشسىلە ، ياتاق ئىككىنچى قەۋەتتە ، تاماق بىرىنچى قەۋەتتە ، كۆڭۈللىرى خالىغاننى قىلىپ بېرىمىز ، — دېدى ئۇ ۋە پاكىستاننىڭ تاماق تۈرلىرىنى بەئەينى نەزمە ئوقۇغاندەك سۆزلەپ كەتتى ، — گۇردە تەركايى ، چىكەن كارى ، فىش كارى ، چاپاتى ، ئالۇ گۇشت ، پالو ① دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار !

يەھيا خوجا ئۆزبېكچە ، ئۇيغۇرچە ۋە ئوردۇچە سۆزلەرنى

---

① بۇ ، پاكىستاننىڭ تاماق تۈرلىرى — بۆرەك قورۇمىسى ، بېلىق قورۇمىسى ، توخۇ قورۇمىسى ، چەلپەك ، قورداق ، پولۇ قاتارلىقلار .

ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى ، ئەمما گېپى ئوچۇق ، تىلى راۋان بولغاچقا ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولاتتى .

يەھيا خوجا تار ۋە ئەگىم پەلەمپەي ئارقىلىق ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنى ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە باشلاپ چىقتى . بۇ ، تۆت تام ، بىر ئىشىكى بار كىچىككىنە قاراڭغۇ ھۇجرا ئىدى . ئۆينى ئالا - بۇلىماچ يورۇتۇپ تۇرغان خىرە يورۇقلۇق قېپىپ قالغان ئىشىكنىڭ يوچۇق - ئاراچىلىرىدىن چۈشۈپ تۇراتتى . داق يەرگە رەڭگى ئۆڭۈپ ، مەينەتچىلىكتىن قېتىشىپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز سېلىنغان ئىدى . كىگىز ئۈستىگە ئىككى دانە سامان تەكىيە بىلەن ئىككى پارچە ماز ئەدىيال تاشلاپ قويۇلغان ئىدى .

« خۇداغا شۈكرى ، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئاتىخان ، — بېشىمىزنى تىقىدىغان مۇشۇنداق بىر ماكان تېپىلغانلىقىغا شۈكرى!... » . چۈنكى ئۇ ، تۈنۈگۈندىن بېرى كوچا - كويلاردا يېتىپ كەتكەن ئاچ - يالىڭاچ مۇساپىر ، سەرگەردانلارنى كۆرۈپ ، ئادەم قەدرىنىڭ بۇ دەرىجىدە خارلىقىدىن ئىچىدە ئاللاغا نالە قىلغان ئىدى . شۇ تاپتا ، خۇددى ئاتىخاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك ، يەھيا خوجىمۇ بۇنداق دېدى :

— ئۆيلىرىمىز ھەربىرلىرىنىڭ يارىشىقىدا بولمىسىمۇ ، ھەرھالدا تالادا قالغاندىن ياخشىراق !

— شۇنداق تەخسىر ! — دېدى ئاتىخان ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ، — قولىنىڭ ئالقىنى پەرز بولسا ، دۈمبىسى سۈننەت دېگەن گەپ بار ! ئادەم بۇ دۇنيادا ، پەشتاققا چىققان ۋاقتىدا يەنە يەرگە چۈشىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ ياشىمىسا بولمايدۇ !

چىن كۆڭۈل بىلەن ئېيتىلغان بۇ سەممىي سۆزلەر يەھيا خوجىغا خېلى چوڭقۇر تەسىر قىلدى . ئۇ ، يېڭى تونۇشقان كۆزلىرى مۆلايىم ، بەشىرىسى ئوچۇق بۇ ئادەمنىڭ ئەقىللىق ، كۆكسى - قارنى كەڭ ، شۈكۈر - قانائەتچان ئىكەنلىكىنى ئەنە

شۇ سۆزلىرىدىن بىلىپ يەتتى. شۇڭا، يەھيا خوجىنىڭ كۆڭلىدە ئاتىخانغا نىسبەتەن بىر خىل قايىللىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

— ئەمدى بىز يۇك - تاقلىرىمىزنى ئەكىلىۋالايلى، — دېدى ئاتىخان پەسكە چۈشۈپ، — ئاندىن يەنە دوختۇرخانىغا بارمىساق بولمايدۇ.

يەھيا خوجا بايىقى ياخشى تەسىراتىنىڭ كۈچى بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن سىلىگە ئادەم قوشاي، يۇك - تاقلىرىڭلارنى ئەكىلىپ بەرسۇن.

— ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت!

يەھيا خوجا بىرسىنى چاقىردى، ئاشخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىن 15 — 16 ياشلاردىكى ئورۇق، قارا، پۈت - قولى قاسماق بىر بالا چىقتى. يەھيا خوجا ئۇنىڭغا ئوردۇ تىلىدا بىرنەرسىلەرنى دېدى، ئۇ ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن ئاتىخان، باقىتارخان ۋە ئەكبەرلەر بىلەن بىللە، «مۇساپىرخانا» غا قاراپ كەتتى.

ئاتىخان كونا ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھېلىمشانىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى.

— بىچارىگە ئۇۋال بوپتۇ، — دېدى بەزىلەر ئىچ ئاغرىتىپ، — ئەمدى ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە يەككە - يىگانە قالارمۇ؟

— مەن ھەمراھ بولىمەن، — دېدى ئاتىخان، — ھەر بىرلىرى ئالدىراشسىلا كاراچىغا بېرىپ تۇرۇشسىلا، ھېلىمشانىڭ ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئارقىلىرىدىن يېتىشۋالىمىز.

— مەيلى بولمىسا، — دېدى مۇسا داڭقان كۆڭلى يېرىم

بولغان ھالدا ، — بۇ يەردە ھەممىمىزنىڭ قىلىشىمىزنىڭ ئورنى يوق ، بىز بولساقمۇ مېڭىپ تۇرايلى ، غوجىموللا گەپ - سۆز قىلمايلا كەتكەن ئوخشايدۇ ، تۈنۈگۈندىن بېرى قارىسى كۆرۈنمىدى !...

— بوپتۇ ، ماڭغانلار مېڭىۋەرسۇن ! — دېدى ئاتىخان پەرۋاسىزلا ، — سەپەرنىڭ ئېغىر ، مۇشكۈل يوللىرى تۈگىدى ، خۇدايىم بۇنىڭدىن كېيىنكى يولىمىزنى ئاسان قىلىدۇ . خۇدا نېسىپ قىلسا ، كاراچىدا كۆرۈشۈپ ، يەنە ھەمسەپەر بولارمىز .

ئۇلار خوشلاشتى ، مۇسا داڭقان قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر باقىتارخاننىڭ ياردىمى بىلەن پويىز بېلىتى ئېلىپ ، كاراچىغا ماڭماقچى بولدى . ئاتىخان يۈك - تاقلىرىنى ھېلىقى سوكال قۇيرۇق ئېشەككە ئارتىپ ، ئەكبەر بىلەن ئاۋۋال ياتاققا ، ئاندىن دوختۇرخانىغا بارماقچى بولدى .

— مەن ئەتە پىشاۋۇرغا بېرىپ ، ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن ، — دېدى باقىتارخان ئاتىخان بىلەن خوشلىشىپ ، — كېلىپلا سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن . كۆرۈشكىچە سالامەت بولۇشسىلا !

بىرنەچچە ئاي ئۇزاق سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىدە بىللە بولۇپ ، قان - قېرىنداشلاردەك ئىناق - ئىجىل بولۇپ كەتكەن ئۇيۇل كارۋان مانا بۈگۈن راۋالپىندىنىڭ قايناق ، شاۋقۇنلۇق بىر كوچىسىدا بۆلۈنۈپ خوشلاشتى !

# يەتتىنچى باب

# تۇيۇقسىز غايىب بولۇش

## 1

ھەش - پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىر ھەپتە ئەكبەر ئۈچۈن ئالدىراش، زېرىكىشلىك ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر ھەپتە بولدى.

ھېلىمشانىڭ كېسىلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، گويا ئۇنىڭ يېنىنى يەر تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، ياتقانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئەكبەر دوختۇرخانىغا كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، دوختۇرخانا بىلەن كوچا - كويلاردا يېتىپ كەتكەن مۇساپىر - كۆچمەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى، ئۇلار دۇچ كەلگەن ئاچلىق، كېسەللىك، خارلىق قىسمەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئىنسان قەدرى توغرىسىدا ئاچچىق ھېس - تۇيغۇلار ئويغاندى.

«ئادەم نېمە ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ؟ مۇشۇنداق خارلىق، زارلىق ئازابىنى تارتىش ئۈچۈنمۇ؟!...»

بۇ سوئاللار ئەكبەرنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئەقلىنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى، لېكىن ئۇ كۆڭلى قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب

تاپالماي بىئارام بولاتتى. ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان بۇ هايات يولى بەكمۇ ئۇزاق، جاپالىق، ئەتراپى قويۇق تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان زۇلمەتلىك يول ئىدى. كىشىلەر هەرقانچە تىرىشىپ - تىرماشسىمۇ، يەنىلا بۇ يولدىن ئۆتەلمەي جان تالىشىۋاتاتتى. ئۇ، ياشاش ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان مانا شۇ قەدىرسىز، كاج تەلەي ئادەملەرنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتلىرىنى هەربىر كۆرگەندە، يۈرىكى دەردتىن پۇچىلىنىپ، ئىختىيارسىز هالدا، ئۆزىنىڭ هازىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدىمۇ ئويلاپ كېتىدىغان بولدى. ئەكبەر ئايىغى چىقماس بۇ ئۇزۇن سەپەر بىلەن دەردۇبالاسى كۆپ بۇنداق مۇساپىرچىلىق هاياتتىن راستتىنلا تويغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن كۆڭلىدىن هۆرمەتلەپ، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى هېلىمشانىڭ كېسەل كارىۋىتىغا بەنت بولۇپ قېلىشى، كېچىلىرى هېلىقى پاسكىنا هۇجرىدا يىت - بۈرگىلەرگە يەم بولۇپ ئۇخلىيالماسلىقى، يەهيا خوجىنىڭ قىرتاق دورا - دەرمانلار بىلەن پىشۇرغان غەلىتە تاماقلىرىنىڭ ئانىسى خان تىللا ئېتىپ بەرگەن مانتۇ - پولۇلاردەك مەززىلىك بولماسلىقى قاتارلىق كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ ئۇنىڭ بېشىنى قوداڭشىتىپ، بۇ قېتىمقى هەج سەپىرىگە بولغان قىزغىنلىقىنى بىردىنلا سوۇسلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئەكبەر بۇ يەردىن رايى قايتىپ، كۆڭلى يېرىم يۈرگەن ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزىگە ئوخشاش تۆت ياش بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، بىرسى خۇيزۇ، يەنە بىرسى قازاق ئىدى. بۇلارنىڭ تۆتىلىسى ئەرەب تىلىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئەكبەر بۇلار بىلەن يەهيا خوجىنىڭ ئاشخانىسىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ تۆت ياش ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئەرەبچە سۆزلىشىپ، ئەكبەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا، ياشلارغا خاس

قىزغىنلىق ۋە چىقىشقاقلىق بىلەن تونۇشۇپ كەتتى .

— بىز خوتەن قاراقاشتىن ، — دېدى ئىككى ئۇيغۇر ئۆز- لىرىنى تونۇشتۇرۇپ ، — ئىككى يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردىكى «جامىئۇل ئىسلام» دا ئوقۇۋاتاتتۇق ، لېكىن ھازىر ۋەزىيەتتە ئۆز- گىرىش بولۇپ ، ئوقۇش توختاپ قالدى .

— مەن نىنگشىيا يىڭچۇەندىن بولىمەن ، — دېدى خۇيزۇ يىگىت ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — بۇلار مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ، بىز ئىككى يىلدىن بېرى بىللە .

— مەن تۈركىيە ئىستانبۇلدىن كەلگەن ، — دېدى قازاق يىگىتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ، — ئاتا - ئانام بىللە شىنجاڭ سا- ۋەندىن كۆچۈپ چىققان . بىز ئەسلىي بىر يۇرتلۇق !

ئەكبەرمۇ دەسلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، كېيىن سورىدى :

— ئوقۇش توختاپ قالغان بولسا ، ئەمدى قانداق قىلىسى- لەر ؟ يۇرتقا كېتەمسىلەر !

— ياق ، — دېدى ئۇلار تەڭلا پۇتلۇشۇۋالغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا ، — ئەمدى بىز مىسىرغا بېرىپ ، قاھىرەدىكى «جامىئۇل ئەزھەر» دە ئوقۇماقچى ، ئۇ يەردە تاماق - ياتاق ھەقسىز ئىكەن ، قانچىلىك ئوقۇيمەن دېسە ، شۇنچىلىك ئوقۇيدىكەن . ھازىر مىسىر كونسۇلخانىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتىمىز !

ئىلىم - مەرىپەت ئىشتىياقىدا ئېيتىلغان بۇ قىزغىن سۆزلەر كۆتۈلمىگەندە ئەكبەرنى ھاياجانغا سالدى . بىر چاغلاردا ئۇمۇ مۇشۇ بالىلارغا ئوخشاش ، مىسىر ياكى ھىندىستاندا ئوقۇپ ، بىلىملىك ، ئەخلاقلىق ، مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە شۇ ئارزۇ - ئىستەك بىلەن مەدرىستىكى ئوقۇشنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان ئىدى . كېيىن دادىسىنىڭ ئىرادىسى بو- يىچە ، ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ ، ئامالسىز ئوقۇشنى توختاتقان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىلىم ئېلىشقا بولغان ھە-
ۋەس - ئىشتىياقى تېخى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەن ئىدى. مانا
بۈگۈن بۇ ئىشتىياق خۇددى شامال يالجىتقان قوقاستەك يەنە بىر-
دىنلا كۈچىيىپ، بىسىپ بولماس تەشنالىققا ئايلاندى، ئەكبەر
قاھىرەدىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ
تۇرالماي قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىسىمغا خېلى بۇرۇندىن تارتىپ
قىزىقاتتى، بۇ قىزىقىش ئاستا - ئاستا چوقۇنۇشقا ئايلانغان ئى-
دى. بۇ ئىسىم بۇرۇن ئەكبەرگە بەكمۇ يىراق، بەكمۇ خىيالىي
تۇيۇلغان بولسا، ئەمدى ناھايىتى يېقىن ۋە رېئال تۇيۇلۇۋاتاتتى.
چۈنكى، يېڭى تونۇشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەردىن پويىز بىلەن
بىر كېچە - كۈندۈزدە كاراچىغا بارغىلى، ئۇ يەردىن پاراخوتقا
ئولتۇرۇپ، دېڭىز ساياھىتى قىلغاچ بىرنەچچە كۈندە مىسىرغا
بارغىلى بولاتتى.

ئەكبەر ئىككى كېچە ئارامخۇدا ئۇخلىيالمىدى، «مىسىر،
قاھىرە، ئەزھەر ...» دېگەن يېگانە، جەلپكار ئىسىملار ئۇنىڭ پە-
كىر - خىيالىنى بەنت قىلىپ، ئۆزىنىڭ يوچۇن، سىرلىق
يېپلىرى بىلەن ئۇنى ئاللىقانداق تىلسىماتلار ئىچىگە سۆرەپ كې-
رىپ كەتكەن ئىدى.

مىلادىيە 970 - يىلى پاتىمىيە سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان
«جامىئۇل ئەزھەر» ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام دۇنياسىدا نامى چىققان
كاتتا بىلىم يۇرتى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇلۇغ مۇھەددىسلاردىن ① ئىمام
بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىملار تۈزگەن «سىھاھى سىتتە» ② نام-
لىق ئالتە ھەدىس كىتاب ئاساسلىق دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەندىن
باشقا، يەنە ئالگېبرا، ئاسترونومىيە، تېخنىكا ۋە تىبابەتچىلىك قا-
تارلىق زامانىۋى پەنلەرمۇ ئوقۇتۇلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ

① مۇھەددىس — ھەدىسشۇناس.
② «سىھاھى سىتتە» — سەھىھ ئالتە كىتاب.

نەزىرىدە، بۇ يەر ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاق ۋە دىيانەتتە، ساداقەت ۋە پەزىلەتتە كامىل قىلىپ تەربىيىلەيدىغان مۇقەددەس جاي ئىدى.

يۈرىكىگە مانا شۇ مۇقەددەس جايىنىڭ ئىشقى چۇشكەن ئەكبەر ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر بىر كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى تونۇشلىرىنى تېپىپ مۇنداق دېدى:

— مىسىرغا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارسام بولامدۇ؟ ئەزھەردە ئوقۇسام دەيمەن...

— ئاداش، نېمىشقا بولمايدىكەن، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوڭراق بىرسى، — ئاللاتائالا يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ھەممە بەندىسىگە بىلىم ئېلىشنى پەرز قىلغان. نادانلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان!

— ئەمىسە، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ماڭاي! — دېدى ئەكبەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ.

— داداڭ نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى ئارىدىن بىرسى، — قوشۇلامدۇ؟

— ياق، دادامغا دېمەيمەن، — دېدى ئەكبەر ئەتراپقا خۇپىيانە قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنچە كېتىمەن...

— پاسپورت قولۇڭدىمۇ؟ — سورىدى بىرسى ئەسكەرتىپ.

ئەكبەر بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، كېيىن ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ئاخشاملىققا دادامنىڭ يېنىدىن پاسپورتىمنى ئېلىۋالىمەن.

— ئەمىسە تېزراق ھەرىكەتلەن، — دېدى چوڭراق ياشتىكى ھېلىقى يىگىت، — پاسپورتتىن باشقا، يەنە ئازراق پۇل تەييارلىمساڭ بولمايدۇ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، مىسىر

كونسۇلخانىسىدىكى ئىشنى تەك پۈتكۈزىمىز !
ئىش ئەنە شۇنداق بېكىتىلدى، ئۆزئارا ۋەدىلەر بېرىلدى، ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بەش ساۋاقداش يۇرت ئاتلاپ، دېڭىز - ئوكيانلارنى ھالقىپ، بىلىم ئېلىش يولىدا جانىجان دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

## 2

تۇۋا، ئادەمنىڭ غەم - غۇسسە قاچىسى ھەمىشە يېرىمراق تۇرغىنى ياخشى ئىكەن. بولمىسا، ئارقىدىنلا بىرەر پېشكەللىك ئەگىشىپ كېلىدىكەن!

ئەكبەرنىڭ غەم - غۇسسىلىرى تۈگەپ، كۆڭلى شادلىقتا، ئارزۇ - ئارمانغا تولغان ئىدى. مىسىرغا بېرىپ ئوقۇش خىيالى رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، بۈگۈن كەچتە دادىسى كېلىپ، ئۈچىسىدىكى يەكتىكىنى قوزۇققا ئېسىپ قويۇپ، ھاجەت ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇ چاققانلىق بىلەن يەكتەكنىڭ قويۇن يانچۇقىدىكى پاسپورتنى ئالسىلا ئىش پۈتەتتى. شۇڭا ئۇ، چۈشتىن كېيىن ياتاقتىن چىقماي دادىسىنى كۈتۈپ ئۇزاق ئولتۇردى. لېكىن قېرىشقاندەك، دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. دادىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، مۇشۇ كوچىنىڭ باش تەرىپىدىكى مەسچىتكە پېشىن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن ئىدى. مانا ھازىر نامازشام، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز خۇپتەنمۇ تۈگىدى، يەھيا خوجىنىڭ دۇكىنى تاقىلىپ، ھەممە ئادەم ئۆگىلىرىغا كىرىپ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەكبەر دادىسىنى كۈتە - كۈتە، ئاخىر مادارى تۈگەپ، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى ...

ئەكبەر سەھەر ئويغىنىپ، ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغان خىرە -

شىرە يورۇقتا «دادام قاچان كەلگەندۇ» دېگەن خىيال بىلەن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، دادىسى ياتىدىغان ئورۇنغا قارىدى، لېكىن دادىسى يوق، ئورنى تۈنۈگۈن قانداق تۇرغان بولسا، شۇ پېتى رەتلىك تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى بىرسى قول بىلەن مۇجۇغاندەك يېقىمسىز ئېغىپ، نەپسى بوغۇلغاندەك بولدى، بىر-نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەكبەر ھولۇقۇشىدىن مۇدۇرۇپ، پۇتلىرى كالۋالىشىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئاشخانىدىن يەھيا خوجىنى تېپىپ دادىسىنى سورىدى.

— مەن داداڭنى تۈنۈگۈن چۈشلۈك تاماقتا كۆرگەنچە كۆرمىدىم، — دېدى يەھيا خوجا ھەيرانلىق ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە، — كېچىچە كەلمىدى، دېدىڭمۇ؟

— ھەئە، كېچىچە كەلمىدى، — دېدى ئەكبەر يىغلىغۇدەك ئېسەدەپ، — مەن يېرىم كېچىگىچە ساقلاپ ياتتىم، كېيىن ئۇخلاپ قاپتىمەن!...

— بۇ قانداق گەپ؟! — يەھيا خوجىنىمۇ بىرئاز ئەنسىزلىك باستى، — بىرەر يەردە ئېزىپ يۈرمىگەندۇ - ھە؟! ھە راست، دوختۇرخانىغا بېرىپ باقتىڭمۇ، ھېلىمشانىڭ يېنىدا تۈنەپ قالغان بولمىسۇن يەنە!...

راست، ئەكبەرنىڭ ئەجەب ئېسىگە كەلمەپتۇ - ھە؟ ئاللىمادىس ھېلىمشانىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسا، شۇ يەردە تۈنەپ قېلىشى تەبىئىيغۇ! ئۆتكەندىمۇ بىر قېتىم شۇنداق قىلغانىغۇ!...

ئەكبەر شۇ ئۈمىد بىلەن ئاشخانىدىن چىقىپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا كەلدى. لېكىن، دادىسى بۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

ئەكبەر ھېلىمشاغا ئەھۋالنى ئېيتتى، ئەمما ئۇنىڭ دەردتىن

ئۆپكىسى تولۇپ، گەپلىرى بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغانلىقتىن، ھېقىقلاپ گېپىنى تۈزۈك قىلالماي قالدى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ھېلىمشا بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ، — ئاتىخان ئاكام تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ، مەن بىلەن خېلى ئۇزاق ئەھۋاللىشىپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ كۆرمىدىم، — ھېلىمشا ئامال بار كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى يوشۇرۇپ، ئەكبەرنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇندى، — ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمە، چوپچوڭ ئادەم يوقاپ كەتمەيدۇ، سەۋر قىل، ھېلى بىرى پەيدا بولۇپ قالار...

لېكىن، شۇنچە سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈشمۇ بىكارغا كەتتى، مانا كېلەر، ئەنە كېلەر دېگەن شېرىن ئۈمىد بىلەن بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ كۈنلەردە، ئەكبەر خۇددى ھاسىسىدىن ئايرىلغان ئەمادەك بولۇپ قالدى. ئۆزىنى باشپاناھسىز، يېتىم - غېرىب ھېس قىلدى. بىلىپ بولماس بىر خىل ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى كېڭىيىپ، چىرايىدا ھولۇقۇش، ئەندىكىش ئالامەتلىرى پەيدا بولغان ئىدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئەكبەرنىڭ قەلبىگە ئابىدە بولۇپ ئورناپ كەتكەن «مىسىر، ئەزھەر» دېگەن ھېلىقى يېقىملىق چۈشەنچىلەرنىمۇ پاك - پاكىز كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى، يەھيا خوجىنىڭ ئاشخانىسىغا يىغىلغان كىشىلەرگە، شۇ يەرنىڭ ئاقساقال - مويسىپىتلىرىگە دادىسىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يېلىندى، يالۋۇردى، ھەتتا خۇدانىڭ 99 سۈپەت - سىپاتىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشپاناھ بولۇشىنى تىلەپ كۆپ يىغلىدى، تولا يىغلاپ ئەكبەرنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، لەۋلىرى كۆپچۈپ كەتتى. ئەمما، ئاتىخاندىن يەنىلا خەۋەر يوق ئىدى، ئۇ خۇددى دېڭىزغا

چۈشكەن يىگىندەك ئىز ـ دېرەكسىز ئىدى ...
ئاتىخاننىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولۇشى يەھيا خوجىنىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن ئىدى . ئۇ ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ساراي ھۇجرىسىدا يېتىۋاتقان بىر مېھمانىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىدىن بىر خىل بېسىم ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھېس قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىخاننىڭ دىيانەتلىك ، ئىمانى كامىل ، ياخشى ئادەملىكىنى ئويلاپ ، بىر خىل ئۆكۈنۈش ۋە ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسىدا ھەسرەتلىنەتتى .
ئاتىخاننىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ ، شۇنچە كۈنلەردىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئىز ـ دېرىكىنىڭ بولماسلىقى يەھيا خوجىنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل ۋەھىملىك خىياللارنى سالدى . بۇ خىياللار ئىچىدە «بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ ، جېنىدىن جۇدا بولغان ئوخشايدۇ» دېگەن مۇدھىش خىيال ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى . چۈنكى ، بۇ تىنچسىز كۈنلەردە راۋالپىندىنىڭ كوچا ـ كويلىرىدا بۇنداق ئىشلار كۆپكۆندۈزدىمۇ بولۇپ تۇراتتى ، كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن خار ـ زارلىق ، ئاچ ـ يالىڭاچلىق ، سەرسان ۋە سەرگەردانلىق ئۇلارنى ئەنە شۇنداق تەلۋە ، قارام ، باغرى تاشلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى . لېكىن ، يەھيا خوجا كۆڭلىگە ئايان بولغان بۇ قورقۇنچلۇق خىياللارنى ئەكبەرگە ئېيتىشقا پېتىنالمىدى . ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا چىرايلىق تەسەللىلەرنى بېرىپ ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كۆيۈنىدىغان ، ئاسرايدىغان بولۇپ قالدى .
ئەمما ، ئەكبەر ئۈچۈن بۇنداق ھېسداشلىقلارنىڭ ھەممىسى بەربىر ئىدى . بۇ كۈنلەردە ئۇ ، ھازىرنى ۋە كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغان ئىدى . ھازىر ــ ئەكبەر ئۈچۈن يالغۇزلۇققا ، غېرىبلىققا تولغان زۇلمەتلىك بىر دۇنيا ئىدى ؛ كەلگۈسى بولسا ، تېخىمۇ قاراڭغۇ ، مەنىسىز بىر بوشلۇق ئىدى !

كۆنلەر ئۆتكەنسېرى ، ئەكبەر بۇ يات ، غوۋغالىق يۇرتتا ئۆزىنى بەكمۇ غېرىب ، يېگانە ھېس قىلدى . غېرىبلىق تۇيەيلى پەيدا بولغان كۆڭۈل سۇنۇقلۇقى ھازىر ئۇنىڭ جېنىنى قاقشىتىۋاتاتتى .

ئەكبەرنىڭ يېنىدىكى ئازغىنا پۇل خەجلىنىپ تۈگىدى ، ياتاق ، تاماق ئۈچۈن يەنە پۇل كېرەك ئىدى . يەھيا خوجىنى ھەرقانچە غەمگۇزار دېگەندىمۇ ، ياتاق بىلەن تاماقنى ھەمىشە بىكارغا بەرمەيتتى ، ئەكبەرنىڭ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن قىينىلىپ ، ئازابلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن يەھيا خوجا بىر كۈنى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— ئەكبەر ، ئۆزۈڭنى باقالماي ۋاتقان ۋاقىتتا ، ئاۋۇ ئېشەكنى بېقىپ نېمە قىلىسەن ؟ ئۇنى سېتىۋەت ، مەن خېرىدار تېپىپ بېرەي ، بۇنىڭدىن كېيىنكى سەپەردە ئېشەك ئىشلىمەيدۇ ، ئەگەر يەنە ھەجگە بارىمەن دېسەڭ ، پويىز بىلەن پاراخوتتا ماڭىسەن !

توغرا ، ئېشەك ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر يۈك ئەمەسمۇ ؟ ئۇنى يەنە بېقىپ نېمە قىلىدۇ ؟ ئېشەكنى سېتىپ ، شۇ پۇل بىلەن دادىسى تېپىلغۇچە جان بېقىپ تۇرۇش كېرەك !

ئەتىسى يەھيا خوجا بىر پەنجاپلىق ① خېرىدارنى باشلاپ كەلدى ، ئۇ ئېشەكنى كۆرۈپلا يېپىشتى . دېمىسىمۇ ، بۇ سوكال قۇيرۇق سۇر ئېشەكنىڭ تەقى – تۇرقى ، كۈچ – قۇۋۋىتى كۆرگەنلا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . مال تونۇيدىغان بۇ پەنجاپلىق بېدىك ئېشەكنى خېلى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى . ئەكبەر ئەڭ ئاخىرقى بۇ ھەمراھىدىنمۇ ئايرىلدى . ئۇ ، شۇنچە ئۇزۇن ، مۇشكۇل سەپەرلەردە ئۇنىڭغا ھەم ھەمراھ ، ھەم يانتاياق بولغان ئىدى . ئەكبەر باللارغا خاس سەبىيلىك بىلەن بۇ ئې-

① پەنجاپ — پاكىستاننىڭ پەنجاپ ئۆلكىسى .

شەكنى ياخشى كۆرەتتى ، ھەممشە ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ، ياي-
لىنى تارايتتى ، ۋاقتىدا سۇغىرىپ ، ۋاقتىدا بوغۇز بېرەتتى ، شۇڭا
بۇ ئېشەكمۇ ئەكبەرنى تونۇيتتى ، ئۇنى يىراقتىن كۆرسىلا ، بې-
شىنى يېنىك سىلكىپ پۇشقۇراتتى . يېقىن كەلگەندە بولسا ،
ئەكبەرنى ھىدلاپ ، تۇمشۇقلىرىنى سۈركەيتتى . مانا ئەمدى بۇ
تىلسىز ھايۋان ناتونۇش ، بىگانە بىر پەنجاپلىقنىڭ ئارقىسىدىن
كېتىۋېتىپ ، ئەينەكتەك سۈزۈك ، پارقىراق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلە-
تىپ ئەكبەرگە قارىدى ، بۇ قاراش تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە ئېچىنىشلىق
ئىدى ، ئەكبەر ئۇنىڭدىن : «ھەي ئادەم ، سەن مېنى نەدىن
ئەكېلىپ ، نەگە تاشلىدىڭ ؟! مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم ، ئانا - ئا-
نا ، ئۇرۇق - ئەجدادىم نەدە قالدى ؟ ئەمدى مەن نەگە بارىمەن ؟
!...» دەۋاتقاندەك ھەسرەتلىك بىر نالە - پىغاننى سەزدى . ئەك-
بەرنىڭ دەردلىك يۈرىكى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ، ئۇ ،
ئېشەكنىڭ مۇڭلۇق كۆزىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يانغا قارىدى -
دە ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى ...

## 3

ئاتىخان غايىب بولۇپ 19 كۈندىن كېيىن كىچىككىنە
خۇش خەۋەر ئاڭلاندى .

— داداڭ ھايات ئوخشايدۇ ، ئەكبەر ! — دېدى بۇ خە-
ۋەرنى تېپىپ كەلگەن باقتارخان ئەكبەرنىڭ باش - كۆزلىرىنى
سىلاپ ، — لېكىن تۈرمىدە ئىكەن !...

— تۈرمىدە ؟!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەكبەرنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرى
يەنە قايغۇلۇق تۈس ئالدى .

— ھەئە ، تۈرمىدە !... — دېدى باقتارخان ئۆزى

ئىگىلىگەن ئەھۋالنى ئېيتىپ ، ــ تۇرمىدە بولغاندىمۇ ، لاھورنىڭ چوڭ تۇرمىسىدە ئىكەن !

ــ دادامنىڭ نېمە گۇناھى بار ئىكەن ؟! ــ ئالدىراپ سورىدى ئەكبەر .

ــ مەنمۇ بىلمەيمەن ! ــ دېدى باقتارخان ۋە ئۆزى ئېرىشكەن خەۋەرلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، ــ مەن داداڭنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ يۈرۈپ ، ئاخىر تۇنۇگۈن ساقچى ئىدارىسىدىكى بىر تونۇشۇمدىن مۇشۇ خەۋەرگە ئېرىشتىم . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ھەجگە ماڭغان بىر مۇساپىر «ئەتكەسچى» دېگەن گۇناھ بىلەن قولغا ئېلىنىپ ، يېقىندا لاھور تۇرمىسىگە ئاپىرىپ بېرىلىپتۇ . مەن داداڭنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋاقتى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغان ۋاقتىنى ھېسابلاپ كۆرسەم ، ئىككىسىنىڭ ۋاقتى ئوخشاش بولۇپ چىقتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ قېتىم ھەجگە ماڭغانلار ئىچىدە داداڭدىن باشقا تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن ئادەم يوق . شۇڭا ، مەن لاھور تۇرمىسىدىكى ئاشۇ ئادەم چوقۇم ئاتىخان شۇ دەپ جەزملەشتۈردۈم !

ئەكبەرمۇ بۇ قىياسنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى ، ھەرنېمە بولسا ، دادام ھايات ئىكەن ، يۈز كۆرۈشىدىغان بولدۇم ، دەپ خۇشاللاندى . لېكىن ، ئۇنىڭغا دادىسىغا ئارتىلغان گۇناھ تولىمۇ غەلىتە ۋە سىرلىق تۇيۇلدى ، چۈنكى دادىسىنىڭ ئەكبەر بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىكى ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرى يوق ئىدى .

ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدىكى داۋالغۇش ۋە شۈبھىلەرنى سەزگەن باقتارخان ئۇنى روھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى :

ــ ئاۋۋال داداڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى ، بۇ ھەممىدىن مۇھىم ، ئاندىن ئۇنى تۇرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنىڭ يولىنى تېپىش كېرەك . قالغان ئىشلار بولسا ، ئاستا - ئاستا ئايدىڭلىشىدۇ !

— ماقۇل ، سىلى نېمە دېسىلىرى شۇ ! — دېدى ئەكبەر ئىتائەتمەنلىك بىلەن باقتارخاننىڭ قولىغا ئېسىلىپ ، — مەن دەرھال لاھورغا باراي ، مېنى يولغا سېلىپ قويۇشسىلا .

— مۇنداقلا بارساڭ بولمايدۇ ، — دېدى باقتارخان تەمكىنلىك بىلەن ، — بىرسى ، ساقچى ئىدارىسىدىن بىرەر پارچە تونۇشتۇرۇش ئېلىش كېرەك ؛ يەنە بىرسى ، لاھورغا سېنى بىرسى باشلاپ بارمىسا بولمايدۇ ، ئۇمۇ كىچىك شەھەر ئەمەس . داداڭنى تاپىمىز دەپ ، سېنى يوقىتىپ قويساق بولماس !

ئەكبەر رايىشلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ، باقتارخان زۇرۇر تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈشنى ئۈستىگە ئېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى .

## سەككىزىنچى باب

# لاھور تۈرمىسىدە

## 1

ئاتىخان تېخىچە خۇددى قارا باسقاندەك خىيالىي تۇيغۇدا ئىدى.

ھېلىقى كۈنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇ ئاران ئەسلەيتتى: پېشىن نامىزىدىن يېنىپ، دوختۇر خانىغا كېتىۋاتقان يولدا گويا يەردىن ئۈنگەندەك ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ، قولىغا كويزا سالغاندا، ئاتىخان قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئۆڭكى قارا، قوللىرى يوغان، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، ھەربىكىتى قوپال بۇ ساقچىلار شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە بەئەينى دوزاخنىڭ ئىشىك باقارلىرىدەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار ئاتىخانىنى بىر ئەبجەق ماشىنىغا سېلىپ، تار، قاراڭغۇ، قىستاڭ يەرلەردىن ئۆتكۈزۈپ، تۆمۈر ئىشىكلىك بىر ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئاتىخان بىر پارچە بورىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق مانا شۇ سېسىق، پاسكىنا ئۆيدە سوئال - سوراقسىز ئۈچ كۈن ياتتى، بۇ ئۈچ كۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ ناتىۋان، ئەڭ زۇلمەتلىك ئۈچ كۈن بولدى. ئاتىخانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئۇ-

زىنى ئىشەندۈرەلمەيتتى. شۇ يېشىغىچە پاكلىق، ھالاللىق ۋە ياۋاشلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن بۇ ئادەم ئۈچۈن، ئۆزى تۇيۇقسىز دۈچ كەلگەن بۇ بەختسىزلىك ھەرگىز رېئاللىق ئەمەس، بەلكى بىر چۈش، قاباھەتلىك چۈش ئىدى! ئاتىخان ئېغىر جاراھەتلەنگەن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە، بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانسىلا، ئەسلىمگە قايتىپ كېلىمەن، دېگەن پىكىرلەرنى خىرە - شىرە ئويلايتتى، لېكىن شەپقەتسىز رېئاللىق ھامان ئۆزىنىڭ سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسكەنجىسى بىلەن ئاتىخاننى ئەركىنلىكتىن، نۇر ۋە ھارارەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى يەنىمۇ قىسماقتا، قىينىماقتا ئىدى ...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاتىخاننىڭ قولىغا زەنجىرلىك كويزا سېلىندى. كويزىغا چېتىلغان زەنجىر ئۈچ مېتىردەك كېلەتتى، ساقچى ئەنە شۇ زەنجىر بىلەن ئۇنى سۆرەپ ماڭاتتى. ئاتىخاننى ئىككى ساقچى يەنە بىر يەرگە ئېلىپ ماڭدى، ئاتىخان ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان پاراڭلىرىدىن «جەج ... جەج» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى ۋە كېيىن «جەج» دېگەن گەپنىڭ «قازىخانا» ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنى ئەنە شۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، بۇ يەر ئىشخانا قىياپىتىدىكى سوراقخانا ئىدى. بۇ يەردە بىرنەچچە ئادەملەر بىلەن بىللە، ئۇچىسىغا قىمىزشىلۋار ①، بېشىغا سېرىق پاگىرى كىيگەن، سېمىز، ساقاللىق بىرسى تۆردە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئاتىخاننى ئېلىپ كەلگەن ساقچىلارنىڭ بىرى ساقاللىق قازىغا بىر پارچە ماتېرىيالنى سۇندى. ئوردۇچە بۇ ماتېرىيالدا: «پاش قىلىنىشىچە، بۇ ئادەم نەشە ئەتكەسچىسى، قەشقەردىن مەخپىي نەشە يۆتكەپ، گىلگىت، كانجۇت قاتارلىق جايلاردا ساتقان، تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلدۇ ...» دېگەن گۇناھ يېزىلغان ئىدى. لېكىن، ئاتىخان ئۆزىگە ئارتىلغان بۇ گۇناھلارنى

① قىمىزشىلۋار — پاكىستانلىقنىڭ مىللىي كىيىمى.

قىلچە بىلمەيتتى. ھېلىقى ساقاللىق قازى ماتېرىيالنى كۆرۈپ بو-
لۇپ، ئاتىخانىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سوغۇق نەزەر بىلەن
قارىدى، ئاندىن قوپال ئاۋازدا بىرنەرسىلەرنى دېدى، ئاتىخان
ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى،
كېيىن بىرەرسىدىن ئىجاتلىق كۈتكەندەك، ئەتراپىدىكىلەرگە
تەلمۈرۈپ، مۆلدۈرلەپ قارىدى، لېكىن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ
ھەممىسى تەلەتى سۆرۈن، قوپال ۋە ئالدىراش ئادەملەر ئىدى.
قازى ئەمدى ناخۇشلۇق بىلەن قولىنى سىلكىپ قويۇپ، ھېلىقى
ساقچىغا بىرنەرسىلەرنى دېۋىدى، ئۇ ئاتىخانغا بىگىز قولىنى شىل-
تىپ تۇرۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بىرنەرسىلەرنى دەپ
كەتتى. شۇ گەپلەردىن كېيىن، قازى ھېلىقى ماتېرىيالغا يوغان
بىر تامغىنى ۋاققىدە باستى ـ دە، «ھەيدە!» دەپ ۋارقىرىدى.
مانا شۇ بىر تامغا ۋە بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئاتىخانىنىڭ
تەقدىرى يېگىۋاشتىن بەلگىلەندى. قاباھەتلىك چۈش قاباھەتلىك
رېئاللىققا ئايلاندى، ئاتىخانىنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى خۇداغا نالە
قىلىپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق، ئۇلار
مېنى خاتا تۇتتى، ئاللا ھەممىنى ئوڭشايدۇ ...» دېگەن ئۈمىدلى-
رىمۇ كۆپۈككە يوققا چىقتى!
شۇ كۈنىلا ئاتىخانىنى راۋالپىندىدىن ئىككى يۈز نەچچە
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەشھۇر لاھور تۈرمىسىگە يۆتكىدى. بۇ-
رۇندىن تۈرمە تۇگۇل، ساقچىنىڭ سايىسىنى كۆرسە
ئۆركۈيدىغان بۇ تەقۋادار ئادەم مانا بۈگۈن يىراق، يات بىر يۇرت-
تا، بىگانە ئادەملەرنىڭ قولىدا كويزا ـ كىشەنلەرگە بەنت بولۇپ،
ئېغىر مەھبۇسلۇق تۈرمۇشىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.
بۇ بەختسىزلىكنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ۋە مۇدھىشلىق
بىلەن يۈز بەرگەنلىكىدىن ئاتىخان قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ، ئوغلى
ئەكبەرنىڭ شۇ كۈنلەردىكى يالغۇزلۇق ۋە غېرىبلىقتا ئۆتكۈزۈۋاتى-

قان سەرسانە كۆنۈلىرىنى ئويلىسا، ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق كۆلپەتلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇنداق نام ـ نە-شانىي يوق سىرلىق ئايرىلىش ئوغلى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىگە ھەرقانداق گۆدەك قەلبىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئاتىخان چۈشىنەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئازابلىق قەلبىگە ئازراق دال بولۇۋاتقان نەرسە ــ ھېلىمشانىڭ ئەكبەرگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئىدى. ھېلىمشا ئۇنىڭ نەزىرىدە مەردلىك، قەي-سەرلىك ۋە پىداكارلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئاتىخان ئۆتكەنكى ئۇزۇن، جاپالىق سەپەر جەريانىدا، ھېلىمشانىڭ ئىشەنچلىك ھە-مايىچى ۋە ۋاپادار ھەمراھ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئۆز قېرىندىشىدەك ئىخلاس بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. ئاتىخاننىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، بۇنداق ئادەملەر گەرچە نادان، تەلۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ۋاپا، ساداقەت كېلەتتى!...

ئاتىخان يالغۇز قالغان ئوغلىنى نۇرغۇن دۇئا ـ تىلاۋەتلەر بىلەن ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا ھېلىمشاغا تاپشۇرۇپ، شۇنىڭ-دىن ئۆزىگە ئاز ـ تولا تەسەللى تاپتى!...

لاھور تۈرمىسى ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك، سۇرلۇك، پۇختا تۈرمە ئىدى. ئادەم ياتىدىغان ئۆيلەر يەرنىڭ ئاستىغىراق چۈشۈپ كېتەتتى، تام ـ تورۇسلىرى تاختا تۆمۈر بىلەن ياسالغاچقا، سوغۇق ھەم قاتتىق ئىدى. سېسىقچىلىق، پاسكىنىچىلىق بېسىپ كەتكەن بۇ ئۆيلەردە چاشقان، پاقا، سۈۋەرەك، پىت، بۈرگە دېگەندەك نەرسىلەر خالىغانچە ئويىنىشىپ، سەكرىشىپ يۈرەتتى ...

ئاتىخاننى ئۈچىنچى كامېرغا سولىدى، بۇ كامېردا ئاتى-خاندىن باشقا يەنە تۆت ئادەم بار ئىدى، كىيىملىرى جۇلدۇر،

چاچلىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن، چىرايى تاتىراڭغۇ، مىجەزى چاچقۇن بۇ ئادەملەر ئاتىخانغا بىپەرۋالىق بىلەن مۇنداقلا قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن: «سەنمۇ بىزگە ئوخشاش جىنايەتچى تۇتقۇن، بۇ يەرگە مانا شۇنداق بەختى قارا، شور پېشانىلار كىرىپ - چىقىپ تۇرىدۇ ...» دېگەندەك مەنىلەرنى چۈشەنگىلى بولاتتى.

ئاتىخان شۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقتى، ئەتىسى گۈندىپاي بەرگەن بىر قاچا ماشلىق ئۇماچقا قاراپ ئولتۇرۇپ يەنە يىغلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا گويا ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىلەرنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازىدەك يېقىملىق، تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— يىغلىماڭ ئاكا، نېمىگە يىغلايسىز، يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق !...

ئاتىخان يىغىدىن چىپپىدە توختاپ، يېنىغا قارىدى، ئوڭ تەرىپىدە ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، ئۇيغۇر تىلىدا يامداپ گەپ قىلىپ تۇرغان ئىللىق بىر چىرايىنى كۆرۈپ، هاياجاندىن يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— تونۇشۇپ قويايلى ئاكا، مېنىڭ ئىسمىم شىرمىلەك، ئاۋۇ قىيىسىيىپ ياتقىنى مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، ئىسمى سىيىنمىلەك ...

بۇنداق زۇلمەت ئىچىدە تاسادىپىي پەيدا بولغان بۇ يېقىملىق سۆز ۋە ئىسسىق چىراي شۇ تاپتا ئاتىخانغا بىر دەققە بولسىمۇ، بۇ مۇدهىش يەر بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قارماپ ئالغان ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ سوغۇق كۆڭلىگە دوستلۇق مېهرى بىلەن هايات لەززىتىنى تېتىتتى، ئاتىخان ئەمدى تۇنجى قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قارىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ياتسىراپ، ئەندىكىپ تۇرغاچقا، خۇددى ئانىسىنى تاپالمىغان موزايدەك

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئەلەڭلەپ قارايتتى.

يېڭى تونۇش، يېڭى تۇرمۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئاتىخان ئاكا ـ ئۇكا شىرمىلەك، سىپتىملەڭلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ، ئۇلارنىڭ تىلى ـ تەكتىنىمۇ بىلىپ يەتتى.

ئەمدىلا يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن بەستلىك، سۆلەتلىك بۇ يىگىتلەر شۇ تۇرقىدا بەئەينى ئوتتۇز نەچچە ياشلىق كىشىلەردەك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا ئۇستۇن ئىدى، ئۈمىدۋار، جۇشقۇنلۇقى كۆزلىرىدىكى ياشلىق نۇرىدىن چاقناپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ دادىسى خۇشالخان راۋالپىندىدا ياشايدىغان تۆۋەن دەرىجىلىك بىر دىپلوماتىيە خادىمى ئىدى. بۇ ئادەم مىلادىيە 1930 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1940 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە پاكىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ۋاكالەتخانىسىدا ئىشلىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئون نەچچە ياشلىق شىرمىلەك بىلەن سىپتىملەڭمۇ دادىسى بىلەن بىللە قەشقەردە تۇرغان ئىدى، ئۇلار ھەمىشە كونسۇلخانا ئەتراپىدىكى ئۆز دېمەتلىك ئۇيغۇر باللىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئوينايتتى، كېيىن ھەتتا ئۇلار بىلەن ئىپتىدائىي مەكتەپتە بىر يېرىم يىل بىللە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغان ۋە قەشقەرنىمۇ ئۆز ئانا يۇرتىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى!

1945 ـ يىلنىڭ بېشىدا، دادىسى جىددىي ئۇقتۇرۇش بىلەن ۋەتەنگە قايتتى، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنمۇ دادىسى بىلەن پاكىستانغا قايتىپ كېلىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى سودا ئىشى بىلەن كاراچىغا كېتىۋاتقان يولدا بىر بۇلاڭچىغا ئۇچراپ، ئىككىسى ئۆزىنى قوغداش جەريانىدا، بۇلاڭچىغا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى. گەرچە بۇ يوللۇق قوغدىنىش خاراكتېرىدىكى سەۋەنلىك جىنايىتى بولسىمۇ،

لېكىن ئادەم ئۆلۈپ، خۇن دەۋاسى بولغاچقا، شىرمىلەگنى 10 يىللىق، سىيىتمىلەگنى يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىغان ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز قاتىل بولۇپ قالدۇق! — دېدى شىرمىلەك ئۇھسىنغان ھالدا ئاتىخانىغا قاراپ، — بىزغۇ مەيلى، نېمە دېگەنبىلەن قولىمىزدا ئادەم ئۆلۈپ، خۇنخور ئاتالدۇق، لېكىن سىلىگە بەك ئۇۋال بوپتۇغۇ ،ئاق - قارىسىنى ئايرىماي بۇنداق قاماپ قويسا قانداق بولىدۇ ؟!

— ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئاق - قارىنى ئايرىغۇدەك چولىسى نەدە، ئاكا!؟ — دېدى سىيىتمىلەك زەردە بىلەن، — ئورنىنى ئوغرى ئەپكەتمەي جايىدا تۇرسا، شۇنىڭغا خۇشال بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ!

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قىلغان ھېسداشلىق سۆزلىرى ئازراق بولسىمۇ، ئاتىخاننىڭ مىسكىن كۆڭلىگە مەلھەم بولدى.

— ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى خۇدا بار! — دېدى ئۇ يەنە شۇ تەقۋادارلىقى بىلەن ئۇھ تارتىپ، — بەندىگە مۇشكۇل تۇيۇلغان ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان!...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئاتىخاننىڭ تۈرمىداشلىرى، سىرداشلىرى كۆپەيدى، ئۇ قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيتتى، نەپىسى ئىسسىق، تەلەپپۇزى ئوچۇق ۋە راۋان ئىدى. ئاتىخان ھەر قېتىم كامېر ئالدىغا سېلىنغان بورا ئۈستىدە ناماز ئوقۇپ، قۇرئان قىرائەت قىلغاندا، تۈرمىداشلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدىغان، ئۇنىڭغا ئىختىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان، ئۇنىڭ قىرائەتلىرىنى زەن قويۇپ، مەپتۇنلۇق بىلەن ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئاستا - ئاستا ئاتىخاننى تۈرمىداشلىرىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ئۇلار ئۆيلىرىدىن

كەلگەن نەرسىلىرىنى ئاتىخان بىلەن تەڭ يەيدىغان، ھېچقانداق نەرسىنى ئۇنىڭدىن ئايىمايدىغان، ئەمگەكلەرگە چىققاندا ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا سالمايدىغان بولۇشتى...

ئاتىخان بۇ يەردە ئابدۇللا ساراي ئىسىملىك بىر تۇرك بىلەن تونۇشتى، ئۇ ئەتكەسچىلىك بىلەن تۇتۇلۇپ بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئىكەن. ھېلىقى تۇركنىڭ بەكمۇ چىرايلىق قول ھۈنىرى بار ئىدى، ئۇ ھەممىشە بىكار تۇرماي ئەرلەر كىيىدىغان زەر دوپپا توقۇيتتى، كۆك زەر يىپتا گۈل چىقىرىپ، سېرىق كالۋۇتۇن يىپتا توقۇلىدىغان بۇ نېپىز دوپپا بەكمۇ كۆركەم ۋە نەپىس ئىدى. ھېلىقى تۇرك مۇنداق دوپپىدىن ئىككى كۈندە بىرنى توقۇيتتى، ئۇنىڭ ئىلمەك يىڭنە تۇتقان قوللىرى شۇنداق چىۋەر ھەم يەڭگىل ئىدىكى، قاراپ ئولتۇرغان ئادەمگە گويا ئاددىي شاپاق دوپپا ئەمەس، بەلكى ئېسىل بىر سەنئەت بۇيۇمى ئىشلەۋاتقاندەك، ھۇزۇرلۇق تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ، ئاشۇنداق دوپپىدىن بىرنى توقۇپ ئاتىخانغا كىيدۈرۈپ قويدى ۋە ئېپتىخار بىلەن مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن مۇشۇ ئىشنى قىلمىغان بولسام، بۇ چاغقىچە ساراڭ بولۇپ قالاتتىم. بۇ يەرگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر پەنجاپلىقتىن مۇشۇنداق دوپپا توقۇشنى ئۆگەندىم، بۇ ئىش مېنىڭ ھاياتىمنى ساقلاپ قالدى، ھازىر ھەپتىدە تۆت ـ بەشنى توقۇيمەن، مۇشۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان خېرىدارلىرىم بار، كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ ئاشۇلار ئەكىرىپ بېرىدۇ!...»

ئاتىخان گەرچە تۇرمىداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، تۇرمە ھاياتىنى ئانچە قىينالماي ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمە ھامان ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى كۆھىقاپتەك بىلىنىپ، ئۆزىنى ئازاب ۋە خورلۇق تۇيغۇسىدىن زادى قۇتۇلدۇرالمىدى. ئاتىخان ھەر قېتىم تۆمۈر

قەپەسلەرگە سولانغان ئاشۇ ئادەملەرنى كۆرسە، يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزىگە ياش كېلەتتى. بۇنداق تۆمۈر قەپەسلەر كامېر ئارىلىقىدىكى يوللاردا خېلى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلىنغان مەهبۇسلار سولىناتتى، قەپەستە مۈكچىيىپ، هايۋاندىنمۇ بەتتەر قىيىن هالەتتە تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسكەن، كىيىملىرى جۇلدۇر كېپەن، كۆزلىرىدىن هاياتلىق نۇرى ئۆچۈپ، چىرايىدىن ئۆمۈر بويى خۇشاللىق كۆرمىگەندەك بىر خىل ئېچىنىشلىق مۇڭ - زار چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار چوڭ - كىچىك تەرەتنى ئاشۇ قەپەسنىڭ ئاستىدىكى ساپال قاچىغا قىلاتتى ۋە مۇشۇ جان قاقشاتقۇچى تۆمۈر رامكا ئىچىدە دارغا ئېسىلىپ ئۆلۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ياتاتتى!

ئىنسان بالىسى بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت ئاتىخاننىڭ قەلبىگە زادى سىغمىدى، ئۇ هەرقانچە قىلىپمۇ بۇنداق ياۋۇزلۇق، شەپقەتسىزلىك بىلەن قانۇن ئىجرا قىلىشنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. ئاتىخاننىڭ قارىشىچە، بۇ ئادەملەرنى قەپەستە ياتقۇزۇپ بۇنداق قىينىغۇچە، بىر يولىلا دارغا ئېسىپ جېنىنى ئالغان تۈزۈك ئىدى!...

بۇ يەردە جىنايەتچىنى جىنايەتچى باشقۇراتتى. «نىمبەردار» دەپ ئاتىلىدىغان سېرىق پوسمىلىق، قىزىل پوسمىلىق ۋە كۆك پوسمىلىق جىنايەتچىلەر بار ئىدى. سېرىق پوسما كىيگەنلەر 30 يىل كېسىلگەنلەر ئىچىدىكى قۇلاق كەستىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىدىن تۆۋەن كېسىلگەن جىنايەتچىلەرنى باشقۇراتتى؛ قىزىل پوسما كىيگەنلەر 20 يىل كېسىلگەنلەر ئىچىدىكى ساياقلار بولۇپ، ئۇلارمۇ مەلۇم دائىرىدە ئادەم باشقۇراتتى؛ كۆك پوسما كىيگەنلەر بولسا، ئاشۇ يۇقىرىقى ئىككى خىلنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئالغان چاپارمەنلەر بولۇپ، ئۇلار سېرىق ۋە قىزىل پوسما كىيگەنلەرنى باشقۇراتتى. ئۆزى جىنايەتچى تۇرۇپ، يەنە

جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىپ قالغان بۇ نادان، تەلۋىلەر خۇددى «ئېشەككە ھۈنىرىڭنى كۆرسەت دېسە، ھاڭراپ بېرىپتۇ» دېگەندەك، ھەرقانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتەتتى، قولىدىكى كالتەكلىرىنى ھەمىشە ئاشۇ بىچارە مەھبۇسلارنىڭ بېشىدا رەھىمسىزلەرچە ئوينىتاتتى!

بىر كۈنى كالتەك كۆتۈرگەن بىر نەمبەردار ئاتىخان ياتاقان كامېرىغا كىرىپ، ئۇنى خالا تازىلاشقا ئېلىپ چىقماقچى بولدى. ئاتىخان ئورنىدىن تۇرۇپ نەمبەردارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، شىرمىلەك ئۇنى توختىتىپ، ھېلىقى سېرىق پوسمىلىق نەمبەردارغا مۇنداق دېدى:

— بۇ ئادەمنى خالا تازىلاتما، بۇنىڭ ئورنىغا مەن بېرىپ تازىلاي!

— نېمىشقا؟! — سورىدى نەمبەردار كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— بۇ دېگەن مېھمان!

— تۈرمىدە مېھمان نېمە ئىش قىلىدۇ؟!

— بۇ دېگەن چەت ئەللىك، بىزگە مېھمان بولماي نېمە؟!

— مەن چوقۇم مۇشۇنى ئېلىپ چىقىمەن! — دېدى نەمبەردار كۆرەڭلىك بىلەن، — قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟!

— ياق، بۇنى ئېلىپ چىقمايسەن! — دېدى شىرمىلەكمۇ جاھىللىق بىلەن، — بۇنىڭ ئورنىغا مەن چىقىمەن!

نەمبەردار ئاتىخاننى «ماڭ!» دەپ قولىدىكى كالتەك بىلەن دۈشكەلىدى، ئاتىخان ئىككى ئوتتۇرىدا جېدەل چىقىپ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ياۋاشلىق بىلەن نەمبەردارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى، لېكىن شىرمىلەك يەنە بولدى قىلمىدى، ئەركە ۋە غۇرۇرلۇق ئۆسكەن بۇ يىگىت ئۆزىگە ئوخشاش بىر جىنايەتچىنىڭ بېشىدىكى پوسمىغا تايىنىپ

ئادەم بوزەك قىلىشقا چىداپ تۇرالمىدى .
— تـوختـىـسـىلا ئاتىخان ئاكا ! — دېدى ئۇ ئاتىخاننىڭ ئالـدىـنـى تـوسۇپ ، — بۇ غالچا نېمانچە ھەددىدىن ئاشىدۇ ، خالا تازىلايدىغان ئىشنى كىم قىلسا بولمىدىمۇ ؟
— ئۇ كـام شـىـرمـىـلـەڭ ، — دېدى ئاتىخان يېلىنغاندەك ئۇنـىـڭ قـولـىنى تۇتۇپ ، — بولدى ، ئۆزۈم چىقاي ، ئىش دېگەنـنـىـڭ يـاخـشـى - يامىنى يوق ، يەنە مېنى دەپ ئاراڭلاردا ئارازلىق بولۇپ قالمىسۇن !
— يـاق ، ھېـچ ئـىـش بـولمايدۇ ، ئاتىخان ئاكا ! — دېدى شـىـرمـىـلـەڭ تـۇرگـۈنـلـۈك بـىـلـەن ، — مەن چىقىمەن دېدىم ، چىقىمەن ! گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، جانمۇ ئېغىزدىن !
لېكىن نىمبەردارمۇ جاھىللىق قىلدى :
— سەن چىقمايسەن ، ئاشۇ چىقىدۇ !
— ئۇ چىقمايدۇ ، مەن چىقىمەن ، قانداق قىلىسەن !؟
گـەپ ئاۋـىـدى ، ئاۋـىـغانسېرى قوپاللاشتى ، ھەر ئىككىسىنـىـڭ ئەلـپـازىـدىن بىر قەپەس ئېلىشىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . نـىـمبەردار قولىدىكى كالتەكنى شىلتىۋىدى ، شىرمىلەڭ ئۇنى تارتـىـۋېـلـىـپ سۇندۇرۇۋەتتى ، نىمبەردار ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنىڭغا تـاشلانـدى ، لـېـكـىـن شىرمىلەڭگە تەڭ كېلەلمەي ، ئىككى ، ئۈچ مـۇشـتـىـنـى ئارتۇق يەپ كەتتى ، ئاغزى - بۇرنى قاناپ ، ئالىتاغىل ۋارقـىـراشـقـا بـاشـلىدى ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىر گۈندىپاي پـۇشـتـەك چـالـدى ، بىر ساقچى بىلەن بىرنەچچە سىبرىق ، قىزىل پـوسـىـلىقلار يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇلار شىرمىلەڭنى باسماداپ تۇتۇپ ، تۈرمە ئىشخانىسى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى ...
تـۈرمـە ھايـاتـىـدا ھەرقاچان جازاغا تارتىلىش خەۋپى بار ئىـدى . يـاخـشـىـلىق ۋە يامانلىقنى بىلىۋېلىش تەس ئىدى . كىشى ئۆز بېشىغا كېلىدىغان بالا - قازا ياكى بەخت - سائادەتنى ئالدىن

تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. بۇ سۆزنى تۈرمىدە ناھايىتى ئاسان چۈشىنىپ يەتكىلى بولاتتى. ئېھتىيات قىلمىسا، بالا ـ قازا سۇڭگۈچتىن ماراپلا تۇراتتى...

ئاتىخاننىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى ئاخىر يۈز بەردى. گۈندىپايلار شىرمىلەكنى سوئال ـ سوراق قىلدى، قاتتىق ئۇردى، ئاخىر ھوشىدىن كەتكەندە، كامېرغا ئەكېلىپ تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ دۈمبىسى قامچىنىڭ ئىزى بىلەن شەلۋەرەپ كەتكەن ئىدى. ئاتىخان شىرمىلەكنىڭ بېشىنى سىلاپ قۇچىقىغا ئالدى، ئۆزى ئۈچۈن دەرد چەككەن بۇ ئاق كۆڭۈل، مەردانە يىگىتنىڭ تاياق ئازابىدا زەئىپ ئېڭراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۈچىلىنىپ كەتتى، ئاتىخان ئەلەم ۋە خورلۇققا چىدىماي، بىر تۇتام قويۇق ساقىلىنى كىمگىدۇر خەپلەپ قاماللىۋىدى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ساقاللىرى پىرىس ـ پىرىس يۇلۇندى، لېكىن ئۇ ئاغرىقنى سەزمىدى!...

«ئاھ، خۇدا! — دەپ نالە قىلدى ئاتىخان ئاخىر كۆز يېشىنى ئىچىگە سىڭرىپ، — مەن ساڭا كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقۇپ، يامان ئىشتىن پەرز قىلىپ، ھالاللىق بىلەن 50 يىل بەندىچىلىك قىلدىم. ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە، يىراق، ياقا يۇرتتا مۇشۇنداق ئازاب، كۈلپەتلەرنى تارتىشمۇ سېنىڭ ئىرادەڭمۇ؟! ئى كەرەملىك خۇدا، دەرەخنى يىلتىزى بىلەن ياراتتىڭ، لېكىن بەندىلىرىڭنىڭ يىلتىزى ئۆز قولۇڭدا تۇرۇپتۇ، سەن ئۆز ھىممىتىڭ ۋە كارامىتىڭ بىلەن بىزنى بۇ ئازاب ـ خورلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرغىن! ئۆزۈڭگە تېۋىندىم، ئاللا! ئۆزۈڭدىن باشقا پاناھىم يوق! يىغلىغان كۆزىمىزگە ياش، يەيدىغان ئاغزىمىزغا ئاش بەر ئاللا! بەندەڭنىڭ قولىدا خار قىلما ئاللا، ئېرىقتا سۇ قىلىپ ئاقتۇر، ئاسماندا غاز قىلىپ ئۇچۇر ئاللا! ... »

ئۇ ئەنە شۇنداق بىچارە ھالەتتە خۇدادىن ئىنايەت تىلەپ،

كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا كۆزىدىن تارام‌لاپ ئاققان ياش يېرىم بېھوش ياتقان شىرمىلەگۈلنىڭ سولغۇن يۈزىگە چۈشتى …

## 2

ئاتا - بالا ئىككىيلەن 23 كۈنلۈك ئېغىر جۇدالىقتىن كېيىن، مانا بۈگۈن تولىمۇ تەستە، قېلىن سىم توساقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ كۆرۈشتى. ھەر ئىككىسى ئۆزىنى باسالماي يىغلىدى، يىغلىغاندىمۇ بۇقۇلداپ، ئېزىلىپ، ئۇزاق يىغلىدى.

— دادا، بۇ زادى نېمە ئىش ؟! — دېدى ئەكبەر يىغىدىن توختىغاندىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي لەۋلىرى پىر - پىر ئۇچاتتى، — بۇ دۇنيادا ناھەق ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ ؟!

— بالام، ھەق دېگەن بىرلا ئاللاغا خاس ! — دېدى ئاتىخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، — ئاللادىن باشقىسى يا ئۇنداق، يا بۇنداق ناھەقچىلىق قىلىدۇ !

ئەكبەر كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ، دادىسىنى قانغۇدەك كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى، قارىدىيۇ، يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى، چۈنكى دادىسىنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، رەڭگىرويى تاتىرىپ، بۇرۇنقى كېلىشكەن، قامەتلىك، خۇشخۇي تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى.. دېمىسىمۇ، بۇ كۈنلەردە ئۇ خېلىلا يادىغان، قاڭشىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىككى قوۋزى شىپپىدە چۆككەن ئىدى …

— بالام ئېشەك ساقمۇ ؟ — سورىدى ئاتىخان كۈتۈلمىگەندە، — ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغانسەن !

— ئېشەكنى سېتىۋەتتىم، دادا، — دېدى ئەكبەر پەرۋا-

سىزلىق بىلەن، — باققىلى بولمىدى، بىر پەنجاپلىق بېدىك ئېلىپ كەتتى...

— نېمە، سېتىۋەتتىم ؟! — ئاتىخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى.

— نېمە بولدى، دادا ؟ — ئەكبەر ھولۇقۇپ سورىدى، — چىرايىڭ غەلىتە بولۇپ كەتتىغۇ ؟!

— ئۇچىلىقچۇ ؟ ئۇچىلىقنى بەرمىگەنسەن ؟! — ئاتىخاننىڭ ئاۋازىدا ھەم ئالاقزادىلىك ھەم ئاز - تولا تەنبىھ بار ئىدى.

— بەردىم، دادا ! — دېدى ئەكبەر دادىسىنىڭ بۇنچە بىئارام بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي، — ئېشەك بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى...

— ھە، ... ئېلىپ كەتتى !؟

ئاتىخان شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە پۇت - قولى بوشىشىپ، تۇرغان يېرىدە پۈكلىنىپ قالدى، ئۇ خۇددى بىرسى كومشىرىغا تۈيۈقسىز كالللا ئۇرغاندەك ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى...

ئەكبەر «دادا، دادا، ساڭا نېمە بولدى ؟» دېگىنىچە ۋارقىراپ، سىم تۇساقنى قوللىرى بىلەن تىرنىلاپ كەتتى، لېكىن ئاتىخاندىن سادا چىقمىدى، ئىككى گۈندىپاي ئۇنى سۆرەپ كامېرغا ئەكىرىپ كەتتى. ئەكبەر سىرتتا يىغلىغىنىچە داد - پەرياد چېكىپ قالدى، ئەگەر شۇ پېتى تۇرۇۋەرسە، ئۇمۇ ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئەكبەرنى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ھەمراھى قولىدىن يېتىلەپ، تۈرمىگە يېقىن يەردىكى كىچىك بىر سارايغا ئېلىپ كەتتى !...

ئەكبەرنىڭ لاھورغا كېلىپ، دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشى ئاسانغا چۈشمىدى، باقىتارخان ئالىلىكىملەرگە يېلىنىپ، يالۋۇ-

رۇپ، بىرنەچچە كۈن دېگەندە، ساقچى ئىدارىسىدىكى تونۇشى ئارقىلىق يول خېتى ۋە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بەردى، ئاندىن يەھيا خوجا ئاشخانىسىدىن بىر شاگىرت بالىنى ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قوشتى ۋە دادىسى ئۈچۈن، بىرمۇنچە يېمەك - ئىچمەك تەييارلاپ بەردى. بۇ ئىككىيلەن پويىزدا بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، لاھورغا كەلدى ۋە بۇ تۈرمىنى ناھايىتى تەستە ئىزدەپ - سوراپ تاپقان ئىدى.

مانا شۇنداق قىيىن ۋە مۈشكۈللۈك ئىچىدە كۆرۈشكەن ئاتا - بالا كۆرۈشۈپلا دەردكە مۈپتىلا بولدى، ئەكبەر دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېشەكنىڭ سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي قىينىلاتتى. ئاتىخان بولسا، خۇددى بىرسى يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك، نىمجان ھالەتتە جان تالىشىۋاتاتتى. ھازىر ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ، دۇنيانىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغاندەك ئىدى!

ئەركىدىن، ئىززەت - ھۆرمىتىدىن ۋە بارلىق مال - دۇنياسىدىن ئايرىلغان ئادەم بەئەينى بالا - قازادىن يانمايدىغان تىلسىز ھايۋانغا ئايلىنىدۇ! شۇ تاپتا ئاتىخان ئاشۇنداق ھالەتكە كەلگەن ئىدى، يۈرىكىدىكى ئەلەم، غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنى ھېچنېمىدىن يانمايدىغان بىر تەلۋە تۈرگۈنگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاتىخان ئەمدى ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆردى، ھېچ نەرسىسى يوق قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغان بۇنداق ئىسسىق جاننى داۋاملىق ساقلاۋېرىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاشۇ ئوغلى سېتىۋەتكەن ئۈچلىق بىلەن بىللە، قۇتلۇق ھەج سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىغان بارلىق دۇنياسىدىن ئايرىلدى، ئاتىخان قەشقەردىن يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئاشۇ ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ تىكتۈرگەن گىلەم ئۈچلىقىنىڭ ئارىسىغا 10 سوملۇقتىن 30 تىللانى يوشۇرۇپ تىكىۋەتكەن ئىدى.

بۇ ، ئۇنىڭ بارلىقى ، ھاياتى ۋە ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ھەج قىلدۇرۇپ ، يەنە ئۆز يۇرتىغا ئامان - ئېسەن ئاپىرىپ قويىدىغان تەڭداشسىز ئەڭگۈشتەرى ئىدى . بۇ ئەڭگۈشتەر بولمىسا ، ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايتتى ، ھەتتا ئاچ - يالىڭاچلىقتىن قەدىرسىز قۇرت - قوڭغۇزلاردەك ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى ! شۇڭا ئۇ ، ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان بۇ ئازابلاردىن بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆردى ! ئۆلۈش كېرەك ، ئۆلۈم — ياخشى نىجاتلىق يولى ، ئادەم دېگەننىڭ بۇ دۇنيادىكى ئۆمرى يازدىكى باراڭ ، كۈزدىكى غازاڭدەكلا ئىش ! ھەقىقىي ئۆمۈر ، ئەبەدىي ھايات ئۇ دۇنيادا ! پانىي ئالەم ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق مەيدانى ، ۋاقىتلىق تىرىكچىلىك سورۇنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا باقىي ئالەمنى مەڭگۈلۈك قارارگاھ دەپ ئىرادە قىلغان !...

لېكىن ، ئۆلىمەن دەپلا ئۆلگىلى بولمايتتى ، جان خېلى چىڭ يەردە ئىدى . قانداق قىلىش كېرەك ؟ تۆرمىنىڭ تۆمۈر تاملىرىغا ئۇسۇپ ئۆلۈش كېرەكمۇ ؟ ياكى ئاۋۇ قەپەستىكى مەھبۇسلار ئۈچۈن تەييارلىغان دارغا يوشۇرۇنچە بېرىپ ئېسىلىش كېرەكمۇ ؟!...

لېكىن ، ئاتىخان يەنە ئويلىنىپ قالدى ، ئۇ ئۆلسە ئەكبەر قانداق قىلىدۇ ؟ ئۇغۇ بۇ ئازابلاردىن ئۆلۈم بىلەنلا قۇتۇلار ، ئەمما ئەكبەرنى بۇ يات يۇرتتا ، باشپاناھسىز ، خارلىق - زارلىقتا تاشلاپ كەتسە ، ئۇنىڭ ئازابى كىمگە بولىدۇ ؟! ئەكبەر ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن سەبىي بالا ، ئۇنىڭمۇ بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ، خۇشاللىقىنى كۆرۈش ھوقۇقى ، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ ، پەرزەنت كۆرۈپ ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ھاياتلىق شامىنى ئۈزۈلدۈرمەي ياندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار ئەمەسمۇ !...

ئاتىخان شۇلارنى ئويلاپ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى ، ئۇمۇ

باشقا ئاتىلارغا ئوخشاش، ئۆز پەرزەنتىنىڭ يېتىم، بەختسىز ۋە خار - زار بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى! شۇ چاغدا، ئاتىخاننىڭ كۆز ئالدىدا ئاۋۇ تۆمۈر قەپەستە ئۆلۈم نۆۋىتىنى كۈتۈپ ياتقان شور پېشانە مەھبۇسلارنىڭمۇ ھاياتقا، يورۇقلۇققا ۋە ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشلىرى گەۋدىلىنىپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم توغرىسىدىكى خىياللىرىدىن سەسكەنگەندەك بولدى. ئۆلۈمى مۇقەررەرلىشىپ قالغان ئاشۇ ئادەملەر چېغىدا، يېنىدىن ھەرقانداق بىرسى ئۆتسە ئۇلارنى توۋلاپ، گەپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن نېمە توغرىسىدىدۇر سۆزلىشىشنى، مۇڭدىشىشنى ئويلايتتى. بۇ ھال ئاتىخانغا دەسلەپ غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ مۇشۇ يول بىلەن ھاياتقا، ياشاشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى، ھاياتلىقنى ئۆلۈمدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىر كۈن بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئادەمدەك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ئىدى!

دېمىسىمۇ، ھاياتنىڭ تامام لەززەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، پۈتۈنلەي ئازاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولغان ئادەممۇ ئۆلۈمدىن كۆرە ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم — يوقلۇق، زۇلمەت ئىچىدىكى بوش نەرسە!...

بۇ دۇنيادا ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكىگە، كۈچ - قۇدرىتىگە ۋە جەلپكارلىقىغا يېتىدىغان نەرسە بارمۇ؟ ئەڭ ياۋاش، تىلسىز قوي چېغىدا، بوغۇزلايمەن دېسەڭ شىددەت بىلەن پۇت ئېتىپ، قارشىلىق قىلىدۇ، كارنىيىغا پىچاق تەگكەندىن كېيىنمۇ تېپىرلاپ تارتىشىدۇ! ئۇ، زادى نېمىگە تارتىشىدۇ؟! ئۇمۇ ئۆلۈمدىن ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، باھارغا، يېشىل چۆپلەرگە، ئويناق سۇلارغا تارتىشىدۇ، ھەتتا قىلىن قار بېسىپ يېشىللىق تۈگىگەن، ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن زىمىستان قىشلاردىمۇ، ئۇ يەنە ياشاشقا ئىنتىلىدۇ، ھامان بىر كۈنى قاقاس تاغلارنىڭ باھارغا، يېشىللىققا پۈركىنىدىغانلىقىنى بىلىپ، چىدام بىلەن كۈتىدۇ!...

دەرۋەقە ، هايات يولىنىڭ ئەگرى - توقايلىقى ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ، سىرلىقلىقى تۇپەيلىدىن ، ئادەم بىر كۈن پاراغەتتە ئۆتسە ، بىرقانچە كۈن ئاسارەتتە ئۆتىدۇ . لېكىن ، هاياتتا پاراغەتلىك كۈنلەر هامان كۆپ بولىدۇ !...

هايات ھەقىقىتىنىڭ مانا شۇنداق شېرىن ھەم ئاچچىق تەرەپلىرىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتكەن ئاتىخان ئىككى كۈندىن كېيىن ئوغلى بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە ، ئېشەك ۋە ئۇچىلىق توغرىسىدىكى گەپلەرنى زادى ئېغىزغا ئالمىدى . بۇ سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ ، ئوغلىنىڭمۇ ئازابلىنىشىنى خالىمىدى ، بۇ ھەقتە ئەكبەر ئېغىز ئاچقاندا بولسا ، ئۆزىنى تەمكىن ۋە ئەركىن تۇتۇپ :

— ھېچ گەپ يوق ئوغلۇم ، شۇنداقلا سوراپ قويغان ئىدىم ، ئېشەككە ئېچىكىشىپ قاپتىكەنمەن !... — دېگەن گەپلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى .

— دادا ، سەن بۇ يەردىن قاچان چىقىسەن ؟ — سورىدى ئەكبەر گۆدەكلەرچە خىيال بىلەن ، — مەن بەك يالغۇز قالدىم ، قىينىلىپ كەتتىم ، ھېلىمىشا ئاكامنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس ! ...

— قاچان چىقىشىمنى بىلمەيمەن ، بالام ! — دېدى ئاتىخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — لېكىن مەن ئۆزۈمگىمۇ ، ئاللاغىمۇ ئاق ، مېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىم يوق ، بۇلار مېنى خاتا سولاپ قويدى ، ئۇقۇشماسلىق بولدى ...

— بىرەرسى چاقتىمۇ يا ؟— شۈبھە بىلەن سورىدى ئەكبەر .

— كىممۇ چاقار ، بالام! مەن كىمگە يامانلىق قىلغان!... — ئاتىخاننىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق ئىدى ، — بىھۇدە گۇمان قىلمايلى ، بالام ، گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ !

بۇ ئاق كۆڭۈل ، باغرى يۇمشاق ئادەم زەھەرلىك چايانىنىڭ
ھەمىشە كىيسەك ئاستىدا ياتىدىغانلىقىنى ، بەزى ئادەملەرنىڭ
بەئەينى ئۇنىڭغا ئوخشاش  بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا يۇرۇپ ،
كىشىلەرگە شۇملۇق چىللايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا
كەلتۈرمەيتتى !...
ۋاقىت تۇشۇپ ، خوشلىشىدىغان چاغدا ، ئاتىخان ئەك-
بەرگە كۆز يېشى ئىچىدە مۇنداق دېدى :
— بالام ، مەن ئاق ، مەن پاك ، بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ ،
ئاسمان - يەر گۇۋاھ ! سەن باقىتارخانغا ، يەھيا خوجىغا
ئېيتقىن ، ئۇلار ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ ، خۇدا ئۇچۇن بولسىمۇ ،
بىر يەرگە مېنىڭ تۇغرامدا ئەرز سۇنۇپ باقسۇن ... ھېلىمشانى
يوقلاپ تۇر... خوش بالام ، خوش !...

## توققۇزىنچى باب

# غېرىب كېيەن پالۋان

## 1

ھېلىمشانىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. شۇنچە قاۋۇل، كۈچلۈك، بەستلىك بىر ئادەم شۇ كۈنلەردە جۈدەپ، تارتىلىپ، خۇددى لەيلىقازاقتەك نازۇكلىشىپ كەتكەن ئىدى. كېسەل ئۇنى ھەممە جەھەتتىن تەڭ خورىتىپ، بىچىرىم نېرۋىلىرىنىمۇ كاردىن چىقىرىشقا باشلىدى. ھېلىمشا تۈن - تۈنلەپ كىرپىك قاقماي ئويغاق چىقاتتى، ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلۇپ، خۇددى كىچىك بالىدەك كاپاملاپ تاماق يەيدىغان بولۇپ قالدى. ھېلىقى ھەبەشتەك قارا دوختۇرمۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، باقىتار خان بىلەن ئەكبەرگە:

— بۇ كېسەل توغرىسىدا مەن سىلەرگە بۇرۇن ئېيتقان. بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە داۋالىدۇق، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالى بارغانسېرى ياماللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچە، كېسەلدە يارىلىنىش خاراكتېرلىك مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش ئەھۋالى بار. ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار! — دەپ ئۇقتۇردى.

ئۇنىڭسىزمۇ، ھېلىمشا ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزى تۇيۇۋاتاتتى،

كىرپىككى ئىلىنسىلا قارا بېسىپ، كۆزىگە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر كۆرۈنەتتى. بەزىدە ئۇ، قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئايالىنى، ئاتا - ئانىسى تىرىك تۇرۇپ قارا يېتىم بولۇپ قالغان قىزىنى كۆرەتتى. ئۇلار خۇددى ئوڭىدىكىدەكلا ھېلىمشانىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئاجىز، پاك قوللىرىنى سوزۇپ، ئۇنىڭدىن نېمىدۇر تىلەيتتى، كۈتەتتى، لېكىن ھېلىمشا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ ناتىۋان قوللىرىنى تۇتالمايتتى، ئۇلار يەنە خۇددى قاتتىق بوران سوققاندەك تۇيۇقسىز ھېلىمشادىن يىراقلىشىپ، ئېچىنىشلىق ئاھۇزار ئىچىدە تۇۋى يوق قاپقاراڭغۇ بوشلۇقتا غايىب بولاتتى ... ھېلىمشا ئېغىر ھالسىزلىق ئىچىدە چۆچۈپ ئويغىناتتى، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سوغۇق تەرگە چۆمەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ، مېنى خوتۇنۇم بىلەن قىزىمنىڭ ئاھى تۇتتى، دەپ ئۆكۈنەتتى، ئازابلىناتتى ...

بەزىدە ھېلىمشا چۈشىدە چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان، بېشىغا ئاق رومال سېلىپ، ئۇچىسىغا ئاپئاق كۆڭلەك كىيگەن پەرىشتە سىياق ئانىسىنى چۈشەيتتى، ئانىسى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، بىرنەرسىلەرنى بېرەتتى ۋە قولىدىن يېتىلەپ، گۈزەل باغۇئېرەملەرنى ئايلاندۇرماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇلار بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا تۇيۇقسىز جۇدۇن - چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇ زۇلمەتكە، تۇۋى يوق سوغۇق بوشلۇققا ئايلىنىپ كېتەتتى، ھېلىمشا يەنە بىر يەرلەرگە پىرقىراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ۋەھىمە ئىچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ كۆزى يۇمۇلسىلا، قاراڭغۇ زۇلمەتنى، تۇۋى يوق بوشلۇقنى، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى ۋە ئۆزىدىن يىراقتا قالغان خوتۇنى بىلەن قىزىنى كۆرەتتى، ئۇلار ھېلىمشاغا بىرنەرسىلەرنى دەيتتى، لېكىن ئۇ ئاڭلىيالمايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ۋە چىرايىدىن غېرىب -

مـسكىنلىكىنى ، ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر ئاغرىنىشنى كۆرگەندەك بـولاتـتى . بۇنداق چاغدا ، ھېلىمشانىڭ روھىي ئازابى كېسەل ئازا-بـىدىـنـمۇ بـەتـتـەرلـىشىپ كېتەتتى . ئۇ ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى تـورۇسقا ـــ ئىككى ئايدىن بېرى قاراپ يېتىپ ، كۆزىنىڭ يېغىنى يـېـگـەن ئاشـۇ زېـرىـكىشلىك سوغۇق بوشلۇققا تىكىپ ، ئاللادىن ئۆزىـگـە يەنە ئازراق ئۆمۈر بېرىشنى ، بۇ ئۆمرىنىڭ ھەربىر دەقىقە-سـىنى ھالاللىق ۋە ساداقەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئىمان ۋە ۋىجدان ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تىلەيتتى !...

ئىـشـقـىلىپ ، بۇ كۈنلەردە ھېلىمشا ياشاشقا ، تىرىكچىلىك قـىـلىشقا ھەرقانچە ئىنتىلسىمۇ ، ئەمما مۇدھىش كېسەل تۈيدۈرماي ئۇنـى بـۇ دۇنيادىن سۆرەپ كېتىۋاتاتتى ! شۇڭا ، ھېلىمشا بۈگۈن ئەكبەرگە كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا :

ـــ ئاتـىـخـان ئاكـام قـاچـان چـىـقار ؟ ـــ دېدى زەئىپ ئاۋازدا ، ـــ كۆرۈشەلمەي قالارمەنمىكىن ، دەپ ئەنسىرەيمەن !...

ـــ ئۇنـداق دېمە ، ھېلىمشا ئاكا ! ـــ دېدى ئەكبەر يىغلاپ سـىـلـىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ، ـــ دادام بىلەن كۆرۈشسەن ، بىز تېخى بىللە ھەرەمگە بارىمىز ...

ھېـلـىـمـشـا نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتتى ، بـېـشـىنى يېنىك سىلكىپ ، ئەكبەرنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتقانلىقىنى بىلدۈردى .

ـــ ھېـلـىـقـى ئەرزدىن خەۋەر يوقمۇ ؟ ـــ دېدى ئۇ بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن بېشىنى سەل - پەل كۆتۈرۈپ .

ـــ يـاق ، جـىـمـجـىـتـقـۇ ! ـــ دېدى ئەكبەر تىت - تىت بـولـغـاندەك بىر خىل روھىي ھالەتتە ، ـــ ئىشقىلىپ ، باقتارخان بىـلـەن يـەھيا خوجا ئاكاملار شۇ ئىشنىڭ پېيىدا يۈرۈۋاتىدۇ . ھە راست ، بـاقـتـارخـان ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە ، پاكىستاننىڭ يېڭى ھۆكـۈمـىـتـى بـارلـىق تۈرمىلەرنى بىر قېتىم تەكشۈرىدىغانلىقىنى

خەۋەر قىپتىمىش ...

بۇ گەپ ھېلىمىشاغا يېگى ۋە يېقىملىق تۇيۇلدى ، ئۇ ، خۇددى روھلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلغاندەك ، بىرئاز جانلىنىپ ئۆرە بولدى ۋە بېشىنى سوغۇق تامغا تىرەپ :

— بۇ خەۋەر بىز ئۈچۈن ، ئىلاھىم خۇش خەۋەر بولۇپ قالار ! — دېدى ئاۋازىنى خېلى كۆتۈرۈپ . لېكىن ، ھېلىمىشانىڭ ئاۋازى خۇددى كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تىتىرەپ ، جىغىلداپ چىقاتتى .

ئەكىبەر بۇگۈن ھېلىمىشانىڭ كۆڭلىنىڭ سۇنۇقلۇقىنى ، بۇنداق چاغدا يالغۇز قالسا ، تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ ، ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ ، كەچكىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا ئولتۇردى .

2

بۇگۈن ھاۋا باھار كۈنلىرىدەك يېقىملىق ئىدى ، سۈزۈك ئاسمانىدا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى . كەچ كۈز قۇياشى خۇددى ياشلىق ئىلاھىدەك كۈچكە كىرىپ ، لاھورنى تونۇردەك ئىسسىتىۋەتكەن ئىدى ...

ئاتىخان بۈگۈن مەشھۇر لاھور تۈرمىسىدىن چىقتى . ساپ ھاۋا ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلدى ، كۆپكۆك ئاسمان ئۇنىڭ زەخمە يېگەن قەلبىگە ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ، يېڭىلىك ۋە ئەركىنلىك بەرمەكتە ئىدى .

ئاتىخان ئاسمانغا قارىدى ، بىر قۇش قاناتلىرىنى كېرىپ ، زەڭگەر ئاسمان قوينىدا گاھ شۇڭغۇپ ، گاھ لەيلەپ ئويناپ يۈرەتتى ، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى قۇش بولۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك ھېس قىلدى ...

ئاتىخان لاھور تۈرمىسىدە ياتقان 49 كۈن ئىچىدە، ئەركىنلىكتىن، ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇ، ھەتتا كۆك ئاسمانغىمۇ، پىلدىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغىمۇ تويغۇدەك قارىيالمىغان ئىدى، شۇڭا ئاتىخان بۈگۈن كىچىك بالىدەك شوخ، غەمسىز ھەم ئەركىن ئىدى.

ئاتىخانىنىڭ تۈرمىگە كىرىشى قانداق تۇيۇقسىز بولغان بولسا، تۈرمىدىن چىقىشىمۇ شۇنداق تۇيۇقسىز بولدى. ئۇنى بۈگۈن ئەتىگەن بىر گۇندىپاي كامېردىن چاقىرىپ، ئىشخانىغا باشلاپ كىردى، ئىشخانىدىكى بوغان، قوپال ئۈستەلدە خەت يېزىپ ئولتۇرغان شاپ بۇرۇت، خاپان باش تۈرمە باشلىقى ئاتىخانىنى كۆرۈپ، غودۇدۇك ئاۋازدا: «يۇقىرىدىن بۇيرۇق كەلدى، سەن ئەركىنلىككە چىقىدىغان بولدۇڭ ...» دېگەندەك مەنىلەردە گەپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ تۈرمىگە كەلگەن كۈنى يىغىۋېلىنغان پاسپورت، كىيىم - كېچەك ۋە پۇل - پۈچەكلىرىنى ئۇششاق كاتەكچىلىك تۆمۈر ئىشكاپتىن ئېلىپ ئاتىخانىنىڭ ئالدىغا قويدى. كۈتۈلمىگەن بۇ ئىلتىپات، قىزغىن مۇئامىلە ۋە ئەركىنلىك ئىجازىتى ئاتىخانىنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى، بىر خىل بېقىملىق، شېرىن جۇغۇلداش ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ، خۇشاللىقتىن ئېسەنكىرەپ قالغىلى تاس قالدى. شۇڭا، ئاتىخان ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلۇپ، نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. توغرىراقى، سوراپ ئېنىقلاشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، شۇ تاپتا پەقەت ئەركىنلىكلا كېرەك ئىدى، بۇ يەردىن قانچە تېز چىقىپ كەتسە، شۇنچە ياخشى ئىدى. ئاتىخانىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە، بۇ يەردە كۆپىرەك تۇرۇپ قالسا، تۇيۇقسىز ئەھۋال ئۆزگىرىپ، يەنە كامېرغا قايتىپ كېتىدىغاندەك ئەندىشىلىك خىياللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، تۈرمە باشلىقى سۇنغان بىر پارچە قە-

غەزنىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى كاتەكچىسىگە قولىنى قويدى ـ دە،
نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرمىدىن چىقتى.
ئاتىخاننىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىشى ــــ باقـ
تارخان، يەھيا خوجا، ھېلىمشا ۋە ئەكبەرلەرنىڭ بىرلىشىپ ئىمزا
قويۇپ، ئەدلىيە ۋە ساقچى ئورۇنلىرىغا يازغان ئەرز خېتىنىڭ
كۈچىمۇ ياكى پاكىستان يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق سىياسىي ۋە
ئىجتىمائىي دېلولارنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، ئادىل بىر تەرەپ
قىلىغانلىقىنىڭ شارائىتىمۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ
بىلىدىغىنى، پەقەت ئاتىخاننىڭ ساق ـ سالامەت قويۇپ بېرىلـ
گەنلىكىلا ئىدى. ھېچكىم ھازىرغىچە غوجىمۇللىنىڭ خۇددى
زەھەرلىك يىلاندەك ۋىشىلداپ يۈرۈپ، ساقچىلارغا پۇل خەجـ
لەپ، شۇنچە پاراكەندىچىلىكلەرنى تېرىۋەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمەيتتى، بولۇپمۇ ئا...خاننىڭ تۈز، ساددا كۆڭلى شۇنچە
ئۇزاق، مۈشكۈل سەپەرلەردە بىللە بولغان ھەمراھىنىڭ ئۇنداق
بەتنىيەتلىك قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى،
غوجىمۇللىنىڭمۇ پايدىلانغان يوچۇقى دەل ئەنە شۇ ئىدى!...
ئاتىخان راۋالپىندىدا پويىزدىن چۈشۈپلا، ئۇدۇل
ھېلىمشانىڭ يېنىغا كەلدى. ئەكبەر شۇ يەردە ئىدى، ئۇ دادىسىـ
نىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ خۇشاللىقتىن يۇم ـ يۇم يىغلاپ
كەتتى، يېرىم بىھوش ھالەتتە ياتقان ھېلىمشامۇ ئۇنى كۆرۈپ
كۆزىنى ئاچتى، بېشىنى سەل ـ پەل قىمىرلىتىپ، ئاتىخان بىلەن
كۆرۈشكەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.
ئاتىخان ئۇنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىگە، گۆش ـ تېـ
رىلىرى سىزىلىپ، شىلىقشىپ كەتكەن پۇت ـ قوللىرىغا،
چوڭقۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان خۇنسىز كۆزلىرىگە
قاراپ، ئازاب ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ھېلىمشانىڭ بىر چاغلاردىكى
ئاشۇ نۇرلۇق، چېچەن كۆزلىرىدە ھازىر نە مۇڭ، نە خۇشاللىق

بار — هازىر بۇ كۆزلەردە پەرۋاسىزلىق ۋە مۇزلاپ ياتقان بوشلۇق ھۆكۈمران ئىدى ! ...

ئاتىخان ھېلىمشانىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھېلىمشا بىر چىنار — ئانا تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ھەمىشە ياشىرىپ، كۆكلەپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك چىنار ئىدى. ھەرقانداق جۇدۇن - چاپقۇن ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيتتى، لېكىن هازىر، ئاتىخاننىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك چىنار ئاللىقاچان سۇنغان، يىلتىزى قاتتىق زەخمە يەپ، ئاغدۇرۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى !

ئاتىخان بۇ شەپقەتسىز رېئاللىقنى كۆزىگە سىغدۇرالمىدى، كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى، ئۆزىنىڭ تۇرمىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈنلەي ھېلىمشانىڭ غېمىدە قالدى. ئاتىخاننىڭ بۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى، ھېلىمشا بىلەن ئاللانىڭ بەيتىنى بىللە تاۋاپ قىلىپ، بىللە پاكلىنىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئۇنىڭ بىلەن سەممىي ئۇلپەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى. چۈنكى، ئاتىخان بۇ ئادەمنىڭ ئاشۇنداق تىوغرا، خالىس نىيەت بىلەن بۇ قېتىمقى قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنى، ئۆتمۈشكە سالاۋات قىلىپ، كېيىنكى ھاياتىنى پاكلىق، ھالاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى ! ...

ئەتىسى ھېلىمشانىڭ ئەھۋالى بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدى، ئەتىگەندە يېرىم پىيالە سۈت بىلەن بىر بۇردا نان يېدى، ئاندىن بىرئاز ئۆرىدەپ، جەينىكىگە تايىنىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن ئەھۋالىڭ ياخشى ئۇكام، — دېدى ئاتىخان خۇشال بولۇپ، — خۇدا بۇيرۇسا، ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىپ كېتىسەن. كېسەل دېگەن پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقىدۇ.

غان نەرسە .

— ئىنشائاللا ، دېگەنلىرى بولار ، ئاتىخان ئاكا ! — دېدى ھېلىمشا ئۇھسىنىپ ، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ تۇراتتى ، — بۇ-گۈنكى ياخشى بولۇپ قېلىشىم سىلى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك ....

راست ، ھېلىمشانىڭ بۈگۈن سەل - پەل روھلىنىپ ، پۇت - قولىدا جان پەيدا بولۇپ قېلىشى — ئاتىخان بىلەن كۆزى ئوچۇق چېغىدا كۆرۈشەلىگەنلىكىدىن ئىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بېرى ئاتىخانغا دېيىشنى ئويلاپ يۈرگەن گەپلىرى ۋە قالدۇرىدىغان ۋەسىيەتلىرى بار ئىدى .

ھېلىمشا ئەكبەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، ئاتىخانغا بىر خىل دوستانە مېھىر ۋە مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى :

— سىلى ياخشى ۋاقتىدا كەلدىلە ، بىزنى ئاللا كۆرۈشتۈردى ... ھازىر مېنىڭ تېنىم تۇپراققا قوشۇلۇپ ، روھىم ئەرشكە ئۇچۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ . پۇرسەت غەنىيمەت ، بىرئاز پاراڭلىشايلى ... جانىجان دوستلاردىن ، جاھانى بۇرادەر-لەردىن ئايرىلىش بەكمۇ مۈشكۈل ئىكەن ... نېمە چارە ، ئادەم دېگەن پېشانىسگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجى يوق ... ئەسلىدە ، مەن ئاللىقاچان ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەم ئىدىم ، لېكىن سىلەردەك ياخشى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئايرىلىشىپ ، يەنە كۆتىككىمدىن قايتا كۆكلەپ چىققان ئىدىم ... ئەمدى يەنە ھەق جايىغا كېتىدىغاندەك تۇرىمەن ... بەندە دېگەن قازاغا رىزا ، بالاغا سەۋر قىلىش كېرەك ...

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى ، دېمى سىقىلىپ ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلاشتى ، كۆزىدىن ئاققان تارام - تارام ئاچچىق يېشى ساقاللىرى ئۈسۈپ كەتكەن تاتىراڭغۇ يۈزىگە سىڭىپ كەتتى .

بۇ ، ھېلىمشانىڭ ئەر بولۇپ يېتىلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆز يېشى قىلىشى ئىدى ، ھەتتا ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىمۇ ئاھ ئۇرۇپ ، قوشاق قېتىپ ھازا ئاچقان بولسىمۇ ، كۆزىدىن ياش ئاقمىغان ئىدى . ئۇ ، يىغلاڭغۇلۇقنى ئەر ئۈچۈن نومۇس ، ئاجىزلىق دەپ بىلەتتى ، ئەمما بۈگۈن ھېلىمشانىڭ كۆزىدىن ئاققان بۇ ياش — ئۆمۈر بويى قورقۇشنى ، باش ئېگىشنى ، ھەتتا ئۆلۈمنى پىسەنتىگە ئالماي ، مەردانە ياشاپ كەلگەن بىر نادان ، قارىتۇرۇك ئادەمنىڭ ئۆزى يارىتىۋاتقان يېڭى ھاياتتىن ، جانىجان دوست - بۇرادەرلىرىدىن ۋە يىراقلاردا قالغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ، مەڭگۈلۈك جۇدالىق ئالدىدا ئاقتۇرۇۋاتقان نادامەت يېشى ئىدى ! ...

ھېلىمشانىڭ بۇنداق بىچارە ، ناتىۋان ئەھۋالىغا قاراپ ، ئاتىخانىنىڭمۇ ، ئەكبەرنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى ، بۇنى كۆرۈپ ھېلىمشا دەرھال ئۆزىنى تۇتتى . چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، سۆزىنى داۋام قىلماقچى بولدى ، ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسى مەيۈسلۈك ئىچىدىكى مىسكىن كۈلكە ئىدى .

— ئاتىخان ئاكا ، مېنىڭ ئۆزلىرىگە كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى ، — دېدى ئۇ سامان تەكىيىنىڭ ئاستىدىن بىر تۈگۈنچەكنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، — بۇ 20 تىللا ، سىلى بۇنى ھەجدىن يېنىپ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ، قازانچى يارباشىدىكى قىزىم ئايىمگۈلنى ئىزدەپ تېپىپ ، شۇنىڭغا بەرسىلە ، قىزىم چوڭ ئانىسى سىكىنىخانىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ . كىمدەكىم ئاشۇ نارەسىدە قىزىمنىڭ بېشىنى سىيلىسا ، مەن ئۇ دۇنيادا شۇ كىشىنىڭ ئالدىغا قىزىلگۈل كۆتۈرۈپ چىقىمەن ! ... سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا دەرمانى كېتىپ ، — خۇدانىڭ بەندىلىرى ئەمەلدە ئۆلمەيدۇ ... سىلەر بىلەن يەنە ئاخىرەتتە تېپىشىمىز...



ھېلىمشانىڭ يۇگۈلۈق ، كىر چاپانلىق كۆكسىدە ئاجايىپ ئوتلۇق ، ساپ بىر يۈرەكنىڭ سوقۇشلىرىنى ، لېكىن بۇ يۈرەك شۇ تاپتا ھالسىراپ ، مەڭگۈ توختاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ ، ئەكبەرنىڭ كۆزىگە يەنە ياش كەلدى . ئۇ ، بۇ كېلەڭسىز ، قوپال ئادەمگە بەكمۇ ئىچىكىشىپ ، ئۆز ئاكىسىدەك ئىجىل بولۇپ كەتكەن ئىدى . شۇڭا ، ئەكبەر ئۆزىنى تۇتالماي ، ئۇنىڭ ئىگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى ...

شۇ چاغدا ــ ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنىڭ يۈرەكلىرى ئۆيەپ ، ئىچى ئاچچىق بولۇپ تۇرغان شۇ مۇدھىش دەقىقىدە ، ھېلىمشا بىر تىنىپ ، خىرقىرىغاندەك بولدى ، ئارقىدىن قاتتىق بىر سەسكەندى - دە ، نەپەستىن توختىدى ، بايىلا مۇگۈلىنىپ ، يالتىراپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلەر بەئەينى چېقىلغان شېشە پارچىسىدەك قېتىپ قالدى ! ...

پانىي دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى بىلەن شاد - خۇراملىقىنى ئاخىرغىچە كۆرمەي ، بىمەھەل كۆز يۇمغان مۇساپىر ئۆلۈمى گەرچە ئەرسات قاپلىغان بۇ يۇرتنىڭ چىگىش تېپىشماقلىرى ۋە دەھشەتلىك پاجىئەلىرى ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەستەك تۇيۇلسىمۇ ، لېكىن ھېلىمشا بىلەن ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى بىللە تارتقان ، ئۇنىڭ مەرد ، پىداكار روھىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ، ئۇنىڭ ۋىجدان ۋە ئىمان ئالدىدىكى كەسكىنلىكىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ئۈچۈن ، ھېلىمشانىڭ ئۆلۈمى خۇددى ئوچۇق كۆندە چاقماق چاققاندەك ، كېچە ئاسمىنىدىن سەرۋەر يۇلتۇزى ئېقىپ كەتكەندەك شۇنداق تۇيۇقسىز ھەم ئېغىر تۇيۇلدى . ئاتىخان ھەسرەتلىك ياشلىرىنى تەستە ئىچىگە سىڭدۈردى ، لېكىن ئەكبەر ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ ، بوزلاپ يىغلىدى ، كۆز ياشلىرى سەل

بولۇپ ئاقتى ! ...

ھېلىمشانىڭ ئۆلۈمى مەردانە ئۆلۈم ئىدى . ئۇ ، ھاياتلىقنى ھەمراھلىرىغا بېرىپ ، ئۆلۈمنى ئۆزىگە قالدۇردى ، شۇڭا ھايات قالغان ھەمراھلىرى قانچە قىلسا ئەرزىيتتى ! ...

ھېلىمشانىڭ مېيىتى چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىدىن مەسچىتكە يۆتكەلدى ، ئاتىخان ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ كېپەنلىدى . ئەسىر نامىزىدا مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلدى ، ئۇنىڭ ھازىدارلىرى يەنىلا ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ئىدى .

باقىنارخان ، يەھيا خوجا قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم جىنازىنى ئېلىپ ، راۋالپىندىنىڭ سىرتىدىكى بىر پارچە تاشلاندۇق مۇساپىرلار قەبرىستانلىقىغا كەلدى . دەپنە قىلىنىدىغان ۋاقىتتا ئاتىخان قەبرە بېشىدىكى ئادەملەرگە قاراپ ، چوڭقۇر ئىچ ئاغرىقى بىلەن مۇنداق دېدى :

— ئاللاتائالا ھېلىمشانىڭ دىلىنى يورۇتۇپ ، ئىنايەت يولىغا باشلاپ ، رۇستەمنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھىممىتىنى ، ئىمىر ھەمزىنىڭ جۈرئىتىنى بەرگەن ئىدى ، لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلدى ، خۇدايىم ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى غەنىي قىلغاي ، مەرھۇمنىڭ روھىنى جەننەت ھاۋاسىدىن بەھرىمەن قىلغاي ، ئامىن !

ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى ، مېيىت ئەنە شۇنداق ياخشى تىلەكلەر بىلەن سوغۇق لەھەت ئىچىگە قويۇلدى . ھېلىمشانىڭ جىسمى ۋە روھى ئانا يۇرتتىن يىراقتىكى يات بىر تۇپراقتا — ئۇنى بىر مەھەل بولسىمۇ ئۆز قويىنىدا بېقىپ ، مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان سېخىي ، لېكىن ھېسسىز تەبىئەتنىڭ پايانسىز قويىنىغا سىڭىپ كەتتى . مانا شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ، ھېلىمشانىڭ كېسەل ئازابىدا ئۇزاق تولغانغان جىسمى ،

هېسابسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت ، نومۇس ، پۇشايمان ۋە خورلۇق ئەچىدە پۇچىلانغان روھى مەڭگۈ ئارام تاپتى . شۇنداق قامەتلىك ، چىناردەك پۈتۈن ـ سۆرۈك بىر ئەردىن ئەڭ ئاخىرىدا بۇ دۇنياغا قالغىنى پەقەت بىر دۆۋە يۇمشاق ، سوغۇق ۋە غېرىب تۇپراقلا بولدى !

ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش خورما ۋە كاۋچۇك دەرەخلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈككە سۇس يېيىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، قۇياشنىڭ ئوتلۇق گەردىشى ئۇپۇققا تەگدى ۋە گويا نۇر ئېرىتمىسىدەك سوزۇلۇپ ، ئۇپۇق بوشلۇقىدا غايىب بولۇشقا باشلىدى . قۇياشنىڭ ئورنىدا ئاۋۋال سۇس قىزغۇچ ، كېيىن قارىيىشقا باشلىغان چەكسىز ئۇپۇقلا قالدى ، ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمدى ! ...



## ئونىنچى باب

# كاراچىدىكى تەقەززالىق

### 1

ھېلىمىشانىڭ ئۆلۈمى گويا ئاتىخانغا ياراشقاندەك ئىش بولدى.

ئەگەر ئۇ سەكرات ئالدىدا ئاشۇ 20 تىللانى ئاتىخانغا ئامانەت قىلىپ بەرمىگەن بولسا، ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنىڭ ھاياتى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغان بولاتتى. ئۇلار ھەج ئۇچۇن ئەرەبىستانغا بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، جېنىنى بېقىش ئۇچۇنلا، نامراتلىق قاپلىغان مۇشۇ يۇرتتا ھامماللىق، جىسەكچىلىك ۋە يۇندىخورلۇق قىلىشى كېرەك ئىدى. قاچانكى ئۆز خەجىدىن ئېشىنىپ، يېتەرلىك پۇل يىغالىسا، ئاندىن ئەرەبىستانغا ياكى ئۆز يۇرتى تەرەپكە قوزغىلالايتتى. لېكىن بۇ قاچان، قانچە يىلدا ئىشقا ئاشىدۇ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. بەلكى ئاتىخاننىڭ كېيىنكى پۈتكۈل ئۆمرى يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ۋە سەرسانلىق بىلەن مۇشۇ يەردە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى!...

ئاتىخان شۇلارنى ئويلىسا، تېنى شۈركۈنۈپ، ۋەھىمە باساتتى. ئاللانىڭ ئۆزىنى ھېلىمشانىڭ قولى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ

ئاشۇنداق خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قال-
غانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن شۈكۈر ـ سانا ئېيتاتتى. شۇڭا ئۇ،
ھەر ۋاقىتلىق نامىزىدا ھېلىمشانىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
دۇئا قىلاتتى، بەزى كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئۇنىڭ غې-
رىب قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇرئان تىلاۋەت
قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئاتىخان ئاللانى گۇۋاھ قىلىپ، ھەجدىن
قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئامانەتنى ئۆز جايىغا ساق ـ سالامەت
تاپشۇرۇشتىن باشقا، ئاشۇ نارىسىدە قىزغا ئاتىدار چىلىق قىلىشنى،
ھېلىمشا يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئاتا مېھرىنى ھەسسىلەپ
يەتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى!...

ھېلىمشا ئۆلۈپ يەتتىنچى كۈنى، ئاتىخان يەھيا
خوجىنىڭ ئاشخانىسىغا قازان ئېسىپ، يۇرت ئادىتى بويىچە ياغ
پۇراتتى، ئۆز قولى بىلەن پولۇ ئېتىپ، شۇ يەردىكى يېتىم ـ
يېسىرلارغا نەزىر قىلىپ بەردى ۋە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن،
ئەكبەر بىلەن مۇساپىرلار قەبرىستانلىقىغا چىقىپ قۇرئان ئوقۇدى،
ئەتراپتا ئۇچۇپ يۈرگەن جان ـ جانىۋارلارغا دان چاچتى،
ئاتىخانىڭ ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۆلگەندە، روھى
قۇشقا ئايلىناتتى. شۇڭا ئۇ، بېشى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن
قۇشلارغا دان چېچىۋېتىپ ئەكبەرگە:

ـــ يېنىڭغا ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلارنى ئۈركۈتمە، بالام!
ئۇلار ساڭا كېرەكلىك نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ،
دەردتىن زېدە بولغان يۈرىكىڭگە شىپا بولىدۇ، ئەلەمدىن سىقىل-
غان روھىڭنى كۆتۈرىدۇ! ـــ دەپ تاپىلىدى.

ھېلىمشانىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگىدى، ئاتىخان
ئەمدى بۇ قارغىش تەگكۈر يۇرتتىن تېزراق كېتىشكە
ئالدىرىدى.

## 2

ئەكبەر كۆز ئالدىدا ئايان بولغان بۇ پايانسىز سۇغا قاراپ ھەيرەتتە قالدى. قەشقەردە ئۆزى چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان تۈمەن دەرياسىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دەريا، ئەڭ قۇدرەتلىك سۇ، دەپ قارايدىغان بۇ سادىدا بالا ئۈچۈن، كاراچى شەھرىنى يېشىللىق، نەمخۇش ھاۋا ۋە تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىقلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان ئەرەب دېڭىزىنىڭ بىپايان سۈيى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزىدەك كۆرۈندى.

ئەكبەر تويماس ئىشتىياق ۋە زوقمەنلىك بىلەن تىنىمسىز چايقىلىپ، ئۈپىقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز بويىغا كەلدى، دېڭىز ھەيۋەتلىك گۈرۈلدەيتتى، گويا مەڭگۈ ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدىغان تىلسىماتتەك نەرە تارتىپ، خەرساڭ تاشلارغا ئۇرۇلاتتى. دېڭىزنىڭ نەشپۈت چېچەكلىرىدەك بۇژغۇن چاچرىتىپ تۇرغان كۆكۈش، سۈزۈك تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالترايتتى، جىمىرلايتتى. ئۇنىڭ ئۈپۈق بىلەن سۆيۈشۈپ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز يىراق چېتىدە گويا ئۇستا رەسسامنىڭ قولى بىلەن سىزىلغان گۈزەل رەسىمدەك بىر يېشىللىق ئالىمى پەيدا بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل كەڭ ۋە راھەتلىك سېزىم ھاسىل قىلاتتى...

ئەكبەر يۇرتتىن ئايرىلغاندىن بېرى، مانا بۇگۈن تۇنجى قېتىم كۆكسى - قارنى ئېچىلىپ، راھەتلىك نەپەس ئالدى. دېڭىز ئۇنىڭغا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئازادىلىك، يۈكسەكلىك ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئەكبەر دېڭىز بويىدا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سەزمەي، كۈن پاتقۇچە تۇرۇپ قالدى. كۈننىڭ دېڭىزغا — ئاشۇ

پايانسىز سۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ھاياجىنى، زوقلىنىشى ۋە ھەيرانلىقى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. تەپتى يانغان ئوتلۇق شاردەك قىپقىزىل قۇياش ئۇپۇقتا باش قويغاندا، دېڭىز تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، سەلتەنەتلىك تۇسكە كىردى، سۇ — نۇر بىلەن چايقىلىپ، نۇر بىلەن رەڭلىنىپ، دېڭىزدا سۇ ئەمەس، گويا نۇر ۋە ھارارەت كۆۋەجەۋاتقاندەك، سىرلىق، جۇلالىق، مەردانە بىر مەنزىرە پەيدا بولدى ...

ئەگەر ھەمراھلىرى چاقىرىپ، سارايغا قايتىمىز دېمىگەن بولسا، ئەكبەر دېڭىزغا مەھلىيا بولۇپ، تېخى بۇ يەردە ئاينىڭ چىقىشىنى كۈتكەن بولاتتى.

ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنىڭ كاراچىغا كەلگىنىگە مانا بۇگۈن بىر ھەپتە بولدى. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى بۇرۇنقى ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇلارنىڭ تېخىچە ئەرەبىستانغا ماڭالماي، بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن ھەيران بولۇشتى.

— پاراخوتقا بېلەت ئالالماي يېتىۋاتىمىز! — دېدى مۇسا داڭقان ئاتىخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، — تولا ساقلاپ ئېگىكىمىزمۇ چۇشۇپ قالاي دېدى.

ئاتىخان تەئەججۇپ بىلەن سورىدى:

— ئىككى ئايغىچە ئالالمايدىغان قانداق بېلەت ئىكەن ئۇ؟

— بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، ئاتىخان! — دېدى مۇسا داڭقان ھەيرانلىق ھەم تىت - تىتلىق بىلەن، — ھېلىقى «ھاجى بېشى» دېگەن كىشلەرمۇ مانا دەيدۇ، ئەنە دەيدۇ، لېكىن بېلەت قولىمىزغا تەگمەيۋاتىدۇ!

مۇسا داڭقان ئۆزلىرىنىڭ كاراچىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپلا،

باقتارخان بەرگەن ئادرېس بويىچە « هاجى بېشى » دەپ ئاتىلىدىغان سەلەي هاجىم ، نادىر هاجىم ، بارات هاجىم دېگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ھەجگە چىقىپ ، قايتىش ۋاقتىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇرتداشلار ئىكەن . ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇچراشمىغان بولسا ، ھەممە يەر تاشقىن سۇدەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن مۇساپىر كۆچمەنلەر بىلەن توشۇپ ، موھتاجلىق ، نامراتلىق ۋە پاراكەندىچىلىك قاپلاپ كەتكەن بۇ شەھەردە ئۇلارنىڭ نېمە قىسمەتلەرگە يولۇقۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىكەن ، ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپلا ، ئاشۇ « هاجى بېشى » لارنى تېپىپ كۆرۈشۈپتۇ ، ئۇلار راستتىنلا باشپاناھ بوپتۇ ، دەسلەپ كاراچىدىكى چوڭ « هاجىخانا » غا ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ، كېيىن « هاجىخانا » دا ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل تارقاپ كەتكەندە ، ئۇلارنى يۆتكەپ ، ئۆزلىرى ئاچقان ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى بوش يەرگە چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن 400 رۇپىيىدىن ① پۇل ئېلىپ ، پاراخوت بېلىتى ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ . لېكىن ، بېلەت ھازىرغىچە قولغا تەگمەپتۇ ، « هاجى بېشى » لارنىڭ ئېيتىشىچە ، پاراخوتقا بېلەت ساتىدىغانلار ئۇلاردىن ھەر خىل قۇسۇر تېپىپ ، بېلەت بېرىشكە ئۇنىماپتۇ، ئايروپىلاندا يولغا سالايلى دېسە ، بىر بېلەت 1300 رۇپىيە بولغاچقا ، ئۇلار ئەرەبىستانغا بارمايلا يانچۇقنىڭ قۇرۇقدىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ . شۇڭا ، ئامالسىز « هاجى بېشى » لارنىڭ « سەۋر قىلىڭلار ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىۋاتىمىز ، پات ئارىدا ھەل بولىدۇ » دېگەن گېپى بويىچە ساقلاپ يېتىپتۇ .

— ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ نېمانداق دەرد - ئەسىرى كۆپ سەپەر - ھە ! ؟ — دېدى مۇسا داڭقان جىلە بولغان ھالدا ئۇھ

① 400 رۇپىيە — 10 سوملۇقتىن ئالتە يېرىم تىللاغا توغرا كېلىدۇ .

تارتىپ ، — بۇنداق يېتىۋەرسەك ، پۇل - پۇچىكىمىز تۈگەپ ، ئاستا - ئاستا ھېلىم دېۋانىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئوخشايمىز .

— خۇدايىم يەنە ئۆزى ئاسان قىلىدۇ ، مۇسىراخۇن ! — دېدى ئاتىخان ھەم تەسەللى ، ھەم تەنبىھ ئاھاڭدا ، — ئاللا ئۆز بەندىسىنىڭ ئېتىقادىنى ، ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن ، مۇشۇنداق مۇشكۇل ، قىيىن سەپەرلەرنى ئىرادە قىلغان . ھەرقانداق ئىشتا ، بەندە ئالدىرىغان بىلەن خۇدا ئالدىرىمايدۇ ، بۇ يەردىكى رىزقىمىز قاچان تۈگىسە ، شۇ چاغدا قوزغىلىمىز ، بۇنىمۇ خۇدا ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان !

مۇسا داڭقان « شۇنداق ، شۇنداق » دېگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى ، لېكىن كۆڭلىدە شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان بۇ تىنچسىز يەردىن بىر كۈن بولسىمۇ تېزراق كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئۇلار يەنە ئۇزاق پاراڭلاشتى ، پاراڭ ئىچىدە ھېلىمشا توغرىسىدىكى گەپلەر خېلى كۆپ بولدى ، ھەممىسى ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە ئېچىندى ، يات يۇرتتا غېرىب كېپەن بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتلەندى . پاراڭ ئىچىدە يەنە ، غوجىموللا توغرىسىدىمۇ گەپلەر بولدى .

— مەن كۆرمىدىم ، — دېدى مۇسا داڭقان ئۇنىڭ ئىشىنى ئەسلەپ ، — كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدا راۋالپىندىدىن كېلىپ ، ھىندىستانغا كېتىپتىمىش ...

— ھىندىستانغا ؟!

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاتىخان ھەيران بولدى ، كېيىن كۆڭلىدىن بىر پىكىر كېچىپ : « بەلكىم ، يولدىكى ئاشۇ گۇناھلىق ئىش تۈپەيلىدىن ھەرەمگە بېرىشنى نومۇس بىلىپ ، ھىندىستانغا كەتكەن ئوخشايدۇ ... » دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى .

— بوپتۇ ، نەدىلا بولسا سالامەت بولسۇن ! — دېدى ئۇ

چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، — ئادەم بالىسى كۆپرەك دۇنيا كۆرۈپ، ئىماننى قۇۋۋەت تاپقۇزغان ياخشى!

مۇسا داڭقان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇرۇقتۇرما، تىت - تىت بولۇپ، روھى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى ئاتىخان بىلەن سۆزلىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. يالغۇز مۇسا داڭقانلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىم ئاتىخان بىلەن قايتا جەم بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق كۆكسى - قارنى كەڭ، شوخ كۆڭۈل - قانائەتچان، ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە باش بولۇپ، بۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇشكۈل سەپەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت - تەلىيى دەپ بىلەتتى!...

تەقەززالىق ئىچىدىكى كۈتۈش بىلەن يەنە ئون نەچچە كۈن جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. كاراچىنىڭ ھاۋاسىمۇ ئاستا - ئاستا سوۋۇپ، ئەتىگىنى - ئاخشىمى گەجگە قورۇيدىغان بولۇپ قالدى. تولا كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان بىرنەچچەيلەن ئاخىر «ھاجى بېشى» لارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، پاراخوت بېلىتىنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلارمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلالمىغانلىقلىرىدىن خىجىل بولۇپ، ياۋاشلىشىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۈزلۈكرەك كەلگەن سەلەي ھاجىم يېپىيېڭى بىر ئىران گىلەمنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىغا تېڭىپ، ئاتىخان، مۇسا داڭقان ۋە يەنە بىرنەچچە مويسىپىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ، پاراخوتقا بېلەت ساتىدىغان «ھاجى كەب» دېگەن يەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى دېپاباي دېگەن كىشى گەۋدىلىك، يوغان قورساق، كېلەڭسىز ئادەم ئىدى. ئۇ، دائىم بېشىغا يوغان، قارا دەستار ئوراپ، قولىدا ئىسلەمەك نىزام تايىقى تۇتقان ھالدا يۈرەتتى. «ھاجى كەب» دە ئادەم كۆپ ئىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلارغا بەس - بەستە بېلەت

سىپتىلىۋاتاتتى . سەلەي ھاجىم دىپابايىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ، سۆزلەشمەكچى بولدى ، لېكىن دىپاباي نەزەر ـ گۈزۈرىگىمۇ ئالماي ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى ، پەقەت سەلەي ھاجىم ۋىلىسپىتنىڭ ئارقىسىدىكى گىلەمنى ئىشارە قىلىپ بىرنەرسىلەرنى دېگەندىلا ، ئاندىن ئۇ بىرئاز ئېچىلىپ ، سەلەي ھاجىم بىلەن ئوردۇ تىلىدا ۋىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ كەتتى .

— بۇ ئاقساقالنىڭ دېيىشىچە ، — دېدى سەلەي ھاجىم بىر چاغدا ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ ، — بىزنىڭ ھازىرغىچە بىلەت ئالالماسلىقىمىزدىكى سەۋەب ، بىزدە دەرخەس ① يوق ئىكەن ، ھۆكۈمەتتىكىلەر بۇلارغا دەرخەس يوللىماپتۇ . بۇلار ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە قىلغان دەرخەسكە ئاساسەن تەييارلىق قىلىدىكەن . ئەرەبىستانمۇ شۇنىڭغا قاراپ قوبۇل قىلىدىكەن . شۇڭا ، بىزگە بىلەت سېتىپ بېرەلمەيدىكەن ...

— ئىككى ئايدىن ئارتۇق ساقلاپ ، ئەمدى ئېرىشكەن جاۋابىمىز شۇ بولدىمۇ ؟ ! — دېدى مۇسا داڭقان ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ .

سەلەي ھاجىم بۇ گەپنىمۇ دىپابايغا ئۇقتۇردى ، ئۇ نىزام تاپىقنى ئوينىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— بىز كۈتتۇق ، دۆلىتىڭلاردىن دەرخەس كېلىپ قالارمىكىن ، دەپ كۈتتۇق ، — دېدى ئۇ ۋە سەلەي ھاجىمنى ئىما قىلىپ ، — بىز ئۆز ۋاقتىدا ماۋۇ ئادەملەرگىمۇ شۇ گەپنى قىلىپ كۈتۈشنى ئېيتقان . ئەمما ، دۆلىتىڭلاردىن ھازىرغىچە خەۋەر بولمىدى ...

— يەنە كۈتەمدۇق ؟! — سورىدى ئاتىخان تەقەززا بولۇپ .

— بىزدە ئامال يوق! — دېدى دىپاباي پەرۋاسىزلارچە، —

① دەرخەس — ئۇقتۇرۇش ، يوللانما دېگەن مەنىلەردە .

دەرخەس بولمسا بېلەت سېتىپ بەرگىلى بولمايدۇ، بۇ پرىنسىپ!

گەپ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلدى، سەلەي ھاجىم بىر گىلەمنى ھەدىيە قىلىپ، يۇرتداشلىرى ئالدىدا خىجىللىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ئاقلىغاندەك بولدى. ئەمما ئۇ، يۇرتداشلىرىنىڭ ھازىرقى ئوسال ئەھۋالىغا ھېسداشلىق قىلالىتتى، شۇنچە ۋاقىت بىھۇدە كۈتۈپ، نۇرغۇن مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، يەنە ماڭالمايۋاتقانلىقىدىن قايغۇراتتى. ئەگەر ئۇلار شۇ پېتى كېتىدۇرسە، مۇقەددەس ھەج تاۋاپ ئۈمىدى يوققا چىققاندىن سىرت، ئۇلارنى يوقسۇزلۇق، موھتاجلىق ۋە غېرىبلىق كۈلپىتى بېسىپ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا بولۇپ قالاتتى. ئۇ چاغدا، ئۈچ نەپەر «ھاجى بېشى» نىڭمۇ بۇنچە كۆپ ئادەمنى ھالاكەت دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ماجالى يەتمەيتتى!

— بۇ ئىشلار بۇرۇن مۇنداق تەس، مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، — دېدى سەلەي ھاجىم كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، — يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرى يېڭى، چىڭ بولۇپ كەتتى. بۇ گۈن سىلەر بېلەت ساتىدىغان باشلىقنىڭ گېپىنى ئۆز قۇلىقىڭلار بىلەن ئاڭلىدىڭلار، ئۇ يەردە ئۈمىد يوق، ئەمدى ئىشنى باشقا يول بىلەن ھەل قىلىشقا كىرىشەيلى، بىز يېقىندا كاراچىدىكى چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ يولىنى مېڭىۋاتقان، شۇنى قولغا كەلتۈرسەكلا، بېلەتتىن ئۈمىد بار.

ئۇلار «ھاجى كەب» دىن قايتماقچى بولدى. لېكىن، تاياجى ئىسىملىك بىر قېرى، مويسىپىت ئادەم «مىجەزىم ياخشى ئەمەس، سەل ئولتۇرۇۋالايلى» دېگەچكە، ئۇلار يەنە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا دىپاباي ئىشتىن چۈشۈپ، چېكەتكە شەكىللىك كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتماقچى بولدى. تاياجى خېلى بۇرۇنلا مۇدھىش بىر خىيالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئاشۇ ماشىنىنىڭ قوزغىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ماشىنا

ئاستا قوزغىلىپ ئۆلارغا يېقىن كەلدى، تاياجى ئاجايىپ بىر تەلۋە كۆچىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بوغۇق ئاۋازدا قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇنداق قىينىغۇچە يا جېنىمنى ئال، يا بېلەت بەر!

نورمال سۈرئەتتە كېلىۋاتقان ماشىنا يولدا توغرا ياتقان تاياجىغا ئىككى غېرىچ قالغاندا قاتتىق تورمۇزدىن سىلكىنىپ، جالاقلاپ توختىدى. قورققىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن دىپاباي نىزام تايىقىنى شىلتىغىنىچە ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئالىتاغىل توۋلاپ كەتتى، ئاڭغىچە ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا گۇرردە ئادەم ئولىشىپ، ئۇنى بىر چەتكە چىقىرىپ قويدى. كىشىلەر تاياجىغا قاراپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشەتتى، بەزىلەر كۈلەتتى، بەزىلەر تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭ بىچارە، ناتىۋان قىياپىتىگە قاراپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قىزىلىق يەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ، يادىڭغۇراپ كەتكەن يۈزلىرىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك مۇڭ ۋە ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى...

شۇ ئەسنادا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئاق يىپەك كۆڭلەك، بېشىغا قارا سەللە ئورىغان، ئوتتۇرا بوي، خۇش چىراي بىر ئەرەب بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. ئۇ، تاياجىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىپ، قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۆز دادىسى دېمەتلىك مۇلايىم، رايىش بىر ئادەمنىڭ ئېتىقاد يولىدا شۇنچە ئۇزۇن، جاپالىق سەپەرلەرنى بېسىپ كېلىپ، يەنە ئۆلۈمنىمۇ پىسەنت قىلماي، ئىسيانكارلىق بىلەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلىغان پىداكار روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. شۇڭا ئۇ، ئاۋۋال ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر بولۇپ، ئەرەبىستاننىڭ كاراچىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇھىم ئەربابى ئىدى.

ئاندىن ئۇ تاياجى ۋە ئاتىخان قاتارلىق بىر نەچچەيلەنگە تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى :

— سىلەر سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلا ، ئاللا سىلەرنى مۇشۇ يەرگىچە چاقىرىپ كەلگەن ئىكەن ، چوقۇم بەيتۇللاغا بېرىپ ، ھەج تاۋاپ قىلالايسىلەر . ھازىر پاكىستاندا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى ، شۇڭا بۇلار پىرىنسىپتا ، سىياسەتتە چىڭ تۇرىدۇ ، مەن دەرھال ئەرەبىستانغا — مەلىك ① ئابدۇل ئەزىزگە يوللانما يوللاپ ، سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى مەلۇم قىلىمەن ، ئىنشائاللا ياخشى خەۋەر كېلىدۇ . سىلەر خاتىرجەم كۈتۈپ تۇرۇڭلار ! ...

بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش ۋە ھېسداشلىققا تولغان ياخشى سۆزلەر ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۇڭلانغان كۆڭۈللىرىنى خۇددى باھار يامغۇرىدەك ياشارتىپ ، ئېچىلدۇرۇۋەتتى !

ئۇلار « ھاجى كەب » دىن خۇشال قايتىپ ، بۇ خۇش خەۋەرنى تەقەززالىق ئىچىدە قالغان باشقا ھەمراھلىرىغىمۇ يەتكۈزدى .

## 3

ھايات خۇددى بىر ئېقىنغا — بەزىدە ئۇخچۇپ ، تۇرمەللەپ ، بەزىدە سۈكۈتكە چۆمۈپ جىمجىت ئاقىدىغان سىرلىق ، شىددەتلىك بىر ئېقىنغا ئوخشايدۇ !

كاراچى كوچىلىرىدا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ، تېنەپ - تەمتىرەپ ، پۈتۈن كۈنلىرىنى ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ مۇساپىرلار ھازىر خۇددى ئەنە شۇ سۈكۈتكە چۆمۈپ ، جىمجىت ئېقىۋاتقان سىرلىق ئېقىنغا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى غېرىبلىق ، ئۈمىدسىزلىك ۋە

① مەلىك — پادىشاھ .

چۇشكۇنلۈك بېسىپ كېتىۋاتاتتى. مۇھەممەد ئىبنى جەئفەردىن تېخىچە خەۋەر يوق، ئۇ ئۆزى بۇلارنى ئىزدەشنى ئېيتقان ئىدى. تولا ساقلاپ، تىت - تىت بولۇپ كەتكەن ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقان ئەرەب كونسۇلخانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇ يەرنى ئەگىپ،ماراپ باقتى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى، كونسۇلخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارا - بارماي، پاكىستان ساقچىلىرى قوپاللىق بىلەن قوغلىۋەتتى. ئۇلار يەنە نەزەربەنت قىلىنغان ئادەمدەك ئۆيدە ئولتۇرۇپ، سەۋرلىك بىلەن كۈتتى، لېكىن كۈنلەر ھەپتىنى، ھەپتىلەر ئاينى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. يېڭى يىل ئۆزاپ، نورۇزمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇلار پۇللىرىنى شۇنچە قىسىپ، جان ساقلاش ئۇچۇنلا غورىگىل غىزالىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قىممەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن بۇ شەھەردە پۇللىرى غازاڭدەك ئۇچۇپ، يانچۇقلىرى بارغانسېرى يەڭگىللەپ كەتتى، ئاتىخانمۇ ھېلىمشا ئامانەت قىلغان پۇلنىڭ كۈندىن - كۈنگە تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇنىڭ ئامالىنى قىلماي مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ھەممەيلەن ئېغىر موھتاجلىق ئىچىدە قالاتتى.

ئاتىخان بىرنەچچە كۈن جىددىي ئويلىنىپ، كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكتى، ئاندىن ھەمراھلىرىنى يىغىپ مۇنداق دېدى:

— قېرىنداشلار، يېتىپ يەۋېرىشكە تاغمۇ چىدىمايدۇ، ھازىر ھەممىمىز پۇلنىڭ غېمىدە قالدۇق. تەقدىر - قىسمىتىم نېمە بولسا شۇ بولار دەپ يېتىۋېرىپ، بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى قىلماسلىق ياخشى پەزىلەت ئەمەس! مېنىڭچە، بىز بىر ياقتىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ھەرىكەت قىلايلى، ھەرىكەتتە بەرىكەت بولىدۇ!...

— ياخشى گەپ بولدى، قانداق ھەرىكەت قىلىمىز؟ — دېدى مۇسا داڭقان دەرھال لوقما تاشلاپ.

ئاتىخان بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغان خىياللىرىنى ، تۈزگەن پىلانلىرىنى ئالدىرىماي ، تەپسىلىي چۈشەندۈردى ، بۇنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك قايىل بولدي ۋە رازىلىق بىلدۈردى . ئۇنىڭ پىلانى بويىچە بولغاندا ، ھەممەيلەن ئوخشاش مىقداردا دەسمايە سېلىپ ، بۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسە - بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ ، كىمنىڭ قولىدىن قانداق ئىش كەلسە ، شۇنى قىلىش ۋە ئاخىرىدا پايدىنى تەڭ بۆلۈش ئىدى . بۇ سەممىي ، ئاقىلانە پىكىر ھەممەيلەنگە ياقتى . ھەركىم ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . خۇددى « بەش بارماقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھۈنىرى بار » دېگەندەك ، بۇ كوللېكتىپ ئىچىدىن قاسساپمۇ ، ناۋايمۇ ، زەرگەرمۇ ، ماشىنىچىمۇ ، تۆنىكچىمۇ ، ۋاپۇرۇشمۇ ... ھەممىسى بار بولۇپ چىقتى . كۆپچىلىك بىردەك ئاۋاز بىلەن پۇل باشقۇرۇشنى ئاتىخانغا تاپشۇردى ۋە بۇ ئادەم پۇل تۇتسا ، ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى ...

شۇنداق قىلىپ ، بىر مەزگىل سۈكۈتكە ، جىمجىتلىققا چۆككەن ئۆلۈك ئېقىن بىردىنلا جانلىنىپ ، ئوخچۇپ ، تۈرمەللەپ ئېقىشقا باشلىدى .

ئاياللار ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ ، تۆشۈككە پىشقان ئىككى ئايال ساڭزا ، سامبۇسا ۋە قۇيماق سالىدىغان بولدى ؛ يىڭنە ئىشىغا پۇختا ، قولى چېۋەر ئۈچ ئايال ھەر خىل رەختلەردىن ئىچ كىيىم تىكىدىغان بولدى ؛ ئەرلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ قاسساپلىق ، ناۋايلىق ، تۆنىكچىلىك قىلىدىغان ، ئاشقانلىرى ئاياللار تەييار قىلغان نەرسىلەرنى رەستىمۇرەستە ، كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ساتىدىغان بولدى . تىجارەت تېزلا يۈرۈشۈپ كەتتى . بۇ ئىشتا كاراچىنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ، ئېپى - جېپىنى ئوبدان بىلىدىغان سەلەي ھاجىم ، نادىر ھاجىملار ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇپ ، قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزدى .

كـاتتا پورت ھېسابلىنىدىغان بۇ ئاۋات ، قايناق شەھەرنىڭ ئىستېمال كۆچى يۇقىرى ئىدى ، بولۇپمۇ ئاياللار تەييارلىغان مەز- زىلىك ، يېيىشلىك ساگزا ، سامبۇسىلار بىلەن تۇجۇپلەپ تىنكىلگەن ئەرزان باھالىق ئىچ كىيىملەر بەكمۇ بازار تاپتى . ئەمدى بۇ ئىشلارغا ئاياللار يېتىشەلمەي ، ئەرلەرمۇ ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى . بۇرۇن ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكارچىلىق- تىن لاغايلاپ ، پۇتـۇن - پۇتـۇن كۈنلىرىنى بىھۇدە كۆتۈش ، زېرىكىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مەنىسىز ئۆتكۈزۈپ ، مىجەزى چاچقۇن ، سەپرا بولۇپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئەمدى جىددىيلىك ، خۇشاللىق ۋە قىزىق ئىلىم - سېتىم ئىچىدە كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ھەمىشە ئالدىراپ يۈرۈيدىغان بولدى . ئۇلار بۇرۇن بارماق ساناپ كۈن ئۆتكۈزگەن بولسا ، ئەمدى ھەپتىلەرمۇ بارماق ساناشقا ئۈلگۈر- مەيدىغان بولۇپ قالدى ...

بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ، ئەكبەر ئۈچىنچى قېتىم پەتنۇسقا سېلىنغان ساگزا ، سامبۇسىلارنى كۆتۈرۈپ ، دېڭىز بو- يىدىكى ئىستىراھەت باغچىسىغا كەلدى ۋە رەندىلەپ قويغاندەك بىر پارچە سىلىق قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، دېڭىزنى تاماشا قىلغاچ خېرىدار كۈتۈشكە باشلىدى . ئۇ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ تـوۋلىمىسىمۇ داۋاملىق كېلىپ تۇرىدىغان چۆپقەتلىك خېرىدار- لىرى بار ئىدى .

دېڭىز بويىدا ئايلىنىپ ، سەيلە - ساياھەت قىلىۋاتقان ھەر خىل كىيىم ، ھەر خىل چىرايدىكى ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ ، ئۇنىڭ ساگزا ، سامبۇسىلىرىنى بىردەمدە يېرىملىتىپ قويدى .

بىر چاغدا ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتمىش ياشلاردىن ئاشقان ، بويى ئېگىز ، ئۇستىخانلىق ، رەڭگى قارامتۇل ، چاچ - ساقاللىرى

قويۇق، نوقۇت رەڭ رىدا① ئۇستىگە چاقماقلىق سۇر كاستۇم كىيىۋالغان، سول قولىنىڭ بارمىقىدا چەچ كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇرغان بىر ئەرەب كەلدى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مۇلايىم، سەمىمىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، ئەكبەرنى تىل بىلمەيدۇ، دېگەن خىيال بىلەن سامبۇسىنى كۆرسىتىپ، قول ۋە كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق، نەچچە پۇلغا نەچچىسىنى بىرىسەن دېگەن مەنىلەرنى ئۇقتۇردى. لېكىن، ئەكبەر ناھايىتى ئەدەپ ۋە تەكەللۇپ بىلەن ئەرەبچە سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئېنىق، تىلىنىڭ راۋانلىقىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى ئەرەب ھەيران بولدى ۋە بىر خىل قىزىقىش ھەم سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، سەن نەدىن كەلدىڭ؟ ئىسمىڭ نېمە؟

ئەكبەر چاقماقتەك جاۋاب بەردى:

— قەشقەرىيەدىن كەلدىم، ئىسمىم ئەكبەر.

— ئەكبەر؟ — دېدى ئەرەب تېخىمۇ قىزىقىپ، — نېمە دېگەن ياخشى ئىسىم، ئاللاھۇ ئەكبەر... — ئۇ قوللىرىنى ئەزان ئېيتقاندەك قۇلىقىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كۈلۈمسىرىدى، — سەن ئەرەبچىنى نەدە ئۆگەنگەن؟ يۇرتۇڭلاردا مەدرىسلەر بارمۇ؟

— بار، بىر ئەمەس، بىرنەچچىسى بار، — دېدى ئەكبەر پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن، — مەن خانلىق مەدرىستە ئالتە يىل ئوقۇغان، بىزنىڭ ئۇ يەردە مىسىر، ھىندىستان ۋە بۇخارالاردا ئوقۇغان كاتتا ئۆلىما - ئۇستازلىرىمىز بار...

— سەن مېنى بەكمۇ خۇشال قىلدىڭ، ئوغلۇم! — دېدى ئەرەب قوڭۇر رەڭلىك، ئۇگىلىرى يوغان، يۇمشاق ئالقانلىرىدا ئەكبەرنىڭ باش - كۆزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — بىز تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم سەئىدتاھا،

---

① رىدا — ئەرەبلەرنىڭ كەڭ ئۇزۇن كۆڭلىكى.

يەمەنلىك مەن، ئەمما بەش يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتـ-
مەن. سەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

ئەكبەرمۇ بۇ ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، ئالتە يىل ئۆگەنگەن ئەرەبچە تىلنى ئىشلىتەلىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. شۇڭا ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى ۋە هازىرقى ئەھۋالىنى ئۇ جۇر - بۇ-جۇر گىپچە سۆزلەپ بەردى. سەئىدتاھا ئەكبەرنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنچە كۆپ رىيازەتلەرنى چەككەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتتى ۋە كۆڭۈل ياساپ مۇنداق دېدى:

— كىچىك بولساڭمۇ قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلىنىپسەن، ئاللا سېنى نىيىتىڭگە يەتكۈزىدۇ، ئوغلۇم! بابا ئەرەبستان كونسۇلخانىسىدىكى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، ئۇ لەۋزى ھالال، ياخشى ئادەم، ئۇنىڭ بالىسى مەندە تەلىم ئالىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ئېيتاي.

ئەكبەر رەھمەت ئېيتتى ۋە بىر پارچە قەغەزگە ساڭزا، سامبۇسىلاردىن ئوراپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، سەئىدتاھا پۇل بېرىش ئۈچۈن ھەميانىنى ئېلىۋىدى، ئەكبەر «لا-زىم ئەمەس ئۇستاز، مېنىڭ كىچىككىنە كۆڭلۈم» دېگىنىچە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

ئەكبەر كەچتە دادىسىغا سەئىدتاھا بىلەن تونۇشقانلىقىنى ۋە ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

— ياخشى ئادەمگە يولۇقۇپسەن، ئوغلۇم، — دېدى ئا-تىسى خۇشال بولۇپ، — ياخشىغا يېپەك يېپىشار دېگەن شۇ، يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتسە... يەنە ئۈچرىشىپ قالساڭ، بۇ يەرگە باشلاپ كەل، بىزمۇ تونۇ-شايلى، مۇساپىر چىلىقتا بۇنداق ئادەملەر بىزگە پۇت ـ قول بولىدۇ.

زىيائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەندەك، ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىمۇ بىرەر ئېغىز سۆزى، كۆزى ۋە چىرايىدىن مانا دەپلا

چىقىپ تۇرىدۇ. سەئىدتاھا توغرىسىدا ئاتىخانىنىڭ ئويلىغىنى توغرا ئىدى. يەمەندە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇ ئادەم ئىسلام ئەھلىنىڭ پېشۋاسى ۋە دىن ئالىملىرىنىڭ مۆتىۋەرى ئىدى. ئۇ، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، دىندىكى ئايىغى چىقماس مەزھەپ كۈرەشلىرىنىڭ غوۋغالىرى ۋە ئۆزىنى كاتتا ئۆلىما دەپ ئاتىۋالغان چالا ساۋاتلارنىڭ ھەسەت - خۇسۇمەتلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى تىنچ ۋە بەخىرامان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ، بۇ يەردە «مىرى ئەرەب» ① ناملىق ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بۇ مەدرىستە كۆپرەك ئەرەبىستان، يەمەن، مىسىر، ئىراق ۋە سۈرىيە تەرەپلەردىن كېلىپ، كاراچىدا تۇرۇپ قالغان ئەرەب سودىگەرلىرى بىلەن كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بالا - چاقىسى ئوقۇيتتى. بۇ ئادەم يولى كەلسە، ئاز - تولا تىجارەت ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ قوياتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئوغلى مەدىنىدە سودا - سېتىق قىلاتتى...

ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنە شۇ يەردە ئۇچراشتى، سەئىدتاھا ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئىدى.

— سوداڭ قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈپلا.

— ياخشى، — دېدى ئەكبەر ئۆز ئىشىدىن رازى بولغان قىياپەتتە، — دادام «ھەرىكىتىنى يەيمىز، بەرىكىتى قالىدۇ» دېگەنتى، دېگەندەك، ساتقان نەرسىنىڭ پايدىسى بىلەن كۆڭۈلۈك تۇرمۇشىمىزنى ئوبدان ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

— داداڭ توغرا دەپتۇ! — دېدى سەئىدتاھا ئەكبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — ھەرىكەتسىز ھايات ئۆلگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ھەرىكەت بولمىسا، بۇ دۇنيانى قانداق تەرەققىي

① «مىرى ئەرەب» — ئەرەب خوجىلىقى.

قىلدۇرالايمىز ؟ ھۇرۇنلۇقنىڭ، چۇشكۈنلۈكنىڭ دېنىمىزدا ھېچ-قانداق ئورنى يوق. دېنىمىز ھايات دىنى، ياشاش دىنى، توختىماي ھەرىكەت قىلىش دىنى! قارىغىنا، بۇ دېڭىزنىڭ قۇدرىتى نەدە ؟ ئۇنىڭ قۇدرىتى — تىنىمسىز ھەرىكەتتە! ئۇ ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيدۇ، كېچە - كۈندۈز گۈرۈلدەپ، شاۋقۇنلاپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ مۆجىزاتلار ياشايدۇ، ئۈستىدە ھەيۋەتلىك پاراخوتلار ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ...

سەئىدتاھا خۇددى ئۆز دېمەتلىك ئۆلپەتلىرى بىلەن مۇڭداشقاندەك، شۇنداق تەبىئىي ۋە شۇنداق مەنىلىك سۆزلەپ كەتتى. ئەكبەرمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر ھېكمەتلەرنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك، پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭ-لىدى. بىر چاغدا سەئىدتاھا ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى:

— ئوغلۇم ئوقۇشنى خالامسەن ؟

ئەكبەر قىلچە ئىككىلەنمەي، توپتوغرىلا جاۋاب بەردى:

— خالايمەن ئۇستاز، بۇ مېنىڭ ھەمىشە ئويلايدىغان بىردىنبىر ئارزۇيۇم!

سەئىدتاھا ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە قاقتى ۋە:

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى ھاياجان بىلەن، — مەن سېنى خاتا چۈشەنمەپتىمەن!

سەئىدتاھا ئاشۇ كۈنى ئەكبەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىلا، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ئۇنىڭ چېچەن، زېھنى ئوچۇق، تەلەپچان بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى. ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىنمۇ، خېلى ۋاقىتقىچە ئەكبەر توغرىسىدا ئويلىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىلىم ئەھلىگە خاس كەڭ نەزەر گە، ھەققانىيەت تۇيغۇ-

سىنغا ۋە دۇنيا ئىشلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر- مۇلاھىزىلەرگە ئىگە بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئەكبەرنىڭ مۇساپىرچىلىقتا قاغجىراپ كەتكەن سەبىي دىلىنى بىر كۈن بولسىمۇ بىلىم شەربەتلىرى بىلەن سۇغىرىشنى ئويلىغان ئىدى.

— مەن سېنى داداڭدىن، ھەمراھلىرىڭدىن ئايرىپ ئېلىپ قالماقچى ئەمەس، — دېدى سەئىدتاھا ئۆز كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، — بۇ يەردىن ماڭغىچە ئارىلىقتا مېنىڭ مەدرىسىمدە ئوقۇپ تۇر دېمەكچىمەن. بىلىم ئېلىشنىڭ ۋاقىت- قەرەلى، چەك- چېگرىسى يوق. ئادەم بالىسى بىر كۈن ياشىسا، بىر كۈن ئۆگىنىشى كېرەك. بىلىم ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق نەرسە، ئۇنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. ئەگەر خالىساڭ، مەن سېنى مەدرىسكە ئاپىرىپ قوياي، ياتاق- تاماقلىرىڭنىڭ ھەممىسى مەندىن بولىدۇ، ئۇ يەردە يەنە بىرمۇنچە بالىلار بىلەن تونۇشىسەن!

ئەكبەرنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى، بۇنداق چوڭ ھىممەت ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانداق رەھمەت ئېيتىپمۇ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى تۈگىتەلمەيتتى.

— مەن خالايمەن! — دېدى ئۇ تەقەززالىق بىلەن، — ھازىرلا بېرىشقىمۇ رازىمەن. لېكىن دادام...

— ھە، بىلدىم... — دېدى سەئىدتاھا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، — دادام نېمە دەركىن، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن. مۇنداق بولسۇن: سەن سودا- سېتىقىڭنى تۈگىتىپ، مېنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن ئىككى سائەتتىن كېيىن سېنى ئالغىلى كېلىمەن، سەن بۈگۈن بىزنىڭ ئۆينى كۆرۈۋېلىپ، ئەتە داداڭنى باشلاپ كەلگىن، بىللە سۆزلىشەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، مەن مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، ئۇستاز!

ئىككىيلەن ۋاقىتلىق خوشلاشتى، ئەكبەر سودىسىنى

تېزراق تۈگىتىش ئۈچۈن، دېڭىز بويىدىكى ئەشمە قۇملۇق سوقماق يوللاردا چېپىپ يۈرۈپ خېرىدار ئىزدەشكە باشلىدى.

## 4

ئەكبەر مەدرىسىكە ئورۇنلىشىپ، ئارزۇسىغا يەتتى. يېڭى - يېڭى ساۋاقداشلار بىلەن تونۇشۇپ، خۇددى بۇرۇنقى غەمسىز ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا قايتقاندەك، خۇشال ۋە شادىمان بولۇپ قالدى. بۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى خېلى ياخشى ئىدى، بۇ يەردىن خالىغان ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى تارىخىغا ئائىت كىتابلاردىن باشقا، يەنە دۇنيا تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت ئېسىل قامۇسلارنى تاپقىلى بولاتتى. ئەكبەر كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب خۇمار بولغاچقا، بۇ رەڭگارەڭ بىلىم خەزىنىلىرى ئۇنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس بايلىق دۇنياسىغا ئايلاندى، ئۇ كىتاب ئوقۇشقا، ئۇستازى سەئىدتاھا بىلەن نېمىلەرنىدۇر مۇلاھىزە قىلىشقا بېرىلىپ كەتتى. سەئىدتاھامۇ ئەكبەرنىڭ مۇنداق قىزغىن، جۇشقۇن روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى يېپيېڭى بىر ئىلىم ئالىمىگە — ئۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى ئۇچۇر، يېڭى قاراش ۋە يېڭى تەپەككۇر ئىچىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. قىسقىغىنا بىر مۇددەت ئىچىدە، ئەكبەر ئۆزىنى گويا بىردىنلا بوي تارتىپ ئۆسۈپ قالغاندەك، شۇنىڭغا يارىشا زېھنىمۇ ئېچىلىپ، بىلىمى ئۇلغىيىپ، تەمكىن، سالاپەتلىك بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ھازىر قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنە — راھەت - پاراغەت ئىچىدە غەمسىز ئوقۇۋاتقان بۇرۇنقى ئەكبەر ئەمەس ئىدى. ئەكبەر يۇرتتىن — مۇقەددەس ئانا قۇچىقىدىن ئايرىلغان ئون ئايدەك ۋاقىتتىن بۇيان، تالاي - تالاي داۋانلارنى

ئېشىپ، يۇرتتىن - يۇرتقا كۆچۈپ، ھاياتنىڭ بەكمۇ گۈزەل، رەڭدار ۋە شەپقەتسىزلىكىنى، تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىك، ئۆزگىرىشچان ۋە بىپايانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ تولىمۇ سىرلىق، مۇرەككەپ ۋە يۈكسەكلىكىنى كۆردى، چۈشەندى. ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى بىلەن تۇرمۇشنىڭ قېقىل - سوقۇللىرى ئەكبەرنىڭ يۇمران ئۇستىخانلىرىنى تاۋلاپ، بۇرۇنقى نازۇك، چىدامسىز جىسمىنى قۇيۇچىنەك قاتتىق ۋە بىجىرىم قىلىپ يېتىشتۈرگەن بولسا؛ ھاياتنىڭ كۈتۈلمىگەن تەقدىر - قىسمەتلىرى بىلەن تىرىكچىلىك يولىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۇنىڭ ئەركە، تىرتەك مىجەزىنى پىشىلدۇرۇپ، بۇرۇنقى بوشاڭ، پەرۋاسىز روھىنى مۇستەھكەم، ئىرادىلىك، ھەرقانداق ئىشقا سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل قارايدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇڭا، ئەكبەر خۇشاللىقتىن كۆرە قايغۇ، بەختتىن كۆرە ئازاب، كۈلكىدىن كۆرە يىغا كۆپرەك سىڭىپ كەتكەن مۇشۇ 10 ئاي ئىچىدە ئۆزىنى بىرنەچچە ياش چوڭىيىپ قالغاندەك تەمكىن، سالاپەتلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدتاھانىڭ قەسىدىلىرى قىسقا، ھېكمەتتى چوڭقۇر ئىلمىي سۆھبەتلىرى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېخىمۇ توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشىنىدىغان مەنىۋى مەنزىلگە باشلاپ كىرگەن ئىدى.

بىر كۈنى سەئىدتاھا مەدرىستىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئون نەچچىسىنى تاللاپ، بىر ھۇجرىغا يىغدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا شەرق ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىر سوئال قويۇپ، زېھىن سىناش قىلماقچى بولدى.

— شەرق ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە پارلاق ئەدەبىيات. ئۇ پەيدا بولغان كەڭ رايونلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ۋە مەنبەسى بولغان! — دېدى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، — بۇنى ياخشى بىلمىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئانا - بوۋىسىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ياخشى بىلمەيدۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەجدادلارنىڭ ئىدىيە، غايە، ھېسسىيات ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، مەن سىلەرگە ئۆتكەندە مۇتالىئە قىلغان كىتابلار ئىچىدىن شەرق ئەدەبىياتىنىڭ بىر قانىتى بولغان ئەرەب ئەدەبىياتىغا دائىر بىر سوئال بېرىمەن، كىم توغرا ۋە دەل جاۋاب بەرسە، ئۇنىڭغا 30 رۇپىيە مۇكاپات بېرىلىدۇ. پۇلنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى يۇقىرى، چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىڭلارنى ۋە ئوقۇغانلىرىڭلارنى قانچىلىك مۇتالىئە قىلىپ ئىزدەنگەنلىكىڭلارنى ئۆلچەيدىغان ئادىل ئۆلچەم. ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭلار، سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

«ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى ھاياتلىق، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغان كىشى گويا ئۆلۈك ئادەم، ئەركىنلىكى بولمىغان دۆلەت خۇددى مازار!» — بۇ سۆز كىمنىڭ، قايسى ئەسىرىدە ئېيتىلغان، قاچان؟

بىرنەچچە بالا ئارقا - ئارقىدىن قول كۆتۈردى، سەئىدتاھا شۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ دەسلەپ قول كۆتۈرگەن ئەلى جاھىز ئىسىملىك ئوقۇغۇچىغا رۇخسەت قىلدى.

— بۇ سۆز يېقىنقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى جىبران خېلىل جىبراننىڭ «سۇنغان قانات» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلغان، يىلى ... يىلى ... — ئۇ قاچان ئېيتىلغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيەلمەي، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى.

— جاۋاب توغرا بولدىمۇ؟ — سورىدى سەئىدتاھا ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— ياق ، توغرا بولمىدى ! — دېدى بىر ئوقۇغۇچى خېلى ئىشەنچلىك بىلەن ، — مەن دەپ باقاي .

— بولىدۇ ، سەن دەپ باقە ! — دېدى سەئىدتاھا رىغبەتلەندۈرۈپ .

— بۇ سۆز ، — دېدى ھېلىقى ئوقۇغۇچى قوللىرىنى ئويـ نىتىپ ، — يېقىنقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق شائىرى ئەخمەت شەۋقىنىڭ « سۇرىيە مۇستەقىللىقى » دېگەن ئەسىرىدە ئېيتىلغان ...

— خاتا ، سەنمۇ خاتا ئېيتتىڭ ! — دېدى سەئىدتاھا بىرئاز بىتاقەت بولۇپ .

ھۇجرا سۈكۈتكە چۆمدى ، ئوقۇغۇچىلار جىددىيلىك ئىچىدە ئويلانماقتا ئىدى .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش جەھەتتە ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدىغان 15 ياشتىن 18 ياش ئارىلىقىدىكى مىسىرلىق ، يەمەنـ لىك ، ئىراقلىق ، سۈرىيىلىك ۋە ئەرەبىستانلىق ئەرەب بالىلىرى ئىدى . بۇنىڭ ئىچىدە ، پەقەت ئەكبەرلا دۇنيانىڭ يىراق چېتىـ دىكى بىر قەدىمكى يۇرتتىن كەلگەن ئاددىي ئۇيغۇر بالىسى ئىدى .

سۈكۈنات خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى ، چۈنكى مۇدەررىسنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سوئالى ئادەمنى كاللا قاتۇرۇشقا ئۈندەيدىغان خېلى قىيىن سوئال ئىدى .

بىر ھازالىق جىمجىتلىقتىن كېيىن ، مىسىرلىق بىر ئوقۇغۇچى رۇخسەت ئېلىپ سۆزلىدى ، لېكىن ئۇنىڭ جاۋابىمۇ توغرا بولمىدى ، سەئىدتاھا ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەمەنلىك بىر ئوقۇغۇچى سۆزلىدى ، ئۇنىڭ جاۋابى يېرىم - يارتا بولدى ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىسمىنى توغرا ئېيتتىيۇ ، ئەسەرنىڭ ئىسمى بىلەن يىلىنى توغرا ئېيتالمىدى . سەئىدتاھا يەنە ئەپسۇسلانغان ھالدا يەلكىسىنى

قىسىپ قويدى. باشقا ئوقۇغۇچىلار يەنە سۈكۈتكە چۆمدى، ئالدىدىكى بىرنەچچەيلەننىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويغان ئىدى. ئەكبەرمۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ، خېلى چوڭقۇر ئويلىنىپ، كۆڭلىدە بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپقان ئىدى. ئىراقنىڭ يېقىنقى زامان ئاتاقلىق شائىرى ۋە يازغۇچىسى مەرۇف ئەل رۇسەفىنىڭ 30 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان بىر توپلىمىنى ئەكبەر تېخى يېقىندىلا مەدرىسىنىڭ قىرائەتخانىسىدىن ئېلىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە قىزىقىپ ئوقۇغان ۋە ئۇستازى سەئىدتاھادىن بىرنەچچە قېتىم نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالغان ئىدى. بايا ئېيتىلغان سۆزمۇ ئەنە شۇ توپلامدا بار ئىدى. لېكىن ئۇ، دەرھال قول كۆتۈرۈپ، بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن ئانچە لايىق كۆرمىدى، چۈنكى بۇ مەدرىسىنىڭ كونا ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا يېتىم ئاقساقاللىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەنمەنچى، شەپشەك ئىكەن، دېگەن يامان تەسىرات قالدۇرۇپ قويۇشتىن قورقتى. ئەمما، سەئىدتاھا خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك مۇنداق دېدى:

— ھەممىڭلار سۆزلەيسىلەر، قانچىلىك بىلسەڭلار شۇنچىلىك دەڭلار. بۇ، سىلەرنىڭ زېھنىي كۈچۈڭلارنى سىنايدىغان بىر پۇرسەت!

ئەكبەرنىڭ داۋاملىق ئارىسالدى بولۇپ، ئېھتىيات قىلىشىنىڭ ئورنى قالمىدى، سەئىدتاھا بايىقى سۆزلەر بىلەن ئۇنى خۇپىيانە ئىلھاملاندۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەكبەر سۈرىيىلىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، كۆڭلىدە قايتا ـ قايتا پىشىلدۇرۇپ ئالغان سۆزلىرىنى ئالدىرىماي، دانە ـ دانە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ سۆز يېقىنقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى مەرۇف ئەل رۇسەفىنىڭ 1926 ـ يىلى يازغان « تەپەككۇر

ئەركىنلىكى ئۈچۈن » دېگەن ئەسىرىدە ئېيتىلغان !

— ياخشى، ياخشى ! — دېدى سەئىدتاھا ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن رازىمەنلىك بىلەن، — سوئالغا توغرا، دەل جاۋاب بەردىڭ، مۇكاپات ساڭا بېرىلىدۇ، ئوغلۇم ! — ئاندىن ئۇ بەزىلىرى سالپىيىپ، گۆشىيىپ ۋە بەزىلىرى ئىچى قارىلىق بىلەن ئالىيىپ ئولتۇرغان باشقا ئوقۇغۇچىلارغا رايى قايتقان نەزەر بىلەن مۇنداق دېدى، — شۇنچە يىراق، چەت بىر يۇرتتىن كەلگەن بىر بالا سىلەرنىڭ تىللىرىڭلارنى ئۆگىنىپ، يەنە تېخى سىلەردىن يۇقىرىلاپ كەتسە، سىلەر ئۇيالمامسىلەر ؟ بىلىپ قويۇڭلار، بىلىم كىمنىڭ قولىدا بولسا، شۇ كۈچلۈك، شۇ نوچى ! ئۇنداق ئادەم ھېچقانداق يەردە خارلانمايدۇ، ئۇ ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق ماكاندا ئەزىز ۋە مۆتىۋەر بولۇۋېرىدۇ ! ...

ئەكبەر شۇ كۈنى كەچتە، بۇ خۇشاللىقنى دادىسىغا يەتكۈزدى. ئاتىخان ئوغلىنىڭ سىناقتا ئۇتۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىدىن قاتتىق سۆيۈندى.

— تېخىمۇ ياخشى ئوقۇ، ئوغلۇم ! — دېدى ئۇ ئەكبەرنى رىغبەتلەندۇرۇپ، — ئۇستازىڭ توغرا دەپتۇ، ئادەمنىڭ زىنىنتى — بىلىم، ئاتا - بوۋىلىرىمىز « كۈچى بار بىرنى يىڭەر، بىلىمى بار مىڭنى » دەپ بىكار ئېيتمىغان، مۇكاپات ئالغان 30 رۇپىيە پۇلۇڭمۇ ئاز ئەمەسكەن ئوغلۇم، بىز قەشقەردىن سېتىۋالغان 10 دانە دورغىبەگ تەڭگىسى دېگەن گەپ. سەن ئۇستازىڭنىڭ پېشىغا تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىپ، بىزنىڭ بۇ يەردىن رىزقىمىز كۆتۈرۈلگۈچە ئوبدان ئوقۇۋال، قۇربان ھېيتقا يەنە ئۈچ ئايدەك ۋاقىت بار.

— يەنە ماڭالمساق قانداق قىلارمىز، دادا ؟ — سورىدى ئەكبەر دېلىغۇللۇق ئىچىدە، — بۇ قېتىمقى ھەج ۋاقتى ئۆتۈپ

كەتسە، يەنە بىر يىل ساقلايدىغان گەپ...

ئەكبەر بۇ گەپلەرنى دادىسىنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن دېگەن ئىدى. ئۆز كۆڭلىدە بولسا، بۇ يەردە قانچىلىك كۆپ ساقلىسىمۇ ئەمدى قورقمايتتى، زېرىكمەيتتى. چۈنكى، ئۇ ھازىر ئىلىلىق ماكان، ياخشى ئۇستاز، ئۇبدان ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى، مەدرىستە تېخى ئۇنى يەكلىمەي ياخشى كۆرىدىغان بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرى بار ئىدى.

— يەنە بىر - ئىككى ئايغىچە ئەرەب كونسۇلخانىسىدىن خەۋەر بولماي قالسا، — دېدى ئاتىخان قاشلىرىنى يىمىرىپ، كۆزلىرىنى ئويچان قىسقان ھالدا، — يۇك پاراخوت خوجايىنلىرىنى سېپىتىۋېلىپ بولسىمۇ، بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدۇ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بەيتۇللانىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئارقىمىزغا يانساق، مەھشەر كۈنى ئاللاتائالاغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟ پۇلىمىز يېتىشمىدى، ئىرادىمىز بوشاپ كەتتى، دەيمىزمۇ؟ ئىنشائاللا، بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمىزنىڭ بەرىكىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. چىقىمنى تۆلەپ، يەپ - ئىچىپ، يەنە ئاز - تولا ئېشىنىۋاتىمىز. بۇمۇ ئالالاتائالانىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى، ئەگەر ئۇ بىزنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرمىغان بولسا، مۇشكۇللىرىمىزنىمۇ بۇنداق ئاسان قىلمىغان بولاتتى!...

— ھە راست، دادا، — دېدى ئەكبەر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك، — كونسۇلخانىدىكى ھېلىقى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ ئوغلى فەھەت بىلەن دوست بولۇپ قالدىم، ئۇ مەدرىستە ئوقۇيدۇ. تۈنۈگۈن فەھەتنىڭ دېيىشىچە، دادىسى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا مۇھىم ئىش بىلەن ئەرەبىستانغا كېتىپتۇ. ئۇ، مېڭىشتىن بۇرۇن، سەئىدتاھا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىزنىڭ ئىشىمىز توغرىسىدا سۆزلىشىپتۇ. فەھەتنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى سەئىدتاھاغا بۇ قېتىم ۋەتەنگە بارغاندا بۇ ئىشنى چوقۇم ھەل قى-

لىمەن ، ئۆتكەندە بىزنىڭ يوللىغان يوللانمىمىز مەلىكىنىڭ قولىغا تەگمىگەندەك قىلىدۇ ، مەن بىرىپ سۈرۈشتە قىلىمەن ، دېگەن ئوخشايدۇ ! ...

بۇ خەۋەر ھەرھالدا ئاتىخان ئۇچۇن يېڭى ۋە ئۇمىدلىك خەۋەر بولدى .

— خۇدايىم دېگىنىدەك بولار ! — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ ، — غېرىب - مۇساپىرنىڭ غېمىنى ئاللا ئۆزى يەيدۇ !

# ئون بىرىنچى باب

# ئۇمىد ساھىلى

## 1

ئاتىخان تۇرغان ئۆيگە بويى ئېگىز، غولى كەڭ، ساقىلى شالاڭ بىر ئەرەب كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىدىن قىرىق ياشلاردا ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. ئۇ، يالاڭۋاش بولۇپ، ئۇچىسىغا ئاق ماتادىن تەييارلانغان كەڭ يەكتەكنى يېپىنىۋالغان ئىدى. ھېلىقى ئەرەب يەكتىكىنىڭ بىر قىسمىنى بويىنىغا ئورىۋالغان، بىر قىسمىنى بولسا، ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بېشىغا ئارتىۋالغان ئىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم مەسرۇھ، — دېدى ئۇ ئەدەپ ۋە مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — مېنى بۇ يەرگە ئەرەب كونسۇلخانىسىدىكى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئەۋەتتى...

مەسرۇھنىڭ سۆزىنى ئەكبەر ئۆرۈپ بەردى، ئۇ تونۇگۈندىن بېرى گال ئاغرىقى بىلەن قىينىلىپ، مەدرىسكە بارال-ماي، دادىسىنىڭ يېنىدا يېتىۋاتقان ئىدى.

— مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر ئەرەبىستاندىن كەلدىمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئەكبەر.

چۈنكى ، ئۇنىڭ ئوغلى فەھەت تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا دادىسىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئەكبەرگە ئېيتقان ئىدى .

— كەلدى ، — دېدى مەسرۇھ كېسىپلا ، — تېخى ئاخشام قايتىپ كەلدى . ئۇ كىشى سىلەرنىڭ ھەممىگە بېرىش ئىشىكلارنى ھەل قىلىپ ، مېنى پاراخوت بېلىتى ئېلىپ بېرىشكە ئەۋەتتى . ھازىرلا بىر ئادەم 400 رۇپىيىدىن تاپشۇرۇڭلار ، بۇ گۈندىن قالماي « ھاجى كەب » گە چىقىپ بېلەت ئالىمىز ، مەن بىلەن بىر - ئىككى ئادەم بىللە چىقساڭلار بولىدۇ ...

بۇ خەۋەر ھەممەيلەننى خۇشاللىقتا چۆمدۈردى ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ ، زارىقىپ ، تەشنالىقتا كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرى رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى . ئۇلار ئەمدى ئەرەبىستانغا بارىدۇ ، بەيتۇللانى — خۇدانىڭ بۇ مۇقەددەس ، يېگانە ئۆيىنى تاۋاپ قىلىدۇ ؛ ھەجەرۇلئەسۋەد تېشىنى ئۆپۈدۇ ۋە ئۇ نامايان قىلىپ تۇرغان ئىلاھىي ھېكمەتلەرنى يۈرىكى بىلەن ھېس قىلىدۇ ؛ زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئابىھايات سۈيىنى ئىچىپ ، ھالىدىن كەتكەن كۆڭۈللىرىنى ياشارتىدۇ ! ...

ئاھ ، مەككە ! دۇنيادىكى شەھەرلەرنىڭ ئانىسى ، ئۇلۇغى ! بىز سېنى بەك ئۇزاق كۈتتۇق ، بەك سېغىندۇق . سېنىڭ ھىدايەت قۇياشى كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ مۇبارەك جامالىڭنى كۆرىدىغان كۈنىمۇ بولىدىكەن ! سەن بەيتۇللانىڭ ماكانى بولۇپلا قالماي ، سەن يەنە تىنچلىقنىڭ يۇرتى ، غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ پاناھگاھى ، سەن بىزنىڭ نىيەتلىرىمىزنىڭ ، كۈچىمىزنىڭ ۋە ئۈمىدىمىزنىڭ مەنبەسى ! بىز سەندىن ھەمىشە خەيرلىك تەلەپ قىلىمىز ! ...

ئۇلار شۇتاپتا ، ئەنە شۇنداق ھاياجان ۋە ئەقىدە بىلەن

ئۇنىسىز نىدا قىلىۋاتاتتى . بۇ ، ئۇلارنىڭ ئىلاھقا قىلغان نالىسى ۋە ئىلتىجاسى ئىدى !

ئايىغى چىقماس تولا كۇتۇشتىن كۆزىنىڭ قارىقى سىزدىلىپ ، دىلىلىرى قاغجىراپ كەتكەن بۇ ئادەملەرگە تۇيۇقسىز بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن مەسرۇھ گويا جەننەتنىڭ ئەلچىسىدەك يېقىملىق ۋە مۆھتەرەم بىلىنىپ كەتتى . شۇڭا ، ئۇلار نىېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ، ئادەم بېشىغا 400 رۇپىيىدىن پۇلنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

يوغان بىر سومكا پۇلغا ئېرىشكەن مەسرۇھ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن ، سالاپەتلىك تۇتۇشقا ئۇرۇنسىمۇ ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر گەپ - سۆزلىرىدىن بىر خىل ھودۇقۇش ۋە ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى ، لېكىن بۇنى ھېچكىم سەزمىدى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن مەستخۇش بولۇپ كەتكەن ئىدى ...

مەسرۇھ ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقاننى ئەگەشتۈرۈپ ، پاراخوت بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن « ھاجى كەب » گە قاراپ ماڭدى . ئەكبەرمۇ بىللە چىقماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن ئاتىخان ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدى .

بۇگۈن « ھاجى كەب » دە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى ، ئۇلار كۆك خىش بىلەن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئازادە بىر بىنانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، چەتتىكى بىر ئىشخانىغا كىردى . مەسرۇھ ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقاننى ئىشخانىنىڭ بىر چېتىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئەينەك تۇساقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توشقان كالپۇك ، بۆرە كۆز بىر پاكىستانلىق بىلەن بىرنەرسىلەرنى دېيىشتى ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز ۋە مۇئامىلىسىدىن بۇرۇنلا تونۇشىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقان ئۇ ئىككىيلەندىن كۆز ئۈزمەي ئول-تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىپ، نېمە قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە، پەقەت بېلەتنىڭ تېزراق ۋە ئوڭۇشلۇق قولغا تېگىشىنى تىلەشتىن باشقا خىيال يوق ئىدى.

بېلەت كېيىش رەسمىيىتى ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، مە-سىرۇھ يوغان كونۋېرتقا سېلىنغان بىر تۇتام بېلەتنى ئەكېلىپ، ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— مانا بۇ 28 كىشىلىك بېلەت، — دېدى ئۇ قول ۋە كۆز ئىشارەتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — پاراخوت ئۈچ كۈندىن كېيىن پورتتىن قوزغىلىدۇ، بېلەتتە پاراخوتنىڭ نومۇرى يې-زىقلىق، ئەمدى مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى، ھازىرچە سىلەرگە خوش!...

ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقان شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تەل-مۈرتكەن ئاشۇ بىرنەچچە ۋاراق قەغەز بېلەتلەرنى خۇشاللىقتا كۆزلىرىگە سۈرتكۈدەك بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى كاراچە-دىن جىددەگە ماڭالايدىغانلىقىغا راستتىنلا ئىشەنگەن ئىدى. ئۇلار مەسىرۇھنىڭ قولىنى قىسىپ، نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەر بىلەن رەھمەت ئېيتىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. خوشلىشىپلا، مەسىرۇھنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى پۈتۈن ئەس - يادى بېلەتنى تېزراق ئاپىرىپ، ھەمراھلىرىنى خۇشال قىلىشتا ئىدى!...

## 2

مەسىرۇھ خېلى بۇرۇنلا كاراچىدا ئولتۇراقلىشىپ، ئوردۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغان ئەرەب مۇھاجىرى ئىدى.

ئۇ، نوپۇسى كۆپ، دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان بۇ قايناق، مۇرەككەپ شەھەرنىڭ كوچا - رەستىلىرىدە ئەتىگەندىن كەچكىچە لاغايلاپ يۈرۈپ، سىرتتىن كېلىپ قالغان ساددا، نادان ئادەملەرنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر ساياق ئىدى.

ئەگەر ئاتىخانلار ئەتىسى سەئىدتاھا بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسا، ئۆزلىرىنىڭ مەسرۇھقا ئالدانغانلىقىنى زادىلا بىلمىگەن بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تۇتىيادەك كۆرۈنۈپ كەتكەن پاراخوت بېلەتلىرىنى يانچۇقلىرىنىڭ ئەڭ ئاستىغا — بىخەتەر، ئىشەنچلىك يەرلەرگە سېلىپ، كۈندە بىرنەچچە قېتىم سىلاپ يوقلاپ، پاراخوتنىڭ ماڭىدىغان كۈنىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، سەئىدتاھا ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدا ئوردۇچە ۋە ئىنگلىزچە ئىككى پارچە گېزىت بار ئىدى.

— سىلەرگە خۇش خەۋەر، قېرىنداشلار! — دېدى ئۇ قولىدىكى گېزىتنى ئۇلارغا يېيىپ كۆرسىتىپ، — ئەرەبىستان پادىشاھى ئابدۇل ئەزىز سەئۇدى سىلەرنىڭ دەرھال ئەرەبىستانغا قاراپ يولغا چىقىشىڭلارنى تەستىقلاپتۇ، مانا گېزىتلەردە ئوردۇچە ھەم ئىنگلىزچە قىلىپ، پادىشاھنىڭ سۆزىنى بېسىپتۇ، ئۇ زات سىلەرنىڭ ئىرادە ۋە ئېتىقادىڭلاردىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. شۇڭا، سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھەجگە ئۇلگۈرۈپ ئەرەبىستانغا بېرىشىڭلارنى ۋە سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك 500 رىيال① تۇپراق ھەققىنى ئالماسلىقنى قارار قىلىپتۇ! ...

ئۆي ئىچىنى دەسلەپ ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى، كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەردىن خىرقىلدىغان، ئېسەدىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سەئىدتاھا ئېلىپ كەلگەن بۇ پەۋقۇلئاددە خەۋەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى گويا خۇشاللىق، ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق

---

① 500 رىيال — 500 سەر كۈمۈش تەڭگىگە تەڭ كېلىدۇ.

تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن چوڭ بىر قايىنامغا تاشلىنىۋەتكەندەك ئېسەنگىرىتىپ قويغان ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كاتتا پادىشاھنىڭ نەزىرىگە چۈشكەنلىكىدىن، ئۇنىڭ چەكسىز ھىممەت - شاپائىتىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن مۈشكۈللۈكلەردىن قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى، بۇ خۇشاللىق شۇ تاپتا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇساپىر چىلىق دەردىدىن بەللىرى مۈكچىيىپ، يۈز - كۆزلىرى قورۇلۇپ كەتكەن بوۋاي - مومايدىن تارتىپ، تۇرمۇشنىڭ قېقىل - سوقۇللىرى ئىچىدە پىشىپ يېتىلىۋاتقان ئەڭ كىچىك ئەكبەرنىڭ كۆزىدە، يۈزىدە ۋە ئۈمىدكە تولغان كۆڭۈللىرىدە نامايان ئىدى!...

ئاتىخان سەئىدتاھانىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر جانابلىرى تۈنۈگۈن بىر ئادەمنى ئەۋەتىپتىكەن، شۇ كىشى بىزدىن پۇل يىغىپ، پاراخوت بېلىتىنى ئېلىپ بەردى، خۇدا خالىسا، ئەتە چۈشتىن كېيىن يولغا چىقماقچىمىز...

— مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر بۇ يەردە يوققۇ، — دېدى سەئىدتاھا تەئەججۈپ بىلەن ئاتىخانغا قاراپ، — ئۇ كىشى تېخى ئەرەبىستاندىن قايتمىغان تۇرسا، بۇ يەرگە كىمنى ئەۋەتىدۇ؟!

ئەكبەرمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

— مەسىرۇھ دېگەن بىرسى كېلىپ، ئۆزىنى كونسۇلخانىدىكى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى، ھەربىرىمىزدىن 400 رۇپىيىدىن پۇل يىغىپ، بېلەت ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى.

— سىلەر پۇل بەردىڭلارمۇ؟ — سورىدى سەئىدتاھا.

— ھەئە، — دېدى ئاتىخان، — بېلەتنىمۇ ئېلىپ بولدۇق.

— قېنى بىلەت ، مەن كۆرۈپ باقاي ! — سەئىدتاھا يانچۇقىدىن سەدەپ گەردىشلىك كۆزەينىكىنى ئېلىپ تاقىدى ۋە ئاتىخان ئۇزاتقان پاراخوت بىلىتىنى قولىغا ئېلىپ سەپسالدى .

بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ ، قاپقارا كۆزلىرى قايغۇلۇق تۈس ئالدى .

— ئۇ بەچچىغەر سىلەرنى ئالداپ كېتىپتۇ ! — دېدى سەئىدتاھا زەردە بىلەن ، — مانا قاراڭلار ، 210 رۇپىيىلىك بىلەتكە سىلەردىن 400 رۇپىيىدىن يىغىۋاپتۇ . يەنە تېخى پاراخوتنىڭ ئاستىدىكى ئەڭ ناچار ئۆيلەر ئىكەن ، ھۇ ، نائىنساپ قىزىل كۆز !

ئاتىخان بىلەن مۇسا داڭقانمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ ، خېلىغىچە جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى غەزەپ ۋە شۇ غەزەپ تۈپەيلى پەيدا بولغان ئاچچىق ئازاب بىلەن تولغان ئىدى .

ئارىدىن بىرەيلەن خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويغاندەك سوراپ قالدى :

— مەسىرۇھ دېگەن ساختىپەز بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىۋالغاندۇ ؟

— توغرا ، ئۇ زادى نەدىن بىلىۋالغاندۇ ؟!

ئەمەلىيەتتە ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈكى ، بىلمەيدىغان ئىشى يوق !

ئاشۇ كۈنى تاياجى ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ، دىپابايىنى قورقۇتماقچى بولغان سورۇندا مەسىرۇھمۇ بار ئىدى . كېيىن مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر كېلىپ ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ، ھېلىقى ياخشى گەپلەرنى قىلغاندا مەسىرۇھمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە سېلىپ قويغان ، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ ئىشلارنى ئېسىدىنمۇ چىقىرىۋەتكەن

ئىدى . ئەمما ئۇ ، تۇنۇگۇن ئەتىگەندە گېزىت كۆرۈۋېتىپ ، سەئۇدى پادىشاھىنىڭ ھېلىقى سۆزىنى كۆرۈپ قالدى ۋە شۇ ھامان ئۇنىتۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى ئىش گۆپپىدە ئېسىگە چۈشۈپ ، كۆڭلىدە بىر شۇم خىيال باش كۆتۈردى . ئۇ ، ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ چالا - بۇلا قىلىپ ، ئەرەب كونسۇلخانىسىغا باردى ۋە ئۇ يەردىن قىينالمايلا مۇھەممەد ئىبنى جەئفەرنىڭ بۇ يەردە ئەمەس ، ئەرەبىستاندا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ئۇنىڭ نامىنى سۈيىئىستېمال قىلىش نىيىتىگە كەلدى - دە ، ئاۋۋال « ھاجى كەب » گە باردى ، ئاندىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، ئاتىخانلارنىڭ بار يېرىنى تېپىۋالغان ئىدى...

— بۇ بەكمۇ ھىيلىگەر ، قۇۋ نەرسە ئىكەن ! — دېدى سەئىدتاھا مەسرۇھنىڭ ئالدامچىلىق ماھارىتىگە ھەيران بولۇپ ، — بولمىسا ، مۇنداق چاققان چىقمايتتى . ھېلىقى بېلەت ساتقۇچى بىلەنمۇ بىرلىشىۋالغان گەپ ! ئەمما ، ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەيدىغانغا ئاساسىمىز يوقتە !

سەئىدتاھا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى . ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى . مەسرۇھ ئەڭ ئاۋۋال « ھاجى كەب » دىكى ئاشۇ تۇشقان كالپۇك ، بۆرە كۆز قارىۋايغا گېزىتنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئالدىن كېلىشىپ ، ئۇنىڭغىمۇ ھەر بېلەتتىن 15 رۇپىيەدىن نەپ بېرىشنى پۈتۈشۈۋالغان ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، بېلەتچى يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 420 رۇپىيىگە ، مەسرۇھ بولسا ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا پەيدا بولغان ھارام نېپىتى بىلەن 4900 رۇپىيىگە ئىگە بولۇپ ، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا غايىب بولغان ئىدى .

— ھېلىمۇ شۈكرى ، — دېدى ئاتىخان ھەمراھلىرىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ، — بېلەت يالغان ئەمەسكەن ، خۇدا بۇيرۇسا ، ئەتە يولغا

چىقىپ كەتسەكلا، كۆڭۈل دىشۋارچىلىقلىرىمىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ!

— «توخۇ قونداقتا چىققاندا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ» دېگەن شۇدە! — دېدى مۇسا داڭقان ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

ئازراق يۇمۇرلۇق تۇس ئالغان بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەرنى بىر مەھەل كۆتۈرۈۋەتتى.

## 3

ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش كۆزلەرنى چاقاتتى، ئۇنىڭ تېگىدىكى كەڭ دېڭىز بولسا، خۇددى ماگما سۇيى يېيىلغاندەك، ۋىل - ۋىل يېنىپ تۇراتتى. قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەنسېرى دېڭىزنىڭ بىپايان كەڭلىكىدە شۇنچىلىك نەپىس، شۇنچىلىك يېقىملىق بىر زەڭگەر يورۇقلۇق پەيدا بولۇپ، ھېلىراقتا لەيلەپ يۈرگەن سۇس تۇمانلارنىمۇ پاك - پاكىز تارقىتىۋەتتى.

ئەكبەر دېڭىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى، قارىغانسېرى كۆڭلىمۇ ئاشۇ بىپايان تىنىق سۇدەك يەڭگىل مەۋج ئۇراتتى...

ئادەم دېڭىزغا ھەرقانچە قارىسىمۇ زېرىكمەيدۇ، كۆڭلىگە تەگمەيدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ كۆزى ئالدىدا ھەر سائەت، ھەر دەقىقىدە بىر خىل رەڭ بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ، بەزىدە سېنىڭ ئالدىڭدا تىنچ، رايىشلىق بىلەن ئاققا مايىل زەڭگەر رەڭ ئېلىپ، جىمجىت سوزۇلۇپ ياتىدۇ؛ بەزىدە كۆك، يالقۇنلۇق رەڭ بىلەن ئېگەر - ئېگەر بولۇپ تۈرۈلۈپ ئوينايدۇ؛ بەزىدە سالقىن شامال ئاستىدا تۈن قارا بولۇپ، يۈگى تەتۈر ئۆرۈلگەندەك، ھۈرپەك - ھۈرپەك بولۇپ قالىدۇ؛ بەزىدە تۇيۇقسىز بوران كۆتۈرۈلىدۇ، بۇنداق چاغدا، ئۇمۇ بىردىنلا ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ، قەھرلىك تۈسكە كىرىدۇ، بوران چوڭ - چوڭ دولقۇنلارنى كۆتۈرۈپ كې-

لىپ، غەزەبلىك گۈرگىرەيدۇ، ئۇنىڭ ئەكس سادالىرىدىن تولغانغان تىنچ ھاۋا جاراڭلايدۇ، شىددەت بىلەن چاچرىغان سۇلارنىڭ تامچە - بۇژغۇنلىرى نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ يەردە نېپىز تۇمان پەيدا قىلىپ، خۇددى ئاپئاق يىپەك پۆپۈكلەرگە ئوخشاش ئېسىلىپ تۇرىدۇ ...

بوران توختىغاندا بولسا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۆيۈملۈك ھالىتىگە قايتىپ كېلىدۇ، ئوچۇق ئاسماندا بېلىقچى قۇشلار پەيدا بولۇپ، دېڭىز بىلەن سۆيۈشۈپ، ئەركىلىشىپ ئوينايدۇ، چىرايلىق تىللىرى بىلەن چىرىقلىشىپ، ئاسمان بىلەن دېڭىز گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ چەكسىز بوشلۇقتا بىر خىل تىنچ ۋە خۇشال ھايات سىمفونىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ ! ...

مانا شۇ دېڭىزدا — بەزىدە بوران - دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، بەزىدە تىنچ - ئاسايىشلىق ئىچىدە راھەتلىنىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كونا پاراخوتقا مانا بۈگۈن 13 كۈن بولدى. بۇ جەرياندا، دېڭىز سەپىرىنى تۇنجى قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بەزىلەر دەسلەپ قىزىققان، دېڭىزنىڭ جەلپكار سىرلىق ھادىسىلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، بىرنەچچە كۈنىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سەزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ۋاقىت ئۇزارغانسېرى چېكى كۆرۈنمەيدىغان بۇ تۈگىمەس سەپەرنىڭ ھەمىشە بىر خىلدا تەكرارلىنىۋېرىدىغان كۆرۈنۈشلىرىدىن زېرىكىشكە، بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئون نەچچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا قارىسا كۆرىدىغىنى ئاسمان، تۆۋەنگە قارىسا كۆرىدىغىنى سۇ بولغاچقا، ئەمدى بۇلارنى كۆرۈشنىمۇ، ئويلاشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا، ئۇلار گويا ۋەھىمە ۋە خۇشاللىق، ئەندىشە ۋە ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن چوڭ بىر قاينامغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن زادىلا چىقالماي پىرقىراپ يۈرگەن ئادەمدەك، كۆڭۈلسىز ھېسسىياتقا چىرمىلىپ قالغان ئىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك،

بەزىلەر دېڭىز سەپىرىگە ماسلىشالماي، بېشى قايىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىدىغان، كەچكىچە بېلىق يېگەچكە، بېلىقنى كۆرسە سەسكىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ھازىر ئەكبەرمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ بېشى قېيىپ قەي قىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا پاراخوت سەھنىسىگە چىقىپ سەيلە قىلغۇدەك مادارى قالماي، ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئاشۇ پاسكىنىچىلىق، سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن ئوپچە ئۆيلەردە دىمىقىپ ھاسىراپ ياتاتتى. بۇنداق زېرىكىشلىك چاغلاردا ئۇنىڭغا بىردىنبىر ئەمەك بولىدىغان نەرسە، پاراخوت خادىملىرىنىڭ دېڭىزغا تور تاشلاپ، سۈزۈپ قويغان رەڭگارەڭ بېلىقلىرىنى تاماشا قىلىش ئىدى. ئەكبەر ئۆز يۇرتىدا بىر خىل رەڭدىكى پاقا باشلىق، سازاڭ سىمان بېلىقلارنىلا كۆرگەچكە، دېڭىزدىن چىقىدىغان بۇنداق خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ بېلىقلارغا قاراپ ھەيران بولاتتى. ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا پىلتىڭشىپ يۈرگەن بەزى بېلىقلار خۇددى رەسسام ئۇنىڭ تېنىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئاق، قارا، كۆك، يېشىل، سېرىق رەڭلەر بىلەن بوياپ قويغاندەك، شۇنداق رەڭدار ھەم پارقىراق ئىدى. ئۇ، بەزىدە بۇنداق بېلىقلارنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئەمەس، بەلكى بېلىقدانلاردا بېقىپ، كېيىن يۇرتقا ئاپارغاندا، دوست - بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىپ، تەبىئەتنىڭ بۇنداق ئاجايىپ مۆجىزاتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى ئويلاپ كېتەتتى...

پاراخوت ھازىر قىزىل دېڭىزدا كېتىۋاتاتتى. ھەجگە بارغانلار «شور دەريا» دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ سىرلىق دېڭىز بۇرۇندىنلا سادىدا كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل مۇقەددەسلىككە ۋە ۋەھىمىگە سىمۇول ئىدى.

«مۇشۇك ئۆلتۈرگەنلەر بۇ يەردە سۇغا تاشلىنىپ، لەھەڭلەرگە يەم قىلىنمىسا، پاراخوت توختاپ قالىدۇ!»

مانا بۇ، ئەزەلدىن ھەجگە بارغانلارنى قورقۇتۇپ، ۋەھىمىگە سېلىپ كەلگەن رىۋايەتسىمان بىر پەتىۋا ئىدى. ھەر-قانداق ئادەم بۇ يەرگە كەلگەندە، مۇشۇ ئىشنى ئويلىماي، ئەندىشە قىلماي تۇرالمايتتى.

مانا بۇگۈن ئەتىگەندىلا، «شور دەريادا كېتىۋاتىمىز!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەكبەرنىڭ خىيالىغا ئاشۇ ئىش چۆ-شۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۈرلۈك بىر ئەندىشە چىرمىۋالدى. چۈنكى، ئەكبەر ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئاغىنىسىنىڭ كەپتىرىنى يەۋالغان ئوغرى مۈشۈكنى تۇتۇپ، ئاغىنىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى...

ئەكبەر بۇ ئىشلارنى ئويلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، پۈتۈن بەدىنىگە قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك تىترىكى ئولاشتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆز قارىچۇقى ۋەھىمىدىن كېڭىيىپ كەتتى. ئاتىسى ئەكبەرنى «يەنە شۇ بېشى قېيىپ، كۆڭلى بىئارام بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەرمەكچى بولدى:

— ئوغلۇم، غەيرەت قىل! پات ئارىدا بەيتۇللاغا يېتىمىز، زەمزەم سۈيىنىڭ تامچىلىرى روھىڭنى ياشارتىپ، دەردىڭگە شىپا بولىدۇ!

ئەكبەر «راست دادا، شۇنداق» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، لېكىن كۆڭلىدىكى ھەقىقىي ئەندىشىلىرىنى دادىسىغا ئېيتىشقا پېتىنالمىدى، چۈنكى دادىسى بۇنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن رەنجىشى ۋە ئۆزىدىنمۇ بەكرەك بىئارام بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى، چۈنكى بۇنداق ساددا ئېتىقادقا ئۇمۇ ئىشىنەتتى!...

ئەكبەر خىيالىدا، كۆڭۈلسىز ئىش مانا يۈز بېرىدۇ، ئەنە يۈز بېرىدۇ، دېگەن ئەندىشە، ۋەسۋەسە بىلەن ھېلىقى سېسىق، تىنچىق ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى،

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، پاراخوت سەھنىسىدە ئاللا -
چۇقان كۆتۈرۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئەكبەر چۆچۈپ كەتتى،
«ھەممە ئىش تۈگىدى» دېگەن مۇدھىش خىيال بىلەن چىرايى
تاتىرىپ، ئەلەم ۋە ھەسرەتتىن يىغلىغۇدەك بولدى، ئاغزى بىرەر
ئايەتنى ئوقۇشقىمۇ كەلمەي، لەۋلىرى پىر - پىر ئۇچتى...

— ئوغلۇم، خۇش خەۋەر! جىددەگە كەلدۇق...

ئاتىخاننىڭ سىرتتىن يۈگۈرۈپ كىرىپ قىلغان بۇ گەپ-
لىرى ئەكبەرگە گويا چۈشىدەك غۇۋا ۋە ئېنىقسىز ئاڭلاندى.

— ئەكبەر، نېمە بولدۇڭ بالام!؟ — ئاتىخان ئۇنىڭ
چىرايىغا، خۇنسىز كۆزلىرىگە قاراپ قورقۇپ كەتتى، — بىر يې-
رىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، دادا... — دېدى ئەكبەر زەئىپ، مىسكىن
ئاۋازدا، — ئۆزۈمچە شۇنداق...

— بولدى، ئەمدى غەيرەت قىلىپ ئورنۇڭدىن تۇر،
ئوغلۇم! جىددەگە كەلدۇق، ئازابلىق ئۇزۇن سەپەر تۈگىدى،
خۇدا بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزدى!...

ئەكبەر شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇلۇغ - كىچىك
تىندى، گويا ئاشۇ بىر تىنىق بىلەن نەچچە كۈندىن بېرى پۈتۈن
ۋۇجۇدىنى ۋەھىمىگە سالغان غەم - ئەندىشىلەر ھاۋاغا
كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەندەك، ئۇ يەڭگىل
ۋە ئازادە بولۇپ قالدى، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، دادىسى بىلەن
بىللە پاراخوتنىڭ كەڭ سەھنىسىگە چىقتى. ھەممە ئادەم ئۇ يەردە
خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، يىراق سا-
ھىلغا قاراپ تۇراتتى. ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ ھاياتلىق نىشانى
بولغان ئېگىز - پەس بىنالار بىلەن سۇس ئىس - تۈتەك قاپلىغان
بىر ئاۋات شەھەر نامايان بولدى. مانا بۇ، ئۇلار 17 كۈندىن بېرى
كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان ھاياتلىق ساھىلى، ئۇزاقتىن بېرى

تەشنالىقتا كۆتكەن ئۈمىد ساھىلى ئىدى !...

ئۇلار جىددە يۇرتىدا نەچچە كۈندىن بېرىكى ھارغىنلىق-لىرىنى ئۇنتۇپ، خۇشال ۋە تېتىك ھالدا پاراخوتتىن چۈشتى. ئەمما بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، ئۆڭى قارا، چىرايى سۇر-لۇك، ئادەمگە بىر خىل گۇمانىي نەزىرى بىلەن قارايدىغان، قولىدا قورالى بار، ماش رەڭ كىيىملىك ساقچىلارنىڭ قامال قىلىشىغا ئۇچرىدى، ئۇلارنى يىغىپ ئەكىلىپ، چوڭ بىر قورۇغا سولىدى. ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بوي، شاپ بۇرۇتلۇق، تاپانچا ئاسقان بىرسى ئۇيغۇرچىنى چالا - پۇلا سۆزلەيدىغان مۇھەممەد سۇمەر ئىسىملىك بىر تۈرك تىلماچنىڭ ياردىمىدە مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئاللانىڭ ئۇلۇغ بەيتىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا كەلدىڭلار! ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن بۇ يۇرتنىڭ ئىسسىلىقىدىن سازلىقتا ياشايدىغان لەگلەك قۇشمۇ بۇ يەرگە كەلسە، ئۇزۇنغا قالماي لاچىنغا ئايلىنىدۇ! ...

پات - پات بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، گىدىيىپ تۇرغان بۇ ساقچى باشلىقىنىڭ سۆزى ئەكبەرگە بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى، غۇرۇرىغا تەگكەندەك بولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيادا تۇغۇ-لۇپ ئۆسكەن يېرىنى، «ۋەتەن» دەپ ئاتالغان ئاشۇ مۇبارەك يۇرتىنى سۆيمەيدىغان، سېغىنمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. يۇر-تىنى ئۇنتۇغان، كۆڭلىدە يۇرت سۆيگۈسى بولمىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا مۇقەددەس نەرسىمۇ يوق ئىدى. ئەمما ئۇ، ھەرقانداق ئىنسان بالىسىنىڭ يۈرىكىدە، قەلبىدە ساقلىنىدىغان ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ يېگانە ۋە ئەڭ پىنھان تۇيغۇ ئىدى! شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ساقچى باشلىقىنىڭ مۇنداق ئاشكارا ماختانچاقلىقى ئۇنىڭغا بەكمۇ تېتىقسىزلىق بولۇپ تۇيۇلدى، شۇ ھامان ئەكبەر كۆڭلىدىن: «بىزنىڭ يۇرتنىڭ ئىسسىلىقىدىن لاچىنلارنى سوقۇۋېتىدىغان شۇڭقارلار ئۇچۇپ چىققان!» دېگەن پىكرنى

ئۆتكۈزۈپ، ساقچى باشلىقىغا دەۋىتەي دېدىيۇ، لېكىن يەنە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى بېسىپ، جىم تۇرۇۋالدى. ساقچى باشلىقى يەنە شۇنداق ھاكاۋۇرلۇق بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەگەر سىلەر مەككىگە تېزراق بېرىپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشنى ئويلىساڭلار، بۇ يەردىن 40 ريالدىن ① پۇل تاپشۇرۇپ چىقىسىلەر. 40 ريالدىن پۇل تاپشۇرمىغانلارنى بۇ يەردىن چىقارمايمىز!

شۇنچە جاپالارنى تارتىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ يەرگە ئاران يېتىپ كەلگەن ئورۇق ئات ئادەملەر ئۈچۈن، بۇ كۈتۈلمىگەن سېلىق ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار خېلى ئاچچىق زەردە بىلەن:

— پادىشاھ بىزدىن تۇپراق ھەققى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلغان، سىلەر بۇ پۇلنى نېمىگە ئالىسىلەر؟! — دەپ غوۋغا قىلىشتى.

— تۇپراق ھەققى دېگەن ئاز پۇل ئەمەس! — دېدى ھېلىقى ساقچى باشلىقىمۇ چالۋاقاپ، — ئۇنى ئالامدۇ - ئالمامدۇ، كېيىن كۆرىسىلەر، بىزنىڭ ئالىدىغان 40 ريالىمىز پورتتىن چىقىش رەسمىيەت پۇلى. بۇنى بەرمىسەڭلار مۇشۇ يەردە يېتىۋېرىسىلەر!

كىممۇ بەيتۇللانىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، ئۇنى تاۋاپ قىلىشنى ئويلىماي، سىرتتا قېلىشنى خالىسۇن؟! ئۇلارنىڭ يۇرتتىن چىقىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تارتىپ كېلىۋاتقان جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەتلىرى پەقەتلا ئاشۇ ئىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى!؟ ئۇلار ساقچى باشلىقى بىلەن زاكونلىشىپ، ئاۋارە بولۇشنى خالىمىدى، قاچانمۇ قورال تۇتقانلار بىلەن ئاددىي پۇقرالار تەڭ بولۇپ باققان!

① 40 ريال — 40 سەر كۈمۈش تەڭگىگە تەڭ.

ئۇلار خۇددى يۈرەكلىرىنىڭ قات - قېتىدىن سۇغۇرۇپ ئالغاندەك ، 40 سەردىن تەڭگىنى ئېلىپ تاپشۇرۇپ ، بۇ يەردىنمۇ قايتىپ چىقتى . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەرەبىستاننىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان مەككە قۇچاق ئاچقان ئىدى ! ...

# ئىككىنچى قىسىم

# قۇياش سۆيگەن يەر



## بىرىنچى باب

# تاۋاپچىلار

### 1

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىسسىقتىن ھۆپۆلدىگەن ئاتەش زېمىن، كۆيۈك تاغ، قاقاس چۆل ۋە پايانسىز جەزىرە قۇچاق ئاچتى.

قۇياش گويا مۇشۇ زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ، يەنە مۇشۇ زېمىنغا پاتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى...

مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ مۇبارەك زېمىنغا ئاياغ بېسىش بىلەن تەڭ، ئۇلارنىڭ دىمىغىغا پەقەت مۇشۇ تۇپراققىلا خاس بولغان، ئادەمنى تەشنالىقتا قىينايدىغان قۇرغاق، ئىسسىق، ساپ چۆل ھىدى ئۇرۇلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دالىيىپ ياتقان بۇ ئاتەش زېمىندا نە بىر ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئالىقانچىلىك يېشىللىق، نە بىر شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىلەكچىلىك سۇ يوق ئىدى. ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغان گىياھسىز كۆيۈك تاغ كىشىگە گويا قىزىق تۇپراقتىن قايناپ چىققان، ھاياتلىق تىنىقى ئۈزۈلگەن قوقاس ئۇيۇتمىلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ قوقاستا پۇچىلانغان تاش - تۇپراققا ئوخشاش گىل رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى...

ئۇلار تۆگە بىلەن ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، مەككىگە ئاتتە مىل كېلىدىغان سەرف دېگەن يېزىغا كەلدى. بۇ يەر مەككە تاغلىرىغا يېقىن ئىدى.

ئۇلار بۇ يەردە بىر كۈن ئارام ئېلىپ، ئەتە يېڭى روھ، يېڭى قىياپەت بىلەن مەككىگە كىرمەكچى بولۇشتى.

ئاياللار قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ، چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن يوغان بىر قازان پولۇ ئەتتى. ئۇلار پولۇنى دۈملەپ قويۇپ، قاچا - قۇچىلارنى تەييارلاش ئۈچۈن چېدىرلارغا كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا، ئۇلار ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى: تاغ قاپتىلىدا خۇددى تاشلار ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك تۇيۇقسىز ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئۈستۈبېشى جۇلدۇر كېپەن ئىدى، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ماتا كۆڭلەك كىيىپ، بېشىنى بىر پارچە ئەسكى لاتا بىلەن ئورىۋالغان ئىدى. ئۇلار تاغ قاپتىلىدىن چۈشۈپ، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، ئاندىن ئۇدۇل قازان ئېسىلغان يەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى. شۇڭغىچە ھېچكىم چېدىردىن چىقمىدى، ئەرلەر پولۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ، قاچان ئالدىمغا كېلەركىن، دېگەن تەمە بىلەن كۈتۈپ يېتىشاتتى، ئاياللار بولسا قاچا - قۇچا تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار چېدىردىن چىقىپ، قاچا - قۇچىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا قازان بېشىغا كەلگەندە، ئوچاقتا قازان يوق ئىدى، ئاياللار دەسلەپ ھەيران بولۇپ، ئېسەنگىرەپ قالدى، كېيىن كۆڭۈللىرىگە ئاللىقانداق سىرلىق خىياللار كېلىپ، قورققىنىدىن سۈر بېسىپ كەتتى! ...

ئاياللارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، ئەرلەرمۇ چېدىردىن چىقتى. بۇ چاغدا، ھېلىقى ئىككىسى بىر قازان پولۇنى كۆتۈرۈپ، تاغنىڭ خېلى ئېگىز يېرىگە چىقىپ بولغان ئىدى. ئۇلار قازاننى يوغان بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە

قويدى، بىردەمدە ئۇلار يەتتە - سەككىز ئادەم بولدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىم يالىڭاچ باللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قازاننىڭ ئاغزىنى ئاچتى، پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تارىدى، ئاشنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان داغلىما گۆش كۆن نۇرىدا ۋىلىلداپ ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغاتتى. ئۇلار قازاننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، يەگىلىرىنى شىمايلىدى ۋە خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئەتكەن پولۇدەك، قازاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى!...

ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ كۆزىچە قىلىۋاتقان بۇ يولسىز قىلىقى بىرنەچچەيلەننىڭ زىتىغا تەگدى، ئۇلار كۈپكۈندۈزدە ئۆزلىرىنىڭ رىزقىغا چاڭگال سالغان بۇ بۇلاڭچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن تاش - توقماقلارنى كۆتۈرۈپ، تاغ تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى، لېكىن ئاتىخان ئۇلارنى توستى.

— ئۇنداق قىلماڭلار، بۇ ئاش ئاشۇلارنىڭ رىزقى ئىكەن! بۇ دۇنيادا ھېچكىم - ھېچكىمنىڭ رىزقىنى يېيەلمەيدۇ!

شۇ ئارىلىقتا، ئەكبەر ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۇلاردىن سورىدى:

— ھاي - ھاي!... سىلەر نېمە ئادەملەر؟

— بىز مۇشۇ تاغنىڭ پۇقرالىرى! — دېدى بىرسى بەلەن ئاۋازدا، — بۇ يەردە چارۋا باقىمىز...

— سىلەر نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تامىقىمىزنى ئەكېتە-سىلەر؟ — دېدى ئەكبەر قولىنى كاناي قىلىپ ۋارقىراپ، — ئەمدى بىز ئاچ قالامدۇق؟!

— رىزىق غايىب دېگەن شۇ! — دېدى ھېلىقى ئادەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۆزۈڭلار ياغ پۇرىتىپ بىزنى چاقىرىپ كەلدىڭلار! خۇدايىم بىزنى ئاچ قويمىغاندەك، سىلەرنىمۇ ئاچ قويمايدۇ!

ئۇلارنىڭ گەپ ئورامىدىن قارىغاندا، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا پولۇنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ، تاغ ئارىسىدا ماراپ ياتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە بىر قازان پولۇنى يەپ بولدى. بىرسى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قازاننىڭ ئاستىدىكى قىزىرىپ پىشقان قىرمىقىنى تاتىلاپ يەپ بولۇپ، قۇرۇقدالغان قازاننى خۇددى تاشنى دومىلاتقاندەك دومىلىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋەتتى.

— ھۇ نائىنساب، بەدەۋىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى مۇسا داڭقان بىرنەچچە يېرى ماكچىيىپ كەتكەن مىس قازانغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ھېچقىسى يوق ، ئۇلاردىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ! — دېدى ئاتىخان مۇسا داڭقانغا تەسەللى بېرىپ، — ئۇ بىچارىلەرنىڭ مۇشۇنداق يەردە ياشىمىقىمۇ ئاسان ئەمەس! ھېلىمۇ ئۇلار ياۋايىلارغا ئايلىنىپ كەتمەپتۇ!...

شۇ كۈنى بۇلارنىڭ پولۇنى يېيەلمەي كۆڭۈللىرى ئومۇنۇپ قالدى. ئەمما، قاتتىق - قۇرۇق نانلار بىلەن چاي ئىچىپ، ئەتىسكى سەپەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە ئالدىراشچىلىقىدا يەنە ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە، يۇيۇنۇپ، غۇسلى - تەرەت ئېلىپ، ئېھرامغا ① كىردى، شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ كىيىمى، ھېسسىياتى ۋە تەسىراتى ئوخشاش بىر قېلىپقا چۈشۈپ قالغاندەك، ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل تەقۋادارلىق، مۇقەددەسلىك ۋە ئىنتائەتمەنلىك تۇيغۇسى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان ئىدى. ئۇلار مەككىگە يېقىنلاشقانسېرى خۇشاللىناتتى، ھاياجانلىناتتى، ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاللانىڭ ئۆيى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىدىغانلىقلىرىنى ئويلاپ، يۇ-

① ئېھرام — پەرز كىيىم (ئادەم بەدىنىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىدىن باغلايدىغان ئىككى پارچە ئاق رەخت)

رەكلىرى تېپىچەكلەيتتى، كۆزلىرى نۇر ۋە ھارارەتتىن يالتىراپ كەتكەن ئىدى.

مانا، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس جاي مەككە مۇكەررەمە قەدەممۇقەددەم يېقىنلاشماقتا، ئارىلىق قىسقارماقتا، نىشان روشەنلەشمەكتە...

ئاتىخان بەلەن ئاۋاز بىلەن «لەببەيكە» ① دەپ توۋلىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ قاقاس چۆللۈكتە يېقىملىق، سەلتەنەتلىك ياڭراق بىر سادانى شەكىللەندۈردى:

«لەببەيكە، ئى ئاللا، لەببەيكە! مەن ھازىر بولدۇم، ئى ئاللا، مەن ھازىر بولدۇم. سەن شېرىكسىزسەن، يېگانىسەن، لەببەيكە! شۈكۈر — سانا، مەدھىيىلەر ساڭىلا خاستۇر، لەببەيكە! ئى بىرۇبار ئاللا لەببەيكە!»

بىرىنچى قېتىملىق «لەببەيكە» توختىغاندا، ئاتىخان ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئەكبەرگە مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، بۇ تەۋەررۈك دۇئانى ئۆز زامانىسىدا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ يېنىدىكى ئەبۇقەيس تېغىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ ئېيتقان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاسماننى لەرزىگە، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتىكەن. بۇ سادانى يالغۇز پۈتۈن كائىناتتىكى جانلىقلارلا ئەمەس، قورساقتىكى بوۋاقلارمۇ ئاڭلاپتىكەن!

ئەكبەر «ھە!» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئۇنىڭ ھارغىن، بىپەرۋا تۇرقىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە چۈشەنگەن ياكى چۈشەنمىگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

«لەببەيكە» ساداسى يەنە ياڭرىدى، قەدەملەر تېزلەشتى، خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن كىشىلەرنىڭ تىنىقى كۆچىيىپ، يۈرەكلىرى تېپىچەكلەشكە باشلىدى.

---

① لەببەيكە — ئىتائەتتىمەن! (ئىتائەت دۇئاسى)

ئۆلارنىڭ كۆز ئالدىدا تار جىلغىغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز - پەس قاقاس تاغلار ئوراپ تۇرغان مەككە شەھىرى نامايان بولدى.

مەككە! ئاھ، ئۇممۇل قورۇ!① سېنىڭ مۇبارەك، جەلپكار ۋەسلىڭگە يېتىش نېمدېگەن مۇشكۇل - ھە!؟ مانا مۇشۇ چىرايلىرى قارىداپ، لەۋلىرى گېزەرگەن ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىڭ سېنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن جاھاننىڭ بىر چېكىسىدىن يەنە بىر چېكىسىگە كەلگۈچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى!؟ ھەتتا ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرىمۇ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا سوزۇلغان بۇ ئۇزۇن، مۇشەققەتلىك سەپەر سېمىزنى ئورۇقلىتىپ، ئورۇقنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆلارنىڭ ساڭا بولغان ئىخلاس - ئېتىقادى سۇسلاشقىنى، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىش يولىدىكى غەيرەت - شىجائىتى بوشاشقىنى يوق! ئۆلار چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەپ، ئاخىر سېنىڭ ئالتۇن بوسۇغاڭغا قەدەم قويدى!

ئاھ، مەككە! سەن ئۆز قوينۇڭدا پەيغەمبەرنىڭ بولغانلىقى بىلەن پۈتۈن ھىجاز② رايونىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىپتىخارىسەن! سەن پەيغەمبەرنىڭ ماكانى، تىنچلىقنىڭ يۇرتى، ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولى، ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس غايىۋى مەنزىلى سەن! بىز ئاخىر ساڭا يەتتۇق، سېنىڭ مۇبارەك بوسۇغاڭغا باش قويدۇق، ئەمدى ئۆلسەكمۇ بىزدە ئارمان يوق!...

---

① ئۇممۇل قورۇ — مەككىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ ئانىسى دېگەن مەنىدە.

② ھىجاز رايونى — سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قىزىل دېڭىزنى بويلاپ كەتكەن غەربىي رايونى.

مانا بۇ ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان تاۋاپچىلارنىڭ ئاللاغا قىلىۋاتقان ئىلتىجاسى ، نىداسى ۋە خۇشاللىق ساداسى ئىدى !

ئاتىخان ئەكبەرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ، « جەرۋەل » ئې-غىزى ئارقىلىق مەككە شەھىرىگە كىردى ، ئۇنىڭ قەدەملىرى چوڭ ھەم سالماق ئىدى ، تىنىقى كۆچىيىپ ، يۈرىكى گويا كۆك-رەك قەپىسىنى بۆسۈپ چىقىدىغاندەك گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتاتتى ، ئاغزىدا بولسا ، توختىماي كۇسۇر - كۇسۇر ئايەت ئوقۇيتتى . شۇ تاپتا ، ئۇنىڭ سەپەر جەريانىدا تارتقان بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتلىرى نەگىدۇر غايىب بولۇپ ، ئۆزى شۇنداق تېتىك ۋە روھلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى .

ئاتىخان ھاياجاندىن نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا تويماي قارىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ، تار ھەم ئۇزۇن جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان ئۇزۇنچاق بىر شەھەر يۈز ئاچتى . قارىماققا ، قايسىسى شەھەر ۋە قايسىسى شەھەرنى قوينىغا ئېلىپ تۇرىدىغان زېمىن ئىكەنلىكىنى دەماللىققا پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . چۈنكى ، شەھەر ئۆز ئەتراپىدا چوقچىيىپ تۇرىدىغان غەلىتە تاشلىق چوققىلار بىلەن گويا بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئىدى . ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر-نىڭ تاشلىرىمۇ ئەتراپتىكى تاغلارنىڭ قوڭۇر قاتلاملىرىدىن كەلتۈرۈلگەچكە ، ئۆي - ئىمارەتلەرمۇ قوڭۇر كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، مەيلى قايسى تەرەپتىن قارىسا ، ئۇلارنى ئايرىۋالماق تەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغلار بىلەن شەھەر ئارىلىقىدا پاسىل بولغۇدەك يېشىل چىمەنزارلار بولمىغاچقا ، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسى بىلەن تاغ باغرىدىكى قورام تاشلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ ، بىر - بىرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ ، ئۆزىگە خاس كۆركەم بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى ...

ئاتـىـخـان هايـاجـان ، قـىـزىـقـىـش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە مـەسـتـخۇش ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى . ئۇ ، ئەتراپىدا دەۋرەپ كـېـلـىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ھەيـۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىلا ، ئېسىگە كەلدى ۋە يېـنىدىكى ئەكبەرگە قاراپ :

— بـالام ، مۇقـەددەس مـەسـچـىتكە كىرگەندە ، ئاغزىڭ بىسمىللا دېسۇن ، ئوڭ پۇتۇڭ ئالدىدا كىرسۇن ! — دەپ ئالاھىدە تـاپـىـلـىدى ۋە ئۆزى « ئى ئاللا ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قـىـلـغـايـسـەن ۋە رەھـمـىـتـىـڭـنـىـڭ دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن ! » دەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى .

مـەكـكـە شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ، يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىر ۋاقىتتا پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان بۇ مەشھۇر ، كـاتـتـا جـامـە ھازىـر قـايناق ، سەلتەنەتلىك بىر دۇنياغا ئايلانغان ئـىدى . ئۇنـىـڭ تـۆت ئەتـراپـىـغـا بـىـر ھەپـتـىـنىڭ يەتتە كۈن بـولـىـدىـغـانـلىقىغا سىمۋول قىلىنىپ ياسالغان ئوقيا شەكىللىك ، ھەيـۋەتـلـىـك يـەتتە مۇنار گويا ئۇچما چوققىلاردەك كۆككە بوي سوزۇپ ، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك چاقناپ ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى .

مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ئۈچ تەرەپتىكى چوڭ دەرۋازىسى — ئابدۇل ئەزىز ، ئۆمرە ۋە فاتاھ دەرۋازىلىرىدىن « ئاللاھۇ ئەكبەر ! » دەپ تـەكبىر ئېيتىپ ، ئۈزۈلمەي ، خۇددى ئۆركەشلەۋاتقان ئەزىم دەريـادەك تەۋرىنىپ كىرىۋاتقان مىڭلىغان تاۋاپچىلار مەسچىتنىڭ مـەركىزىدىكى بەيتۇللاغا — بەئەينى ئاسماندىن ساقىپ چۈشكەن تۆت چاسا قارا ئۆيۈلتاشتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كەئبىگە قاراپ سىلجىيتتى ، ئىنتىلەتتى ...

زامـان ـ زامانلاردىن بۇيان ، مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقـەددەس ئېـتـىـقـادگـاھى — ئۇلارنـىـڭ نامازغا يۈزلىنىدىغان

قىبلىسى ۋە ھەج تاۋاپ ماكانى بولۇپ كەلگەن بەيتۇللا جىگەر رەڭلىك ئۇيۇلتاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ئۇلى مەرمەر تاش بىلەن مۇستەھكەملەنگەن 24 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۇرلۇك ھەم ھەيۋەتلىك ئۆي ئىدى. ئۇنىڭ يوپۇقى قارا دۇردۇندىن تىكىلگەن بولۇپ، بەيتۇللانى ئۈستىدىن تاكى ئۇلىغىچە چۈمكەپ تۇراتتى. يوپۇقنىڭ ئۈستىگە كۈمۈش يىپ بىلەن كەشتىلەپ يېزىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ، قارىغان ئادەمگە بىرخىل سېھرىي تۇيغۇ بېرەتتى، بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن ئىراق بۇرجىكى جايلاشقان يەرگە ئورنىتىلغان بولۇپ، يەردىن 11 يېرىم غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياسىلىشى بەكمۇ نەپىس ۋە كۆركەم، ئۇنىڭ پۈتۈن يۈزى كۈمۈشتە قاپلانغان، دەرۋازىنىڭ ماڭلاي ياغىچى، بوسۇغىسى قاتارلىق جايلارمۇ كۈمۈشتە قاپلانغان ئىدى. شۇڭا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى ئۇنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتەلمىگەن، زامانلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلالمىغان ئىدى. بەيتۇللانىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇلغان مەرمەر تاشلارنىڭ سىزىقچىلىرى روشەن، سىلىق ھەم كۆركەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە كاشتان ياغىچىدىن ياسالغان ئۈچ تۈۋرۈك ئورنىتىلغان، تۈۋرۈكلەر مەزمۇت، ئېگىز بولۇپ، بىر - بىرسىنىڭ ئارىلىقى تۆت قەدەم كېلەتتى. ئۇنىڭ قىزىل ئەتىرگۈل رەڭلىك يىپەك رەختلەر بىلەن قاپلانغان تېمىدا «ئاللاھۇجەللەجەللەھۇ» ① دېگەن ئەرەبچە خەتلەر يالتىراپ تۇراتتى. بەيتۇللانىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۇلار يۈزلىنىپ تۇرغان تەرەپ بويىچە ئات قويۇلغان بولۇپ، شىمال تەرىپى «ئىراق بۇرجىكى»، غەرب تەرىپى «شام بۇرجىكى»، جەنۇب تەرىپى «يەمەن بۇرجىكى»، شەرق تەرىپى «ھەجەرۇلئەسۋەد بۇرجىكى» دەپ ئاتىلاتتى ...

---

① ئاللاھۇجەللەجەللەھۇ — ئاللا ئۇلۇغدۇر.

تاۋاپچىلار بەيتۇللانىڭ ئاشۇ شەرق بۇرجىكىگە قاراپ سىلجىيتتى، ئۇلار پەلەككە يەتكەن ھەمدۇسانا سادالىرى بىلەن دېگىزدەك گۈركىرەپ، چايقىلىپ، پايانى يوق ئادەملەر قايىنىمىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئاتىخانمۇ ئەكبەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇ-تۇپ، ئەنە شۇ قايىنامدا پىرقىراپ، قىسىلىپ يۈرۈپ، ناھايىتى تەستە ھەجەرۇلئەسۋەد تېشىنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. ئۇ، قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدى، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلگەن ئىدى. ئاتىخان ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ:

— ئاللا، ئى ئۇلۇغ ئاللا، مەن كەلدىم، مەن سېنىڭ مۇقەددەس ئۆيۈڭنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىم! سەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك! سەندىن بۆلەك ئىلاھ يوق! يا ھەممىگە قادىر ئاللا! مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدا قىلغان ھەربىر تەقۋادارلىق تەلەپلىرىمنى قوبۇل قىلغايسەن! سەن بەندىلىرىڭگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇچى! ئاللا! ... ئاللا! ... — دەپ نىدا قىلدى ۋە ھەجەرۇلئەسۋەد تېشىنى ناھايىتى رايىشلىق بىلەن سىلاپ، يۈزلىرىنى يېقىپ، بۆسە قىلىشقا باشلىدى.

ھەجەرۇلئەسۋەد ئېلىلىپس شەكىللىك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان مېتېئورىت تاش بولۇپ، ئۇنىڭ سىلىق يۈزىدە قىزىل چېكىتلەر بىلەن سېرىق سىزىقچىلار بار ئىدى. ئۇ، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان كۈمۈش رامكا ئىچىگە ئېلىنغان ئىدى. ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قارا رەڭگى بىلەن كۈمۈش رامكىنىڭ ئاق رەڭلىك گىرەلەشمىسىدىن ھاسىل بولغان نۇر ۋە شولا ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى، ئۇنى سۆيگەندە ئادەمنىڭ لېۋى شۇنداق بىر-خىل لەززەت سېزەتتىكى، سۆيگەنسېرى سۆيگۈسى كېلەتتى، يېقىملىق بىر جۇغۇلداشتىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى راھەتلىنەتتى. شۇ چاغدىلا، ھەرقانداق ئادەم ھەجەرۇلئەسۋەددىن ئىبارەت بۇ

مۇئەللەق تىلسىم تاشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇ ناما-
يان قىلىپ تۇرغان ئىلاھىي ھېكمەتنى ئېنىق ھېس قىلاتتى.

— ئوغلۇم، بۇ مۇبارەك تاشنى پەيغەمبىرىمىز
سۆيگەن، — دېدى ئاتىخان ئەكبەرگە قاراپ ھاياجان بىلەن، —
پەيغەمبىرىمىز بۇ تاشنى سۆيۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ
ئاللاتائالانىڭ زېمىنغا ئورناتقان قەسەم، ئىخلاس تاختىسىدۇر.
ئاللاتائالا بىزنى ئۇنى سىلاش - سۆيۈش پۇرسىتى بىلەن مەنپە-
ئەتلەندۈردى. ئۇنىڭغا زوقمەن بولغان ھەرقانداق ئادەم بۇ يەرگە
كەلسە، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك پايدا كۆرىدۇ».

ئەكبەرمۇ ئۇنى سۆيدى، يۇمران لەۋلىرىدە بىرخىل سو-
غۇق، يېقىملىق سېزىم ئورناپ قالدى. ئاتىخان ئەمدى ئۇنى
ئەگەشتۇرۇپ «جايى مۇلتەزىم» ① گە كەلدى ۋە بوش، تىت-
رەڭگۇ ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا باشلىدى:

— مەن كەلدىم، ئاللا! سېنىڭ بەيتۇللايىڭ ئەڭ
قەدىرلىك ئۆي، ئاللا! بەيتۇللانىڭ ئىگىسى! شەپقەتلىك، مېھرى-
بان، كەچۈرۈملۈك ئاللا! ئۆزۈڭگە يېلىندىم، ئاللا! مۆمىنلەرنىڭ
دۇئاسىنى قوبۇل ئەت! كەتكەنلەرگە ئىمان، قالغانلارغا
سەھەتلىك بەرگىن، ئاللا! قىزلىرىمنى چوكان كامالىغا، ئوغۇل-
لىرىمنى قىرانلىق كامالىغا يەتكۈزگىن، ئاللا! ... بىزنى ھەممە
گۇناھلاردىن ساقلاپ، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك قىلىشىڭنى تى-
لەيمەن، ئاللا! بۇ دۇنيا ۋە قىيامەتتىكى بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ
ھەممىسىنى بىزگە خەير قىلىشىڭنى تىلەيمەن، ئاللا! بىزنى پانا-
ھىڭغا ئېلىپ، دوزاخنىڭ جازالىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشۇڭنى
تىلەيمەن، ئاللا! سەندىن باشقا پاناھىمىز يوق، ئاللا! بارلىق
مەدھىيە، ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى ساڭىلا خاستۇر،ئاللا!...

ئاتىخان توختىماي دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى، ئاۋازى

① «جايى مۇلتەزىم» — بەيتۇللانىڭ دەرۋازىسى ئورنىتىلغان يەر.

بارغانسېرى پەسلەپ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى يېنىدىكى ئەكبەرمۇ ئاڭقىرالماي قالدى، شۇ تاپتا ئىخلاسى چەكسىز، تەقۋادار بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن جىسمى گويا ھەج تاۋاپ بىلەن يۇمشاپ، ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بوشىشىپ كەتكەن ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ پۈتۈن زېھنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللا يولىدىكى ئىبادەتكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

ئەكبەر ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، ھەج رەسمىيەتلىرىنى داۋاملىق ئۆتەشكە باشلىدى، قىسىلىپ، تۈرتۈپ يۈرۈپ كەئبىنى يەتتە قېتىم ئايلاندى. ئاندىن «مەقامە ئىبراھىم»①نىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكەت نەپلى ناماز ئوقۇپ، زەمزەم بۇلىقى يېنىغا كەلدى.

ئەرەبلەر ئەزەلدىن زەمزەم بۇلىقىنى مۇقەددەس بۇلاق دەپ ئەزىزلەيتتى، چۈنكى ئۇلار: قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر ئاللاتائالا ئۆز زامانىسىدا، ھەجەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ، مۇشۇ قاقاس جىلغىدا بۇ بۇلاقنى ياراتتى، شۇڭا بۇ بۇلاق مۇقەددەس — ئىلاھىي بۇلاق، دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ، مەككىلىكلەر تارىختىن بۇيان سۇ قىسلىقىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، ئۇلار سۇنى شەھەرنىڭ سىرتىدىن توشۇپ كېلىپ ئىچەتتى، نۇرغۇن مۇشەققەت چېكەتتى ھەم كۆپ چىقىمدار بولاتتى. شۇڭا، زەمزەم بۇلىقى ئۆزىنىڭ يېگانە ۋە بۈيۈك مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇلارنى تاتلىق، بەرىكەتلىك سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەبەدىيلىك ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالغان ئىدى!...

زەمزەم قۇدۇقى تۆت تەرىپىدە ئىشكى بار، مېھراب شەكىللىك قورۇ تامنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ سۈيىنى چىغىرىق بىلەن تارتىپ چىقىراتتى.

---

① «مەقامە ئىبراھىم» — ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياسىغاندا تۇرغان يەر.

ئەتىگەندىن بېرى تولا يىغلاپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ چارچاپ ئۇسسىغان ئاتىخان قۇدۇقتىن يېڭىلا تارتىپ چىقىرىلغان چېلەكتىكى مۇزدەك تاتلىق سۇنى قانغۇچە ئىچتى ۋە ئاللانىڭ مۇشۇنداق قاقاس، قۇرغاق زېمىندا ئۆزىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن پەيدا قىلغان ھاياتلىق چەشمىسىگە ئاتاپ دۇئا قىلدى:

— تەشنالىقتا سۇ بەرگەن ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلەيمەن! ئى ئاللا! ماڭا رىزىق، پايدىلىق بىلىملەرنى ئىنئام قىلىشىڭنى، ھەر خىل كېسەللەردىن شىپا تاپقۇزۇپ قويۇشۇڭنى تىلەيمەن! ...

زەمزەم سۈيى بىلەن تەشنالىقى قېنىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئاتىخان ئوغلى ئەكبەرنى ئەگەشتۈرۈپ ھەج پائالىيىتىنى داۋاملىق ئۆتەشكە — سافا بىلەن مەرۋە ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم سەئىيە ① قىلىشقا باشلىدى ...

بۈگۈن مۇقەددەس شەھەر مەككىنى، ئاللانىڭ ئۇلۇغ بەيتىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن يۈز مىڭلىغان ئادەم تۆت تەرىپى كۆيۈك تاغ بىلەن قاپلانغان بۇ ئوت ـ ئاتەش يۇرتنى قاينام ـ تاشقىنلىققا ئايلاندۇرغان ئىدى. مەسجىدىل ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ھەر خىل چىراي، ھەر خىل تىل ۋە ھەر خىل تۈستىكى ئادەملەر كېزىپ يۈرمەكتە. ئافرىقىدىن كەلگەن قارا تەنلىكلەر، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن كەلگەن ئاق تەنلىكلەر، ئاسىيادىن كەلگەن سېرىق تەنلىكلەر، ھەبەشلەر، تۈركلەر، ئەرەبلەر، پارسلار ۋە باشقىلار توپ ـ توپ بولۇپ، تەھلىل ـ تەكبىر ئېيتىپ يۈرۈشمەكتە، بەزىلىرى بەيتۇللانى تاۋاپ قىلماقتا، بەزىلىرى سافا ـ مەرۋە ئارىسىدا يۈگۈرمەكتە، بەزىلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقامىدا ناماز ئادا قىلماقتا، بەزىلىرى زەمزەم سۈيىنى تالىشىپ ئىچىشمەكتە.

---

① سەئىيە — ئىككى تاغ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈش.

بۇ يەرگە توپلانغان مىڭلىغان
ئادەملەرنىڭ كىيىمىدىن تارتىپ خاراكتېرىگىچە بىر خىللا.
چۈنكى، بۇ كىيىم ۋە بۇ خاراكتېر بىر خىل كۈچلۈك ئېتىقاد
تۈپەيلىدىن ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شەكىللەنگەن. سىرتتىن قا-
رىغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇلار بىر
خىل سۆزگە، بىر خىل ھەرىكەتكە ۋە بىر خىل مۇئامىلىگە ئادەت-
لىنىپ كەتكەن!...

بۇ مۇقەددەس زېمىندا دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن
مۇسۇلمانلار دوستلۇق روھى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، گەرچە ئۇلار-
نىڭ تىلى، رەڭگى ۋە خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ،
لېكىن ئۇلارنى بۇ تەۋەررۈك جايغا توپلاپ تۇرىدىغان بىرلا نەرسە
بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ كى-
تابىغا بولغان ئەقىدە - ئىخلاس!...

## 2

ھىجرىيە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8 - كۈنى بارلىق ھەج
قىلغۇچىلار مىناغا جەم بولدى. ئەسلىدە، «زۇمرەت ئاغپا» دەپ
ئاتىلىدىغان بۇ ساي تۆر تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى غىلاڭ جىلغا
ئىدى. كىشىلەر بۇ يەرگە رەڭگارەڭ چېدىر ۋە ئاددىي چەللە -
باراڭلارنى تىكلەپ، ئىسسىقتىن پاناھلىناتتى ۋە شۇنىڭ ئاستىدا
ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئاللاغا دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ
يەردىكى مۇھىم پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد
پەيغەمبەر مۇشۇ يەردە ئادا قىلغان پېشىن، دىگەر، شام ۋە
خۇپتەندىن ئىبارەت تۆت ۋاخلىق نامازنى ۋاقتى - قەرەلىدە ئو-
قۇش؛ يامانلىق، رەزىللىك، شۇملۇقنىڭ سىمۋولى بولغان
شەيتانغا تاش ئېتىش ئىدى. بۇ چاغدا، ھەممەيلەننىڭ خىيالى

تەبىئىي ھالدا بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ئىشلارغا كېتىپ قالاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، ئاللاغا بولغان سەمىمىي - ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئامراق ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش نىيىتىدە مىناغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇ، يولدا يەتتە قېتىم شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، شەيتاننى كەسكىنلىك بىلەن قوغلىۋەتكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۈرۈش ئۈچۈن، يۈزىنى يەرگە باستۇرغان، لېكىن شۇ چاغدا، يەنە خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر كۆك قوچقارنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ كېلىپ، ئاللانىڭ شاپائىتىنى يەتكۈزگەن...

مانا شۇ ئىشلارنى غىل - پال خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا، «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە ساففاتنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلماي تۇرالمايدۇ: «بىز ئۇنىڭغا: ‹ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۇڭ)› دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق، ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز!»①

چىڭقى چۈش بولغاندا، ئوتتەك قۇياش يەر - جاھاننى

① «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 450 - بەت.

تونۇردەك قىزىتىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى تاغۇتاشلارمۇ ئوت پۈركۈيدىغاندەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. چېدىر تىكەلمىگەن ناتىۋان كىشىلەر غىلاڭ تاشلىق سايدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ تىنچىق هاۋادا هاسىرايتتى، ئۇلار كۆزلىرىنى قىسىپ، ئاسماندىكى دولقۇنسىمان ئەلەڭگۈپ تۇرغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نۇرلارغا قاراپ، بۇ يۇرتنىڭ مۇشۇنداق چۆل ۋە قاقاس يارىتىلىپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنەتتى. بۇ يەردە ئادەم بىلەن قېرىشقاندەك، قۇياشمۇ ناهايىتى ئاستا هەرىكەتلىنەتتى، قارىغانسېرى ئۇ گويا بىر جايغا مىخلىنىپ قالغاندەك، باش ئۈستىدە يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۇ، ئۆز مۇساپىسىدە هەمىشە قاقاس تاغلار بىلەن گىياھسىز چۆللەرنىلا بېسىپ ئۆتكەچكە، ئاشۇنداق ئوتلۇق ۋە رەھىمسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى ...

كۈن ئىسسىغانسېرى كىشىلەرنى تەشنالىق قىينايتتى. مېنادا چوڭ بىر كۆلچەك بولۇپ، «ئەينى زۇبەيدە» ① ئۆستىڭىنىڭ سۈيى جىلغا ئارقىلىق شۇ كۆلچەككە ئېقىپ كېلەتتى. بۇنداق قاقاسلىقتا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ تىلسىمات سۇ توغرىسىدىمۇ هەر خىل رىۋايەتلەر بار ئىدى. بەزىلەر باغداتنىڭ شاهى هارۇن رەشىد ئىراقتىكى دەجلە ۋە ئېفرات دەريالىرىنىڭ سۈيىنى يەر ئاستى يوشۇرۇن يول بىلەن مەككىگە ئېلىپ كەلگەن، دەيتتى؛ يەنە بەزىلەر بولسا، مەككىدىكى سۇ قىسلىقىنى كۆرگەن هارۇن رەشىدنىڭ ئايالى زۇبەيدە مەككىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا تاغنىڭ چوڭقۇر ئۆڭكۈرىدىن سۇ ئېقىنى تېپىپ، ئۇنى تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئاقتۇرۇپ، مەككىگە باشلاپ كەلگەن، شۇڭا بۇ سۇنى «ئەينى زۇبەيدە» دەيدۇ، دېيىشەتتى.

رىۋايەت مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، هەمىشە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بەرىكەتلىك بۇ سۇنىڭ مەككىگە كەلگەنلىكى

---

① «ئەينى زۇبەيدە» ـــ زۇبەيدە چەشمىسى.

رېئاللىق ئىدى. بۇ سۇ مەككىلىكلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىگە شەپقەت، خۇشاللىق ۋە رىزق بەخش ئەتتى، ھەتتا ھەرىيلى سەھرايى كەبىرنىڭ غەربىدىكى ئافرىقىدىن ئۇلۇغ ئوكيانغا تۇ- تىشىدىغان جۇگگوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تالاي - تالاي دۆلەتلەردىن كەلگەن نەچچە ئون مىڭ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلار- نىڭمۇ ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار كۆلچەكتىكى سۇنىڭ ئىسسىپ، ئىلمان بولۇپ قالغانلىقىغا ۋە ھەر خىل كەمچەنلەرگە قاچىلانغان ئازغىنا سۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشكە سېتىلىدىغانلىقىغا قارىماي، بەس - بەس بىلەن تالى- شىپ ئېلىپ ئىچەتتى.

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر بۇگۈن كەچ بولغۇچە 10 سوملۇق بىر تىللاغا سۇ ئېلىپ ئىچىپ بولدى.

— دادا، — دېدى ئەكبەر پۇلغا ئىچى ئاغرىپ، — بىر- نەچچە كەمچەن سۇ ئۈچۈن بۇنداق پۇل خەجلىسەك، كېيىن قانداق قىلىمىز ؟! بىر تىللا دېگەن ئاز پۇلمۇ ؟!

توغرا، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بىر تىللا ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، ئەگەر يۇرتىدا بولغان بولسا، بۇنداق بىر تىللاغا بىرنەچچە كەمچەن ئىلمان سۇ ئەمەس، بەلكى بىر ئۆستەڭ ئويناقلاپ ئېقىپ تۇرغان مۇزدەك سۇ كەلگەن بولاتتى !

لېكىن، ئاتىخاننىڭ سۇ ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلغا ئىچى ئاغرىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— ئوغلۇم، بىز بۇ پۇللارنى ھەج يولىدا خەجلەيمىز، دەپ ئېلىپ كەلگەن، ھېلىمۇ ياخشى، ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن مۇ- شۇنداق قاقاس تاغ ئارىسىدا سۇ بار ئىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتۇق ؟! ئۆز زامانىسىدا كەلگەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ يەردە ئۇسسۇزلۇق، تەشنالىقتىن قۇرۇپ جەننەتى بولۇپ كەتكەن !

خۇداغا شۈكرى ، بىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىمىز بار ئىكەن ، ئاللا ئۆزىنىڭ ئىنايىتى ، مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن بۇ يەرنى سۇغىرىپتۇ !
— مەن ئەمدى ئۇسسىمايمەن ، دادا ! — دېدى ئەكبەر يەنىلا ئۆز گېپىنى تەكىتلەپ ، — ئۇسسىسامۇ چىدايمەن ! ...
ئاتىخان ئۇنىڭ سەبىي چىرايىغا قاراپ ، ئاتىلىق مېھرى بىلەن كۈلۈپ قويىدى ۋە :
— ئۇنداق قىلىساڭ بولمايدۇ ، ئوغلۇم ! خۇداغا غەزەپ قىلغان بولىسەن ! — دېدى ئاگاھلاندۇرۇپ .
كەچكى تىنىق ئاسمانغا ئاي چىقتى . ئۇ ، يېگانە سەييياھ-تەك ئاستا ـ ئاستا ئاسمان گۈمبىزىگە قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان ساناقسىز يۇلتۇزلار گويا ئۇ-نىڭ بويىنىغا ئېسىلغان لەئەل ـ ياقۇتتەك دانە ـ دانە چاقناپ تۇراتتى .
ھاۋانىڭ كۈندۈزكى تەپتى خېلى ياندى ، تۇر تېغى ئۇس-تىدىن كەلگەن مەيىن شامال ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان كىشىلەرگە بىردەملىك ئاراملىق ئېلىپ كەلگەن ئىدى . ئۇلار كەچكى ھاۋانىڭ زوقىدىن تېخىمۇ جانلىنىپ ، بۇ كېچىنى ئۆز ئىلاھى ۋە ياراتقۇچىسىنى خاتىرىلەش ، ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ، چوڭ ـ كىچىك گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋۋا قىلىش ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە سالام بېرىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى ...
خۇپتەن نامىزى مېنادىكى خاۋۇف مەسچىتىدە تىقما ـ تىقماقلىق ئىچىدە ئوقۇلدى . نامازدىن كېيىن ئاتىخان تەۋۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىپ مەسچىتتە قالدى ، ئەكبەر سىرتقا چىقىپ ، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى تاش سۇپىدا دادىسىنى كۈتۈپ ئولتۇردى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوش ئورۇن بىردەمدە ئادەملەر بىلەن تولدى ، چىرايىدىن قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى

بولمايدىغان تۆت ـ بەش ئادەم ئۇنىڭ يېنىدا گىرە بولۇپ پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار ساپ ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. بۇ گەپلەر يەنىلا مۇشۇ زېمىن ۋە مۇشۇ ئادەملەرگە تەئەللۇق بولغان مەدھىيە، تەسىرات ۋە ئالقىشلار ئىدى.

— بەيتۇللا بۇ زېمىنغا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئەرشتىن چۈشۈرۈلگەن ئىكەن، — دېدى ئاۋازىدىن قېرىسال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىرسى، — ئاللاتائالا ئۇنىڭغا: «بۇ ئۆيۈمنى سەن زېمىنغا بىللە ئېلىپ چۈشۈپ كەت ۋە خۇددى بۇ يەردە تەختىمنى تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش زېمىندا ئۇنى تاۋاپ قىل» دەپتىكەن. شۇڭا، بەيتۇللا شەرىپىنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بار. بۇنىڭ بىرسى، بەيتۇللانىڭ مۇبارەك دەرۋازىسى ئېچىلغان ھامان مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇ يەردە قانچىلىك ئادەم بارلىقىنى ياراتقۇچى ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. بىراق، شۇنچە كۆپ ئادەم بەيتۇللانىڭ ئىچىگە بىراقلا كىرسىمۇ، بەيتۇللا كىچىكلىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى شۇكى، مەككىدە كەپتەر ۋە باشقا ئۇچار قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىگە ھەرگىز قونمايدۇ، ھەتتا ئۇچقاندا، ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپمۇ ئۆتمەيدۇ. دىققەت بىلەن قارىغان ئادەم شۇنى كۆرىدۇكى، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەر بەيتۇللانىڭ ئۈستىگە كېلەي دېگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپ ئۆتمەستىن، دەرھال باشقا تەرەپكە ئەگىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ!...

بۇ ئادەم سۆزىدىن توختىشى بىلەن بىرنەچچەيلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا نىدا قىلدى:

— يا رەب!...

— ياﺋاللا ! ...

— بەندىگە قىيىن تۇيۇلغان نەرسە ، ئىگىسىگە ئاسان ! ... ئارىدىن بىرسى ئاۋازىنى ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— بەيتۇللانىڭ بۇنداق سىر - ھېكمەتلىرى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزگە خاس . ئاللاتائالا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە بۇنداق نۇسرەتنى بەرگەن ئەمەس !

— شۇنداق ، شۇنداق ! — دېدى يەنە بىرسى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ ، — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سامادا مۇشتىرى يۇلتۇزى پەيدا بولغاندا تۇغۇلغان ، مۇشتىرى يۇلتۇزى سائادەت ۋە شان - شەرەپنىڭ نامايەندىسى . ئۇ ، تۇغۇلغان يىلى فەتھى — غالىبىيەت يىلى ، شۇنداقلا ، خەير - ئېھسان ، ياخشىلىق يىلى بولغان ! ...

مانا شۇنىڭ بىلەن پاراڭ تېمىسى تەبىئىي ھالدا ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى ، ئۇنىڭ ئىسمى ھەر قېتىم ئېغىزغا ئېلىنغاندا ، ئۇلار ھاياجانلىناتتى ، پەخىرلىنەتتى ۋە ئىچىدە شۇرلاپ ، ئۇنىڭ ھەققىگە بىرنەرسىلەرنى دەيتتى .

— پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان كېچىسى غايەت زور بىر نۇر پارلاپ ، پۈتۈن جاھاننى يورۇتۇۋېتىپتىكەن ، ئاسمانمۇ ، زېمىنمۇ ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغا تەقەززا بوپتىكەن .

— شۇنداق ! — دەپ سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى بىرسى تەمكىن ۋە ئىشەنچلىك ئاۋازدا ، — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھىدايەت قۇياشى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى . سىلەر بىلەمسىلەر ؟ بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز جاھىلىيەت دەۋرىدە ، يا تېرىقچىلىقى يوق ، يا چارۋىچىلىقى يوق ، مۇشۇ كۆيۈك ، ئاتەش زېمىندا ياشاپ كەلدى . بەزىلەر چايان ، سۆۋەرەكلەرنى ئاش - نان ئورنىدا يېدى ، بەزىلەر تۆگە يۇڭىنى تاش بىلەن سوقۇپ

يۈمشىتىپ، ئۇنىڭغا ھايۋانلارنىڭ قېنىنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ يېدى. بۇ تېخى ياخشى، مەززىلىك تاماق ھېسابلاندى، كېيىن خۇدا بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنى بىلەن بىزنى ئويغاتتى، پۈتۈن ئەرەبنى مۇشۇ دىن بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇردى!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئەكبەر ئەندىككەندەك، سەسكەنگەندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ بايىقى سۆزلەرنى خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ نېمە دېگەن گۇمان بىلەن كۆڭلىدە ئەسلەپ باقتى، ياق خاتا ئەمەس ئىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاچلىق، يوقسۇزلۇقتىن يىرگىنىشلىك چايان، سۆۋەرەكلەرنى تۇتۇپ يەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى گەۋدىلەنگەندەك بولدى، ئۇنىڭ يۈمران، سەبىي يۈرىكى ئادەم تەقدىرىنىڭ بۇنداق تەڭسىز، مۇدھىش قىسمەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. بۇ گەپلەر گويا ئۇنىڭغا رىۋايەتتەك، چۆشتەك بەكمۇ غەلىتە ۋە ئايانچلىق تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن كۆپنى كۆرگەن ئوقۇمۇشلۇق، تەقۋادار بۇ ئەرەبنىڭ سۆزى راست ئىدى. راستلا ئەمەس، بەلكى بۇ مۇشۇ نامرات، نادان يۇرتنىڭ قان - ياشلىق تارىخى ئىدى...

— شۇڭا بىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنيادا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى دەيمىز! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھېلىقى ئادەم، — ئۇ 40 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئاللا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن غەپلەتتە قالغان ئىنسانلارغا ئىنسانلىقنىڭ تەمىنى، ئىنسانلىقنىڭ شەرىپىنى تېتىتىدىغان ۋە قىيامەتكىچە ئۆچمەيدىغان ھىدايەت، ئىلىم - ئىرپان ۋە مەدەنىيەت قۇياشىنىڭ نۇرى پۈتۈن ئەرەب زېمىنىنى يورۇتتى!...

— مەن قادىر ئاللاغا تەشەككۈر ئېيتىمەن! — دېدى يەنە بىر ئەرەب ھاياجانلىق تىن ئېلىپ، — ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىزگە ئۇ-

لۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەدنى ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈنى كىشىلەر ئەرشتىن « مەن ئۆزۈمنىڭ سادىق ئەلچىمنى روھىي زېمىنغا ئەۋەتتىم » دېگەن سادانى ئاڭلىغان. شۇ چاغدا بۇلۇتلار كۆكنى قاپلىغان، قۇشلار توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ چىققان، پەرىشتىلەر سەپ تارتىپ جەم بولغان. ھەممە بۇ زاتنى پەرۋىشلەشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلگەن ھەم ئۆزئارا تالاشقان، قۇشلار ۋىچىرلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرقانداق جاينىڭ يەل - يېمىشلىرىنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ زاتنى پەرۋىش قىلىشتا ناھايىتى قۇلاي شارائىتى بارلىقىنى ئېيتقان؛ شامالمۇ پىچىرلاپ ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ: « بۇ زاتنى پەرۋىش قىلىش بۇرچى ماڭا مەنسۇپ، چۈنكى مەن ھەرقايسى ياقتىن لەرزان ھەم راھەتلىك ھاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمەن » دېگەن. « ياق، — دېگەن بۇلۇتلار تالىشىپ، — بۇ زاتنى بىز پەرۋىش قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز ئۇنىڭغا ئەڭ تازا ھەم سۈزۈك سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمىز ! ». تالىشىش شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان: « بىز نېمە ئىش قىلىمىز ؟ ». بۇ چاغدا ئەرشتىن: « بۇ زاتنى روھىي زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇنى ئېمىتكەن ئەمچەك، ئۇنى سىلىغان قول، ئۇ تۇرغان ئۆي، ئۇ ياتقان تۆشەك، قىسقىسى، ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولغان ھەممە نەرسە بەختكە سازاۋەر ! » دېگەن قاتتىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تالاش - تارتىشنى ئاخىرلاشتۇرغان...

كىمدۇر بىرسى يېقىنلا يەردىن مەستانە ئاۋازدا ئەكبەرنى چاقىردى، ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ، پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن پاراڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئاڭلىغانسېرى قىزىقىپ، ھاياجانلىنىپ، يېگى - يېگى

نەرسىلەردىن خەۋەردار بولۇۋاتاتتى. ئەكبەر بۇ چاغقىچە كىتاب ئوقۇپمۇ، ئۇستازلىرىدىن دەرس ئېلىپمۇ بۇنداق ھۇزۇرلانمىغان ئىدى. چۈنكى، بۇ پاراڭ شۇنداق ئەركىن، تەبىئىي ھەم مەنىلىك ئىدى. ئەگەر دادىسى چاقىرمىغان بولسا، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشقا رازى ئىدى...

ئەتىسى — زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى ئەرەفات تېغىدا «قىيامدا تۇرۇش» كۈنى ئىدى. ھەج قىلغۇچىلار مىنادا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، مەككىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەرەفات تېغىغا قوزغالدى. بەزىلەر ئات ـ تۆگە مىنىۋالغان، بەزىلەر ھارۋا ـ مەپىلەردە ئىدى، لېكىن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر خۇددى توغانى بۇزۇلغان سۇ كەلكۈنىدەك دەۋرەپ پىيادە كېتىۋاتاتتى. بىر خىل كىيىم بىلەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان بۇ پايانى يوق ئادەم ئېقىنى يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى دولقۇنلاپ، بۇژغۇنلاپ كېلىۋاتقان ئاق دېڭىزغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى...

چۈشكە يېقىن بۇ خىلۋەت، تىمتاس تاغ باغرى بىردىنلا جانلىنىپ، ئادەم دېڭىزىغا، ھايات قاينىمىغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەرافات تۈزلەڭلىكى ناھايىتى كەڭ ھەم قاقاس ساي بولۇپ، ئۇنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان رەھمەت تېغى، مەركىزىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالدۇرغان نەمرە مەسچىتى بار ئىدى، ھەج قىلغۇچىلار پېشىن نامىزىنى ئەنە شۇ مەسچىتتە ئوقۇپ، ئاندىن ھىجرىيە 10 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋىدالىشىش نۇتقى سۆزلىگەن رەھمەت تېغىغا چىقىپ، بۇ تەۋەررۈك يەردە سۈكۈتتە تۇراتتى. شۇ چاغدا، گويا بىر ئىلاھىي سادا ياڭراپ، كىشىلەرنىڭ روھىغا بۆسۈپ كىرگەندەك، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىدالىشىش سۆزى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا ئايان بولاتتى: «ئەرەبلەر غەيرىي ئەرەبلەردىن

ھېچقانداق ئۆستۈن ئەمەس؛ غەيرىي ئەرەبلەرمۇ ئەرەبلەردىن ھېچقانداق ئۆستۈن ئەمەس. قارا تەنلىك ئاق تەنلىكتىن ئۆستۈن تۇرمايدۇ، ئاق تەنلىكمۇ قارا تەنلىكتىن ئۆستۈن تۇرمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئادەم تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاغا چوقۇنىدىكەن، ئۇ ھۆرمەتلىك چوڭلار قاتارىدا بولىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشى بولىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ قېرىندىشى بولىدۇ. ئۆز قۇللىرىڭلارغا غەمخورلۇق قىلىشىڭلار كېرەك، شۇنداق، ئۆز قۇللىرىڭلارنى ياخشى كۈتۈشىڭلار كېرەك، نېمە يېسەڭلار، شۇلارغىمۇ شۇنى يېگۈزۈڭلار! ئاياللارغا مۇلايىم پوزىتسىيىدە بولۇشۇڭلار كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن مەجبۇرىيەتلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىگە ھېچقانداق ئىشلارنى قىلالمايدۇ. مەن ئايرىلغىنىمدا، سىلەرگە قالدۇرۇپ قويىدىغان مىراسىم — ئاللانىڭ مۇقەددەس كىتابى! ...»①

كىشىلەر شۇ دەقىقىدە يەنە، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ شۇ كۈنى 63 نەپەر قۇلىنى ئۆز قولى بىلەن ئازاد قىلىپ، قۇللارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقانلىقىنىمۇ يادىغا ئېلىشتى ...

تاۋاپچىلار قوشۇنى كۈن پېتىپ، رەھمەت تېغى گۇگۇم قوينىغا كىرىشكە باشلىغاندا، ئەرەفاتتىن ئايرىلىپ، مۇزدەلىفىگە قاراپ قوزغالدى.

مۇزدەلىفە پاكار - پاكار كۆيۈك تاغلار باغرىدىكى قۇم - شېغىللىق كەڭرى ساي بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ يەردە توختاپ، ناماز ئوقۇپ ئۆتكەن. شۇڭا ھەج قىلغۇچىلارمۇ بۇ يەردە شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى قوشۇپ ئوقۇپ، كېچىچە

① بۇ نەقىل پاكىستان دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى زىكرىيا كامدارنىڭ مەسلىھەتچىلىكى بىلەن سەئىد ئافتاپ ئەرىم تۈزگەن «ھەج قىلىش قوللانمىسى» دىن ئېلىندى.

دۈبا ـ تىلاۋەت بىلەن تۈنەپ چىقىشنى ئۆزلىرىگە ئۇدۇم قىلغان ئىدى.

ئاتىخان مۇزدەلىقىگە كېلىپ، تۈز ۋە يۇمشاق بىر يەرنى تېپىپ ئورۇنلاشتى. تېخى بايىلا ئادەم تولغان، ئۇچار قۇشلارمۇ كۆرۈنمەيدىغان سۈرلۈك، تىمتاس بۇ ماكان بىردىنلا جانلىنىپ، ئەزىم دەريادەك داۋالغۇشقا باشلىدى. ئادەملەرنىڭ قىقاس ـ چۇ-قان، نالە ـ پىغانلىرى جىمجىت چۆل ئاسمىنىدا گۈركىرەپ، يەنە نەلەردىندۇر ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كېلەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتە پىلدىرلاپ يېنىپ كەتكەن شام ـ چىراغلار بەئەينى يۇل-تۇزدەك چاقناپ، زېمىننى بېسىۋالغان ئېغىر قاراڭغۇلۇقنى يىراقلارغا قوغلىۋەتكەن ئىدى.

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ئەتىگەندىن بېرى ئالدىراش يۈ-رۈپ، قورساقنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق ھازىر ئۇلارنى خېلى ھالسىرىتىپ قويغان ئىدى.

ئاتىخان يۇمشاق قۇم ـ شېغىل ئۈستىگە قولياغلىقنى يې-يىپ سېلىپ، يېنىدىكى ئاغزى بوغۇچلانغان ماتا خالتىدىن ئىككى پارچە نان، بىر لوقما سۈرلەنگەن توخۇ گۆشى ۋە ئىككى ئالمىنى ئېلىپ ياغلىق ئۈستىگە قويدى. ئەكبەرنىڭ ھەقىقەتەن قورسىقى ئاچقان ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئىجازىتىنىمۇ كۈتمەستىن، بىر پارچە نان بىلەن بىر كېسىم توخو گۆشىنى ئېلىپ كاراسلى-تىپ يەپ كەتتى. ئەكبەر ئاچ كۆزلۈك بىلەن چاينىماي يۇتقاچقا، نان گېلىگە تۇرۇپ ھېقىقلاپ قالدى. ئاتىخان ئۇنىڭغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بويىنىغا ئېسىۋالغان سۇدانىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە:

— ئالدىرىماي يە! — دېدى قاشلىرىنى يىمىرىپ، — ئىچىڭگە مەددەقۇرتى كىرىۋالمىغاندۇ!؟

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، دادا! — دېدى ئەكبەر

سۇداندىكى سۇنى بىر - ئىككى ئوتلاپ، — بىز پالاقشىپ يۈرگىنى نە ۋاق!

ئاتا - بالا ئىككىسى قاتتىق - قۇرۇق، يېرىم - يارتا بولسىمۇ قورسىقىنى غەملىۋالدى. شۇ تاپتا ئەكبەرنى تازا ئۇيقۇ باستى، ئۇ يۇمشاق قۇم - شېغىل ئۈستىگە يامپاشلىۋىدى، يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىللىق ھارارەت ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇددى مېھرىبان ئانا قولىدەك تېگىپ، ئۇنى شۇنداق تاتلىق، راھەتلىك سېزىم قوينىغا ئالدى. ئەگەر شۇ چاغدا، ئاتىخان ئۇنى تۇرۇشقا ئۈندىمىگەن بولسا، ئۇ ئاللىقاچان شېرىن ۋە غەمسىز ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولغان بولاتتى.

— ئوغلۇم، بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئۇخلىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئاتىخان چىرايلىق ۋە تەسىرلىك گەپلەر بىلەن ئۇنى قوزغىتىپ، — لېكىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كېچىچە زىكىر - تەسبىھ قىلىپ، قۇرئان ۋە نەپلى ناماز ئوقۇپ چىقسا، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كوزا چوڭ بولسا، سۇنى جىق ئالغىلى بولغاندەك، دۇئا قانچە كۆپ بولسا، ساۋاب شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ كېچە — ئۇلۇغ كېچە، بۇ ماكانمۇ ئۇلۇغ ماكان. شۇڭا بۇ يەردىكى مەسچىتنىڭ ئەتراپىنى «مەشئەرەل ھەرەم» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاللاغا زىكىر - تەسبىھ، تۆۋا - ئىستىغپار قىلىدىغان جاي. بۇ كېچىنى ئۆلىمالار شۇۋى قەدرى كۆرۈنگەن كېچىدىنمۇ ئەۋزەل، دەپ تەرىپلەيدۇ!

ئاتا سۆزىنى ئەزەلدىن مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن ئەكبەر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپساپ كەلگەن ھارغىنلىق ئازابى بىلەن شېرىن ئۇيقۇنىڭ مېھرىنى يېڭىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە دادىسىغا ئەگىشىپ، «مەشئەرەل ھەرەم» تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

پۈتۈن ئەتراپ يەنە شۇنداق قايىنام - تاشقىنلىق ۋە جىددىي ھەرىكەتلەر بىلەن داۋالغۇپ، گۈركىرەپ تۇراتتى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، بىرلا ئېتىقاد ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلانغان ھەر خىل چىراي، ھەر خىل تىل، ھەر خىل خاراكتېر ۋە ھەر خىل مىجەزدىكى بۇ ئادەملەر ئارىسىدا، ھەسەت ۋە ھەۋەس، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، مېھىر ۋە غەزەپ، جاھالەت ۋە دىيانەت، ساداقەت ۋە خىيانەت ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى ! ...

## 3

ئۇلار قۇربانلىق قىلىپ نەزىر بەردى، بەيتۇللانى ئايلىنىپ تاۋاپ قىلدى، مىنا ۋە ئەرافاتلارغا چىقىپ، چىن ئىخلاسى ۋە ئېھتىرامىنى بىلدۈردى. نۇرلۇق شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان مەدىنىگە بېرىپ، دۇنيا بويىچە ئۇنجى مەسچىت — پەيغەمبەر نامىدىكى نەبەۋى مەسچىتىنى تاۋاپ قىلدى ۋە بۇ مەسچىت ئىچىدىكى «رىيادۇل جەننەت» ① تە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، رەسۇلۇللانىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى. ئاندىن «جەننەتۇل بەقى» قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، پەيغەمبەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئاياللىرى دەپنە قىلىنغان بۇ تەۋەررۇك زاراتگاھنى زىيارەت قىلدى ...

ئۇلار ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىش يولىدا ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا، ھېرىپ ـ چارچاشقا چىدىدى، توختىماي ھەمدۇسانا ئېيتىپ، كالپۇكلىرى قۇرۇدى، كېچە ـ كۈندۈز ئىستىقامەت قىلىپ رەڭگىلىرى سارغايدى ... لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا، ئۇلار روھىنى پاكلاشتۇرۇپ، ئىخلاسى، تەقۋادارلىقى بىلەن كۆچەيدى، نۇرلاندى ...

بۈگۈن ھەج تاۋاپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى، ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچى يەنە بىر قېتىم ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بەي-

---

① «رىيادۇل جەننەت» — (جەننەتتىكى گۈلىستان) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇنبىرى بىلەن قەبرىسى ئارىلىقىدىكى بىر پارچە يەر.

تۇللانىڭ ئەتراپىغا توپلانغان 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋىدالىشىش
تاۋاپى قىلىش ئۈچۈن دەۋرەپ تۇراتتى. ھەممىسى «ئاللاھۇ
ئەكبەر»دېگەن ياڭراق سادا ۋە يۈرەك - يۈرەكلىرىدىن ئېتىلىپ
چىقىۋاتقان يىغا - زار بىلەن كەئبىنى دەۋرىي قىلىپ
چۆرگىلەيتتى، ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار ئىنتايىن
ئەدەپلىك، ياۋاش، ئىتائەتمەن بولۇپ، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى
خۇددى ئۇلۇغ ئاللانىڭ ھۇزۇرى ئالدىدا تۇرغاندەك شۇنداق را-
يىش ۋە تەقۋادار ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھەجى قوبۇل
بولۇپ، گويا ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان بالىغا ئوخشاش،
سەبىيلىك، پاكلىق تۇيغۇسى ھۆكۈمران ئىدى!...

— ئوغلۇم، نامازنى ئوبدان ئوقۇۋال! — دېدى ئاتىخان
ئەكبەرگە نەسىھەت قىلىپ، — ئەمدى بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا
تۇرىمىز، ھەرەم شەرىپتىكى بىر ۋاخ ناماز باشقا يەردىكى يۈزمىڭ
ۋاخ نامازدىن ئۇلۇغراق. چۈنكى، يۇرتتا كۆزىمىز يەتمەيدىغان
قىبلە شۇ، قىبلىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ناماز ئوقۇۋالساق، بۇ ئۆمرى-
مىزدە ئۇنتۇلماس يادىكار بولۇپ قالىدۇ!

بۈگۈن ئاتىخان راستتىنلا شۇنداق قىلدى، ئەتىگەندە
كىچىككىنە ناشتا قىلىۋالغان ئادەم كەچكىچە تاماق يېمەي، ئۇس-
سىغاندا زەمزەم ئىچىپ، بەيتۇللانى چۆرگىلەپ يۈردى، بۇ يەردىن
ئايرىلىشنى ئويلىسا، يۈرىكى تارتىشقاندەك بولۇپ، كۆزىگە
ئىسسىق ياش كېلەتتى...

شۇ تۇرقىدا، روھى ساماغا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئادەملەر كۆز-
لىرىنى يۇمۇپ، ئېغىر سۈكۈتتە تۇرۇپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلاتتى،
ئاللانىڭ ئۆزلىرىنى بۇ مۇقەددەس زېمىنغا چاقىرىپ، ھەج تاۋاپ
قىلغۇزغانلىقىدىن سۆيۈنەتتى، تەشەككۇر ئېيتاتتى، شۇ تاپتا
ئۆزلىرىنىڭ «ھاجى ھەرەم» دېگەن خاسىيەتلىك نام بىلەن باش-
قىلاردىن ئىمانىدا، ئېتىقادىدا، ھۆرمەت ۋە ئېتىباردا يۇقىرى

ئىكەنلىكلىرىدىن پەخىرلىنەتتى، ھۇزۇرلىناتتى!...

زۇلھەججە ئېيىنىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھەج جىددىيچىلىكى ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن مەككە شەھىرىمۇ ئۆز ئەكسىگە قايتىپ چۆلدەرەشكە باشلىدى. بىرەر ئايدىن بېرى پۈتۈن شەھەردە شەكىللەنگەن قايناق، كۆركەم، كاتتا بازارلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىلىپ، خېرىدارلىرى بىلەن بىللە قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشقا باشلىدى...

بۇ كۈنلەردە، ئاتىخان بىلەن ئەكبەرمۇ ۋەتەنگە قايتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى، لېكىن، ئاتىخاننىڭ يېنىدىكى پۇل كۆپ بولسا، كاراچىغا بېرىۋېلىشقا ئاران يېتەتتى.

— تائىپقا بىر چىقىپ كىرمىسەك بولمايدۇ، بالام، — دېدى ئاتىخان بىر كۈنى ئەكبەرگە، — ئۇ يەردە ئاناڭنىڭ ھامۇق ھاجىم دەيدىغان بىر شىرەم تۇغقىنى بار، بۇ كىشى 1935 ـ يىلى ھىندىستان ئارقىلىق بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتىكەن. ئۇنىڭ خەت ـ خالتىلىرىنى بەرگەچ، بىرئاز پۇل قەرز ئالمىساق، يۇرتقا كېتەلمەيمىز.

— تائىپ دېگەن نە ئۇ، دادا؟ — سورىدى ئەكبەر چۈشەنمەي.

— مەنمۇ بىلمەيمەن بالام، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ قارا تاغنىڭ ئۇستىدىكى بىر شەھەر ئىكەن، — دېدى ئاتىخان يىراقتىكى بىر تاغ تەرەپنى ئىشارە قىلىپ، — ئۇ يەرنى بەك چىرايلىق، سالقىن دەيدۇ. لېكىن ئۇ يەرگە ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنى چىقارمايدىكەن، يول خېتى لازىم ئىكەن، مەن ھازىر شۇ يول خېتىنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن.

لېكىن، ئاتىخان تائىپقا چىقىشنىڭ يول خېتىنى تاپقۇچە ئارىلىقتا، مەككىنى ئەنسىز بىر خەۋەر قاپلاپ كەتتى:

«شىنجاڭنىڭ يولى تاقىلىپتۇ ، ئۇ يەرگە ئازادلىق ئارمىيە ، كوممۇنىستىك پارتىيە دەيدىغان ئادەملەر كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېتىپتۇ ! ...» . بۇ خەۋەرنىڭ ئارقىسىدىن يەنە خۇددى «ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچسە ، يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك ، «چەت ئەلگە چىققانلار قايتىپ كەلسە سوتلىنىدىكەن ، جازالىنىدىكەن!» دەيدىغان قۇيرۇق چۆرۈگۈچلىرىمۇ بار ئىدى . نەدىن چىققانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ شۇم خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە مەككە - مەدىنىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە گۈررىدە تارقاپ ، كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى . ھەج خۇشاللىقى بىلەن كۆڭلى ئېچىلىپ ، جىسمى يەڭگىپ ، يۇرتقا يېڭى ئادەم قىياپىتىدە بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ بارلىق پىلانلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ ، يۈرىكىدىكى يۇرت سۆيگۈسىنى ، سېغىنىشىنى ۋە ۋىسال تەشنالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتىخان ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە جىمىپ ، شۈكلەپ كەتتى ، چىرايىدىمۇ بۇرۇنقى خۇشاللىق ۋە ھاياجانلارنىڭ ئىزناسى قالمىغان ئىدى . ئۇ ، خۇددى ئېگىز ۋە چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قېلىپ ، يا ئالدىغا ، يا ئارقىغا قايتالماي ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن ئادەمدەك ، ئاچچىق ۋە مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە قالغان ئىدى . ئاتىخان بۇ يەردە قېلىشنى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ، ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكى يۇرتتا ئىدى ، يۇرتتىن ئايرىلىش ئاتىخان ئۈچۈن ھاياتتىن ئايرىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى ! مۇبادا ، ئالىمادىس بۇ يەردە قېلىپ قېلىشقا توغرا كەلسە ، قانداق قىلغۇلۇق ؟! ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك بېشىنى قاتۇرغان مەسىلە مانا شۇ ئىدى ! ئاتىخان قۇرۇق قول بىلەن ئىككى جان ئادەمنىڭ بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنمەيتتى ،

سودا ، پۇل ، رىقابەت قاپلىغان بۇ شەپقەتسىز دۇنيادا قۇرۇق قول هايات كەچۈرۈش تەس ئىدى ، ئادەم پۈتۈن ئۆمرىنى خورلۇق ، يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئازاب بىلەن ئۆتكۈزۈشى تۇرغان گەپ ئىدى ! ئۇ ئۆزىنى ئەمەس ، ئەكبەرنى كۆپرەك ئويلايتتى ، تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن پاك ، سەبىي بىر بالىنىڭ بۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىنى هەرگىزمۇ خالىمايتتى !...

بۇ كۈنلەردە ، ئەكبەرنىڭ ئەھۋالى دادىسىدىنمۇ بەتتەر ئىدى . ئۇ ، قايتىش كۈنلىرىنىڭ تېزراق كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ئىدى . ئەكبەر يۇرتىنى ، ئانىسىنى ، قان ـ قېرىنداشلىرىنى بەك سېغىنغان ئىدى ، سېغىنىشتىن هەر كۈنى چۈشىدە شۇلارنى كۆرەتتى . ئۇ ، ئانىسىنى هەربىر ئەسلىگەندە ، كۆزلىرىگە ياش كېلىپ ، يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كېتەتتى . چۈنكى ، ئەكبەر تاكى مۇشۇ سەپەرگە ئاتلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا ، ئانىسىدىن — ئۇنىڭ تاتلىق ھىدىدىن ، ئىللىق قۇچىقىدىن ، ئانىلىق مېھرى تولغان ئاتەش باغرىدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلىپ باقمىغان ئىدى . ئەكبەر ئانىسىنى بىردەم كۆرمىسە ، خۇددى بوۋاقلاردەك گۇگراپ ، ئۇنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ ئىزلەيتتى ، قۇچىقىغا باش قويۇپ ئىغىنايتتى . ئانا ئەكبەرنىڭ خۇشاللىقى ، بەختى ۋە پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلى ئىدى !...

— دادا ! — دېدى ئۇ بىر كۈنى كەچتە كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ ، — راستىنلا قايتالماي قالارمىزمۇ ؟! مەن بەك سېغىنىپ كەتتىم ، دادا ! بەك سېغىندىم ...

ئاتىخاننىڭ كۆڭلىمۇ يېرىم بولدى ، لېكىن ئۇ تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، بالىسىغا تەسەللى بەردى :

— بەندىگە تەس تۇيۇلغان ئىش ئاللاغا ئاسان ، ئوغلۇم ! كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، هەرقانداق ۋاقىتتا ، كەلمەكنىڭ كەتمىكى ، بەرمەكنىڭ ئالمىقى بولىدۇ ، بىز قايتىشنىڭ تەييارلى-

قىنى قىلىۋېرەيلى ، ئىسمائىل ھاجىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇن نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا پاكىستانغا كەتكەنلەر بار ئىكەن ، شۇلاردىن جەزمەن ئېنىق جاۋاب بولىدۇ ، بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرايلى ، خۇدايىم يول بېرىدۇ ! ...

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، بۇ كۈنلەر ئاتىخان بىلەن ئەكبەرگە شۇنداق ئۇزاق ، زېرىكىشلىك ھەم ئازابلىق تۇيۇلدى . كۈتۈش ئىچىدىكى دېلىغۇللۇق ، دېلىغۇللۇق ئىچىدىكى ئۈمىد ۋە ئۈمىد ئىچىدىكى ئەنسىزلىك ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ ، تەقەززا قىلاتتى ! ...

ئۇلار كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى ، خەۋەر بۇرۇنقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ھەم راست ئىدى . پاكىستانغا كەتكەن- لەرنىڭ بىرنەچچىسى يولنىڭ تاقالغانلىقى سەۋەبىدىن قايتا مەككىگە يېنىپ كەلگەن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلارنىڭ كۆڭ- لىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدلەرمۇ جۇدۇن سوققان باھار چېچىكىدەك تەرەپ - تەرەپلەرگە توزۇپ كەتتى ! گۈزەل ۋە يې- قىملىق تەسەۋۋۇر پىتىنچە قالدى ، رەھىمسىز رېئاللىق ئۆزىنىڭ كۈتۈلمىگەن شەپقەتسىزلىكىنى كۆرسەتتى ! ...

ئاھ ، خۇدا ! نېمانداق قىلىسەن ؟ بىزگە ئىچىڭ ئاغرى- مامدۇ ؟ بۇ زادى قانداق جۇدالىق ؟! ...

ئەكبەرنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ ئاچچىق بىر تۇيغۇ ئويغاندى . ئۇ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، شەرق تەرەپكە قارىۋىدى ، يۈرىكى ئېزىلدى . «ئايرىلىش ، مەڭگۈ ئايرىلىش دېگەن شۇمىدۇ ؟ ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن ، — بىز ئەمدى يۇرتقا قايتالمامدۇق ؟ ئانام بىلەن ، ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن كۆرۈشەلمەمدىمەن !؟ بىزنىڭ قېرىنداشلىق رىشتىمىز ئەمدى مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ ، شۇنچە يىراقتا ھەسرەتتە ، نادامەتتە كۆمۈلۈپ قالارمۇ ؟ ...ئاھ ، خۇدا ! مەن

قانداق بىچارە !؟ بۇ زادى قانداق قىسمەت ؟! ...»

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى، ئىسسىق ياش ئاستا - ئاستا سىرغىپ لەۋلىرىنى نەمدىدى. ئۇ، قۇرۇغان تىلى بىلەن لەۋلىرىنى يالىۋىدى، ياش شۇنچىلىك ئاچچىق ۋە سوغۇق بىلىندى.

ئەمدى ئەكبەرنىڭ هاياتى مەڭگۈ مۇشۇ ئاتەش زېمىندا باهارسىز، يامغۇر - يېشىنسىز، تومۇز - سەرتاندا ئۆتەرمۇ ؟!...

## ئىككىنچى باب

# مەككىدىكى مۇساپىرلىق

## 1

ھەرەم مەسچىتىگە يېقىن يەردىكى بۇ ئاۋات بازارنى «شۇبەيكە» دەپ ئاتايتتى. بۇ يەر ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن غازات قىلغان جەڭ مەيدانى بولغاچقا، كېيىنكىلەر ناھايىتى خاسىيەتلىك، ئەتىۋار يەر قاتارىدا خاتىرىلەيتتى. شىنجاڭدىن ھەجگە چىققان بىر قىسىم مۇساپىرلارنىڭ غەمخانى بولغان «ئاتۇش رابات»① مانا شۇ يەردە ئىدى.

قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۆگزىسى تۇنىكە بىلەن قاپلانغان ئۈچ قەۋەتلىك رەڭدار بۇ بىنا يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. تېخى يېقىندىلا، مۇساپىرلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ، كېچە - كۈندۈز شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە ئويغاق تۇرغان بۇ بىنا ھازىر مۇڭلىنىپ، ئۈمچەرەپ قالغان ئىدى، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەردىن كەتكەن — بەزىسى پاكىستان، بەزىسى

---

① ئاتۇش رابات — 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ساخاۋەتچى ئابدۇراخمان تاش دېگەن ئاتۇشلۇق ئادەمنىڭ ئۆزى ھەجگە بارالماي، ھېبىبۇللا ھاجىم ئارقىلىق 50 تىللا ئەۋەتىپ بەرپا قىلغان مېھمانخانا.

تۈركىيە، بەزىسى ھىندىستان تەرەپلەرگە ھاياتلىق يولى ئىزلەپ قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يەردە قالغانلىرىنىڭمۇ بەزىسى چىددە، بەزىسى مەدىنە ۋە بەزىسى رىياد تەرەپلەرگە بېرىپ – كېلىپ تىرىكچىلىك يولى ئىزلەپ يۈرۈشەتتى...

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر بىرنەچچە كۈندىن بېرى، مۇشۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى كىچىككىنە بىر ئۆيدىن سىرتقا چىقمىدى. ئاتىخان بەك كەم سۆز، مىجەزى چۈس بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاتىخاننىڭ تائىفتىكى ھامۇق ھاجىم دېگەن كىشىگە باغلىغان ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ كىشىنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇن، مەككىدىن 1400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئەل زاھران» دېگەن نېفىت شەھىرىگە كۆچۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنداق ئۈستى – ئۈستىلەپ كەلگەن ئۈگۈشسىزلىق بىلەن كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاتىخاننى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا باشقىچە مىجەزلىك بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى، كەچكىچە جايناماز ئۈستىدىن چۈشمەي، ناماز ئوقۇپ، قۇرئان يادلاپ ئولتۇراتتى. قارىماققا شۇنداق كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ئىچىدىكى دەرد – پىراقىنى بېسىۋاتاتتى.

شۇ كۈنلەردە، ئىككى ئوت — يۇرت مېھرى بىلەن تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئاتىخان خۇددى تۇگمەن تاشلىرى ئارىسىدىن ئېزىلىپ چىققان داندەك ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى!

بۇ كۈنلەردىكى ئەكبەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ، بالاغەتكە يەتمىگەن ئون نەچچە ياشلىق غەمسىز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم تۇرمۇشنىڭ بۇنچىلىك رەھىمسىز، كۆڭۈلسىز بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى بەكمۇ مەيۈسلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان ئىدى، ئەكبەر ئانىسىنى، ئاچىسى-

نى ، سىڭلىسىنى ۋە تىېخى ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان بوۋاق قىېرىندىشىنى كىچە ـ كۈندۈز ئويلايتتى ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ، ئۇلارنىڭ سىياقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر تۇرۇپ ئايغا ، بىر تۇرۇپ قۇياشقا ئوخشىشىپ قالاتتى ، تۇتاي دېسە تۇتالمايتتى ، تاۋۇلسا ئاۋازى يەتمەيتتى .

«ئاھ ، ئانا ! ئاھ ، قېرىنداشلىرىم ! — دەپ ئۇنسىز نىدا قىلاتتى ئۇ ھەمىشە ، — سىلەر نەدە ؟! كېلىڭلار ، مەن سىلەرنى باغ ـ باغ ئېتەي ! سىلەر ھاياتنى ئىللىتىپ ، كىشىگە ئارام بېرىـ سىلەر . سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھېچنېمىسى يوق كىشىلەر دەپ ھېسابلىساڭلارمۇ ، لېكىن مەن سىلەرگە ئېيتسام ، ھەممە نەرسە سىلەر تەرەپتە !سىلەردە قار بار ، سىلەردە يامغۇر بار ، سىلەردە يېشىللىق ، سىلەردە باھار ، سىلەردە جەننەت ! ...»

ئەكبەرنىڭ نەزىرىدە ، ئاللا بىرلا جەننەتنى ياراتقان ، ئۇ بولسىمۇ — ئانا يۇرت ، ئانا ماكان قەشقەر ئىدى !

دېمىسىمۇ ، ئادەمنىڭ قەلبىدە «يۇرت ـ ۋەتەن» دېگەن سېزىم بولمىسا ، ھەممىلا يەردە ئوخشاشلا پۇقرا بولغىلى ، ياشىـ غىلى بولاتتى ! لېكىن ئەكبەرنىڭ سېزىمى ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، ئۇ ، ئۆز يۇرتىنى — ۋەتىنىنى قەلبىدىكى قۇياش ، ھاياتلىق مەنـ بەسى ، پانىي دۇنيادىكى جەننەتۇل مەئۋا دەپ بىلەتتى ! ...

چۈنكى ، ئۇ يەردە — ئەكبەرنىڭ ھاياتلىق شامى يانغان ، ئۇنى خاكى تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلغان ئانا ماكاندا ئەكبەرنىڭ سەمىمىي ، ساددا دىل ، كۆيۈمچان ئانىسى ؛ ئىللىق بىر باغرىنى تەڭ يېرىپ چىققان رىشتى چوڭقۇر قېرىنداشلىرى ؛ كىچىكىدىن بىر پارچە ناننى تەڭ تالىشىپ يەپ ، ئۆستەڭلەردە بىللە سۇغا چۆمۈلۈپ ، باھار كۈنلىرى بىللە لەگلەك ئۇچۇرۇپ ، بىللە ۋەللەي تووۋلاپ چوڭ بولغان قەدىناس ئەل ـ ئاغىنىلىرى قالغان . ئەكـ بەرنىڭ خىيالىغا ھەمىشە ئاشۇ ساپ ۋە سەبىي قەلب ـ دىللار ،

ئۇلارنىڭ تىنچ - غەمسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان شادىمان ھاياتى كېلەتتى!...

ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ راباتتىكى كىچىككىنە ئۆيدە، ئېغىر سۈكۈت ۋە روھىي بېسىم بىلەن ئۆتۈۋاتقان ئازابلىق تۇرمۇشى كۆتۈلمىگەندە، يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى.

ئىش كىچىككىنە ئېھتىياتسىزلىقتىن باشلىنىپ، ئاخىر چوڭ دەتالاشقا ئايلاندى: ئەكبەر چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىشىنىڭ ئالدىدا، بىر كەسلەم ئوتۇننى كارىدۇرغا ئېلىپ چىقىپ، دەسلەپ ئۇنى ئۇششاقلىدى، كېيىن بىر يارتا كۆمۈرنى كەكىنىڭ چۈلدىسى بىلەن ئۇرۇپ پارچىلىدى. بۇنداق ئىشلار ھەج جەريانىدا ئۆي - ئۆيلەردە بولۇپ تۇرغان ئىدى، ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. لېكىن، بۈگۈن بۇ يەرنىڭ سىبىت ھاجى ئىسىملىك غوجىدارى بىرىنچى قەۋەتتىن پايپاسلاپ چىقىپ ئەكبەرگە تىل سالدى:

— ھەي ھارام تاماق، سەن بۇ بىنانى ئۆرۈۋېتەي دەمسەن، نېمە؟! ئاۋۋال بىرەرتال كېسەك قوپۇرۇپ بېقىپ، ئاندىن ئۆرۈ، جۇمۇ!

ئەكبەر تۇرۇپلا قالدى، گەپ قىلاي دېسە، ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە يۈرىكى پېتىنمىدى؛ گەپ قىلماي دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى تىل - ھاقارەت ئىدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن ئاتىخان چىقىپ قالدى، ئۇنىڭ قولىدا تەسۋى بار ئىدى. ئاتىخان سىبىت ھاجىنىڭ ئالتاغىل ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن چىققان ئىدى.

— بۇ بەچچىغەرلەر ئەجەبمۇ تويدۇردى! — دېدى سىبىت ھاجى يەنە شۇ ئاچچىق بىلەن زەردە قىلىپ، — پۇل بەر دېسە، بىر داچەنمۇ يوق دەپ، قېچىردەك كۆتىنى تامغا تىرەيدۇ!

بۇ سۆز ئاتىخانغا قاتتىق تەگدى، ئۇ ئۆزىنى خورلانغاندەك، بوزەك قىلىنغاندەك بىچارە ھېس قىلدى، لېكىن ئاتىخان شۇ تاپتا پېقىر، ناتىۋان ھالەتتە بولغاچقا، تەبىئىي كەڭ قورساقلىقى ۋە شۈكۈر - قانائەتچانلىقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋې-لىپ، سىپايە ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھاجىم، ئاڭلىسام ئۆزلىرى بۇخاراشەرىپتە ئوقۇپ-تىكەنلا، قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا بىھۇدە تىل تەگكۈزۈش گۇناھ، دەپ كۆرسىتىلگەن، ئۆزلىرىدەك بىر مۆھتەرەمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ يۇكلىۋالماسلىقلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن!

— نېمە - نېمە ؟! — سىيىت ھاجى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاتىخانغا دوق قىلدى، — مەن تېخى بىھۇدە تىل تەگكۈزۈپتىمەنما ؟! ئەمىسە، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ قويسىلا: سىلىنىڭ بۇ باللىرى نېمىنى كۆرسە چاپقاق مۈشۈكتەك چېپىلىپلا يۈرۈيدىغان شاتىراق باللىكەن! ئۆتكەندە يۈندىلەرنى قالايمىقان تۆكۈپ، ئەۋرەزنىڭ كۆزىنى ئېتىپ قويدى، ئۇنى مەن پالان پۇل خەجلەپ ئوڭلاتتىم، يەنە تېخى كارىدورنىڭ چىرىغىنى قالايمىقان يېقىپ، لامپۇچكىنى ئىككى قېتىم كۆيدۈ-رۈۋەتتى، بۇنىڭغىمۇ پالان پۇل كەتتى! ئەمدى كېلىپ، كارىدوردا ئوتتۇن يېرىپ، كۆمۈر چوقۇپ، بىناغا زىيان سېلىۋا-تىدۇ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، تام - تورۇسلارغا دەز كەتمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟! ئۇنى سىلى تۆلەمدىلا ؟! ...

— كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن بۇنچىۋالا كايىمىسىلا تەخ-سىر، — دېدى ئاتىخان يەنە شۇنداق ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — مېنىڭ بالام داپىنى ئېلىپ دۇيشەنبە قاقىدىغان ئۇنداق نالايىق بالا ئەمەس. كىچىكلىكتە بالىدىن ئۆتكەن بولسا، مەندىن ئۆزۈر! لېكىن، مەن بۇ بالىنى كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغان جۇمۇ!

ئەزەلدىن ئۆزىنى خوجايىن، باشقىلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ قول باغلاپ تۇرىدىغان ھاجەتمەن دەپ قاراپ كەلگەن بۇ باغرى تاش، مەنمەنچى ئادەم ھەرقانداق ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە جاۋاب قىلىشىنى، ئۆزى بىلەن زاكونلىششىنى زادىلا ياقتۇرمايتتى، سىيىت ھاجى بۇنى ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇرۇپلا كۆتمەك ساقىلى دىردىيىپ، يوغان، كىپىلەكسىز بەستى تىترەپ كەتتى، ھۇۋقۇشنىڭكىدەك سارغۇچ كۆزلىرى بولسا، تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالدى.

— شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى سىيىت ھاجى ئۆزىنى باسالماي ئۆرىسىگە تىنىپ، — ھىم... كىچىككىنە ئىشمىش! نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەمسىز! سىز بالىڭىزنى كۆزىڭىزنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغان بولسىڭىز، بىزمۇ بۇ بىنانى بېشىمىزدا كۆتۈرۈپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق! سىزگە بۇنىڭ قەدرى بىلىنمىگەن بولسا، قېنى يول بولسۇن، غەلدە - غەشتىڭىزنى كۆتۈرۈپ، باشقا يەرگە كېتىڭ! بۇ يەر سىزنىڭ بىكارغا يىتئۈپرىدىغان دادىڭىزدىن قالغان ئايۋان - ساراي ئەمەس!...

ئاتىخان ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن، مۇلايىم تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن سىيىت ھاجىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئەلەم ۋە خورلۇقتىن بوغۇلۇپ، نېمەدېيىشىنىمۇ بىلەلمەي قالدى، پەقەت ئاغزىدىن:

— بۇ... بۇ... نېمىدېگەن سەپرا ئادەم بۇ... ! ئاچچىقى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا ئىكەنغۇ! — دېگەن سۆزلەر ئارانلا چىقتى.

لېكىن، دادىسىنىڭ بىچارە - ناتىۋان قىياپىتى، ماۋۇ تەگنە قورساق لومپا ئادەمنىڭ يولسىز - ئۆكتەملىكى ئەكبەرنى ئۆتىي يېرىلغۇدەك غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. ئۇ، خۇددى بەھۇدە ئوق تېگىپ، غۇرۇرى زەخمە يېگەن شىر بالىسىدەك يۇلقۇنۇپ چىقىپ سىيىت ھاجىغا ھۆرپەيدى. ئەكبەر ھازىر ھەممىدىن

مەھرۇم بولغان تۇرسا، يەنە نېمىدىن قورقاتتى !؟

— بۇ سېنىڭ داداڭدىن قالغان ئايۋان - سارايمىتى ؟!
دېدى ئۇ بىردىنلا سەنلەپ، — بىزگە ئوخشاش مۇساپىر ھاجىلار بولمىغان بولسا، سەن بۇ خەقنىڭ يۇرتىدا نان تېپىپ يېيەلەمتىڭ ؟! ...

— يوقال، كۆزۈمدىن دەرھال يوقىلىش ! — دېدى سىيىت ھاجى بەئەينى كالتەك يېگەن غۇنجىندەك چىرقىراپ، — سەن نائىنساپلارنى ئەمدى بۇ يەردە كۆزۈم كۆرمىسۇن !...

سىيىت ھاجى قانداقتۇر ئەرەبچە گەپلەر بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى، ھايال ئۆتمەي ئاستىنقى قەۋەتتىن كىيىملىرى كونا، پۇت - قوللىرى مەينەت بىر ئەرەب يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۇ، مۇشۇ يەرنىڭ قارا ئىشچىسى ئىدى، سىيىت ھاجى ئۇنىڭغا ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى دېدى، ئەكبەر ئۇنىڭ بۇ قارا ئىشچىغا ئۆزلىرىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىشنى تاپىلاۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— دادا، بىز كېتەيلى، — دېدى ئۇ ئاتىخاننىڭ قولىدىن تارتىپ، — «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ. بۇ يەردىن تېزراق كېتەيلى !

— بولدى بالام، بىز كېتەيلى ! — دېدى ئاتىخان دەرمانى ئۈزۈلۈپ.

ئەكبەر نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇردى، ئۇلارنىڭ بارلىق بىساتى بىر خۇرجۇن بىلەن بىر خالتىغا سىغدى، ئاتا - بالا ئىككىسى شۇلارنى كۆتۈرۈپ، بىر كۆزى ئالدىدا، بىر كۆزى ئارقىدا راباتتىن چىقتى.

ئۇلار كونا پاتقۇچە مەككە كوچىلىرىنى نىشانسىز كېزىپ يۈردى، ھەر ئىككىسىنىڭ كاللىسىدا ئەمدى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇش دەيدىغان مەۋھۇم، ئايانچلىق بىر پىكىر ھۆكۈمران

ئىدى. بىر چاغدا، ئەكبەر چوڭقۇر ئىچكى ئازاب بىلەن:
— دادا، ئۆيگە كېتەيلى! — دېدى.
— قايسى ئۆيگە، بالام؟ — ئاتىخان ھەيرانلىقتا ئوغلىغا قارىدى.
— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىگىچۇ! — دېدى ئەكبەر ھاياجانلىق ئاۋازدا.
ئاتىخان ئوغلىغا قارىدى، ئۇنىڭ قاپقارا، تىنىق كۆز-لىرىدىن مۇڭ ۋە ھەسرەت، ئۈمچەرەپ تۇرغان سەبىي چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك ۋە خامۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى.
شۇ تاپتا خورلۇق، مۇساپىرلىق ۋە مىسكىنلىكتىن يۈرىكى پۈچىلانغان ئەكبەرنىڭ كاللىسىدا ماكان سېزىمى يوقالغان ئىدى. ئۇ، گويا ئۆز يۇرتىنىڭ بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقىقىدا كېتىۋاتقاندەك، يەنە ئازراقلا ماڭسا، ئۆزىنىڭ ئاشۇ تونۇش مەھەللىسىگە، ئاشۇ ئىللىق ئۆيىگە يېتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى!...
— بولدى بالام، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! — دېدى ئاتىخان ئوغلىنى بەزلەپ، — «شەھەر ئالغان باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەپتىكەن. ئۇلار بۈگۈن بىزنى بوزەك ئەتتى، پانىي ئالەمدە سورىقى بولمىغان بىلەن، باقىي ئالەمدە سورىقى بولىدۇ! بىزنىڭمۇ ئىگىمىز بار، خۇدايىم ئۇلۇكنى گۆرسىز، تىرىكنى ئۆيسىز قويمايدۇ!
لېكىن ئۇلار شۇ تاپتا ئۆيسىز ئىدى، نەگە بېرىپ، نەدە تۈرۈشىنى، بۈگۈنكى ۋە بۈنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيتتى! چېكى يوق سەرسان - سەرگەردانلىق تۇرمۇش مەككە كوچىلىرىدا يەنە باشلاندى!...
ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنىڭ ھاياتى مۇقىمسىز دولقۇن ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ دولقۇن ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۈياققا - بۇياققا ئىتتىرىپ تۇراتتى.

ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى ھەرەمنى ماكان قىلدى . ئادەملەر ئۇزۇلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بۇ كاتتا جامە كۈندۈزى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇپ ، ئىستىقامەت قىلىدىغان ، كېچىسى بىرنەچچە سائەت ئۇخلاپ ئارام ئالىدىغان غەمخانى بولۇپ قالدى . ئۇلار كۈندۈزلىرى كىشلەرگە ئارىلىشىپ ، بەيتۇللا بىلەن سافا - مەرۋە ئەتراپىدا نامازخانلىق قىلىپ يۈرەتتى ؛ كەچ كىرىپ كۆز باغلانغاندا بولسا ، جامەنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىدىغان تاش پەلەمپەينىڭ ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا غىپپىدە كىرىۋالاتتى ۋە داق يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ، ئۇزۇن چاپانلىرىنىڭ يېرىمىنى كۆرپە ، يېرىمىنى يوتقان قىلغىنىچە بىرنەچچە سائەت غېرىبلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىۋالاتتى . ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ يەردە يېتىۋاتقانلىقىنى مەسچىتتىكى ئاغۋات جارۇپكەشلەر ① بىلىپ قالسا ، ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى . شۇڭا، ئۇلار ئامال بار ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق يۈرەتتى ، ياتقان يېرىنى تېخىمۇ مەخپىي تۇتاتتى .

بۇ كۈنلەردە ئۇلار يوقسۇزلۇق ، غېرىبلىق ۋە مۇساپىرلىق دەردىدە بەكمۇ دىدىقاپ كەتتى . ئاتىخان زادىلا سىرتقا چىقمايتتى ، ئەكبەر بەزىدە بازاردىن ، بەزىدە مىسىرلىقلار سالغان «تەكىيە مىسرىيە» دېگەن خانىقادىن ئانچە - مۇنچە نان - پوشكال ، سۈت - قېتىق دېگەندەك نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىپ ، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى . بىر كۈنى ئۇ دادىسىنىڭ يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاللاغا نالە قىلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى .

يوقسۇزلۇق ۋە سەرسانلىقنىڭ رەھىمسىز نەشتىرى جىند-

---

① ئاغۋات جارۇپكەشلەر — بۇرۇندىن كۆپ ئوغۇللىرى بار ئادەملەر بىرەر ئوغلىنى ئاختا قىلىپ ، مەسچىدىل ھەرەمنىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بېرىش ئادىتى بولغان ، ئۇلار ھەرەمنىڭ ئامانلىقى ، تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ .

دىن ئۆتكەن ئاتىخان شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالماي، خۇداغا تېۋىنىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— خۇدا، بەندەڭ لازىم بولسا، قوي گۆشىدە باقىن! ئادەم ياخشى يېمىسە، ياخشى كىيمىسە، ياخشى ئات مىنمىسە، كېچىنى ياخشى ئۆتكۈزمىسە، بۇنداق ئادەمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ نېمە پايدىسى؟! ئاھ، مەككە! مەندەك ھېچنېمىسى يوق، سەرسان ئادەمنى قاچانمۇ باي قىلىپ، قولۇمنى پۇلغا، ئاغزىمنى ئاشقا تويدۇرارسەن!؟ ...

دادىسىنىڭ نالە - پەريادى ئەكبەرنىڭمۇ كۆڭلىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، بۇ كۈنلەردە ئەكبەرمۇ روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ۋە خامۇش بولۇپ قالغان ئىدى. ئەكبەر يۇرتقا قايتالمىغانلىقىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى، كۆڭلىدە ھەمىشە يۇرتتا ئۆتكەن شوخ، غەمسىز، خىرامان كۈنلەرنى، ئانىسىنى، ئاچا - سىڭىللىرىنى، قوشنا - قولۇملارنى، دوست - ئاغىنىلىرىنى، ئاشۇ يېشىل زېمىن، ئىللىق ھاۋالىق تاڭ سەھەرلەرنى ئويلاپ، ئۆپكىسى تولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى: «بۇ جۇدالىق نېمە ئۈچۈن بولدى - ھە؟! ئىنسان بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇشەققەتلەرنى، ھىجران ئازابىنى تارتىشى كېرەكمۇ؟! نەدە ئۇ بەخت؟! ...»

ئەكبەرنىڭ كاللىسىدا بىرلا نەرسە ھۆكۈم سۈرەتتى: «ئازاب ۋە ھىجران بىلەن ئۆتۈۋاتقان بۇ ھاياتنى قانداق تولۇقلاش كېرەك؟ قانداق بىر سەۋر - تاقەت بىلەن ئۇزاق يىللارنى ۋە يىراق كەلگۈسىنى ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ...»

بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئەكبەر ئۈچۈن ئاچچىق، نائېنىق ۋە خۇددى تۈۋى يوق ھاڭدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى!

دادىسىنىڭ بايىقى يىغىسى ۋە نالىسى ئۇنى تېخىمۇ

ئۇمىدسىزلەندۇرۇپ، چېكى يوق ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئەكبەر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى، ئىچى ئاچچىققا تولدى، ئۇ، چاپىنىنى بېشىغا يۆركەپ، دەسلەپ ئېسەدەپ، كېيىن ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى، ئاتىخان چۆچۈپ كەتتى، ئۇ بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش بولدىمۇ نېمە، دېگەن ئەنسىزلىك بىلەن ئەكبەرنى ئۆزىگە تارتىپ باش - كۆزىنى سىلىدى ۋە ھولۇقۇپ:

— بالام، ئەكبەر نېمە بولدى ؟! بىر نەرسە چېقىۋالدىمۇ ؟ قارا باستىمۇ يە ؟! ... — دەپ سوراپ كەتتى.

ئەكبەر يىغىسىنى تەستە توختاتتى ۋە دادىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— دادا، بىز ھازىر سۇغا غەرق بولغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدۇق. بىرەر قىرغاقنى نىشانلاپ، ھەرقانچە ئۈزسەكمۇ، پۇت - قولىمىز ئاجىزلىشىپ يەنىلا چۆكۈپ كېتىۋاتىمىز، كۆزىمىزگە نە قىرغاق، نە ساھىل كۆرۈنمەيدۇ! بىز مۇشۇنداق سەرسانلىقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز! بىز ئۆلگەندىن كېيىن، بىزنى يادلايدىغان بىرەر ئادەم چىقارمۇ، دادا! ئانام، ئاچا - سىڭىللىرىم نەدىدۇ ؟ ... ئاھ، خۇدا !! نېمانداق ئېغىر كۈنلەر بۇ !؟ ...

ئاتىخاننىڭ يۈرىكى يەنە ئېزىلدى، شۇ تاپتا ئۆزىنى گويا قاراڭغۇ، سوغۇق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، شۇنداق بىچارە ۋە ئىقتىدارسىز سەزدى. لېكىن ئۇ ھازىر ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئوغلىغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە نالە - پەرياد چەكسە، ھەرگىز بولمايتتى، ياش بالىنىڭ روھى چۈشۈپ، يۈرىكى زەخمە يەيتتى، خۇددى قانىتىغا ئوق تەگكەن قۇشتەك، ئەركىن ئۇچالمايدىغان، ھەتتا ئۈۋىسىغىمۇ قايتا قونالمايدىغان بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئاتىخان دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇرۇنقى تەمكىنلىكى ۋە سالاپىتى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى بۇزما! شۈكۈر قىل، شۈكۈر-

نىڭ تېگى ئالتۇن . بەندە نىيەت قىلغىنى بىلەن ئىشلارنىڭ روياپقا چىقمىقى ئاللاغا باغلىق ! شۈكۈر قىلمايدىغانلار بۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتىنى دەپ ، بىز بولساق ئۇ دۇنيانىڭ ساۋابىنى كۆزلەپ ئۆتۈۋاتىمىز ! بىز ئاللانىڭ مۈلكى ، ئوغلۇم ! يەنە ئاللا تەرەپكە قايتىمىز ، ھەرگىز بىھۇدە خىياللارنى قىلما ! ...

تاش پەلەمپەي ئاستىدىكى كىچىككىنە قاراڭغۇ بوشلۇق بۇگۈن كېچە ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ئەنە شۇنداق نالە ـ پىغانى ، شۈكۈر ـ تەسەللىسى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى ...

ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ، ئەكبەر يەنە سىرتقا چىقتى ، مەقسىتى « تەكيى مىسرىيە » خانىقاسىغا بېرىپ ، كەچلىك يەيدىغان بىرەر نەرسە تېپىپ كېلىش ئىدى . ئەكبەر ھەرەمدىن بىرئاز يىراقلىشىپ ، « ئەل ھەمىدىيە » دېگەن يەرگە كەلگەندە ، ئۇ يەرگە توپلىشىۋالغان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردى . ئەكبەرمۇ قىزىقىپ ، توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىردى ، كەڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا « مەھكىمە شەرئى » دەپ خەت يېزىلغان تاختا بىلەن بىرنەچچە قازى كالان ۋە كاللا كېسەر جاللاتلار يۈرۈشەتتى . شۇلارنى كۆرۈپلا ئەكبەر بۇ يەرنىڭ جازا مەيدانى ئىكەنلىكىنى بىلدى . دېمىسىمۇ ، بۇ يەر ھەر جۈمە كۈنى پادىشاھلىق قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان مەھكىمە شەرئىنىڭ جازا مەيدانى ئىدى .

بۇ يەردە ـــ مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا قاتىل ، بۇلاڭچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىناتتى ، ئوغرى ـ يانچۇقچىلارنىڭ قوللىرى كېسىلەتتى . جان ۋە قان بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇنداق سۈرلۈك ، مۇدھىش ۋەزىپىنى ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىپ كەلگەن پادىشاھنىڭ قۇللىرى ئادا قىلاتتى . ئۇلار ناھايىتى يوغان ، بەستلىك بولۇپ ، قارام ھەم تەلۋە

ئىدى. كىشىلەرنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرغاندا قولى تىترىمەيتتى، كۆزىمۇ مىت قىلىپ قويمايتتى.

ئەكبەر بۇ يەردە تۇرۇش ياكى كېتىش ئۈستىدە ئىككىلىنىپ قالدى. تۇراي دېسە، خېلى كاللا كېسىلگەندە قورقۇپ كېتىشى، ھەتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ۋارقىراپ سېلىشى مۇمكىن ئىدى؛ كېتەي دېسە، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ يېڭىلىقنى كۆرگۈسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ، شۇ خىياللار بىلەن بىر قارارغا كېلەلمەي، خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئاڭغىچە مەيداندا ئادەملەر كۆپىيىپ، ئەكبەر قايتاي دېسىمۇ قايتالمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ قالدى. ئەكبەر ئامالسىز سەپنىڭ ئالدىدا ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇردى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدى، ئۇ يەردىكى مۇنبەردە ئۈستىخانلىق، ئوتتۇرا بوي، بومبا ساقاللىنى ياخشى قىستاتىلغان، تاقىر باش بىر ئادەم ئۆرە تۇراتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەت تەكەللۇپ قىلىشىدىن بۇ ئادەمنىڭ چوڭ قازى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ، ھېقىق كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان سول قولى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ، ئوڭ قولىدا سەۋلىجاننى①چىڭ تۇتقان ئىدى. سەللىسىز سىدام بېشى ئاپئاپئاق پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ، سەۋلىجاننى ئوينىتىپ تۇرۇپ، يوغان، بوم ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— خالايىق، قۇلاق سېلىڭلار: ئاللاتائالا بەندىلىرىگە يول كۆرسەتكۈچى قۇرئاننى نازىل قىلدى، ئاللا قۇرئاندا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى كۆرسەتتى. ئاللا شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. ئاللا مۇسۇلمانلاردىن ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاشنى، مەنئى قىلىنغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ! شەرىئەت مۇقەددەس. ئۇ، ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. ياخشىلىققا ساۋاب، يامانلىققا ئازاب ھەممە يەردە بار!

---

① سەۋلىجان — زاكون تايىقى.

قازىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مەيدانغا ئالتەيلەننى يالاپ ئې-
لىپ كېرىشتى. ئۇلارنىڭ چاچ ـ ساقىلى ئۆسكەن، كىيىملىرى
ساڭگىل ـ سۇڭگۇل ئىدى. تەقى ـ تۇرقىدىن قانچە ياشلارغا
كىرگەنلىكىنى دەرھال پەملىگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى ئىككىسىنىڭ ئوڭ قولى بېغىشىدىن يوق ئىدى. ئەك-
بەر يېنىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشۋاتقان پاراڭلىرىدىن بۇ
ئىككىسىنىڭ بۇرۇن مۇشۇ يەردە بىر قېتىم قولى كېسىلگەنلىكى-
نى، توۋۋا قىلماي يەنە ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن سول
قولىنىڭمۇ كېسىلىپ، ئىككى قولى يوق مېيىپقا ئايلىنىدىغانلىقىنى
بىلدى.

ئەكبەر بۇ شۇم پېشانە بىچارىلەرنىڭ شۇمشىيىپ كەتكەن
مىسكىن قىياپەتلىرىگە قاراپ، يا ئىچ ئاغرىتىشنى، يا لەنەت ئو-
قۇشنى بىلمەي، ئولتۇرۇپ قالدى. ئىچ ئاغرىتاي دېسە، ھازىر
ئۇلار شەرئەتنىڭ جازاسىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاسىي، ئازغۇنلار
ئىدى؛ لەنەت ئوقۇي دېسە، ئۇلارمۇ تىرىكچىلىك يولى تاپالماي،
ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇقتىن ئامالسىز مۇشۇنداق لەنەتتەگكۈر
ئىشلارنى قىلىپ قويغانلار ئىدى!...

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىراش ئاۋازى
ئەكبەرنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ، ئىتتىك بې-
شىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىۋىدى، ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم
نېرىدىكى تاشلىق يەردە قانسىراپ، لىپىلداپ ياتقان بىر قول
پەنجىسىنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەكبەر تېخى ئېسىنى
يىغىۋالالماي تۇرۇشىغا، ئىككىنچى ئوغرىنىڭ ئوڭ قولىمۇ كۆ-
تەككە تارتىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بېغىشىدىن
كېسىپ تاشلاندى. كېسىپ تاشلانغان قول يەنە شۇ تاشلىق
ئۈستىگە پاققىدە چۈشۈپ، ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا قانسىراپ،
تارتىشىپ، لىپىلداشقا باشلىدى. قولى كېسىلگەنلەر ئېچىنىشلىق

ۋارقىرايتتى، بوزلايتتى. ھېلىقى غەلىتە كېيىملىك سۈرى يامان، بەستلىك جاللاتلار بولسا، خۇددى شورپا سېلىش ئۈچۈن قوي ياكى كالا گۆشلىرىنى پارچىلاۋاتقان قاسساپتەك، پەرۋاسىز، خىرامان ئىدى ...

ئەكبەرنىڭ يۇمران، سەبىي يۈرىكى بۇنداق رەھىمسىز، قانلىق كۆرۈنۈشكە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەھىمىلىك بىر خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق قورقۇنچ ۋە سۈر بېسىپ كەتتى. ئەكبەرمۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مۇشۇ قولى كېسىلگەن ئوغرى - يانچۇقچىلار قىلغاندەك ئۇياتلىق، خۇپىيانە ئىشتىن ئىككىنى قىلغان ئىدى: بىرسى — ناۋايغا بىر ناننىڭ پۇلىنى بېرىپ، ئۇنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئىككى ناننى ئېلىپ كەتكەن ئىدى؛ يەنە بىرسى — خېرىدارلار كۆپلەپ كىرىپ - چىقىپ تۇرغان بىر مېۋە دۇكىنىدىن چاققانلىق بىلەن ئىككى ئالمىنى ئوغرىلاپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ يېگەن ئىدى. ئۇ، شۇ چاغدا ئۆزىگە ئۆزى: ئەگەر بۇ ناننى ئالمىسام، ئاچلىقتىن يا دادام، يا مەن ئۆلۈشۈم كېرەك. لېكىن بىزنىڭ بىھۇدە ئۆلۈشىمىزنى خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ؛ ئىككى ئالما دېگەن نېمىتى، مەن يۇرتۇمدا ھەرقانداق باغقا كىرسەم، تويغۇچە مېۋە يېيەلەيتتىم، بۇ يەردە مېۋە يېمىگىنىمگە نەچچە - نەچچە ئايلار بولۇپ كەتتى، كىچىككىنە تېتىپ باقسام نېمە بوپتۇ؟! خۇدا خالىسا، پۇل تاپقاندا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى باشقا يول بىلەن چوقۇم ياندۇرىمەن!... دەپ تەسەللى بېرىپ، پەتىۋا توقۇغان ئىدى. لېكىن، ھازىر ئويلاپ قارىسا، خۇدا ئەكبەرنى چوڭ ساقلاپتۇ، ئەگەر بىرەر يەردە تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، ئۇمۇ مۇشۇ ئوغرى - يانچۇقچىلاردەك بۇ سۈرلۈك جازا مەيدانىدا جازاغا تارتىلىپ، قولى كېسىلمەسمىدى؟! يا رەببىم! ئۇ چاغدا، ئەكبەر بۇ يورۇق دۇنيادا قانداقمۇ

باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيتتى !؟ يۈرتقا قايسى يۈزى بىلەن باراتتى ؟! ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقىنى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئالدىدا نېمەدەيتتى ؟! ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرمەمدۇ !! ۋاي خۇدايىم، ئەكبەرنى راستتىنلا ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسى ساقلاپتۇ، ئاللا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۆز كارامىتى بىلەن بۈگۈن مۇشۇ جازا مەيدانىنى ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىپتۇ !...

ئەكبەرنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، ئەمدى ئۇنىڭ ھېچ نەرسىنى كۆرۈشكە ھەپسىلى قالمىدى، گويا بىرسى ھازىرلا ئەكبەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، جازا مەيدانىغا تارتىپ چىقىدىغاندەك، ھېلىقى سۆرلۈك جاللاتلار ئۇنىڭ قولىنى كۆتەككە بېسىپ، « نان ئوغرىلىغان، ئالما ئوغرىلىغان قولۇڭ مۇشۇمۇ !؟ » دەپ كېسىپ تاشلايدىغاندەك بىر خىل ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك ئۇنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەكبەر ئاستا ئورنىدىن تۇردى، كىشىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ، ناھايىتى تەستە سىرتقا چىقتى - دە، ئۆزىنى بىر تامنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، مۆكچىيىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ بايىقى تىترىكى تېخى بېسىقمىغان ئىدى. ئەكبەر شۇ ھالەتتە « تەكيى مىسىرىيە » گە بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ھېلىقى جازا مەيدانىدىكى ئىشلار پاك - پاكىز تۈگەپ بولغۇچە ئاشۇ تامنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى !...

## 3

ئۇلار بۈگۈن ھەرەمدىنمۇ قوغلاندى !

جارۇپكەشلەر چوڭ تازىلىق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ تاش پەلەمپەي ئاستىدىكى خىلۋەت ئۇۋىسىنى سىزىپ قالدى.

— بۇ يەر ماكانسىزلار پاناھلىنىدىغان دەڭ ئەمەس ! —

دېدى ساقال - بۇرۇتى يوق كوسا بىر جارۇپكەش قايناپ ، — بۇ يەر ناماز ئوقۇپ ، ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان خۇدانىڭ مۇقەددەس ئۆيى !

— بۇ يەرنىڭ تازىلىق ، ئامانلىق ئىشلىرىدا چاتاق چىقسا ، سىلەر ئىگە بولامسىلەر ؟ — دېدى يەنە بىر جارۇپكەش قولىدىكى سۇپۇرگىنىڭ ئۇزۇن دەستىسىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ، — بۇلارنى مۇتىۋەللىنىڭ ئالدىغا ئاپىرايلى !

— بولدى ، قويە ! — دېدى ھېلىقى كوسا جارۇپكەش ، — ئىشنى ئاۋۇتۇپ نېمە قىلىسەن ؟ بۇلار يە تىل بىلمىسە ، نەگە ئاپارساڭ مۇشۇنداق گۆشىيىپ تۇرىدۇ ، شۇ ! مېڭىڭلار ، دەرھال بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار !

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر لاقا - لۇقىسىنى يىغىشتۇرۇپ ، ھەرەمدىن چىقتى . ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە شۇ سۇكۇناتقا چۆمگەن ، ئىسسىقتىن بىلىنجاپ تۇرغان قاقاس شەھەر كوچىلىرى قۇچاق ئاچتى . دۇكانلار ئوچۇق ئىدى ، سودا - سېتىق ئىشلىرى قىزغىن كېتىۋاتاتتى ، ئالا - يېشىل سايىۋەنلەرنىڭ ئاستىدا بەزىلەر چاي ئىچىپ ، مېۋە يەپ ؛ بەزىلەر تەكيىنى ئېگىز قىرلاپ ، خورتۇلدىتىپ چېلىم تارتىپ ھۇزۇرلىنىپ يېتىشاتتى ...

چوڭ كوچىنىڭ سول قانات بۇرجىكىدە ، تۆگە ، قېچىر ۋە ئېشەكلەرگە يۈك ئارتىپ كەلگەن كارۋانلار تۇراتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىراقتىن پارس گەزماللىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى ، بەزىلىرى يەمەندىن ئىسرىق ۋە خۇش پۇراق بۇيۇملار ، ھەر خىل دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . كارۋاننىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان يەتتە - سەككىز ئادەم ماللارنى كۆرۈپ ، باھا تالىشىپ ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ يۈرەتتى ...

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلماي خاموش كېتىۋاتاتتى ، ئۇلارنى ھېچ نەرسە قىزىقتۇرمايتتى ، ھەتتا

تاغ باغرىدىكى غەلىتە شەكىللىك، غايەت زور قورام تاشلار بىلەن ئەتراپتىكى ئېگىز - پەس ئۆي - ئىمارەتلەر ئۆزئارا سىڭىشىپ، گىرەلىشىپ پەقەت مۇشۇ شەھەرگىلا خاس كۆركەم مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان بۇ قەدىمىي، سېھىرلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. ئۇلار ھازىر نىشانى ۋە مەنزىلى يوق بۇ مۇشكۈل سەپەرنى قاچان، قەيەردە ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلاپ بىئارام بولاتتى، بىئارام بولغانسىرى مادارىدىن كېتىپ، پۇت - قوللىرى لاكاسلاپ قالغان ئىدى.

ئەكبەرنى يىغا تۇتتى، خورلۇق، مىسكىنلىك ۋە ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان ھىجران، ھەسرەت - نادامەت ئۇنى يالماپ يۇتۇۋەتكىلى تاس قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ياش ۋە تۇيغۇن يۈرىكى تۇنجى قېتىم ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەكبەر دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك نەرسىنىڭ يۇرت - ۋەتەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. چۈنكى، ئىنسان ئەزەلدىن يۇرت - ۋەتەنسىز يارىتىلمىغان، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىنساننىڭ يەر شارىنىڭ مەلۇم يېرىدە ۋەتىنى بولىدۇ، ئۇ، شۇ ۋەتىنىنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدۇ! ئادەم يۇرتىدىن ئايرىلسا غېرىب - مۇساپىر بولۇپ قالىدۇ، كۆڭلى سۇنىدۇ، قەدرى چۈشىدۇ! شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ تىلى ۋەتەن دەپ سۆزلەيدۇ، يۈرىكى ۋەتەن دەپ سوقىدۇ! ھەرقانداق ئادەم ئۆز ۋەتىنى، ئۆز ئەھلى ئىچىدە ئەزىز بولىدۇ!... شۇڭا كونىلارمۇ «ياقا يۇرتنىڭ پەرىشتىسىدىن، ئۆز يۇرتنىڭ جىنى ياخشى» دەپ بىكار ئېيتمىغان!

يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ھەر خىل تەقدىر - قىسمەتلەر كىچىككىنە ئەكبەرنىڭ سەبى يۈرىكىدە ئەنە شۇنداق ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغىتىۋەتتى. بۇ ھېس - تۇيغۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى يۇرت - ۋەتەنگە بولغان

چەكسىز مۇھەببەت بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىۋەتتى !

دېمىسىمۇ ، مۇھەببەتسىز ، دەردسىز يۈرەككە ۋەتەن سىغمايدۇ ! ۋەتەن دەردى ، ۋەتەن مۇھەببىتىدە ياشىغان يۈرەكلا ئىنسانلارنى سۆيىدۇ ، ئىنسانلار ئۇچۇن كۆيۈنىدۇ ! ئۆز يۇرتىنى ، ئۆز خەلقىنى سۆيمىگەن ئادەم ھېچقاچان ئۆزگە يۇرتنى ، ئۆزگە ئەلنى سۆيەلمەيدۇ ، بىگانە تۇپراققا مېھرىمۇ قويالمايدۇ ! ئەقىلسىز قۇشلار چېغىدا ، قاچانلاردۇر ئۆزى كۆز ئاچقان كىچىك ۋە تىنچ يەرلەرگە ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ . ھەر باھاردا ئۆيىڭىز-نىڭ پېشايۋىنىدا ئۇۋا سالغان كىچىك جانىۋارلارنى كۆرىسىز . ئۇلار نى - نى يىراقلاردىن ئۆيىڭىزنى ئاداشماي تېپىپ كېلەلەيدۇ . مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىللىق ئىنسان تەپەككۇرىمۇ ھەرقانچە يىللارنى ، ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېشىپ ، ئۆزىنىڭ تۇغۇل-غان خاكى تۇپراقى — ۋەتەن - يۇرتقا قاراپ ئىنتىلىدۇ . ئىنسانلاردىكى بۇ ئىنتىلىش ئەبەدىي ۋە مۇقەددەستۇر !...

ئەكبەر قايناق بازار بولۇۋاتقان كوچا - رەستىلەردە كې-تىۋېتىپ ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئەنە شۇلارنى ئويلىدى ۋە ھەسرەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى : « ئۆز يۇرتىدا باغرىنى ئانا تۇپراققا يېقىپ ، تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتـ-قانلارنى ھەقىقىي بەختلىك دېسە بولىدۇ ! مېنىڭ تۇرمۇشۇم بۇ يات زېمىندا موھتاجلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ ! مې-نىڭ كۆڭلۈمنى كۆتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يىراقتا قالغان . ئاھ ، خۇدا ! مەن بۇنداق خورلۇق ، سەرسانلىقتا ئۆتۈۋاتـ-قان تۇرمۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمايمەن ! مۇبادا يەنە شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام ، ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ قالمامدى-مەن !؟... »

ئاتا - بالا ئىككىيلەن مەككە كوچىلىرىدا خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۇياققا چايقىلىپ ، بۇياققا چايقىلىپ ، ئا-

خىرىدا « مۇسفىلە » دېگەن يەرگە كېلىپ قالدى . بۇ يەر ئالدى كەڭ كەتكەن قۇملۇق سەيناسى بار ، خېلى چوڭ مەھەللە ئىدى . ئۇلار قۇملۇق سەينانى كېسىپ ئۆتۈپ ، بىر - بىرىگە يانداپ سېلىنغان ئۆي ۋە دۇكانلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتقاندا ، بىر-سىنىڭ « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دېگەن يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئاتىخان ئىتتىك بۇرۇلۇپ يانغا قارىدى ، ئىشىك ۋە رام كېشەكلىرى كونا تۇنىكە بىلەن قاپلانغان ، دېرىزىسىدىكى ئەينەك ئورنىغا قېلىن سىم تور تارتىپ قويۇلغان بىر دۇكاندىن بىر ئا-دەمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئوچۇق چىرايى كۆرۈندى .

— يول بولسۇن ، تۇغقانلار ! — دېدى ئۇ دۇكاننىڭ ئىشىكىنى يەنىمۇ چوڭراق ئېچىپ ، — يۈك - تاق كۆتۈرۈۋاپسى-لەرغۇ ؟

ئاتىخان سالامغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ مۇنداق دېدى :

— مۇساپىرنىڭ يولى قاراڭغۇ بولىدىكەن ، ئۇكام ! نەگە بېرىپ ، نەدە تۇرۇشىمىزنى بىلمەي قېيىپ يۈرۈيمىز ...

— راباتقا بېرىشىملىمۇ ؟ ئۇ يەردە ياتاق بارغۇ؟! — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا يول كۆرسەتكەندەك تەلەپپۇزدا .

— باردۇق ئۇكام ، باردۇق ! — دېدى ئاتىخان كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ، — ئۇ يەردىنمۇ قوغلاشتى . ئادەم دېگەن تاشتىن مەھكەم ، گۈلدىن نازۇك ھۆل نەرسە ئىكەن ، بولمىسا بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن بىز قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتسەك بولاتتى !

ئاتىخان ئۆتكەندە بولغان ئىشلارنى قىسقىچە چۈشەندۈ-رۈپ ئۆتتى .

— ئۇلاردىمۇ ئىنساپ قالمىدى ! — ھېلىقى ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى ، — ھەج تۈگەش بىلەنلا خەقلەرنى

قوغلايدۇ، چىقىم كېتىدۇ دەپ ياتقۇزمايدۇ! مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ ئىچى ئاغرىغاندەك ھېسداشلىق بىلەن، — ھەممىمىز بۇ يۇرتقا مۇساپىر، مۇساپىرنىڭ غېمىنى مۇساپىر يېمىسە، كىم يەيدۇ. بىرەر ماكان تاپقۇچە ئاتا - بالا بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، كەپىمىز كىچىك بولغان بىلەن كۆڭلىمىز كەڭ! «كۆڭلۈڭ رۇس بولسا، ساتمىمۇ ئايۋان - ساراي» دېگەن گەپ بارغۇ!

كۆتۈلمىگەن بۇ شاپائەت ئاتىخان بىلەن ئەكبەرنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى، ھاياجاندىن ئۇلارنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي، «رەھمەت»، «ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت» دېگەن گەپلەرنىلا قىلالىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلار گويا قاراڭغۇ زۇلمەتتە يولدىن ئېزىپ قالغان ئادەم تۇيۇقسىز بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپ، ئۇمىدكە تولغان ياكى شىددەتلىك ئېقىنغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم تۇيۇقسىز بىر قولۋاققا ئېرىشىپ، ھاياتلىق ساھىلىنى كۆرگەندەك تاتلىق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگەن ئىدى.

ئۇلار دۇكانغا كىردى، ئۇزۇنلۇقى تۆت قەدەم كېلىدىغان تار ۋە قاراڭغۇ بۇ دۇكاننىڭ ئارقا تەرىپى ئۆي، ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە بىر قازناق بار ئىدى.

دۇكاندا تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان ئوچاق، سەندەل ۋە بولقا، قەلەم دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، بىر بۇلۇڭدا بولسا، يېڭىدىن قولدىن چىققان يىگىرمىدەك تاختىمۇ شۇك دۆۋىلەپ قويۇلغان ئىدى. ئۆيدە خورما ياغىچىدىن ياسالغان بىر كارىۋات، بىر پارچە نىمكەش گىلەم، بىر ساندۇق ۋە ئىككى ئورۇندۇق بار ئىدى. بىر بۇلۇڭدا قازان، چۆگۈن ۋە قارىداپ، داتلىشىپ كەتكەن بىر دانە كىرسىن ئوچاق تۇراتتى...

— مېنىڭ ئىسمىم بەگتۆمۈر، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۆز

سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ، — يۇرتۇم قاغىلىق، ئۈچ يىل
بۇرۇن دادام بىلەن ھەجگە چىققان. دادام ھەج جەريانىدا يۈرەك
كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى، مۇشۇ تاغنىڭ باغرىغا يەرلىك
كولاپ، قويدۇم. كېيىن يۇرتقا قايتىش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم
بېشىغا چىقىپ قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرسام،
تاغنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ ئادەم چۈشۈپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئۈستى-
ۋېشى يېرىم يالىڭاچ، چىرايى سۈرلۈك ھەم مەينەت ئىدى. ئۇلار
مەن تەرەپكە كەلدى، تۇرقىدىنلا يامان نىيەتتە ئىكەنلىكى كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار كېلىپلا مېنى باسمىدۇۋالدى، مەن خۇددى
سارىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان چۈجىدەك تىپىرلاپ قالدىم.
ئۇلار «جانغا تۇرامسەن، پۇلغىمۇ؟!» دېگەن مەنىدە گەپ قىلدى
ۋە مېنىڭ بىرنەرسە دېيىشىمنىمۇ كۈتمەستىن، كىيىملىرىمنى
سالدۇرۇپ، ئاختۇرۇپ، يۇرتقا قايتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان
بار - يوقى 10 تىللانى ئېلىپ، مېنى يوغان بىر تاشقا باسۇرۇپ
قويۇپ كەتتى. مەن كەچ كىرگۈچە ئاشۇ تاشنىڭ ئاستىدا قاق-
شاپ ياتتىم، تاغ ئارىسىدىن يىلان چىقىپ چېقىۋالارمۇ دەپ
قاتتىق قورقتۇم، خۇداغا شۈكرى، بىر چاغدا تاغ تەرەپتىكى
سوقماق يولدىن بىر ئوتۇنچى كەلدى، ئۇ بىر يۈدە قۇرۇق
يۇلغۇننى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان ئىدى، مەن قاتتىق ۋارقىرىدىم،
ئوتۇنچى ئاۋازنى ئاڭلاپ مەن تەرەپكە كەلدى ۋە تاشنى ئاستا -
ئاستا قوزغىتىپ مېنى چىقىرىۋالدى، پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چې-
قىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ماڭغۇدەك مادارىممۇ يوق
ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېلىقى ئوتۇنچىغا ئەگىشىپ ئاران تەسلىكتە
شەھەرگە كىرىۋالدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ مەنمۇ يوقسۇزلۇق،
سەرسانلىقنىڭ دەردىدە بەك قىينالدىم. قايتاي دېسەم پۇل يوق،
بۇ يەردە تۇراي دېسەم ماكان يوق. بىر مەزگىل ئاشخانىلاردا
يۇندىخورلۇق قىلدىم، ناۋايخانىلاردا نىمكار ئىشلىدىم، كېيىن ئۆز

ئالدىمغا قاسساپلىق قىلىپ ئاز - تولا پۇل يىغدىم، شۇنىڭ بىلەن يۇرتقا قايتىشقا نىيەت قىلىپ، سەپەر تەرەددۇتىنى قىلدىم، لېكىن كىم بىلسۇن مېنى يەنە پېشكەللىك باستى، بىر كېچىدىلا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدىم، تونۇش - بىلىشلەر دوختۇرغا ئاپاردى. قارىسام، بەزگەك كېسلى بولۇپ قاپتىمەن، بۇ يۇرتتا بەزگەك كېسىلى كۆپ بولىدىكەن، شۇ ياتقانچە بىرەر ئايدەك يېتىپ كەتتىم، سەپەرگە تەييارلىغان پۇلۇم دوختۇر بىلەن دورىغا كەتتى. شۇ چاغدا بەزىلەر ماڭا: «داداڭنىڭ روھى سېنى كەتكۈزمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى يالغۇز تاشلاپ كەتمە!» دېگەن مەسلىھەتلەرنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مەزگىل قاسساپلىق قىلدىم. ماكانسىزلىق جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىپتىكەن، ئالدى بىلەن تاپقان پۇلۇمغا مۇشۇ ئۆيىنى سېتىۋالدىم. ئاندىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ، تاختىموشۇك ياسىدىم. بۇ ھۈنەرنى كىچىكىمدە بىرەر يىل ئۆگەنگەن ئىدىم، تازا ئاقتى. تاختىموشۇكنى ياساپ ئۈلگۈرتەلمەيدىغان بولدۇم. بۇنداق نەرسە بۇ يەردە يوق ئىكەن، ھازىرمۇ ئۇنى يېزا - يېزا، شەھەر - شەھەرلەردىن كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ھال - كۈنۈم ياخشى. بىرنەچچە قېتىم يۇرتقا قايتىشقا تەمشەلدىم، لېكىن يەنىلا دادامنىڭ بېشىنى يالغۇز تاشلاپ، غېرىب كېپەن قىلىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. مانا بۇ يىل 32 ياشقا كىردىم، تېخىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولالمىدىم. ئاخىر بۇ يىللىقى ھەجدىن كېيىن چوقۇم يۇرتقا قايتىپ، بېشىمنى ئوڭلاي-مەن، دەپ نىيەت قىلغان ئىدىم، كىم بىلسۇن، ھەجدىن كېيىنلا يول تاقالدى، دېگەن شۇم خەۋەر تارقىلىپ، كىشىلەرنى ئۈمىد-سىزلىككە سېلىپ قويدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، كۆزىنى ھەمىشە ئاسماندىن ئۈزمەي ياشىغىنى بىلەن، جىسمى تۇپراققا تەئەللۇق بولىدىكەن، بۇ تۇپراق ئەمەلىيەتتە بىزنى

ئاپىرىدە قىلىپ بېقىپ ئۆستۈرگەن ئاشۇ ئانا تۇپراق! شۇڭا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز «كىشىنىڭ يۇرتىدا پاختىدا ياتقاندىن، ئۆز يۇرتۇڭدا تاختىدا ياتقان ياخشى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن!...

ئۇلار شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئوبدان مۇڭدىشىپ سىرداشتى، خۇددى ياخشى دوست كۆڭۈلنىڭ مورىسى، بۇ موردىن تاتلىقنىمۇ، ئاچچىقنىمۇ چىقارغىلى بولىدۇ دېگەندەك، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يۈرەكلىرىدە يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى تۆكۈشۈپ، ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋالدى.

كېيىن بەگتۆمۈر قازناقنى بىكارلاپ، ھېلىقى نىمكەش گىلەمنى شۇ ئۆيگە سېلىپ، ئاتىخان بىلەن ئەكبەرگە ئوبدان جاي راسلاپ بەردى. ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن بۇيان مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىدە ياتقاندەك، پۇت - قوللىرىنى ئازادە سوزۇپ، تاتلىق ۋە غەمسىز ئۇخلىدى!

## ئۈچىنچى باب

# ھۈنەرلىك قول — گۆھەرلىك قول

## 1

ئاتا - بوۋىلار ناھايىتى توغرا ئېيتقان : « ھۈنەر كۆپكىمۇ يەتكۈزىدۇ ، كۆككىمۇ يەتكۈزىدۇ ! »

بىر كۈنى ئاتىخان بىلەن بەگتۆمۈر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، بەگتۆمۈر مۇنداق بىر گەپنى قىلدى :

— تىرىكچىلىك — ئۆلمەي تۇپراقنىڭ سىرتىدا يۈرۈش ، دېگەن سۆز ئىكەن ! تىرىكچىلىك ئۈچۈن بىر تال پىچاق بىلەن بىر تال بىلەيمۇ ، بىر سەندەل بىلەن بىر بولقىمۇ ، بىر ئۇستىرا بىلەن بىر كاپلىغۇچمۇ كۇپايە قىلىدىكەن !...

بۇ سۆز ئاتىخاننىڭ دىققىتىنى تارتىپ ، كۆڭلىنى يورۇتقاندەك بولدى .

— ھەي ، ھەي ، توختىسىلا ، — دېدى ئۇ بەگتۆمۈرگە يېقىنراق سىلجىپ ، — بۇ يەردە ساتىراشلىق ھۈنىرىمۇ ئاقامدۇ ؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ئاتىخان ئاكا ، — دېدى بەگتۆمۈر ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ ، — ساتىراشلىق دېگەن ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ نوچىسى دېسىلە ! قايسىبىر مۇسۇلمان چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرمايدۇ ، بۇ يەردە تېخى ئۇنىڭ باھاسى يۇقىرى !

— مۇنداق دېسلە !...

ئاتىخان چارلاشقان كۆتمەك ساقلىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇ، بەگتۆمۈر بىلەن بىللە تۇرغان ئون نەچچە كۈندىن بۇيان، بىكارچىلىقتا قاتتىق زېرىككەن ئىدى، ئەكبەر- نىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاچ ئاندا - مۇندا تۆمۈرچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار بۇ ئۆيدە ئاساسەن تەي- يارغا ھەييار بولىدىغان بىكار تەلەپلەر ئىدى. بۇ ھال ئاتىخاننى قاتتىق خىجىل قىلىپ، تەگقىسلىقتا قويۇۋاتقان قىيىن ئىشلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ، بىرنەچچە قېتىم تاماق داستىخىنىنى ئۇستىدە، ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى ئىزھار قىلىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتقاندا، بەگتۆمۈر ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن تەسەللى بەرگەن ئىدى:

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ئاتىخان ئاكا، « تەڭ يېگەن تەنگە سىگەر » دېگەن گەپ بار. بىز ھەممىمىز مۇساپىر، مۇسا- پىرچىلىقتا كۆرمىگەن كۈنلىرىمىز يوق. مەن بۇ يولدا نۇرغۇن دەردلەرنى تارتقان. ھەتتا ئەلەمگە، خورلۇققا چىدىماي، تاملارغا قوشقاردەك ئۇسسىگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان، لېكىن ئىرادە بولسا، ھەممىنى يەڭگىلى بولىدىكەن، سىلى تارتىۋاتقان بۇ دەردلەرمۇ تۈگەپ كېتىدۇ، دۇنيادا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقايمايدىغان يارا يوق !...

ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى يەتكۈچە تېتىپ، ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىر، يوقسۇزلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى ئىنسان- لىق بۇرچى، دەپ قارايدىغان بۇ شاپائەتچى يىگىتنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى گەرچە ئاتىخاننى خىجىللىق ئازابىدىن ئاز - تولا قۇ- تۇلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كەچكىچە بىكار يەپ يېتىش ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەمنىڭ ئەمەس، بەلكى ھايۋاننىڭ ئىشى ئىدى. شۇڭا ئاتىخان بۇ كۈنلەردە ئۇخلايدىغان ماكاندىن، يەيدىغان ئاشتىن

غەم قىلمىسمۇ ، ئەمما كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە هامان ئادەمنى قىينايدىغان تىت - تىتلىق ۋە بىئاراملىقنىن خالىي ئەمەس ئىدى .
بايا بەگتۆمۈرنىڭ تۇساتتىن ئېيتقان تىرىكچىلىك توغرىسىدىكى ھېلىقى سۆزى ئۇنىڭ ھەمىشە بىئاراملىقتا قېيندىلىۋاتقان كۆڭلىگە خۇددى شېرىن مەلھەمدەك يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ ، بىر ئىشنىڭ يولىنى تاپقاندەك ، بەگتۆمۈرگە مۇنداق دېدى :
— مەن ساتىراشلىق قىلىپ باقسام ، قانداق ئۇكام ؟
— ۋاي ... سىلى بۇ ھۈنەرنى بىلەملا ، ئاتىخان ئاكا ؟ — سورىدى بەگتۆمۈر ھەيران بولغان قىياپەتتە .
— خۇددى سىلى ئۆز ۋاقتىدا تاختىمۇشۇك ياساشنى ئۆگىنىپ قويغاندەك ، مەنمۇ كىچىكىمدە بۇ ھۈنەرنى ئاز - تولا ئۆگىنىپ قويغان ، ئۇكام ! — دېدى ئاتىخان تېخىمۇ روھلىنىپ ، — باشقا كۆپ چۈشكەندە بۇ مەينەت ئىشنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن !
— ئادەم تىرىكچىلىك يولىدا ھەرقانداق ئىشنى قىلسا بولىدۇ ، ئاتىخان ئاكا ، — دېدى بەگتۆمۈر ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ ، — رەسۇلۇللامۇ ھالاللىق بىلەن ئىشلەپ ياشاشنى ئۈممەتلىرىدىن تەلەپ قىپتىكەن . بىر كۈنى ساھابەلەر ئولتۇرغان يەردىن رەسۇلۇللا ئۆتۈپ قاپتۇ ، ھەممىيلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام بېرىپتۇ ، لېكىن رەسۇلۇللا سالامنى ئىلىك ئالماي كېتىپتۇ . ساھابەلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ ئەجەبلىنىپتۇ ، كېيىن رەسۇلۇللا قايتىشىدا ساھابەلەر يەنە سالام بېرىپتۇ ، بۇ قېتىم رەسۇلۇللا سالامنى ئىلىك ئاپتۇ . بىر ساھابە ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ : « جانابىي رەسۇلۇللا ، بايا سالام قىلساق ئىلىك ئالمىدىڭىز ، بۇ قېتىم ئىلىك ئالدىڭىز ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ » . « بۇنىڭ سەۋەبى ، — دەپتۇ رەسۇلۇللا ، —

بـايـا مـەن ئۆتـكـەنـدە ھەمـمـىگـلار ئاسـمـانـغـا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولـتـۇرۇپـتـىكەنسلەر ، قايتىشىمدا قارىسام ، يەرنى سىجاپ ئولتۇ-رۇپـسـلـەر ، ھەرھالـدا قـولـۇڭلار ئـىـشـتـا ئـىـكـەن ، ئەمـگەك ، ھالاللىق — مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم ! » .

— بـارىـكاللا ، ياخشى گەپ بولدى ، ئۇكام ، — دېدى ئا-تـىـخـان تـەسـىـرلـىـنـىپ ، — لېكىنزە ، بۇ ئىشنى ئۇزاقتىن بېرى قـىـلمىغاچقا ، قولۇم قېتىپ قالدى ، ئىنشائاللا ، بىرنەچچە كۈن قىلـىپ باقسام ، ئەسلىگە كېلىپ قالارمەن ...

— ئەلـۋەتتە دېگەنلىرىدەك بولىدۇ ، — دېدى بەگتۆمۈرمۇ خۇشـال بـولۇپ ، — مەنمۇ دەسلەپ قاسساپلىق قىلغاندا ، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ئىچ باغرىنى پاكىز ئالالماي ، گۆشنى بۇلغىۋەتكەن ئىـدىـم ، كېيىن ئاستا - ئاستا قولۇم كۆنۈپ ، ناھايىتى پاكىز ھەم چـاقـقان قاسساپ بولۇپ كەتتىم ، ماۋۇ تاختىمۇ شۇكلەرنى دېمەيلا تېـخـى ، دەسـلـەپ يـاسـىـغاندا ، ئىلغۇچنى قاتتىق قىلىپ قويۇپ چاشقانلار نۇرغۇن يەمچۈكنى يەپ قاچتى ، كېيىن بۇنىڭمۇ ئېپىنى بىلىۋالدىم . ئىش دېگەن شۇنداق بولىدىكەن ، بەزىدە كۆز قورقـ-ـىدىكەن ، بەزىدە قول ، ئەمما بەلنى چىڭ باغلاپ ئىشلەۋەرسە ، بىر گـەپ بـولـىدىكەن . سىلىنىڭ ھۈنەرگە كۆپ دەسمىي كەتمەيدۇ ، ئاكـا ! نـاھايـىـتى بىر ئۇستىرا ، بىر كاپىلغۇچ ، بىر ئىشۇرىق ۋە بىر بـەنـدىـڭ بـولـسـا بـولدى . مەن سىلىنى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى بىر يـەرگـە ئورۇنلاشـتـۇراي ، بـۇ سـاۋابـلـىق ئىشنى قىلىپ باقسىلا ، خۇدايىم رىزقىلىرىنى كەڭ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس !...

ئۇلار ئەتـىـسـىلا ئىشقا تۇتۇش قىلدى . بەگتۆمۈر بازاردىن بىرنەچچە مېتىر گەزلىمە ئېلىپ ، كۆركەم بىر سايىۋەن ياسىدى ، ئەسـكـى - تۇسكىلەرنى ساتىدىغان يەردىن يۆلەنچۈكلۈك بىر ئو-رۇنـدۇقنى ئەرزانلا سېتىۋالدى ، ئىشۇرىق ئۆيدە بار ئىدى ، ئۇستىرا بـىـلـەن كـاپىلغۇچ ئاتىخاننىڭ ئۆزىدىن چىقتى . يولدا لازىم بولار

دەپ قەشقەردىن ئېلىۋالغان ھېلىقى سەدەپ ساپلىق ئۆتكۈر ئۇستىرا ئەمدى تازا ئەسقاتىدىغان بولدى.

تەييارلىق پۈتۈپ، ئىككىنچى كۈنى ئاتىخان ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئۆمرە دەرۋازىسى يېنىغا ساتىراشلىق دۇكىنىنى قۇردى. ئالا - يېشىل رەختلەر بىلەن تىكىلگەن كۆركەم سايىۋەن يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاتىخان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئالدى، يېڭى كۆڭلىكىنى كىيىپ، يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈردى، ئاندىن ئاپئاق خەسە پەرتۇقنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇستىرا، كاپىلغۇچ ۋە بىر پارچە يالاندا سوپۇننى ئورۇندۇقنىڭ يېنىدىكى تاش ئۇستىگە تىزىپ قويۇپ، خېرىدار كۈتۈشكە باشلىدى. لېكىن، ھە دېگەندىلا ئىش تازا يۈرۈشۈپ كەتمىدى، بىرىنچى كۈنى كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاران ئىككى ئادەمنىڭ چاچ - ساقىلىنى ئالدى، ئىككىنچى كۈنى تۆتكە، ئۈچىنچى كۈنى يەتتىگە يەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپى ئەتراپتىكى تاغ - جىلغىلاردىن كەلگەن نامراتلار بولغاچقا، بىرنەچچە تىيىن پۇلنىمۇ قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ چىقىراتتى. ئاتىخان ھەرگىز تەمەخورلۇق، نەپسى يامانلىق قىلمىدى، خېرىدار «قانچە پۇل؟» دېسە «ئاتىغانلىرىنى بەرسىلە» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى، ھەتتا بەزىلەر پۇل ئورنىغا ئىككى - ئۈچ تۇخۇم، بىرنەچچە تال سەي - كۆكتات، مېۋە - چېۋە ۋە بەش - تۆت ئۈچۇم گۈرۈچ - بۇغداي بەرسىمۇ، «ھەشقاللا» دەپ ئالدى. بۇنىڭلىق بىلەن ھۈنەرگە ساختىلىق ئىشلەتمىدى، مۇناسىۋەتتە قوپاللىق قىلمىدى، بەلكى خېرىدارلارنىڭ چاچ - ساقىلىنى شۇنداق يۇمشاق ئۇۋۇلاپ، پاكىزلىك بىلەن تۈجۈپىلەپ ياسىدى، بۇرۇن - قۇلاقلىرىدىكى ياۋا تۈكلەرنى ئالدى، ئاندىن ئۈچىسىنى تۈتۈپ، قولىنى سىلكىپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ، شۇنداق يەڭگىل ھەم راھەت قىلىپ قوياتتى. شۇنىڭ

بىلەن ، دىلى پاك ، تىلى يۇمشاق ، سۇلكەتلىك بۇ ئادەمنىڭ ھۆ-نىرى ۋە خىسلىتى توغرىسىدىكى ياخشى گەپلەر ئاستا - ئاستا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ، تېخىمۇ كۈچىيىپ ۋە رەڭلىنىپ ، يىراق - يېقىندا بۇ ئادەمنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتتى . دۇكان ئېچىپ ئىككى ھەپتە بولا - بولماي ، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى خېلى - خېلى يەرلەردىن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى ۋە دائىملىق چۆپقەت-لەرمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى . ئەمدى ئاتىخانغا دەسلەپكى كۈنلەردىكىدەك ، تىيىنلاپ پۇل چىقىرىدىغان نامرات ، گادايلارلا ئەمەس ، بەلكى سىقىملاپ پۇل تاشلايدىغان باي ، مۆتىۋەرلەرمۇ چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يې-قىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئەكبەر بەزى كۈنلىرى بەگتۆمۈرنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولغاندا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن-دىن باشقا ، كۆپ ۋاقتىنى دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ ، ھەرەم مەسچىتىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزەتتى ، ئەمەلىيەتتە ئەكبەر دادىسىغا ئەرەب تىلىنى ئۆگەتكەچ ، كېلىپ - كېتىۋاتقان خېرىدارلار ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى .

بىر كۈنى ئەكبەر ئاتىخانغا مۇنداق دېدى :

— دادا ، ئەمدى مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم ، بىرەر يەردە ئىشلەپ پۇل تاپايمىكىن دەيمەن . بۇ يۇرتتا پۇل بولمىسا ، ئادەمنىڭ قەدرى بولمايدىكەن !

— ياخشى گەپقۇ بۇ ، ئوغلۇم ، — دېدى ئاتىخان خۇشال بولۇپ ، — ئوغۇل بالا دېگەن ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك . خوش ، نەدە ئىشلەپ پۇل تاپقۇڭ كېلىۋاتىدۇ ؟

— بەگتۆمۈر ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە ، « ھەرتەلباب » دېگەن بازاردا چوڭ بىر ئاشخانا بار ئىكەن ، — دېدى ئەكبەر چۈشەن-دۈرۈپ ، — شۇ يەرگە شاگىرت ئالىدىكەن ، شۇ يەردە ئىشلىسەممۇ بولىدۇ . يەنە بىرسى ، بەگتۆمۈر ئاكام قاسساپلىق قى-

لـسـپ بـاقـامـسـەنيە ، جىق دەسمايە كەتمەيدۇ ، كۆندە قولۇڭ پۇل كـۆرۈپ تـۇرىدۇ ، دەۋاتىدۇ ، قايسىسىنى قىلىشنى بىلمەي قالدىم ، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئاڭلايمەن ، دادا !

ئاتـىخان بـىـر دەم ئويلىنىپ قالدى ، ئۇنىڭ قوشۇمىسىنى تـۈرۈپ ، كـۆزىنى خىيالەن يۇمۇپ ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانلىـقـىـدىـن قـارىـغـانـدا ، كـۆڭلىدە باشقىچە پىكىرلەرنىڭ بارلىقىنى پەملىگىلى بولاتتى .

— دۇنـيادا ئاشپەزلىك بىلەن قاسساپلىقتىن ياخشى هۈنەر يـوق ، ئوغـلـۇم ! — دېـدى ئۇ ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەكبەرگە قـاراپ ، — پـۇل دېـگـەن ئۇلارغا سەلدەك ئېقىپ كىرىدۇ . لېكىن ئاخـىـر گـادايـلـىـقـتـا ئۆتـىـدۇ ، ئاشـپـەز بـىلەن قاسساپتىن باي چـىـقـمـايـدۇ . نـېمىشقا دەمسەن ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئاشپەز هەر كـۈنـلۈك رىزقىنى يۇندى ئۆرىكىگە تۆكىدۇ . هەيران بولما ، ئۇلار هەمـىـشـە بـىـر كۈن ئاش سالغان ئاش سۈيىنى شۇ كۈنى كەچتە يـۇندى ئۆرىكىگە تۆكىدىغۇ ! يەنە تېخى بەزىدە بىلىپ - بىلمەي ، پـاسـكىنا قولى بىلەن خېمىرغا ، ئوچاق بېشىغا تۈتۈش قىلىپ قالىدۇ . مانا بۇمۇ ئۇلارنىڭ رىزقىنى يەپ كېتىدىغان ئىشلار . ئەمدى قـاسساپ بولسا ، خۇنخور . ئۇلار بوغاز ماللارنى ، يېشىغا يەتمىگەن پـاخلانلارنـى رەھىمسىزلىك بىلەن سويىۋېتىدۇ . قۇرئاندا ئېيتىلىشـىـچـە ، هەرقـانـداق ئوت - چۆپ ، گـۈل - گـىـيـاهلار زېمىن تـەكـتـىـدىن تۇپراق يېرىپ چىققاندا ، مەن بۇ دۇنيانىڭ يورۇقلۇقـىـنـى كـۆرەي ، ئۇنىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن بولاي ، دەپ ئىمان ئېـيـتـىـپ چىقىدۇ . قوينىڭ قارنىدىكى قوزىمۇ يورۇق دۇنياغا چۈشۈپ ، ئۇ يـەرنـىـڭ گـۈزەل قـويـنـىدا يايراپ ئۆلسەم رازى ، دەپ ئـىـمـان كەلتۈرۈپ تۇغۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ . لېكىن قاسساپ بولـسـا ، ئۇنى ئانىنىڭ قارنىدا تۇرغۇزۇپلا بوغۇزلايدۇ ، مانا بۇ قاتتىق گـۇنـاھ . يەنە بىرسى ، قۇرئاندا بىر قاسساپ ئۆمرىدە 10 مىڭ قوي

بوغۇزلىسا بولىدۇ ، دەپ كۆرسىتىلگەن ، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئۆلتۈرىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن خۇنخورلۇق چېكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ !...

دادىسىنىڭ ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ ئېيتقان يوللۇق سۆزلىرى ئەكبەرنى قايىل قىلىپ قويىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ نەدە بولمىسۇن ئىشلەش نىيىتى بار ئىدى ، ئىشلەپ ، ھالال قان – تەرى بىلەن پۇل تېپىپ ، دادىسىنىڭ ئالدىدا ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئويلايتتى .

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن ، دادا ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر تىت - تىت بولغاندەك بىقارارلىقتا ، — ئۇمۇ بولمىسا ، بۇمۇ بولمىسا ، زادى نېمە ئىش قىلسام بولىدۇ ؟

— يەنە بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇر ، — دېدى ئاتىخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ ، — مېنىڭ بىر چۆپقىتىم بار ، ھەر پەيشەنبە كۈنى چاچ - ساقال ياساتقىلى كېلىدۇ . بەشىرىسى ئوچۇق ئىكەن ، مەزھىبى كەڭ ئادەمدەك قىلىدۇ ، ئاڭلىسام ، ئۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا بىر ئالتۇن دۇكىنى بار ئىكەن ، يەنە بىر خىش پىشۇرۇش خۇمدىنىمۇ بار ئوخشايدۇ . شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى ، ئۇ ئوبدانىراق يول كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس ، يەرلىك ئادەملەر ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىدۇ .

ئەكبەر دادىسىنىڭ پىكرىگە كۆندى ، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئادەم كەلسە ، ئۆزىمۇ كۆرۈشۈپ ، ئەھۋاللىشىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى .

## 2

ئاتىخان ھېلىقى دۇكاندارنى يىراقتىن كۆرۈپلا تونۇدى . ئۇ ، يولنىڭ نېرى قاسنىقىدىكى ئالتۇن دۇكىنىنىڭ ئالدىغا قويۇل-

غان كارىۋات ئۈستىدە بىرنەچچە تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەللە ئورىغان، بەزىلىرى كۆپىيە① ئارتىپ؛ ئۈستىنى قارا ئىقال② بىلەن باسۇرۇپ ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بېشىغا مەشۇت سەللە ئورىغان، ئۈستىگە ئېسىل رەختتە تىكىلگەن ناۋات رەڭ رىدا③ يېپىنغان سالاپەتلىك بىرسى دۇردۇن قاپلىق ياستۇققا يۆلەنگىنىچە چىلىم تارتىپ ئولتۇراتتى. چۆرىلىرىگە نەقىش ئويۇلغان، بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۈمۈش چىلىم ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا تۇ-تەپ تۇراتتى، چىلىمنىڭ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك توم ۋە ئۇزۇن نەيچىسى ئۇنىڭ يېنىدا خۇددى يىلاندەك تولغۇلۇپ، سويلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چىلىمنى دەممۇدەم تارتىپ، ئىچىگە توشقان كۆكۈش ئىسنى ئاغزى - بۇرنىدىن تەڭلا پۇرقىرىتىپ چىقىرىشىغا ۋە سېمىز گەۋدىسىنى ياستۇققا تاشلاپ، كېرىلىپ يېتىشىغا قارىغاندا، راھەتلىك تۇرمۇشتىن تازا ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى...

بىر چاغدا ئاتىخانغا تونۇش ھېلىقى ئادەم كارىۋاتتىن قوزغالدى ۋە يولنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتىخانغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئاتىخان بىر خىرىدارنى ئەمدىلا يولغا سېلىپ، يەرگە چۈشكەن چاچ - ساقال قىرىندىلىرىنى تازىلاۋاتاتتى. بۇ كونا چۆپقەت بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئاتىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، ئېگىز بوي، كەڭ غوللۇق، قارىمۇتۇق، بەشىرىسى ئوچۇق، گىجىك ساقال ئەرەب ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قارا چوقۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خېلى كېلىشكەن، سۇمباتلىق ئادەم دېيىشكە بولاتتى. بۇ ئادەم ئۇچىسىغا شايى كىيىم، ئۇنىڭ ئۈس-

① كۆپىيە — ئەرەبلەر بېشىغا ئارتىدىغان ياغلىق.
② ئىقال — ياغلىقنى ئۈستىدىن بېسىپ تۇرىدىغان ھالقىسىمان توقۇلما يىپ.
③ رىدا — ئەرەبلەرنىڭ يەڭسىز يەكتىكى.

تىگە زەر كالۋۇتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان رىدا، پۇتىغا سوگسىز خۇرۇم تەللىك ① كىيىپ، خېلى پۇزۇر ياسىنىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇلەھەب بولۇپ، مەككىدىكى خېلى ھاللىق كىشىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ھىندىستانلىقلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان «جودىرى» دېگەن بازاردا ئالتۇن بېزەك ساتىدىغان بىر دۇكىنى بولغاندىن باشقا، مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى «مەررۇ — زەھران» دېگەن يەردە چوڭ بىر خىش پىشۇرۇش خۇمدىنى بار ئىدى.

ئۇ، ئاتىخانغا بىرنەچچە قېتىم چاچ — ساقال ئالدۇرۇپ، بۇ ئادەمنىڭ پاكىز، سىلىق ھۈنىرىنى، خام قايماقتەك يۇقۇشلۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى.

— قانداق ئۇستام، يۇرتىمىزغا ئۇستىخانلىرى چۇشۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئەبۇلەھەب سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن.

بۇ كۈنلەردە، ئاتىخان ئەرەبچىنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلاشقا ئۇستا، سۆزلەشكە ناقىس ئىدى. تەلەپپۇزى تازا دۇرۇس بولمىغاچقا، دۇدۇقلاپ — كېكەچلەپ قالاتتى. شۇڭا، ئەكبەر ئوتتۇرىدا تىلماچلىق قىلاتتى.

— خۇداغا شۈكرى، تەقسىر، — دېدى ئاتىخان ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، — ئەۋۋىلى خۇدا، ئاندىن قالسا بۇ مەئىشەتلىك يۇرتنىڭ غەمخانى بولغان ھەربىرلىرىدەك ياخشى ئادەملەرنىڭ سايىسىدا بۇ يۇرتمۇ تۇغۇلغان تۇپراقتەك ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى...

— يۇرتقا كېتەلمەي، بۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىپ قالمىغانلا؟ — ئەبۇلەھەب خۇددى ئۇنى سىنىماقچى بولغاندەك بۇ سوئالنى قويدى.

---

① تەللىك — ئەرەبلەرنىڭ شىپەك كەشى.

— يوقسۇ ، پۇشايمان قىلىش بىز تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ دىلى ئەمەس ، تەقسىر ، بۇ يەر مۇقەددەس يەر ! — دېدى ئاتىخان كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ ، — لېكىن ، ھەرقانداق بىر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراققا مۇھەببىتى بولىدۇ ، پېقىرمۇ بۇ مۇھەببەتتىن خالىي ئەمەس !

— بارىكاللا ، بارىكاللا ! — دېدى ئەبۇلھەسەن قايىل بولۇپ ، — ئۇستام ناھايىتى توغرا ئېيتتىلا ، ھەربىر كىشىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر ۋە مەملىكىتى شۇ كىشىنىڭ ۋەتىنى دېيىلىدۇ . ھەركىم تۇغۇلغان ، ئۆسكەن يېرىنى جاندىن ئارتۇق سۆيىدۇ . ئۆز يۇرتىدىن ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرلەرگە بارسا ، ئۆز يېرىدىكىگە ئوخشاش راھەت - پاراغەتتە ياشىيالمايدۇ ، مەئىشىتى ھەرقانچە تولۇق بولسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇھەببىتى ياشايدۇ . بىز ئەرەبلەر مۇشۇ قاقاس تاغ ، ئىسسىق چۆل - جەزىرىلەرنى جېنىمىزدىن ئارتۇق سۆيگىنىمىزگە ئوخشاش ، ھەبەشلەرمۇ پايانسىز سەھرايى كەبىرنى ، مىسىرلىقلار نىل بويىدىكى سازلىق - قومۇشلۇقلارنى باشقا يەردىن زىيادە سۆيىدۇ ، ئەگەر سۆيمىگەن بولسا ، ئۇلار ئاللىقاچان ھاۋاسى ياخشى ، تىرىكچىلىك قىلىش ئاسانراق يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىپ ، ۋەتەنلىرىنى تاشلىۋەتكەن بولاتتى ! لېكىن ، بىز تۇغۇلغان يۇرتىمىزدىن ئۈزۈنغا كەتسەك ، بىزنى تارتىپ كەلتۈرىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت — ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ ، ئانا تۇپراقنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ! بۇنداق مېھىر - مۇھەببەت مۇقەددەس ۋە ئەبەدىي بولىدۇ !

ئەكبەر بۇ مېھرى ئىسسىق ، تاتلىق ئادەمنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى . ئەبۇلھەسەننىڭ مەنىلىك ، تەسىرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ پۇل تېپىش يولىدا ھەممىنى ئۇنتۇغان ، باغرى قاتتىق ، نەپسانىيەتچى تىجارەتچى ئەمەس ، بەلكى ھاياتنى ، ئا-

دەملەرنى ئوبدان چۈشەندىغان، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىشنى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق، بىلىمى كەڭ، پاراسەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۇرت - ۋەتەن توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئەكبەرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقتى، ئەكبەرنىڭ يۈرىكىدىكى دەردلەرنى قايتا تىرنىلىغاندەك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى...

ئەكبەر خىيالغا كەتتى، خىيالى يۇرتقا كەتتى. بۇ كۈنلەردە يۇرتتا باغلار قاراقۇلىشىپ، تۇنجى كاككۇك ناۋاسى ئاڭلانغان ۋاقىتلار ئىدى. ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاق، قىزىل، سېرىق، بىنەپشە چېچەكلەرگە تولغان باغلار، ياپيېشىل جالا چىقىرىشقا باشلىغان سۇمبۇل نوتىلار، قات - قات ئېچىلغان باھار گۈللىرى رەڭگارەڭ بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى، دىمىغىغا ئاچچىق - چۈچۈك غورا بىلەن ئەتىر گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدىنى بىر خىل مەستخۇشلۇق قارماپ ئالدى. ئۇ، مەستخۇش ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: « مانا، بۇ كۈنلەر يۇرتنىڭ تازا باھار ۋاقتى، ئېھ باھار!... ئۇ يەردە ھەممە نەرسە سەن بىلەن جانلىنىپ، گۈزەللىشىپ، جىمى ھاياتلىق سەن ئېلىپ كەلگەن كۆركەم، ئىللىق تۇرمۇش زوقىنى سۈرىدۇ! بىزنىڭ ئۇ گۈزەل زېمىن قەھرىمانلارنىڭ، ئۇلۇغ ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنى! ئاشۇ پاك تۇپراقتا ئۆسۈپ - يېتىلگەنلەرنىڭ ياخشىلىرى خۇددى 〈 گۈلنىڭ سەرخىلى گۈل ئارىسىدا، ئەرنىڭ سەرخىلى ئەل ئارىسىدا 〉 دېگەندەك، ئاشۇ تۇپراق بىلەن بىللە ياشاۋاتىدۇ! بىزچۇ؟ بەئەينى چاچقا چۈشكەن كېپەكتەك خالىغان يەردە توزۇپ، سەرسان بولۇپ يۈرۈيمىز!... »

ئەكبەرنىڭ سۈكۈتكە چۈمگەن ئويچان، غەمكىن چىرايى ئەبۇلەھەبنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ بايىلا كۆزلىرى ئۆتكۈر، گەپلىرى چېچەن، قاراشلىرى مۇلايىم بۇ بالىغا ئۆز ئوغلىدەك

ئامراق بولۇپ كەتكەن ئىدى .

— ئەكبەر جىمىپ كەتتىڭغۇ ، يۇرتنى ئەسلەپ قالدىڭغۇ دەيمەن ! — دېدى ئۇ ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەندەك ، — خۇدا خالىسا ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇرتۇڭغا كېتىسەن ...

— قاچان ؟! — ئالدىراپ ، ھولۇقۇپ سورىدى ئەكبەر ، — قاچان كېتىمەن !؟

ئەبۇلەھەب مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— خۇدا خالىسا دېدىمغۇ ! خۇدا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ . دۇنيادا ئايىغى چىقماس ئىش يوق ، بۇگۈن يولۇڭلار ئېتىلگەن بولسا ، ئەتە - ئۆگۈن ئېچىلمايدۇ ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ ۋاقىت ھەممە ئىشنى ئۆز يولىدا ھەل قىلىدىغان ئادىل ھۆكۈمران !

ئەكبەرنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى ، ئەبۇلەھەبنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلىغان ئىدى .

ئاتىخان ئەبۇلەھەبنىڭ بويىنىغا پەرتۇق تارتتى ، بېشىغا سۇ تېمىتىپ چېچىنى ئۆۋۈلىدى ، چاچ راسا يۇمشىغاندىن كېيىن ، سوپۇن سۈرۈپ ، ئۇستىرا بىلەن قىردى ، چاچ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ساقال - بۇرۇتىغا ماغزاپ سۈركەپ ، چىرايلىق ياساشقا باشلىدى .

دەل شۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى .

ئاتىخاندىن بەش - ئالتە قەدەم نېرىدىكى بىر تاش سۇپىدا ئولتۇرغان ئىككى يىگىت سۇسلىشىپ ئولتۇراتتى ، ئۈچىنچىسى ئاق يەكتەك ، بېشىغا يېشىل شايى دوپپا ، پۇتىغا قوڭالتاق كالاچ كىيىۋالغان مۇسا داڭقان يېقىندىن بېرى مۇشۇ يەردە يايما ئېچىپ ، ئايالى ئاسىيە خېنىم كېچە - كۈندۈز قولى بىلەن تەپچىپ تىككەن ئاق دوپپىلارنى سېتىپ ئولتۇراتتى . يې-

قىنىدىن بۇيان بۇ ئادەمنىڭ تەقى - تۇرقى خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن — ساقىلى ئۇزۇن ئۆسۈپ، ياداڭغۇلۇقتىن قاڭشىرى تىكلىشىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئازغىنە بىر بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

بايا ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى خېرىدار كەلدى، ھەر ئىككىسى يىگىرمە نەچچە ياشلىق بەڭۋاش يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار بىردىن ئىككى دوپپىنى ئېلىپ، 10 رىياللىق كونا، يىرتىق بىر پۇلنى بەردى. مۇسا داڭقان پۇلنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، نەچچە يېرىدىن يەملەنگەن بۇ رەپرەپ پۇلنى باشقا يەردە خەجلىيەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى ئالتە رىيال قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

— ياخشىراق پۇل بېرىڭلار، ئۇكىلىرىم! — دېدى مۇسا داڭقان ئىككى يىگىتكە يېلىنغاندەك بىچارە قىياپەتتە، — مەن بۇ پۇلنى خەجلىيەلمەيمەن! ... ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا پۇلۇڭلار بول-مىسا، دوپپىنى كىيىپ كېتىپ، پۇلنى كېيىن تاشلاپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن!...

— نېمە؟! — ئىككى يىگىت ئۇنىڭغا تەڭلا ھۆر-پەيدى، — سەن تېخى بۇ يەرگە كېلىپ قورسىقىڭ تويۇپ، ئەمدى سەئۇدىنىڭ پۇلىنى كۆزۈڭگە ئىلمايدىغان ھالغا يەتتىڭ-مۇ؟! بىلىپ قوي، بۇ دېگەن پادىشاھنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇلۇغ پۇل جۇمۇ!؟

— يوقسۇ ئۇكىلىرىم، يوقسۇ! — دېدى مۇسا داڭقان قورقۇپ كېتىپ، — كۆزگە ئىلمايدىغان ئىش يوق، مەن پەقەت ياخشىراق پۇل بېرىڭلار دېدىم. بۇنى خەجلىيەلمىسەم، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ ...

— بۇ پۇل يامانمىكەن؟! — دېدى يىگىتلەر ئۆكتەملىك بىلەن مۇسا داڭقاننىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ، — نەرى يامان

ئىكەن ؟! سەئۇدىنىڭ پۇلىنى يامان دېيىشكە قانداق تىلىڭ بار-دى ، سېنىڭ ؟!

ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ، يولسىزلىق قىلىۋاتاتتى .

مۇسا داڭقان قورقۇپ كەتتى ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى . ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ، ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى ، شۇ چاغدا بەگتۆمۈرمۇ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى ، ئۇ ھەرەم مەسچىتىدە ناماز ئوقۇغاچ ، ئاتىسخانىنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى . ئۇ ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ، ھېلىقى ئىككى يىگىتكە سىلىق - سىپايىلىق بىلەن مۇنداق دېدى :

— يىگىتلەر ، سىلەر دوپپىنى كىيىپ كېتىۋېرىڭلار ، بۇ ھاجىغا پۇلنى مەن بېرىپ قوياي !

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىككى ئەرەب يىگىتى تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى :

— ھەي خارجى ! سەن تېخى بىز ئالغان مالغا پۇل تۆلەپ قويماقچىمۇ ؟! سەن كەلگىنىڭنىڭ قولىدىكى پۇل نەنىڭ پۇلى بىلەمسەن ؟! ئۇ دېگەن ئۇلۇغ سەئۇدىنىڭ پۇلى ، سەن كەلگىنىڭنىڭ پۇلى ئەمەس !

لېكىن بەگتۆمۈر بوش كەلمىدى ، كۆكرىكىنى كېرىپ ئالدىغا چىقتى :

— سەئۇدىنىڭ پۇلى بولسا نېمە بوپتۇ! مەن بۇ پۇلنى ئوغرىلىمىدىم ، بەلكى سەئۇدىغا ئىشلەپ ، ھالال تەرىم بىلەن تاپتىم!...

— نەدە ئىشلىدىڭ ؟! بىزنىڭ زېمىندا ئىشلىگەنسەن ؟! — ئىككى يىگىت بارغانسېرى ئۇسالللىق قىلىشقا ، كەمسىتىشكە باشلىدى ، — ھەي خارجى ، كىم سېنى چىللاپ كەپتۇ ، كىم سېنىڭ ئىشىڭغا موھتاجكەن ؟!...

بەگتۆمۈرنىڭ قاتتىق خورلۇقى كەلدى، ئەلەمدىن پۇت - قولى تىترەپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

بۇ دۇنيا گەرچە ھەممە ئادەم كامالىغا يېتىپ، توققۇزى تەل بولغان مۇكەممەل دۇنيا بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ دۇنياغا ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى بىھۇدە خورلىغان، كەمسىتكەنلەرنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ!

بەگتۆمۈرنىڭ ئاچچىقى تۇۋىدىن قوپتى، ھېلىقى ئىككى يىگىتمۇ ئەسەبىيلەشتى. ئۇلار قارشى تەرەپنى بىسىپ چۈشمىگۈچە بولدى قىلمايدىغاندەك مەغرۇر قىياپەتتە غادىيىپ تۇراتتى. ئەگەر مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، بەگتۆمۈر بىلەن بۇ ئىككىسى بىر قەپەس ئېلىشىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا، پۈتۈن ئەھۋالنى باياتىندىن بېرى كۆزىتىپ تۇرغان ئەبۇلھەب لىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، بويىنىدىكى پەرتۇقنىمۇ ئېلىۋەتمەي، ساقال - بۇرۇتىنىڭ يېرىمى ياسالغان، يېرىمى ياسالمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ھېلىقى ئىككى ئەرەب يىگىتكە قاراپ زەردە بىلەن توۋلىدى:

— خارجى بولسا نېمە بوپتۇ؟! ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم، ساڭا ئوخشاش مۇسۇلمان! لېكىن سەنلەردە كىچىككىنىمۇ ئادەملىك، مۇسۇلمانلىق خىسلەت يوق ئىكەن! سەن بۇلارغا بۇ پۇلنى بىكارغا بېرىۋاتامسەن؟! بېشىڭغا كېيىۋالغان نېمە؟ بىلسەڭ ئاۋۇ قېرى مۇسۇلماننىڭ قان - تەرى! سەنلەر تېخى سەئۇدىنىڭ پۇلىنى پەش قىلىپ، بۇ مۇساپىر مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتتىڭ! بىلسەڭ، بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە سەئۇدى پادىشاھىنىڭ ئادىللىقى تۈپەيلى ئەرەبىستان زېمىنىدا ياشاۋاتقان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا ئىسلام بايرىقى جەۋلان قىلىپ، ئۇلارغا باشپاناھ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ سەنلەرگە ئوخشاش ياشاش، ئىشلەش ھوقۇقى بار!...

ئەبۇلەھەبنىڭ سۆزى ئەتراپتا قاراپ تۇرغان باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلدى، ئۇلار بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن لوقما سېلىپ، ھېلىقى ئىككى يىگىتنى ئەيىبلىگەن بولۇشتى، شۇڭا ئۇلارمۇ باـ يىقى ئەلپازىدىن يېنىپ، پەسكويىغا چۈشتى. ئەگەر ئەتراپتىكى جامائەت پىكرى ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولمىغان بولسا، ئۇلار ئەبۇـ لەھەب بىلەنمۇ زاكونلىشىپ، بۇ يەرنى بېشىغا كىيىشتىن يانمايتتى.

ئۇلار بېشىدىكى دوپپىنى ئېلىپ مۇسا داڭقانغا بەردى ۋە ھېلىقى 10 رىياللىق رەپرەپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، بۇ يەردىن غىپپىدە تىكىۋەتتى.

ئەبۇلەھەب جايىغا قايتىپ، ئاتىخانغا چالا قالغان ساقىلىنى ياستىتىشقا باشلىدى ۋە ھېلىقى ئىككى بەڭۋاش يىگىتتىن رەنجىپ مۇنداق دېدى:

ــــ قارىماملا، ئۇستام! بۇ باللارنىڭ يۈگەنسىز، نائىنساپ بولۇپ كەتكىنىنى! ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدۇ، ھەممە يەردە ۋالاقشىپ، گىدىيىپ يۈرۈيـ دۇ، ئۇلار مۇنداق كېتىۋەرسە، چوقۇم پالاكەتكە يولۇقىدۇ. ئاللاتائالا ئىنسان بالىسىغا بالا ـ قازا بېرىشتىن ئاۋۋال كىبىر بېـ رىدۇ، ئۇ، كىبىر بىلەن تازا گىدەيگەن چاغدا، ئاندىن بالا ـ قازا بېرىدۇ! ئەسلىدە، كىبىر ئادەم بالىسىغا ئەمەس، شەيتانغا خاس نەرسە!...

ئەبۇلەھەبنىڭ بۈگۈنكى سۆزى ۋە ئىشى ئاتىخانغىمۇ، ئەكبەرگىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە بۇ ئادەمنىڭ نامى ۋە خىسلىتى چوڭقۇر ئورناپ، يۈكسەك بىر ئەقىدە بولۇپ شەكىللەندى.

ئەبۇلەھەب چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرۇپ بولۇپ، قايتىدىغان چاغدا:

— مەن سىلەرنى ئەتە جۈمەدىن كېيىن ئۆيگە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، — چاي - پاي ئىچىپ، غىزالىنىپ كېلىڭلار. ئەكبەرگە ئوغلۇم هارىسنى تو-نۇشتۇرۇپ قويىاي، دوست بولۇپ قالسۇن!

ئاتىخان تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمىدى، خۇشاللىق بىلەن تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئەكبەرمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ، ئۆزىگە يېڭى بىر دوستىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

## 3

ئەبۇلەھەبنىڭ ئۆيى ئازادە ھەم كۆركەم ئىدى. مېھمانخانىسىدا لىۋانىنىڭ خۇش پۇراق شەمشادىدىن ياسالغان ئېسىل بىر شىرە بار ئىدى، شىرەنىڭ ئۈستىدە ئەجدىھا سۈرەتلىك بىر لوڭقا بىلەن بىر كۈمۈش شامدان تۇراتتى. شامداندا كۆيىۋاتقان بەش تال شام ئەتراپقا ئەنبەر پۇرىقىنى تاراتماقتا ئىدى. مېھمانخانىنىڭ مەخمەل پەردە تار-تىلغان دېرىزىلىرى ئىسسىق بىلەن پاشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەم ئېتىۋېتىلگەن ئىدى.

ئەبۇلەھەب ئۆيىنىڭ تۆرىگە قويۇلغان كارىۋاتتا تۆت چاسا يوغان تەكىيگە يانپاشلىغىنىچە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

چاچلىرى جىڭگىل، سالپاڭ قۇلاق، قاپقارا بىر ھەبەش مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ خەۋەر قىلدى:

— خوجايىن، مېھمان كەلدى!

ئەبۇلەھەب ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. كىتاب بىلەن كۆ-زەينىكىنى بىر چەتكە قويۇپ، خىزمەتكارغا بۇيرۇدى:

— چاققان باشلاپ كىر، مېھمانخانىغا كىرسۇن!

خىزمەتكار چىقىپ كەتتى، ئەبۇلەھەب ئەدەپ يۈزىسىدىن

ئۆيلۈك كىيىمنىڭ ئۈستىگە سارغۇچ رەڭلىك يىپەك رىدانى ئار-تىۋالدى .

مېھمانخانىنىڭ بوسۇغىسىدا ئاتىخان بىلەن ئەكبەر پەيدا بولدى ، ئۇلار قىپقىزىل زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن بېزەل-گەن بۇ كاتتا ئۆيگە قانداق كىرىشنى بىلەلمەي تارتىنىپ تۇرۇپ قالدى .

ـــ قېنى مەرھەمەت ، ئۆيگە كىرىشسىلە ! ـــ دېدى ئەبۇ-لەھەب خۇش چىراي بىلەن ئۇلارنى ئىچكىرىگە باشلاپ .

ئاتىخان پۇتىدىكى كونا سەندەل كەشنى سىرتقا سېلىپ ، بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن ئاتلىدى ، ئەكبەرمۇ دادىسىغا ئوخشاش قىلىپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى . ئەبۇلەھەب ئۇلارنى تام بويلىتىپ سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە باشلىدى ۋە تۆگىقۇش پېيىدىن راسلانغان بىر ياستۇقنى ئاتىخانىنىڭ يېنىغا قويۇپ بېرىپ :

ـــ ئازادە ئولتۇرسىلا ، ئۇستام ، تارتىنمىسىلا ! ـــ دەپ ئۇ-نىڭ قورۇنۇپ تۇرغان كۆڭلىگە مەدەت بەردى .

شۇ ئارىلىقتا ، مېھمانخانىغا ئەبۇلەھەبنىڭ ئوغلى كىردى ، كىرىپلا مېھمانلار بىلەن ئەدەپلىك كۆرۈشتى ، ئۇمۇ خۇددى دا-دىسىغا ئوخشاشلا دىلكەش ، پېشانىسى ئوچۇق ، خۇش چىراي كۆرۈنەتتى . ئادەمگە قارىغان كۆزلىرى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېشى ۋە بوي ـ تۇرقى ئەكبەرگە ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى .

ـــ بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ، ـــ دەپ تونۇشتۇردى ئەبۇلە-ھەب ، ـــ ئىسمى ھارىس . بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ ، خۇدا خالىسا ، كېلەر يىلى «ئوممۇل قورۇ ئۇنىۋېرسىتېتى» ① غا ئىمتىھان بەرمەكچى .

---

① ئوممۇل قورۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ـــ مەككە ئۇنىۋېرسىتېتى .

— ئىنشائاللا ، پېشانىسى ئوچۇق يىگىت ئىكەن ، — دېدى ئاتىخان هارىسنى ماختاپ ، — ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولغاي !...

داستىخان سېلىنىپ ، چاي تارتىلدى . ئوتتۇرا ياشلىق ، ئۆڭى ئاق ، كۆزلىرى يوغان ، چاچلىرى تەردە نەملىشىپ پەتىلە - پەتىلە بولۇپ كەتكەن بىر ئايال خىزمەتكار مېھمانخانا بىلەن ئاشخانا ئوتتۇرىسىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋاتاتتى . داستىخانغا مېۋە - چېۋە ، قەنت - گېزەكلەر كەلتۈرۈلدى ، كىچىك ئىستاكانلارغا سەيلۇننىڭ قىننە ئارىلاشتۇرۇلغان خۇش پۇراق چېيى قۇيۇلدى ، ئارقىدىن ئەرەبلەرنىڭ «روزسەلگ» ① ، «گەرىش» ② دەيدىغان يەرلىك تائاملىرى كەلتۈرۈلدى .

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر تائاملارنى هۇزۇرلىنىپ يېدى ، يېگەندىمۇ خېلى كۆپ يەپ ، بىرنەچچە قېتىم راهەتلىنىپ كېكىردى .

ئەمدى ئۇلار ئاندا - مۇندا مېۋە يېگەچ ئىختىيارىي پاراڭغا چۈشتى . ئەكبەر بىلەن هارىس تېزلا چىقىشىپ ، قەدىناس ئەل - ئاغىنىلەردەك مۇڭدىشىپ كەتتى .

ئەبۇلەهەب ئەكبەرنىڭ ئەهۋالىنى سورىدى :

— ئوغۇلنى قانداق قىلاي دەيلا ، ئۇستام ؟ ئوقۇتۇش نىيەتلىرى يوقمۇ ؟

— يوقسۇ ، تەخسىر ! — دېدى ئاتىخان تەۋەززۇبىلەن، — هازىرچە بىزگە تىرىكچىلىك مۇهىم ، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ، بىرەر يەردە ئىشلەپ پۇل تاپسۇنمىكىن دەيمەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى ئەبۇلەهەب خىيالچان هالدا ، — تۇپراق ئۇستىدە ياشاۋاتقان ئادەم ئۇچۇن پۇل بولمىسا

---

① روزسەلگ — شورپا بىلەن سۈتكە سېلىنغان گۈرۈچ تامىقى — ئاق پولۇ .

② گەرىش — بۇغدايىنى شورپىغا سېلىپ پىشۇرۇپ ، ئوتتۇرىسىغا سېرىق ماي قۇيۇپ يەيدىغان تاماق .

بولمايدۇ . لېكىن ، بۇ دۇنيا تۇرىدىغان يەر ئەمەس ، ھەممە ئادەم كېتىدۇ ، ئاخىرەت ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك جايى . ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق مال ـ دۇنيا كىشىگە ۋاپا قىلمايدۇ . قىيامەت كۈنى ئادەم ئاشۇ مال ـ دۇنيا سەۋەبىدىن دوزاخقا كېتىدۇ . ئەمما ، بىلىم ئۇنداق ئەمەس ، ئۇ قانچە كۆپ بولسا ، شۇنچە ياخشى . دۇنيانىڭ مەخپىي ئىلىملىرى بەك جىق ، بىز ئىنسانلار بەك ئاجىز يارىتىلغانمىز . بىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە ھەقىقەتلىرىنى چۈشەنگۈدەك قابىلىيىتىمىز يوق . بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئوقۇسىمۇ ، يەنە دۇنيادىكى ئىلىم ـ ھېكمەتلەر تۈگىمەيدۇ ، دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشكە ئۆمرىمىز ، تەتقىق قىلىپ تېپىشقا ئەقلىمىز يېتىشمەيدۇ . ئەمما ، ئادەم بالىسى بۇنىڭغا ئىنتىلىشى ، تىرىشىشى كېرەك !

— توغرا ئېيتتىلا ، تەخسىر ! — دېدى ئاتىخان تەسىرلىنىپ ، — ئادەمنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا بەتخەجلىك بىلەنمۇ تۈگەيدۇ ، ئوغرى ئېلىپمۇ تۈگەيدۇ ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىلىم ـ ھېكمەتنى ھېچقانداق قىلىپ يوقاتقىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ نۇرى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭلا ئەمەس ، باشقىلارنىڭمۇ قەلبىنى يورۇتىدۇ !

— بارىكاللا ، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا ! — دېدى ئەبۇلەھەب ۋە قولىدىكى پوستى سويۇلغان بانانىنى ئاتىخانغا بېرىۋېتىپ داۋام قىلدى ، — جاھالەت ئادەمنى نادان قىلىدۇ ، نادانلىق ئادەمنى خار ۋە قۇل قىلىدۇ . خارلىقتا ، قۇللۇقتا ياشىغان ئادەملەرنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ ، تارىخىمۇ بولمايدۇ . مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىككى قۇل بار ، ھەرئىككىسىنى سىلەر كۆردۈڭلار . بىز قۇللارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل ، ئاياللىرىنى «ئەمە» دەيمىز . بايا بىزگە داستىخان سېلىپ ، چاي قۇيغان ئاشۇ ئەمەنىڭ ئىسمى ئۇمۇھەكىم ، ئۆزى يەمەنلىك ئەرەب ، مەن ئۇنى 10 يىل بۇرۇن شۇ

يەردىن سىيتىۋالغان. ئاۋۇ ئەر قۇلنىڭ ئىسمى نۇفەل، ئافرىقىدىن سېتىپ كېلىنگەن ھەبەش، مەن ئۇنى يەتتە يىل بۇرۇن مەككىدىكى قۇل بازىرىدىن سېتىۋالغان، ئۆتكەن يىلى بىزنىڭ مەرتىۋىلىك، ئادالەتلىك پادىشاھىمىز ئابدۇل ئەزىز قۇللارنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا پەرمان چىقاردى. بەزى قۇللىرى كۆپ بايلار بۇ پەرمانغا بويسۇن تولغىدى، بۇ چاغدا ئابدۇل ئەزىزپادىشاھ: «خۇدا يولىدا ساۋاب ئىزدەپ، قۇللىرىڭلارنى ئازاد قىلىڭلار! جانابىي ھەق ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆر ياراتقان. ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ئەركىن ياشاش ھوقۇقى بار! ئەگەر قۇللىرىڭلارنى سېتىۋالغان پۇلنى پەش قىلىپ، ئازاد قىلمىساڭلار، پۇلنى ھۆكۈمەت تۆلەپ بېرىدۇ! ئەڭ مۇھىمى، ئاللا يولىدا ساۋابلىق ئىزدەڭلار!» دەپ پۈتۈن دۆلەت خەلقىگە مۇراجىئەت قىلدى. مەن پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپلا، قولۇمدىكى بۇ ئىككى قۇلنى ئازاد قىلماقچى بولدۇم، ئۆز ۋاقتىدا — ھىجرىيە 10 - يىلدىكى① ۋىدا ھەج ۋاقتىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇ ئۆز قولى بىلەن 63 قۇلنى ئازاد قىلىپ، بىزگە بىشارەت بەرگەن ئىدى. مەن بۇ ئىككىسىنى ئالدىمغا چاقىرىپ، ئازاد قىلىنغانلىقىمنى جاكارلاپ، يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك راسخوت بەردىم. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە ئۇلار پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي، مېنىڭ ئالدىمدا تىزلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشىنى، ئۆمۈر بويى ماڭا سادىقلىق بىلەن ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ، بۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقا كۆندۈرەلمىدىم. ئاخىر ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن يەنە تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، مەن شۇ چاغدىلا، «يۇرت، ۋەتەن» دېگەن بۇ نەرسە — پەقەت ھۆر ۋە ئىنسانلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى،

① ھىجرىيە 10 - يىلى — مىلادىيە 632 - يىلى.

قۇللۇقتا، خارلىقتا ياشىغان ۋە ئۆز تارىخىدىن بىخەۋەر ئادەملەرنىڭ يۇرت ـ ۋەتىنى بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ئادەملەر-نىڭ ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراق قەدرىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كېيىن، مەن مۇقەددەس كى-تابلارنىڭ بىرىدە بۇنداق بىر ۋەقەئەنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ تېگى ـ تەكتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يەتتىم: زاما-نىسىدا مۇسا پەيغەمبەر ئۆز قوۋمىنى مىسىر پىرئەۋنلىرى ئاسارىتىدىن ئازاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا بىرەر يەردىن يۇرت ـ ۋەتەن تۇتۇپ بەرمەي، دەشت ـ باياۋانلاردا 40 يىلغىچە سەرسان ـ سەرگەردان قىلىپ يۈرۈپتىكەن، مۇسا پەيغەمبەر نېمە ئۈچۈن ئۆز قوۋمىنى 40 يىل سەرگەردان قىلدى؟! نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىرەر يەردىن ماكان تۇتۇپ، شۇ يەرنى ۋەتەن قىلمىدى؟! ئۆز قوۋمىنى 40 يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتكە گىرىپتار قىلغان مۇسا پەيغەمبەرنىڭ مەقسىتى: قۇللۇق ۋە خارلىق زۇلمىدىن يۈرەك ـ قەلبى زەخىملىنىپ، دىلى قورقۇنچقا تولغان، تىلى ئىتائەتكە ئا-دەتلەنگەن نادان ئادەملەرنىڭ دۇنيادىن پۈتۈنلەي كۆز يۇمۇپ، شۇم ئىستىبدات ئۇغىسىنى ئىچمىگەن، قۇللۇق ئېگى يوق ئازاد ئەۋلادلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈش ئىكەن. ئەنە شۇنداق يېڭى، ھۆر ۋە ئېتىقادى پاك ئەۋلاد تەۋەللۇت بولغاندىن كېيىنلا، مۇسا پەيغەمبەر سەرگەردانلىقتىن توختاپ، ئۆزىنىڭ يېڭى قوۋمىگە يۇرت ـ ماكان بەرگەن ئىكەن!...

ئەبۇلەھەب سۆزدىن توختاپ، ئالدىدىكى سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلىدى ۋە ئاتىخانغا «قانداق، ئېيتقانلىرىم توغرىمۇ؟» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويدى. ئاتىخان يۇمشاق ياستۇقتا جەينەكلىگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى. ئەبۇلەھەبنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى، خۇددى يۇمشاق، ئىللىق بىر قولدەك ئاتىخاننىڭ ئىچ ـ باغرىنى

ئاستا تىرنىلاپ، ئۇ ئاران - ئاران بېسىپ كېلىۋاتقان سېغىنىش ئوتىنى يالقۇنجىتىۋەتتى. بۇ ئوت بىردىنلا ياغ چاچقاندەك لاۋۇلداپ ئۇلغىيىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈشكە، ئازابلاشقا باشلىدى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاتىخاندا بۇنداق سېغىنىش ۋە ئەسلەش تۇيغۇسى خېلى كۆپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن-كىدەك بۇنداق كۈچلۈك ۋە ئاچچىق بولمىغان ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىكى ئىككى قۇلدەك يۇرت - ماكانىنى ئۇنتۇپ، ۋەتەنسىز ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلاپ، چۆچۈپ كەتتى. لېكىن ئاتىخان بۇنداق بولۇشنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاشۇ نامرات، لېكىن ئەزىز؛ ئاشۇ قالاق، لېكىن مۆتىۋەر تۇپراقنىڭ تارىخىنى، مۇھەببىتىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. چۈنكى ئاتىخان ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئاشۇ تۇپراق نېمەتلىرىنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىدە «ئەرك» دەپ شېھىت بولغان تالاي ئەجدادلارنىڭ قۇتلۇق قېنى مەۋجۇتلۇقىنى، ئاشۇ قاندىن ئاپىرىدە بولغان ئۇلۇغ پەرزەنتلەرنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەت بىلەن بۇ تۇپراقنىڭ شان - شۆھرىتىنى جاھانغا يايغان سەلتەنەتلىك ئىز - تارىخنى ياخشى بىلەتتى! شۇڭا، ئۇنىڭ-دىكى يۇرت - ۋەتەن تۇيغۇسى بەكمۇ كۈچلۈك، ساپ ۋە چوڭقۇر ئىدى! پاك ئەقىدە بىلەن سۆيگۈگە تويۇنغان بۇنداق مۇقەددەس تۇيغۇنى ھېچقانداق زامان، ھېچقانداق ئارىلىق يوق قىلىۋېتەلمەيتتى، بەلكى ئۇ، ھالال پەرزەنت يۈرىكىدە ئەبەدىلئەبەد ياشاپ قېلىۋېرەتتى. چۈنكى، ئاتىخاننىڭ نەزىرىدىكى يۇرت - ۋەتەن، ئانا ماكان دېگەن بۇ سۆز قارىماققا ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئۇ شۇ زېمىن، شۇ تۇپراق ئوغلانىنىڭ يۈرىكىدىكى پاك-لىق، ۋاپادارلىق، ئالىيجانابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەڭگۈلۈككە چەمبەرچاس يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق ھېس - تۇي-

غـۇنـى ئۆمـۈر بـويـى قـۇلـلـۇقـتـا ، خارلىقتا ئۆتۈپ ، ھەممىنى — ھۆرلـۇكـنـى ، ئادەملـىـك قەدرىنى ، يۇرت ـ ماكان مۇھەببىتىنى ئۇنـتـۇپ ، پـەقـەت بىر قۇر كىيىم بىلەن ئۈچ ۋاخ تاماقنى بەرگەن ئـىـگـىـسـىنىلا قۇتۇلدۇرغۇچى خۇدا ، دەپ بىلىدىغان ئوممۇھەكىم بىلەن نۇفەل ھەرگىز چۈشەنمەيتتى ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى . ئەمـمـا ، ئاتىخان بىلەن ئەكبەر ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، ئۇلار ئادەتـتـىـكـى كىشىلەر زادىلا ھېس قىلالمايدىغان ، ھەرقانداق بىر كۆچ بىـر ـ بـىـرىدىن ئايرىۋېتەلمەيدىغان بۇنداق سىرلىق ، مۇقەددەس تـۇيغۇنى چىن يۈرىكىدىن قەدىرلەيتتى ۋە شۇ تۇيغۇ بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى !...

مـېـھـماندارچىلىق خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى ، سۆھبەتلەرمۇ قـىـزغـىـن ۋە مـەنـىـلـىـك بـولـدى . ئۇلار شـۇ ئۆيـدە نامازشامنى ئوقۇغاندىن كېيىن قايتىشقا تەمشەلدى . ئۇزاش ئالدىدا ئەبۇلەھەب ئاتىخانغا مۇنداق دېدى :

— ئەگـەر خـالىسا ، ئەكبەر بىزنىڭ خۇمداندا ئىشلىسۇن . ئەمگەك ئېغىرراق بولسىمۇ ، ئۇستىخانلىرى قاتىدۇ .

ئاتىخان دەرھاللا ماقۇللۇق بەردى :

— ھـىـمـمـەتـلـىـرىـگـە رەھمـەت ، تـەخسىر ! ئەتىلا ئىشقا بارسۇن ، ئوغۇل بالا دېگەن قاتتىق ـ يىرىك ئىشتا پىشىدۇ .

ئۇلار خـوشلاشـتـى ، ئەكـبـەر بىلەن ھارىس تەستە ئايرىـلـىـشـتـى . نـۇفـەل ئۇلارنـى ئەبـۇلـەھەبنىڭ چىلان تۇرۇق ئايغىر قـوشـۇلغان «كاررۇ ھارۋىسى» ① دا بەگتۈمۈرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى .

ئۇخلاشـنـىـڭ ئالـدىـدا ، ئەكـبـەر دادىسىدىن بىر ئىشنى سورىدى ، بۇ ئىش يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ، ئۆزى جاۋاب تاپالماي ، تىت ـ تىت بولۇۋاتقان ئىش ئىدى .

① كاررۇ ھارۋىسى — ئەرەبستانلىقلار مەپىنى شۇنداق دەيدۇ .

— دادا ، مەن بىر ئىشقا ھەيران بولۇپ قالدىم ، — دېدى ئۇ بەگتۆمۈرنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋازىنى پەس قىلىپ ، — بۇ يەردىكى خەقلەر نېمە ئۈچۈن تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلمايدۇ ؟ يەيدىغاننى يەپ بولۇپ ، داستىخاننى يىغىشتۇرۇپلا بولدى قىلىدىكەن ، بۇگۇنمۇ ئاشۇنداق بولدى !

ئاتىسخان ئوغلىغا قاراپ ، مەسلىكى كەلگەندەك كۈلۈپ قويدى . بۇ سوئال ئۇنىڭ كاللىسىدىمۇ خېلى بۇرۇن پەيدا بولغان ئىدى . ئۇ ، ئوغلىنىڭ خېلى چېچەن ، سەزگۈر ، كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئۈستىدە كاللا قاتۇرىدىغان ئىجتىھاتلىق چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولدى .

— بۇ ئىشقا سەنمۇ دىققەت قىپسەندە ، ياخشى ! — دېدى ئۇ ئەكبەرنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ، — مەنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ساڭا ئوخشاشلا ھەيران بولۇپ يۈردۈم ، كېيىن چاچ ئالدۇرغىلى كەلگەن بىر ئۆلىمادىن سورىدىم . ئۇ كىشى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى : «تاماقنى ئۆزۈڭ يېدىڭ ، ئۇ پەقەت ساڭىلا تەئەللۇق نەرسە ! ئۇنى ئۆزۈڭ يەپ ، ئارقىدىن ئەرۋاھلارغا دۇئا قىلساڭ ، بۇ دۇئايىڭ ھەرگىز ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا تەگمەيدۇ ! سىلەرنىڭ يۇرتتا يەنە ، ھەر پەيشەنبە كۈنى ياغ پۇرىتىپ ، ئەرۋاھ - روھلارغا ئاتايدىغان ئىش بار ئىكەن . بۇمۇ قاملاشمىغان ئىش . ياغنى پۇرىتىپ ، قۇيمىقىنى ئۆزۈڭ يەپ ، دۇئانى باشقىلارغا قىلساڭ قانداق بولىدۇ ؟ ئەرۋاھلارغا ياغنىڭ پۇرىقى بارامدۇ ؟ ئۆلارنىڭ روھىغا تېگەمدۇ ؟! ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ روھىغا پەقەت ئۈچ نەرسىلا تېگىدۇ : بىرسى ، قۇرئان ئوقۇپ قىلىنغان دۇئا ؛ ئىككىنچىسى ، ئەرۋاھلار يولىدا بېرىلگەن ئۆشرە - زاكات ؛ ئۈچىنچىسى ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى يوقلاپ ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ! بۇنىڭدىن باشقا قىلىنغان ھەرقانداق دۇئا - تىلاۋەت ئۇ-

لۇپ كەتكەنلەرنىڭ روھىغا تەگمەيدۇ !...» . مەن بۇ ئادەمنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ ، قايىل بولۇپ قالدىم . دېمىسىمۇ ، يەيدىغاننى ئۆ-
زىمىز يەپ ، دۇئانى ئۇلارغا قىلساق ، تازا ئادىللىق بولمايدىكەن ...

— لېكىن ، دادا ، بىز ئاللا بەرگەن مەئىشەتنىڭ ھۆرمىتى ،
ئالدىمىزدىكى داستىخاننىڭ ئىززىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز -
دە ! — دېدى ئەكبەر تازا قايىل بولماي ، — بۇنىڭ نەرى خاتا ؟

— ئۇ دېگىنىڭمۇ توغرا ، بالام ! — دېدى ئاتىخان ئوغلى-
نىڭ سۆزىدىكى سالماقنى دەڭسەپ ، — بىزمۇ ئۆزىمىز بىلگەننى
قىلىپ تۇرايلى ، «ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە» دېگەن
گەپ بار !

ئەكبەرنى ئۇيقۇ باستى ، ئۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىۋېتىپ
ئاستا پىچىرلىدى : «شەرئەتنىڭ 72 پۇتىقى بار دېگەن شۇ !
ھەركىم ئۆزىگە يارىشا پەتىۋا چىقىرىدۇ !...»

تۆتىنچى باب

# شاھانە ماكان

## 1

ماكانسىزلىق ئاتىخاننى ھەر كويلارغا سالدى.

ئۇ، دەسلەپ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ «تۇغۇلغىنى تۇغۇلغان يېرىگە قادا» دېگەن ھېكمىتى بويىچە، «مانا كېتىمەن ـ ئەنە كېتىمەن» دېگەن ئۇمىد بىلەن سەرسانلىقتا ئۆتتۈۋەردى. ئەمما، ئۇمىد رېئاللىققا يۈزلەنمىدى، ئۆز ۋاقتىدا تاقالغان يول شۇ پېتى ئېچىلماي تۇرۇۋەردى، بۇنىڭغا ھازىر ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى، بۇ خۇددى ئادەم بالىسى يېشەلمەيدىغان سىرلىق تېپىشماقتەك، بارلىق مۇساپىرلارنى ئۇمىد ۋە ئۇمىدسىزلىك، ئەندىشە ۋە ئىنتىزارلىق ئىچىدە قىيناۋاتقان مۇشكۇل ئىشلارنىڭ بىرسى ئىدى.

لېكىن، نۇرغۇن ئاي ـ كۈنلەر شەپىسىز ئۆتۈپ كەتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر بۇ مۇشكۇللۇكلەرگىمۇ ئاستا ـ ئاستا كۈنۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئاتىخانمۇ سەرسانلىققا تويدى، كىشىلەرگە بېقىنىپ، ماكانسىز يۈرۈشتىن بىزار بولدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ بىر ئۆي-

نىڭ قەدرى ئۆتۈلگەن ئىدى .

بۈگۈن ئاتىخان كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، ئەكبەرنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ، مەھەللىنىڭ بىر چېتىدىكى تاغ باغرىدا خۇددى رەندىلەپ قويغاندەك ، سىلىق تۈت چاسا خەرساڭ تاشلار بار ئىدى . ئۇلار شۇنىڭغا روبىرو ئولتۇردى . ئاتىخان بېشىغا يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن كۆك مانپۇ دوپپا بىلەن ئۇچىسىغا كەندىر گەزلىمىسىدىن ئەرەب پاسونىدىكى كىرتىك ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىدى . ئۇ ، بۇ خىل كۆڭلەكتە ئۆزىنى خېلى ئەركىن ۋە راھەت ھېس قىلاتتى . لېكىن ، ئەكبەر تېخىچە بۇ خىل كۆڭلەكنى كىيىشكە كۆنمىگەن ئىدى . ئۇ ، ھەمىشە ئانىسى تىكتۈرۈپ بەرگەن كالتە يېپەك كۆڭلەك بىلەن كەڭ ئاغلىق خەسە ئىشتىنىنى پات - پات يۇيۇپ كىيىپ يۈرەتتى ، بېشىغا بولسا ، يېشىل شايىدا تىكىلگەن تەپچىمە دوپپا كىيىۋالغان ئىدى .

ئەكبەر ئەتراپىغا قىزىقىپ قارىدى ، ئۇنىڭ ئارقى قاقاس تاغ ، ئىككى يېنى بىر - بىرىگە يانداپ سېلىنغان تاش ئۆيلەر ئىدى . ئەگەر ئادەم مۇنداقلا قارىسا ، ئۆيلەر بىلەن تاغ باغرىدىكى تاشلارنى پەرق ئېتەلمەيتتى . پەقەت سىنچىلاپ قارىغاندا ، ئاندىن ئۆيلەرنى ۋە ھە دېگەندىلا كۆزگە چۈشمەيدىغان ئىشىك - دېرىزىلەرنى پەرق ئېتەلەيتتى . ھەر يىلى قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرى يامغۇر ياغقاندا ، بۇ تاغلار لەپپىدە كۆكىرىپ ، بۇ پايانسىز قاقاسلىقتا گويا بىر پارچە ئىلاھىي يېشىللىق پەيدا بولۇپ ، كىشىلەرگە گۈزەللىكتىن ، ھاياتلىقتىن دېرەك بېرەتتى . بۇنى ئەرەبلەر «ئۆشۈپ» ① دەپ ئاتىشاتتى . بۇ چاغدا قوي - ئۆچكىلەر سەمرىپ ، توخۇ - تۇمانلار يايراپ كېتەتتى . بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بولسا ، خۇددى بىرسى ئوت پۈركۈگەندەك ، بۇ

① ئۆشۈپ — خۇدا بەرگەن كۆكلەمىدانلىق .

يېشىللىق سارغىيىپ، يەنە ئەسلىدىكى قۇرۇق قاقشال ھالىتىگە كېلىپ قالاتتى ...

ئەكبەر ئەمدى نەزىرىنى ئۆيلەردىن ئېلىپ، دەسلەپ تاغقا، ئاندىن ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى، ئۇپۇقتىن بالقىپ تۇرغان رەڭگارەڭ شەپەق ئەتراپتىكى ئېگىز - پەس ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، تاغقا شولا تاشلاپ تۇراتتى. ھەرخىل شەكىلدىكى تاش ئۇيۇتمىلىرى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قوڭۇر تاغ شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ رەڭلىنىپ، جۇلالىنىپ، ئۆزگىچە خاس كۆركەم بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا، تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئىسسىق شامال يۈزنى يۇمشاق سىيپاپ ئۆتتى، ئەتراپ جىمجىت ئىدى، قۇشلارمۇ ئۇۋىلىرىغا كېتىشكەن، پەقەت بىرنەچچە شەپەرەڭ ئۇياقتىن - بۇياققا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ...

ئاتىخان ئوغلىنىڭ تەبئەتكە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پەيزىنى بۇزۇشنى خالىمىدى، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەكبەرنىڭ مەستانە ھالىتىگە قارىدى. ئوغلى ئۇنىڭ كۆزىگە خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك، قامەتلىك ۋە بېجىرىم كۆرۈندى. دېمىسىمۇ، بۇ كۈنلەردە ئەكبەر خېلىلا بوي تارتىپ، بۇرنى كۆپۈپ، سۇمباتلىق يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى. خۇمداندىكى ئېغىر ئەمگەكتىن بۇرۇنقى يۇمشاق، نازۇك قوللىرى قېتىپ، قاداقلىشىپ، ئۇگىلىرى يوغان، پەنجىسى كۈچلۈك قوللارغا ئايلانغان ئىدى. يۈز - كۆزلىرىمۇ كۆيۈك ئاپتاپلىق ئىش مەيدانىدا كۆيۈپ، ئەسلىدىكى قىزىللىقتىن ئۆتۈپ، قوڭۇرغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن ئىدى.

ئەكبەر خۇمداندا يېتىپ - قوپۇپ قاتتىق ئىشلىدى، ئىشلىگەنگە يارىشا، ئەبۇلەھەبنىڭ ماختىشىغا ۋە يۇقىرى ھەق بېرىشىگە ئېرىشتى. ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كەچتە كىرىپ،

دادىسىنى ۋە ئاغىنىسى ھارىسنى يوقلاپ تۇردى . ھارىس بىلەن ئىككىسى بەك ئىچىكىشىپ كەتكەن ئىدى . ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈشمىسە ، ئىز - دېرىكىنى قىلىشاتتى ، كۆرۈشكەندە بولسا ، مۇڭدىشىپ ، ئوينىشىپ قېنىشمايتتى .

بۈگۈن گەرچە جۈمە بولمىسىمۇ ، ئاتىخان ئوغلىنى ئالاھىدە چاقىرىپ ، بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى بولغان ئىدى .

— بالام ، بىر ئۆي سالساقمىكىن ، دەيمەن ! — دېدى ئاتىخان ئاخىر كۆڭلىدىكىنى توپتوغرا ئېيتىپ ، — تىرىك ئادەم ئۈچۈن بىر ماكان بولمىسا بولمايدۇ . ھېلىمۇ قېقىل - سوقۇللۇقتا كۆپ يۈردۇق ، يەنە مۇنداق كېتىۋەرسەك ، خارلىقتا قالىمىز !

— يۇرتقا كېتىپ قالساق قانداق قىلىمىز ؟ — سورىدى ئەكبەر يەنە شۇ ئۈمىد بىلەن دېلىغۇل بولۇپ .

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما ، بالام ! — دېدى ئاتىخان خاتىرجەم ھالدا ، — ئۆي دېگەن ساتسا پۇل ، ئىشلەتسە قۇل ! ئەگەر ئاشۇنداق خۇشال كۈنلەر نېسىپ بولغاندا ، شۇ كۈنلا ئېلىشىغا سېتىپ كېتىۋېرىمىز ، لېكىن ، ئۇ كۈنلەرنى تولا كۈتۈپ ئېگىلىكىمىز چۇشۇپ قالاي دېدى ، — ئاتىخانىنىڭ بىردىنلا ئاۋازى پەسلەپ ، كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى ، — مەنمۇ شۇ كۈنىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ سەرسانلىقتا چىدىغان ئىدىم ، مانا بىر يىل بولاي دەپ قالدى ، ئۇ كۈنلەردىن زادىلا خەۋەر يوق . خۇدا ئۇ كۈننى بىزدىن بەكمۇ يىراق قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ . ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشنى لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرمىساق بولمايدۇ ، بالام . ئىنشائاللا ، ھۈنەر - مېھنەتنىڭ شاراپىتى بىلەن خۇدا ئاز - تولا پۇل بەردى . مەن ھېسابلاپ كۆردۈم ، قولىمىزدىكى پۇل بىلەن باش - ئايىغىمىز پاتقۇدەك بىرەر ماكان قۇرۇپ چىقالىغۇدەكمىز !

ئەكبەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ خىيالغا پاتتى ، دادىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى قايىل قىلغان ئىدى . دېمىسمۇ ، ئۆي - ماكانسىز يۇرۇۋېرىش ئۆز - ئۆزىنى خارلاش بولاتتى .

— ياخشى ئويلاپسەن ، دادا ! — دېدى ئۇ ئاتىخاننىڭ ئويچان ، مۇلايىم چىرايىغا قاراپ ، — ئۆي سالساق سالايلى ، لېكىن ئۆيلۈك يەرنى قانداق قىلىمىز ؟ كىم بىزگە يەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ ؟

ئاتىخان بۇ سوئالغىمۇ تېزلا جاۋاب بەردى :

— مەن بۇ ئىشنىمۇ ئويلاپ قويىدۇم ، مەقسىتىمىزنى ئەبۇلەھەبكە ئېيتساق ، بىرەر ئامالىنى قىلىپ بېرەر ، دەپ ئىشىنىمەن !

— بولىدۇ ، دادا ! سەن ئەبۇلەھەب تاغام بىلەن سۆزلىشىپ باق ، — دېدى ئەكبەر خۇشاللىق بىلەن ، — ئۆي ئورنى ھەل بولسىلا ، تېزراق تۇتۇش قىلايلى ، مەن خۇمدانىدىن ئىش ھەققىمگە ھېسابلاپ خىش ئالاي !...

ئاتا - بالىنىڭ بۈگۈنكى سۆھبىتى شۇ يەرگىچە بولدى . ئاتىخان ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنىڭ ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاياجانلاندى . ئۇ ، بۇ پىلاننى كۆڭلىگە پۈككەندە ، ئۆزىنى ئەمەس ، كۆپرەك ئەكبەرنى ئويلىغان ئىدى . ئەكبەر تېخى ياش ، ھاياتلىق يولىغا ئەمدى قەدەم بېسىپ كىردى ، ئۇنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئىشلار بار ؛ ئۆزى بولسا ، ئاللىقاچان ئەللىكتىن ھالقىپ ، ھايات داۋسىنىڭ بۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەم . داۋاندىن چۈشۈش بەكمۇ تېز ۋە خەتەرلىك بولىدۇ ، ئالىمادىن ، بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قالسا ، قانداق بولىدۇ ؟! ئۇغۇ بۇ دۇنيانىڭ غوۋغالىرىنى ئارقىغا تاشلاپ ، مەڭگۈلۈك راھەتكە كېتەر ! ئەكبەرچۇ ؟ ئۇ قانداق قىلىدۇ ؟! يەنە مۇشۇ بىگانە زېمىندا ، ئاتا جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ،

سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا ئۆي ـ ماكانسىز يۈرەمدۇ ؟! كىم ئۇ-نىڭ بېشىنى سىلايدۇ ؟ كىم ئۇنىڭ يالغۇز بېشىنى ئوڭلايدۇ ؟!...
بۇلارنى ئويلىسا، ئاتىخاننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كېچە ـ كېچىلىرى ئۇيقۇسىز ئازابلىناتتى، ئۆزىنى بەكمۇ ناقابىل، يارام-سىز ئاتا ھېسابلاپ، ئۇنى بۇ يەرگە زورلاپ ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ ئۆكۈنەتتى. لېكىن، ھازىر ئۆكۈنىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، بەلكى بۇ ئاچچىق، شەپقەتسىز رېئاللىق ئالدىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىپ ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇشقا ئالدىرايدىغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ، ئەكبەرنىڭ تالادا قېلىشىنى خا-لىمايتتى، بۇ جەھەتتىكى بۇرچىنى ئادا قىلمىسا، ئۆلسىمۇ مەڭگۈ كۆزى يۇمۇلمايتتى!

## 2

ئەبۇلەھەبنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيلۈك يەر تېزلا ھەل بولدى.
ئەبۇلەھەب ئەسلىدە، بۇلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇش ئۈچۈن «ئەشەمىيە» مەھەللىسىدىن يەر ھەل قىلىشنى ئويلىغان ئىدى، لېكىن بۇ يەر ئاتىخان ھۈنەر قىلىدىغان ھەرەمدىن يىراقراق بولغاچقا، ئۇنىڭ كېلىپ ـ كېتىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەنىلا بۇلار كۆنۈپ قالغان «مۇسفىلە» مەھەللىسىدىن ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ بەردى.
بۇ ئىشنىڭ بۇنداق تېز ھەم ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇشىدا، ئەبۇلەھەبنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ئادەم ئالىيجانابلىقى، پاك، غەرەزسىزلىكى ۋە خالىس نەزەرلىكى بىلەن مەككىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يۇقىرى شەرەپكە ئېرىشكەن ئىدى.

— يەرنى جىقراق ھەل قىلدىم، — دېدى ئەبۇلەھەب شەھەر قازىسىنىڭ مۆھرى بېسىلغان بىر پارچە قەغەزنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، — ئەكبەر چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنلىكىنى كۆزدە تۇتمىساق بولمايدۇ. مەككە يىلدىن - يىلغا كېڭىيىپ، ئادەملەرمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ، مەن سىلىگە ئېيتسام ئۇستام، تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، ھەجىلە، مۇئەبدە، ھەرەت ئەلباق دېگەن يەرلەردە ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى، ھازىر قارىسىلىرى بەس - بەستە ئۆي - ئىمارەتلەر سېلىنىپ، ئادەملەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مەككە ئۆز زامانىسىدىن تارتىپلا، ئۆز ۋەتىنىدە دىنىي ياكى ئىرقىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ پاناھگاھى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ يەردە شاملىقلار، مىسىرلىقلار، ھەبەشىستانلىقلار، رۇملۇقلار ۋە ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان. ھازىر بۇنداقلارنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ. ئاددىيسى، ھەرەمنىڭ يېنىدىكى «جۇدىرى» بازىرىنى ھىندىستانلىق تىجارەتچىلەر ئىگىلەپ بولدى. شۇڭا مەن، يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆيلۈك يەرنى جىقراق كەستۇردۇم. ھازىرچە بىر - ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ، قالغىنىنى تام چۆرۈپ، ئۆز ئىلكىمىزدە تۇتۇپ تۇرساق، كېيىنچە قۇرۇق يەردىن پۇل تۇغۇلىدۇ!...

مانا بۇ، ئۇزاق يىل تىجارەتتە پىشقان، ھازىرقى ئىشلارغا قاراپ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەر بىر ئادەمنىڭ ئىنچىكە ھېساب - كىتابى ئىدى!

ئۆيلۈك يەر ھازىرقى كۆجۈم مەھەللىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغنىڭ باغرىدا ئىدى. بۇ يەردىن ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىممۇ كەلمەيتتى. ئاتىخان ناھايىتى تېزلا ئىش باشلىۋەتتى. دەسلەپ، كونا ئېرىم بويىچە، بىر پاخلان سويۇپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بەردى، ئاندىن مەدىكار

بازىرىدىن كۆچلۈك، ساغلام مەدىكارلارنى سېتىۋېلىپ، ئۆيگە ئۇل قويدى. تاش - تۇپراق ياندىلا ئىدى، قانچىلىك ئىشلەتسە شۇنچىلىك چىقاتتى، ئەكبەر خۇمداندىن يېتەرلىك خىش توشۇپ بەردى، بەگتۆمۈر ئۆي قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك تۆمۈر - تەسەكلەر بىلەن تەمىنلىدى...

ئاتىخاننىڭ ئىش مەيدانىدا مىختەك قادىلىپ تۇرۇشى بىلەن بۇ قاقاس تاغ باغرىدا يەنە بىر ھاياتلىق نىشانى بولغان بىر ئېغىز ئۆي تېزلا قەد كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ سەينا — يەنە 10 ئېغىز ئۆي سىغقۇدەك تۈپتۈز زېمىن بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى قورۇق تام بىلەن قورشىلىپ، ئاتىخانغا تەۋە مۇقىم مۈلۈك بولۇپ قالدى. ھويلىنىڭ تاق قاناتلىق ئىشىكىگە لوك ① ئورنىتىلدى.

لوك ئورنىتىلغان چاغدا، ئەكبەر ئىختىيارسىز ھالدا يۇرتىدىكى يېزا ئۆيلىرىنى، باغ - قورۇقلارنى ئەسلەپ كەتتى. ئۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيلىرىگە، باغلىرىغا لوك سالاتتى. ياغاچتا ياسالغان مۇنداق قۇلۇپ ھەم ئەرزان، ھەم مۇستەھكەم بولاتتى. لېكىن ئېپىنى تېپىپ بىرئاز پەم ئىشلەتسە، ئېچىۋەتكىلىمۇ بولاتتى. ئەكبەر بىرنەچچە قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن سەھراغا چىقىپ، لوك سېلىنغان باغلارنىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئاچقان ۋە ئوغرىلىقچە باغقا كىرىپ، مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇل، توغاچلارنى تويغۇچە يېيىشكەن ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ قىزىقىنى يالغۇز لوكلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يۇرتىدىكىگە ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكى ئىدى. بۇ يەردىمۇ ئىۋرىق، كوزا، سۇيى سوغۇق كۇپ، ھېجىر تاۋاق، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ قوشۇقلار بار ئىدى. باللار كۆكۋاش پە-

---

① لوك — تامنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقايدىغان ياغاچ قۇلۇپ.

شۇرۇپ يەيتتى ، ئۆيلەرگە بورا سالاتتى ، باغۋارانلارغا ئەنجان تام سوقاتتى ، كىشلەر ئەتىگەندە زاسۇي ئىچەتتى ، ياغلارنى جۇۋازدا تارتاتتى ، ئات ـ ئېشەكنى مومىغا باغلاپ تاقىلايتتى ، خاماندا ئىشلىتىدىغان ئارا ـ گۈرجەك بار ئىدى ، قىسقىسى ، ئاياللار نان ياقاندا ئىشلىتىدىغان رېپىدە بىلەن چۆگۈن تۈتىدىغان تۇتقىچقىچە ئوپمۇئوخشاش ئىدى ...

ئۆز يۇرتىدىن شۇنداق يىراق بىر يەردىكى ، ئوخشاشمىغان مۇھىت ، ئوخشاشمىغان خەلقلەر ئارىسىدىكى بۇنداق تەبىئىي ئوخشاشلىق ئەكبەرنىڭ باللارچە تەپەككۇرىنى قوزغىۋەتكەن ئىدى . ئۇ ھەم قىزىققان ، ھەم ھەيران بولغان ھالدا «بۇلار نېمە ئۈچۈن باشقىچە بولماي ، بىزدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ ؟» دەپ ئويلايتتى ۋە بۇنداق ئوخشاشلىقتىن ئۆزىگە بىر خىل يېقىنلىق سېزەتتى . شۇلارنى ھەممىشە كۆرۈپ تۇرسا ، گويا ئۆز يۇرتىدا يۈرگەندەك ، ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلاتتى .

ئەكبەر لوك ئورنىتىلغان كۈنى بۇ ھەقتىكى قىزىقىشى ۋە ھەيرانلىقى توغرىسىدا دادىسىغا سۆزلەپ بەردى . دادىسى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى :

— ئاللا ئۆز بەندىلىرىنى ئوخشاش ياراتقان ئوغلۇم . ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يولىدىكى ئىشلىرىمۇ ئوخشاش . شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز « ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرنى قىلمىغىن ئارزۇ ، ھەممە يەردە باردۇر ئوخشاش مىزان ـ تارازۇ »دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان !

ئاتىسى بىلەن ئەكبەر بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى . ئۇزۇنچاق كەلگەن ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇراق بولۇپ ، تورۇستىكى تۆمۈر ۋادەكلىك تۈڭلۈك بىلەن ھويلىغا قارىغان تۆت چاسا پەنجىرىدىن باشقا بىرەر دېرىزىمۇ يوق ئىدى . كونىراپ كەتكەن بىر پارچە پارس گىلىمى ، يۇمىلاق

شىرەنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان بىرقانچە كۆرپىچەك بۇ ئۆينىڭ پۈتكۈل بىساتى ئىدى. قارا سۇۋاق قىلىنغان ئۆينىڭ قىبلە تېمىغا ھەمزەكتىن ئىككى غۇلاچچە زەدىۋال تارتىلغان ئىدى. زەدىۋالنىڭ ئاستى تەرىپىدە رەتلىك يىغىپ قويۇلغان بىر قۇر كونا يوتقان - كۆرپىلەر تۇراتتى.

ئۇلار سالقىن ئۆينىڭ ئىچىدە بىردەم ئېغىناپ، بىردەم مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ، راھەتلىنىپ ياتتى. شۇ بىر دەقىقىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئون نەچچە كۈنلۈك ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك بولدى.

— ئاخىر ئۆزىمىزنىڭ ماكانى بولدى، ئوغلۇم! — دېدى ئاتىخان ھاياجان بىلەن، — گەرچە بۇ نامرات، كۆرۈمسىز ئۆي بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇنى شاھانە ماكانلارغا تەڭ قىلمايمەن! چۈنكى، بۇ بىزنى سەرسانلىقتىن، خارلىقتىن قۇتۇلدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇساپىرچىلىقتا يۈرۈپ تاپقان ھالال پۇلىمىز بىلەن پۈتتى. ئېسىڭدە بولسۇن ئوغلۇم: بۇ دۇنيا ئامانەت دۇنيا، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتسە بولۇۋېرىدۇ. ھەقىقىي كاپالەت ئۇ دۇنيادا. ئۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى مەڭگۈلۈك!

ئۇلار كەچلىك چاينى تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىدە قاينىتىپ ئىچتى، چايدىن كېيىن ئاتا - بالا شام چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇزاققىچە گەپلىشىپ ئولتۇردى.

خۇپتەندىن كېيىن، ھاردۇق يەتكەن ئاتىخان ئورنىغا كىرىپلا ئۇخلاپ كەتتى، ئەكبەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۆي دىمىق بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەلەردىندۇر كىرىۋالغان بىرنەچچە پاشا ئۇنىڭ ئەتراپىدا غىڭشىلداپ، ئوچۇق يەرلىرىنى چېقىپ، زادىلا ئارامىنى قويمىدى. ئاخىر ئەكبەر بىر كۆرپىنى قولتۇقىغا قىسىپ، مەھەللىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ قۇملۇققا كەلدى، بۇ يەر ئوچۇقچىلىق بولغاچقا، شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

شۇڭا پاشىلارمۇ يوق ئىدى . ئەكبەر ئىسسىق قۇم ئۈستىگە كۆرپىنى سېلىپ ، سوزۇلۇپ ياتتى . غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىيپاپ ، ئەتىگەندىن بېرىقى ئىسسىقتا تىنچىققان بەدىنىگە ئاز - تولا راھەت بەخش ئەتتى . ئەكبەر بۇ يەردە يالغۇز ئەمەس ئىدى ، ئۆيلىرىدىكى دىمىق بىلەن پاشىدىن قېچىپ چىققان ئەرلەر ، ئاياللار ۋە كىچىك باللار ئۇ يەر - بۇ يەردە قۇمغا ئېغىناپ ، بەزىلىرى ئۇخلاپ ، بەزىلىرى پاراڭلىشىپ يېتىشاتتى . ئەكبەر بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ، ئاس- مانغا قارىغىنىچە ئوڭدا ياتتى . كۆكتىكى تولۇن ئاي پايانسىز دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن يوغان بىر پارچە ئاق سەدەپتەك پارقىراپ تۇراتتى .

ئەكبەرنىڭ خىيالى يەنە يۇرتقا كەتتى ، تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە ، ئۆيى ئەتراپىدا ئۆسۈپ تۇرغان سۆۋادان تېرەك ۋە شۇ تېرەك يېنىدا شىلدىرلاپ ئاقىدىغان لايقا ئېرىق ، بىر زامانلار شەھەر سىرتىدا ئاغىنىلىرى بىلەن لەگلەك ئۇچۇرغان ، ۋەللەي تۈۋلىغان قەدىمكى يارلىقلار ، تۆپىلىكلەر ... ئانىسىنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى ، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ تاتلىق كۈلكىلىرى ... نامايان بولغاندەك ، بۇ نەرسىلەر ئەسلىدىكى قىياپىتى بويىچە قىلىقلىنىپ، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئەكبەر ئۆزىنى بىر سىلكىپ ، بۇ ئازابلىق خىيالىي دۇنيادىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاسمانغا قارىدى ، ئاي ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئېسىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى . ئەكبەر بىر چاغلاردا ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئانىسى بىلەن بىللە ئۆگزىدە يېتىپ ، ئاسماندا ئاشۇنداق ئاينى كۆرگەن ئىدى . ئۇ چاغدا ، ئانىسى ئۇنىڭغا ئاي توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىق ، گۈزەل ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى . ھازىر ئەكبەر ئەنە شۇ ھېكايىلارنى قايتا ئەسلىدى ۋە ئاس- ماندىكى تولۇن ئايغا قاراپ ، ئاستا پىچىرلىدى :

«ئەي غۇبارسىز ، ئەركە ئاي ! سېنىڭ مۇشۇ نۇرلۇق شولاڭ شۇدەم يۇرتۇمدىكى ئۆيلەرنى ، باغلارنى ، تاغ - دەريالارنى مۇشۇ يەردىكىدەك يورۇتۇپ تۇرامدىغاندۇ ؟! ئۇ يەردىكى ئانام ، ئاچا - سىڭلىم ۋە ھېلىقى مەن تېخى كۆرمىگەن قېرىندىشىم سېنىڭ پارقىراق چىرايىڭنى ماڭا ئوخشاش كۆرەلەمدىغاندۇ ؟! مەن ئۇلارنىڭ سېنى كۆرەلىشىنى ، سېنىڭ بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنىڭ ئۇچرىشىشى ئۈچۈن كۆۋرۈك بولۇپ بېرىشىڭنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە ؟!

ئاھ ، ئانا ! لېكىن سەن ھازىر ئاشۇ ئاسماندىكى ئاي - يۇلتۇزلاردىنمۇ يىراقتا ، بەكمۇ يىراقتا !...

ئاھ ، خۇدا ! بۇ نېمىدېگەن ئېغىر ، نېمىدېگەن ئۇزاق جۇدالىق !؟ سەن پۈتۈن كائىناتنى ، يەر - زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ، ئالەمنى سەرەمجانلاشتۇرغۇچىسەن ، ھا- يات - ماماتنىڭ ئىگىسى ، ئىنسانىيەتنىڭ پاناھى ، خەير - ئېھسانلارنىڭ بۇلىقىسەن ! لېكىن ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئاھۇ - پەريادىم ساڭا يەتمەيدۇ !؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ ؟! مەن قايسى گۇناھىم ئۈچۈن بۇنچە ئېغىر دەردنى تارتىشقا ھەقلىق ؟! ئەي كۆيۈمچان ئاللا ، مېنى ئانام بىلەن ئۇچراشتۇر- غىن . مەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ، ئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي ! يۇرتۇمغا يول بەرگىن ، مەن ئۇنىڭ مېنى ئاپىرىدە قىلغان تۇپراقلىرىنى سۆيۈپ ، كۆزۈمگە سۈرتەي !...»

ئەكبەرنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ كەتتى ، ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي ، ئانىسىدىن ئايرىلغان كىچىك بالىسىدەك بوز- لىدى ...

ئەكبەر شۇ ھالەتتە قانچىلىك ياتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى ، بىر چاغدا قۇمنىڭ ئوتلۇق تەپتى كۆرپىدىن ئۆتۈپ ، بەدىنىنى قىزىتىشقا باشلىغاندىلا ، ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېڭى ئۆيدە

«دادامنى قارا بېسىپ قالمسۇن» دەپ ئەنسىرەپ ، ئىنىنىڭ ئۆي تەرەپكە ماڭدى .

ئەتىسى ، ئەبۇلەھەب يېڭى ئۆينى تەبرىكلەپ كەلدى ۋە هويلىنىڭ بىر چېتىگە ئۆز قولى بىلەن بىر تال كۆچەتنى تىكىپ مۇنداق دېدى :

— بىز بۇ دەرەخنىڭ ئىسمىنى «نىم» دەپ ئاتايمىز ، بۇ بەك خاسىيەتلىك دەرەخ ، ئۇنىڭ سايىسىدا ياتقان ئادەم ھەرگىز ئۆپكە كېسىلى ، زۇكام بولمايدۇ . يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ ، سۇيىدە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ، قوتۇر بولۇپ قالغان ، ئىسسىتما بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ بېشىنى يۇيسا ، دەرھال شىپا بولىدۇ . سەن بۇنى قۇرۇتۇپ قويما ئەكبەر . كۆندە ئاز - ئازدىن سۇ قۇيۇپ بەرسەڭ چوقۇم كۆكلەپ كېتىدۇ !

— ئىنشائاللا ، دېگەنلىرى بولىدۇ ، تەخسىر ! — دېدى ئاتىخان ھۆرمەت بىلەن ، — بۇ بەكمۇ مەنىلىك ئىش بولدى ، يېڭى ئۆيگە يەنە بىر يېڭى ھاياتلىق قوشۇلدى . بىز بۇنى چوقۇم ئەي قىلىمىز !

## 3

بەگتۆمۈرنىڭ ئۆيى بۈگۈن بايرام خۇشاللىقىغا چۆمدى . ئون نەچچە ئادەم بۇ كىچىككىنە ، تار ئۆيدە قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى . ھاۋانىڭ ئىسسىقى ، ئادەملەرنىڭ تىنىقى قوشۇلۇپ ، ئۆينى گويا پار مۇنچىسىدەك قىزىتىۋەتكەن ئىدى . لېكىن ، ئازىر ھېچكىم بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى . ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ، دىققىتى بەگتۆمۈرنىڭ قولىدىكى مۆجىزىلىك خەتتە ئىدى .

بۈگۈن چۈش ۋاقتى بىلەن بوينىغا خالتا ئاسقان بىر ئەرەب پوچتىكەش ئۇنىڭغا «يۇرتۇڭدىن كەپتۇ» دەپ بىر پارچە

خەتنى بەرگەن ئىدى. بۇ خەۋەر خۇددى شامالدەك پۈتۈن شەھەرگە گۈررىدە تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان كونا - يېڭى مۇساپىرلار بۇ كۆتۈلمىگەن خەۋەرنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆيىگە پايپاسلاپ كېلىشكەن ئىدى.

ئۇلار ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا، تۇشمۇتۇشتىن سوئال سوراپ، بەگتۆمۈرنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— خەت كەلدىما ؟

— يۇرتتىن راستلا خەت كەلدىما ؟

— قاچان كەلدى ؟

— قانداق كەپتۇ ؟

— خەتتە نېمەدەپتۇ ؟

— يۇرتىمىز تىنچمىكەن ؟

— قانداق بوپ كېتىپتۇ ؟

...

ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقبقاندىن كېيىن، ئارىدىكى مويسىپىت بىر ئادەم بەگتۆمۈرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئوغلۇم، ئوقۇغىنا، خەت دېگەن يېرىم دىدار، نېمە گەپلەر بار ئىكەن ئاڭلاپ باقايلى!

خەت بەگتۆمۈرنىڭ سىڭلىسىدىن كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى يوغان سېرىق كونۋېرتنىڭ ئالدى - ئارقى خىلمۇ - خىل ئىجىر - مىجىر خەتلەر بىلەن ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل رەڭدىكى تامغىلارغا تولغان ئىدى.

«مەككىدىكى ئاكام بەگتۆمۈرگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلغان بۇ بىر پارچە خەتنىڭ يەتتە ئايدىن بېرى نەلەردە يۈرۈپ، نەلەردە ئايلىنىپ، قانداق بىر ئىلاھىي كۈچ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھازىر ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇلار پەقەت

تۈيۈقسىز ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان بۇ بىر پارچە خەتنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى مەككە زېمىنىدا سادىر بولغان غايەت زور مۆجىزە ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

بەگتۆمۈرنىڭ خەت تۇتۇپ تۇرغان قولى تىترەۋاتاتتى. ئۇ، يۈرەك - باغرىنى ئېزىپ، كۆزىگە ئاچچىق ياش كەلتۈرگەن بۇ خەتنى قايتا ئوقۇشتىن قورقاتتى، لېكىن ھازىر قايتا ئوقۇمىسا بولمايتتى، شۇنچە ئادەم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇراتتى، بەگتۆمۈر ئامالسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى مىسكىن ھەم تىترەڭگۈ ئىدى:

«... جېنىم ئاكا، سەن نەدە؟ دادامچۇ؟ سىلەر بىزنى قويۇپ چىقىپ كەتكەن پېتى شۇنچە يىل ئىز - دېرەكسىز بولۇپ كەتتىڭلار! سىلەر بۇ دۇنيانىڭ بىرەر يېرىدە بارمۇ؟! قارىسام كۆز نۇرۇم، تىڭشىسام ئاۋازىم يېتەمدۇ؟! جېنىم ئاكا، گەپ قىلە؟! دادامنى بەكمۇ سېغىندىم، مەندەك بىر ئاجىز قىزىنى ئۇنتۇمىسا بولاتتى!؟ ئانام قېرىپ كەتتى، ئاكا! ھەمىشە سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ يىغلايدۇ، تولا يىغلاپ كۆزىمۇ خىرەلىشىپ قالدى! سەن قاچان كېلىسەن، ئاكا! ئانامنى بولسىمۇ خۇشال قىلىپ، رازىلىقىنى ئال! ...

يۇرتىمىز ئازاد بولدى... ھەممە يەر كوپېراتسىيىلەشتى!...

ئانامنى بەشتە كاپالەت ئائىلىلەر قاتارىدا ھۆكۈمەت بېقىۋاتىدۇ!...

قوشنىمىز جامال ئاتچى ھىندىستان چېگرىسىغا بارماقچى ئىكەن، شۇ يەرگە بارغاندا ئەۋەتىپ بەرسىلە دەپ، بۇ خەتنى يېزىپ بەردىم، ئىنشائاللا، قولۇڭغا تېگەر! خۇدايىم بىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىزنى بىكار ئاقتۇرماس، دادامنى، سېنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرەر! ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزى ھەمىشە ئىشىكتە!...»

بەگتۆمۈر توختاپ قالدى، ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان

ھەسرەتلىك ياش ئۇنىڭ كۆز نۇرىنى توسۇۋالغان ئىدى ، بەگ-
تۆمۈرنىڭ خەتنى داۋاملىق ئوقۇشقا مادارى يەتمىدى . ئۇ ، ئىچ -
ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان «ئانا!» دېگەن مۇڭلۇق بىر نىدا بىلەن
لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ، بەگتۆمۈرنىڭ كۆز ئالدى
قاراڭغۇلىشىپ ، دەسسەپ تۇرغان زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك ، ئاس-
ماندىكى قۇياش يەرگە يورۇقلۇق ئەمەس ، بەلكى قاراڭغۇلۇق ،
زۇلمەت ئېلىپ كەلگەندەك بولۇپ كەتكەن ئىدى ...
ئۆي ئىچىدە ئېسەدىگەن ، مىشىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا
باشلىدى . بەزىلەر خۇرسىناتتى ، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى ،
بەزىلەر بولسا ، ئاۋازىنى قويىۋېتىپ ، « ئاھ خۇدا ! » دەپ نالە
قىلاتتى ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇرتى ، ئاتا - ئانىسى ،
بالا - چاقىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى توغرىسىدىكى خىياللارغا
غەرق بولۇپ ، سېغىنىش ، ھىجران ، ۋىسال ئوتىدا پۇچىلىنىۋا-
تاتتى !...
مۇڭ ۋە ھەسرەتكە تولغان ئېغىر سۈكۈنات بىرئاز
كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ، كىشىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىشكە باش-
لىدى :
— يۇرتىمىز ئازاد بولدى دەپتۇ ، بۇ نېمە دېگىنىدۇ ؟
— ھېلىقى « كوپىراتسىيىلەشتى» دېگىنىچۇ ؟
...
جاۋابتىن سوئال كۆپ ئىدى ، ھەركىم ئۆزىچە مۇلاھىزە
قىلىپ ، ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى ، لېكىن ھېچكىم توغرا
ۋە دەل جاۋاب بېرەلمەيتتى . بەزىلەر ھەتتا كۈلكىلىك ، بىمەنە
گەپلەرنىمۇ قىلىشتى . ئەمما ، نېمە دېگەنبىلەن بۈگۈن ئۇلار يۇر-
تىنىڭ خەۋىرىنى ، ھىدىنى ۋە سېغىنىشنى ئېلىپ كەلگەن بۇ
ئاددىي خەت بىلەن دىدارلىشىپ ، ئۇزاقتىن بېرى ھېس قىلىپ
باقمىغان شاد - خۇراملىق بىلەن ھەسرەت - نادامەتكە چۆمدى .

جۇدالىقتا جان تالىشىۋاتقان بۇ مۇساپىرلارنىڭ كۆكسىدە نەچچە يىللاردىن بېرى ياشىرىپ كەلگەن دىل تۇتىياسى ـــ ئانا تۇپراق سۆيگۈسى لاۋۇلداپ ياناتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ تۇپراق ئاددىي تۇپراق ئەمەس، بەلكى قانچىلىغان قان ـ تەر، قانچىلىغان كۆز ياش، قانچىلىغان ئانا سۈتى تۆكۈلگەن مۇقەددەس تۇپراق ئىدى. شۇڭا ئۇلار كۆزلىرىنى ئاسماندىن ئۈزمەي نە ـ نەلەردە ياشىسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەزىز خاكى كۆمۈلگەن ئاشۇ تۇپراققا تەئەللۇق دەپ بىلەتتى!...

بەگتۆمۈرنىڭ ئۆيى كەچكىچە ئاشۇ ئادەملەرنىڭ سۆھبىتى ۋە ئەسلىمە ـ خاتىرىلىرى بىلەن ئاۋات بولدى. پەقەت قاراڭغۇ چۈشۈپ، ناماز خۇپتەنگە ئەزان چىققاندىلا، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ ئۆيدىن چىقتى.

بەگتۆمۈر ئەتىسى ھېلىقى نامرات پوچتىكەشنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا باشقىدىن تەشەككۈر ئېيتتى ۋە خېلى كۆپ پۇل ئىنئام قىلدى. چۈنكى، خەت مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تۆت ـ بەش كۈنگىچە زېرىكمەي، ئېرىنمەي ئىزدەپ يۈرۈپ، بەگتۆمۈرنى تەستە تاپقان ئىدى.

بۇ بىر پارچە خەتنىڭ جاھان ئايلىنىپ، تاسادىپىي كېلىپ قېلىشى ئەكبەرگە ئىلھام بولدى. ئۇ، «مەنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن خەت يېزىپ سالسام، بىرسى تەگمىسە، بىرسى تەگمەمدۇ؟» دېگەن ئۈمىد بىلەن، قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئانىسىغا خەت يازدى:

«سالام، سۈزۈك سۇدىن خۇي ئالغان، قىزىلگۈلدىن بوي ئالغان، تولۇن ئايدىن نۇر ئالغان مېھرىبان ئانامغا ...»

ئۇ، خەتنىڭ ئاخىرىنى يۇرتىدا يادلىۋالغان مۇنۇ بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

«ئانام سورىسا، ئاكام سورىسا،
مېنى بۇ يەردە بار دەڭلا.
بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان،
جۇدالىقتىن ئاھۇزار دەڭلا!»

ئەكبەر بىر ئاي ئىچىدە ئاشۇنداق خەتتىن ئون نەچچە پارچە يېزىپ سالدى. لېكىن، ئۇ خەتلەرنىڭ بىرسىمۇ بۇنداق قاتمۇقات تاغ - داۋان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ، يۇرتىغا يېتىپ بارالمىدى!

## بەشىنچى باب

# مىسىردىن كەلگەن ئەلچى

### 1

ئاتىخان ھەرەم مەسچىتىنىڭ يېنىدىن چىرايلىق بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى. ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا، دۇكاننىڭ ئىچى - سىرتىنى پاكىز ئاقلاپ، ئۇدۇل تامغا يوغان ئەينەك بېكىتتى، جوزا - بەندىڭلارنى تولۇقلىدى ۋە دۇكاننىڭ ماڭلىيىغا ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە «ئاتىخان ساتىراشخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان كۆركەم بىر ۋىۋىسكىنى ئاستى.

ھازىر ئۇنىڭ دۇكىنى خېرىدار - چۆپقەتلەرلا ئەمەس، بەلكى يېراق - يېقىندىكى تونۇش - بىلىشلەرمۇ كىرىپ، يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدىغان، سوقا - سۆھبەت قۇرۇپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان قايناق سورۇنغا ئايلانغان ئىدى.

بۈگۈن كەچكە يېقىن دۇكان خېلى ئازادە بولۇپ قالدى. ئاتىخان يەرلەرنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ، سۇ چاچتى، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرىۋالغان پاشا - چىۋىنلەرنى لۆڭگە بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن دۇكاننىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان كۆپتىن بىر نوگاي مۇزدەك سۇ ئېلىپ ئەمدى ئىچىپ تۇرۇشىغا، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان سالاپەتلىك بىر

خېرىدار «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، پۈتۈن- لەي ئەرەبچە كىيىنىۋالغان ئىدى. قارا ئېقال بىلەن باسۇرۇپ ئالغان ئاپئاق يېپەك روملى گەدىنىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ- چىسىدىمۇ ئۇشۇقىغىچە يېپىپ تۇرغان ئاق يېپەك كۆڭلەك بار ئىدى. شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، كۆڭلەكىنىڭ تۈگمە- سىنى ھەم ئېتىۋالغان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ قولىدا ناھايىتى چىرايلىق، پارقىراق ھېقىق تەسۋى تۇراتتى. ئۇنىڭ قورۇق باس- قان كەڭ ماڭلىيىدىن، نۇرى قاچمىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ۋە پارقىراپ تۇرغان قارىمۇتۇق چىرايىدىن ئەقىل - ئىدراكلىق، كۆپ ئىش كۆرگەن، دىلكەش ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئاتىخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭغا سالام ياندۇردى. خېرىدار ئۇدۇل بېرىپ، ئەينەكىنىڭ ئالدىدىكى يۆ- لەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇردى ۋە بېشىدىكى روملى بىلەن ئېقالنى يېنىغا ئېلىپ قويدى. ئاتىخان ئۇنىڭ بوينىغا پەرتۇق تار- تىپ شالاڭشىشقا باشلىغان ماش گۈرۈچ چېچىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

ئاتىخان مېھرى ئىسسىق، ناتونۇش بۇ خېرىدارنىڭ چې- چىنى ناھايىتى سىلىق چۈشۈردى، ساقىلىنى تۈجۈپلەپ ياسىدى، غول ۋە بىلەكلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يېنىك سىلكىدى، بار- ماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ناھايىتى تېتىك ۋە راھەتلىك قىلىپ قويدى.

— قوللىرى بەك يەڭگىل ئىكەن ئۇستام، — دېدى بۇ ئادەم رازىمەنلىك بىلەن ئاتىخانغا قاراپ، — قاچانلاردىن مۇنداق ياخشى ھۈنەرنى ئۆگىنىپ ئالغانتىلە؟

ئاتىخان جاۋاب بېرىشنىڭ ئالدىدا بۇ ئادەمگە لەپپىدە بىر قارىدى، ئۇ بايىدىن بېرى بۇ ئادەمنىڭ ئەرەب ياكى ئۆز يۇرتلۇقى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ياكى سوراشقا پېتىنالماي، تىت - تىت

بولۇپ تۇرغان ئىدى ، مانا ئەمدى بۇ ئادەم ئۆزى ئۇنىڭغا گەپ قىلىدى ، گەپ قىلغاندىمۇ تولۇق ۋە راۋان ئانا تىلدا سۆزلىدى ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاز - تولا خوتەن پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى .

— 10 ياشقىچە قارىيخانىدا ئوقۇدۇم ، — دېدى ئاتىخان ناھايىتى تەبىئىي ۋە ئەركىن ھالدا ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ ، — لېكىن « ئىنناﺋەتەينا » نى يادقا ئالالمىدىم . دادام زەھمەتلىك خاپا بولۇپ ، « تىلىڭ ئوقۇشقا كەلمىگەن بولسا ، قولۇڭ ھۈنەرگە كەلسۇن » دەپ بىر ساتىراشقا شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەردى ، ئۇستام تازىمۇ زەردىلىك ، چىكەرمەن ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا بىر يىل ئاران چىدىدىم ، مانا ئەمدى شۇ بىر يىللىق چالا - پۇلا ھۈنەر ئەسقاتتى ، دېسىلە !

ئاتىخاننىڭ كىچىك بالىدەك كۆڭۈلچەك ۋە سەممىيلىكى بۇ ناتونۇش خېرىدارنى تەسىرلەندۈردى ، ئۇ ، يېڭىۋاشتىن دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە ئاتىخان قۇيۇپ بەرگەن مۇزدەك سۇنى ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى :

— ئادەم بالىسى ئۆچۈن ، ئۆگەنگەن نەرسە بىھۇدە بولمايدۇ ، ئۇستام . ھەرنېمە بولسا ، ياخشى ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويۇپتىكەنلا . دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ پاكىز ، خاسىيەتلىك ئىش يوق . ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز مۇشۇ يەردە ، ھەج تاۋاپتىن كېيىن چاچ چۈشۈرۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ : « يا ئاللا ، مۇشۇ چاچ چۈشۈرگەنلەرگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن ! » دەپ دۇئا قىپتىكەن . بۇگۈن ئاللانىڭ قۇدرىتىدە سىلى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق ، ئۇستام ! مېنىڭ ئىسمىم پاسار ئاخۇن ، بۇ يەردىكى كىشىلەر پاسار ھاجىم دەيدۇ . ئۆزۈم خوتەن قاراقاشلىق . بۇنىڭدىن 25 يىل بۇرۇن ، دادام بىلەن ھەجگە چىققان ، قايتىش ۋاقتىمىزدا ، دادام مېنى مىسىرغا ئاپىرىپ ، « جامئۇل ئەزھەر» گە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەتكەن . ئۇ يەردە توققۇز يىل

ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلدىم. ئاندىن ئۆيلىنىپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىجارەت قىلىشقا باشلىدىم. ھازىر يەمەن، ئەرەبىستان، شام ۋە ئىراق تەرەپلەرگە بېرىپ - كېلىپ تۇرىمەن. ھال - كۈنۈم يامان ئەمەس! بىرنەچچە قېتىم يۇرتقا باراي دەپمۇ بارالمىدىم، ئاللا بىزنىڭ رىزقىمىزنى مۇشۇ تەرەپلەرگە چېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ!...

بۇ ئادەم سۆزدىن توختاپ، ھېجىر تاۋاقتىكى سۇدىن بىر ئوتلىدى، ئاتىخان ئۇنىڭ ئۆزىنى پىسەنتىگە ئېلىپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، دىلكەشلىك بىلەن يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتقانلىقىدىن بەكمۇ سۆيۈندى. شۇ تاپتا، ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە بىر خىل يېقىنلىق، ھۆرمەت ۋە سەممىيلىك تۇيغۇسى ئورۇن ئالغان ئىدى.

ئاتىخان ئەمدى سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ، يېتەلمىگەن بىر ئىشنىڭ ئۈستىگە بۇرىدى:

— ئۆزلىرى كۆپ ئوقۇغان، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەنلا. مەن بۇرۇن يۇرتۇمدا ئۆشرە - زاكات بېرىپ، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىنى، مۇسۇلمانلىق پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن ئىدىم. لېكىن، ھازىر قولۇم قىسقا بولۇپ، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالدىم. بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم، ئۆزلىرىدىن سورايدىغىنىم، شەرىئەتتە بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان باشقا يوللار بارمۇ - قانداق؟

— زاكاتنىڭ مەنىسى پاكلاشتۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ، ئۇستام! — دېدى پاسار ھاجىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، — كىشىلەر ئۆشرە - زاكات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنى پاكلاشتۇرىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ناماز مۆمىنلەرنى جەننەتكە كىرىدىغان يولنىڭ يېرىمىغا ئېلىپ بارىدۇ،

رامىزان ئۆلارنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ ، زاكات بولسا ، ئۆلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ » . بۇ ھەقتە مەن بىلىگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي : قانداق قىلىشنى شۇنىڭدىن بىلىۋالسلا : خوجا ئەبۇنەسىر سامانىي ئەۋلىيالىق كامالىغا يەتكەن زات ئىدى . ئۇ كىشىمۇ پەيغەمبەرنىڭ « سۈننەتلىرى » دەپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى ، لېكىن باشقا سودىگەرلەرگە ئوخشىماي نەپسانىيەتچىلىك قىلماستىن ، بەلكى پۇل تېپىپ ، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە زاكات بېرەي ، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالماي ، دەپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى . بىر كۈنى مۇرتلىرىدىن بىرى : « ئەي خوجا ، شۇنچە پۇل ـ مىلىڭىز تۇرۇپ ، يەنە نېمە ئۈچۈن سودىگەرچىلىك قىلىسىز ؟ » دەپ سوراپتۇ . خوجا ئەبۇنەسىر : «ئەي مۇرت ، ياخشى ئېيتتىڭىز ، مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ، پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىنى تاشلىمىدىم . خاھى سەپەردە ، خاھى يۇرتتا تۇرغان ۋاقتىمدا بولسۇن ، خەلققە زاكات بېرىپ ، پايدا يەتكۈزدۈم . ئەگەر سودىگەرچىلىك قىلمىغان بولسام ، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالغان بولاتتىم . ئەي مۇرت ، سىز ئاڭلىمىغانمۇ ؟ بىر كۈنى ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇراتتى ، بىر نەچچە ساھابەلەر كىرىپ : « ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ، باشقا ساھابەلەر باي بولغىنى ئۈچۈن زاكات بېرىپ ، زاكاتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ ، بىز يوقسۇل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ، زاكات بەرگىلى پۇلىمىز يوق ، زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالدۇق ، سىز بىزگە زاكاتنىڭ ساۋابىنى ھاسىل قىلغۇدەك بىرەر ئىشنى بۇيرۇسىڭىز » دەپ ئىلتىماس قىلىشتى . بۇ چاغدا مۇھەممەد پەيغەمبەر : « ئەي ساھابەلەر ، كۈندە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ، 33 قېتىم ئەلھەمدۇلىللا ، 33 قېتىم سۇبھانەللا ، 33 قېتىم لائىلاھە ئىللەللا دېسەڭلار زاكات بەرگەننىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر » دەپ بۇيرۇدى . شۇنىڭ

بىلەن بۇ كەمبەغەل ساھابەلەر خۇشال بولۇپ، ھەر كۈنى ناماز بامداتتىن كېيىن يۇقىرىقىلارنى ساۋاق قىلىپ ئوقۇدىلەر...

— چۈشەندىم، چۈشەندىم! ...، — دېدى ئاتىخان خۇشاللىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمدى كۆڭلۈم يورۇدى، مېنى قىيىن بىر ئىشتىن خالاس قىلدىلا، ھاجىم! سىلىگە كۆپ رەھمەت! يەنىلا ئوقۇغان ئۇلۇغ، ئوقۇغان كۈچلۈك ئىكەن! ...

شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ھەش - پەش دېگۈچە ئون نەچچە كۈن ئۆتتۈپ كەتتى، بۇ ئارىلىقتا پاسار ھاجىم مەدىنە، تائىف، دەممام قاتارلىق شەھەرلەرگە باردى ۋە بىر پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىز يەنە ئاتىخاننىڭ دۇكىنىدا پەيدا بولدى.

— قانداق ئۇستام؟ — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا قىزغىن ھال سوراپ، — كۈنلىرى ياخشى ئۆتتۈۋاتامدۇ؟

— ئىنشائاللا، يامان ئەمەس، — دېدى ئاتىخانمۇ ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاتا - ئانىمىز ئەخلىتىگلار ئالتۇن، كۆلۈگلار كۈمۈش بولسۇن، دەپ دۇئا قىپتىكەن. مانا شۇ دۇئانىڭ بەرىكاتى بىلەن خۇداغا شۈكرى، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ!

پاسار ھاجىم يەنە چىچىنى قىردۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتىنى ياساتتى. بۇ جەرياندا، بۇ قېتىمقى سەپىرى ۋە تىجارىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا، ئاتىخان زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر سوئالنى سوراپ قالدى:

— ئۇستام، سايىلىرىنى ئىككى قىلىش نىيەتلىرى يوقمۇ؟ ئادەم قېرىغانسېرى ۋاپادار بىر جۆرىگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ. سىلى بۇنى ئويلاپ باقمىلىمۇ؟

ئاتىخان ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ قالدى، قولىدىكى ئۇستىرىمۇ پاسار ھاجىمنىڭ ساقىلىدا توختاپ قالدى. ئۇ، راست-

تىنلا بۇ ئىشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق پىكىر - خىيالى ئەگەر تېزراق چوڭ بولسا، بىرەر ئوبدان قىز تېپىپ، شۇنى ئۆيگە كېلىن قىلىپ ئەكىرىۋېلىشتا ئىدى. لېكىن، بۈگۈن تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققان بۇ كۈتۈلمىگەن سوئال خۇددى بىر تال خىسلەتلىك تاياقتەك، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان ئەرلىك ئوتلىرىنى قوچۇپ، مالتىلاپ، پۈۋلەپ يېلىنجىتىشقا باشلىدى.

— ئۇستام، نېمە بولدى؟ — دېدى پاسار ھاجىم ئاتىخانغا قىيا باققىنىچە كۈلۈپ، — ھاياجانلىنىپ، ئەسلىرىگە يىگىتلىك چاغلىرى چۈشۈۋاتامدۇ نېمە؟

— يوقسۇ تەخسىر، يوقسۇ! — دېدى ئاتىخان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، — ماڭا بۇ سوئال بەكمۇ تۇيۇقسىز، غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى...

— نېمىسى غەلىتە؟... - پاسار ھاجىم ئەمدى جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە باشلىدى، — سىلى يۇرتتىن يىراقتا ھېجرەتتە ياشاۋاتىدىلا، سىلىگە ھازىر ئىسسىق تاماق، پاكىز كىيىم، يۇمشاق ئورۇن كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم قېرىغانسېرى، ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق چاغدا سىلىنى خوتۇنلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم كۈتەلمەيدۇ، بۇ ئىشنى ئوبدان ئويلاشمىسىلىرى بولمايدۇ. مەن گەپنى ئوچۇق ئېيتاي: سىلى بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندىلە، ئاز - تولا ئەھۋاللاشتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سىلىنى باشقىلاردىن ئۇقۇشتۇم. سىلى ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، ھالال ئىكەنلا، — پاسار ھاجىم سۆزدىن توختىدى، بۇ ئارىلىقتا ئاتىخانمۇ ئۇنىڭ ساقال - بۇرتىنى ياساپ بولدى، ئەمدى ئۇ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بىر چەتتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ

خۇدا يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلغۇم كەلدى . مېنىڭ قاھىرەدە مۇستاپا سۆيمەن ئىسىملىك بىر تۇرك ئاغىنەم بار . ئۇ، چوڭ گەزمال سودىگىرى ، قاھىرەنىڭ دەۋۋان رەستىسىدە كاتتا ماگىزىنى بار . ئۇنىڭ ئايالى مىسىرلىق ئەرەب ، قىزى سۇھەيبە تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە ئۇچرىدى ، ئېرى يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا سىياسىي توپىلاڭغا ئارىلىشىپ ئۆلۈپ كەتكەن ، شۇنىڭدىن بېرى بۇ چوكان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ چىرايلىق ئولتۇردى ، مەن سىلىنى يامان يەرگە سايە قىلمىدىم ئۇستام . «ئىپسىلدا خاتا يوق بى ئىپسىلدا ۋاپا» دېگەن گەپ بار . ئۇنىڭ تېگى ئىپسىل ، تەربىيە كۆرگەن ، جاھان كۆرگەن ئادەم . سۇھەيبەمۇ پاك ، خۇشخۇي چوكان ، خۇشخۇيلۇق ـــ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ ياخشى ، ئەڭ چىرايلىق سۈپەتلەرنىڭ بىرى ! ...

ئاتىخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم تامشۇنۇپ تۇردى ۋە تەپچىمە ئاق دوپپىسىنى تۈزەشتۈرگەچ نېمە دېيىشىنى ئويلاندى .

ـــ ئۇلۇغلار نەسلىگە مىسكىنلەرنىڭ ئۇلاشمىقى مالال ئىش بولارمىكىن ، تەخسىر ! ـــ دېدى ئۇ ئاخىر كەمىنە ـ كەمەنەرلىك بىلەن .

ـــ بۇ گەپلىرى بىھۇدە بولدى ، ئۇستام ! ـــ دېدى پاسار ھاجىم ياقتۇرمىغاندەك قىياپەتتە ، ـــ ئۇلۇغلارمۇ ، مىسكىنلەرمۇ ئوخشاشلا خۇدانىڭ بەندىسى ، بىز ئۆزىمىزنى نېمە چاغلىمايلى ، ھەممىمىز خۇدانىڭ نەزىرىدىكى بىر چۈمۈلە !

ـــ ئۇغۇ شۇنداق ... ـــ دېدى ئاتىخان ۋە خىيالغا چۆمۈپ شۈكلەپ قالدى . ئەمدى ئۇ بىرەر ئورۇنلۇق سەۋەب كۆرسىتىپ پاسار ھاجىمنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئىدى .

ـــ مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاھىرەگە قايتى-

مەن ، — دېدى پاسار هاجىم كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بابا دېگەن گەپلىرىم دوستانە بىر مەسلىھەت ، مۇساپىرچىلىقتا بىر - بىرىمىزنىڭ غېمىنى يېمىسەك بولمايدۇ ، ئويلىشىپ باقسىلا ، ئىنكاھ دېگەن غايىب نەرسە ، بىز نىيەت قىلغان بىلەن ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى يەنىلا تەقدىر ئاللاغا باغلىق !

ئاتىخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغىچە ئۇزاتتى ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي :

— ئويلىشىمەن ، جەزمەن ئويلىشىمەن ، تەخسىر ! ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت ! — دېدى ۋە ئاخىرىدا ئالاھىدە قوشۇپ قويدى ، — بىزنىڭمۇ كىچىككىنە غەمخانىمىز بار ، تەخسىر ، ۋاقىتلىرى يەتسە بېرىپ تويىلىرىنى قىقىپ كەتسىلە !

## 2

ئاتىخان بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدى ، ئۈچ كۈنگىچە ئۆزى قاتتىق ئويلاندى . قانداق ئويلىمىسۇن ، پاسار هاجىمنىڭ سۆزلىرى يوللۇق ، ئورۇنلۇق بولۇپ چىقاتتى . دېمىسىمۇ ، هازىر ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە غېرىب كەپىسىگە بىر ئايال زاتى نامازدىنمۇ پەرز بولۇپ قالغان ئىدى . مۇساپىرچىلىق ئىچىدە بۇنداق يەككە - يېگانە ئۆتۈۋېرىش ئۆزىنى خورلاش ۋە ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى ! شۇغىنىسى ، ئۇ مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغان ۋاقىتتا ، بەزىدە ئۆزىنى قەدىناس ئايالى خان تىللانىڭ ئالدىدا ئەيىبكاردەك ، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا كېلىپ بىئارام بولاتتى . لېكىن يەنە ، غايىبانە هالدا ئۆزىنى ئاقلاپ ، « مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە قەستەن توقال ئالمىدىم ، بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىزغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى ، بۇنداق زۆرۈرىيەت نىكاھىنى ئاللا راۋا كۆرىدۇ ، خان تىللامۇ

كەچۈرىدۇ » دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ...
ئۇيان ئۆيلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئۇنىڭغۇ كالليسىدىن ئۆتتى ، لېكىن ئەكبەر نېمە دەيدۇ ؟ باشقا يۇرتتىن كەلگەن ، ناتونۇش بىر ئايالنىڭ تۇيۇقسىز بۇ ئۆيگە ئۆگەي ئانا بولۇپ كىرىشى بۇرۇتى خەت تارتىپ ، بەست ـ بويى لوڭگىدا ئۆسۈپ قالغان بىر يىگىت ئۈچۈن قانداق تەسىر قىلىدۇ ؟ ئەگەر ئۇ لايىق كۆرمىسە ، بۇ ئىش ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ ، ئاتىخانمۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ، مەڭگۈ مۇشۇنداق يەككە ـ يېگانە ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ ! ...
ئاتىخاننىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنداق شۈكلەپ ، كەم سۆز بولۇپ قېلىشى ئەكبەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى ، ئۇ ، دادىسىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان ئىشنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ، بوگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن ، مېۋە يەپ ئولتۇرۇپ ئېغىز ئاچتى :
— دادا ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى بەكمۇ جىمىپ كەتتىڭ ، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ـ قانداق ؟ نېمە گېپىڭ بولسا ، ماڭا ئېيتقىن ، بۇنداق قىلساڭ مەن بەك قىسىلىپ كېتىدىكەنمەن !
ئەكبەرنىڭ سۆزى ئاتىخاننى كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا قىستىدى ، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى ، سوئال سورالغان ئىكەن ، چوقۇم جاۋاب بېرىش كېرەك !
— ئوغلۇم ، يېقىندىن بېرى مەن بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالدىم ، — دېدى ئاتىخان نەچچە كۈندىن بېرىقى دېلىغۇللۇقنى بىر چەتكە قايرىپ ، — بۇ ھەم ماڭا ، ھەم ساڭا تەئەللۇق ئىش ! ئەمدى ئوچۇق ئېيتمىسام بولمايدۇ ، بەزىلەر مېنىڭ سايەمنى ئىككى قىلىپ قويۇش كويىدا بولۇۋاتىدۇ ...
ئاتىخان ئوغلىغا پاسار ھاجىم بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى

ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قويماي سۆزلەپ بەردى. ئەكبەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمىدى، بەلكى خۇشاللانغان، ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— دادا، بۇ بەكمۇ ياخشى گەپلەر ئىكەن. سەن بۇنداق ئۆتۈۋەرسەڭ بولمايدۇ، ھېلىمۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا ھەم ئانا، ھەم دادا بولدۇڭ، بەزى كۈنلىرى تاماق ئەتكەن، كىر يۇيغان، ئۆي سۈپۈرگەن ئىشلىرىڭنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ياش كەلگەن! بىز ئەمدى ئامانەتكە ياشاپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ يۈرمەيلى، تەقدىر - قىسمىتىمىز شۇ ئوخشايدۇ. ئەمدى مەنمۇ چوڭ بولدۇم، بىرەر مۇستەقىل ئىش قىلمىسام بولمايدۇ. ساڭا چوقۇم ياخشى بىر ھەمراھ كېرەك، ئەگەر خالىساڭلا، مەن سېنىڭ بېشىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن ئوڭلاپ قويىمەن!...

ئاتىخاننىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى، ئوغلىنىڭ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سەممىي - چىن سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دىلخەستىلىكلەرنى كۆتۈرۈپ، نەچچە كۈندىن بېرىقى دېلىغۇللۇق، ئارىسالدىلىقلارنى نەلەرگىدۇر غايىب قىلىۋەتتى. ئاتىخان بۈگۈن ئوغلىنىڭ راستتىنلا چوڭ بولغانلىقىغا، جاپالىق تۇرمۇشتا پىشىپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ئەقىل - ئىدراك تاپقانلىقىغا ئىشەندى، بۇ ئىشەنچ ئۇنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن، كەلگۈسىدىن ۋە يىلتىزىدىن خاتىرجەم قىلدى.

يېقىندىن بېرى، ئەكبەردە «مۇستەقىل ئىش قىلىش» ئىدىيىسى پىشىپ - يېتىلىۋاتاتتى. بۇ ئىدىيىنى ئۇنىڭ كاللىسىغا دوستى ھارىس سالغان ئىدى. ھارىس ھازىر «ئوممۇل قورۇ ئۇنىۋېرستېتى» دىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ، دادىسىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتاتتى. دادىسى ئۆتكەن ئايدا تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى بىلەن يىقىلىپ، ناھايىتى تەستە قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان

ئىدى. دوختۇر ئۇنى ھېرىپ - چارچاشتىن، ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق، خاپىلىق ۋە ھاياجاندىن چەكلىگەچكە، ئۇ ھازىر ئۆي بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدا كۆپرەك يۈرۈپ، يىراق - يېقىندىكى تىجارەت ئىشلىرىغا ئوغلى ھارىسنى چىقىرىپ قويغان ئىدى. ھارىس ئوقۇمۇشلۇق، چېچەن بولغاچقا، تىجارەتنىڭ ئېپى - جېپىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى، ھارىس ھازىر خۇمدانغا پات - پات كېلىپ، ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى ھەم ئۇنى خۇمدانىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىغا ياردەمچى قىلىپ قويغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ئەكبەرگە دوستانىلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئاداش، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ مەڭگۈ قەد كۆتۈرەلمەيسەن! ئۆزۈمنىڭ مەنپەئىتىنى دېسەم، سېنى بۇ خۇمداندا مەڭگۈ ئىشلەتكۈم بار. لېكىن، بۇ ئادىللىق بولمايدۇ. سەن زايا كېتىسەن. مېنىڭچە، سەنمۇ بىر دۇكان ئېچىپ، مۇستەقىل ئىش قىلىپ باق. تىجارەتچى دېگەننىڭ يولى بىر بولغان بىلەن، رىزقى باشقا.

— لېكىن... دۇكاننى نەدىن تاپىمەن، ئاداش؟ — دېدى ئەكبەر قىزىقىش ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەككىدىكى بازارلاردىن دۇكان تاپماق تەس ھەم قىممەت!

— مەن ياردەم قىلىمەن! — ھارىسنىڭ سۆزلىرى سەمىمىي ھەم كەسكىن ئىدى، — بازار دېگەن مەككىدىلا ئەمەس، مەككىدىن تاپالمىساق، جىددەدىن تاپىمىز، ئۇ يەر دېگەن ئوچۇق بازار، سودا - سېتىقنىڭ قاينىمى. ئۇ يەردە مېنىڭ بىر تاغام بار، شۇنىڭغا ئېيتساق ياردەملىشىدۇ!

مانا شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە دۇكان ئېچىش ئىشتىياقى تۇغۇلۇپ، يېڭى بىر تىرىكچىلىك پىلانى قەد كۆتۈرگەن ئىدى!

ئاتىخان ئوغلىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، ئىچىدە خۇشال بولدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەكبەر سودا - سېتىق، تىجارەت ئىشلىرىدا تېخى پەمسىز، گىرى ئىدى؛ ئەگەر دۇكان ئېچىپ مۇستەقىل تىجارەت يولىغا قەدەم قويسا، ئۇنىڭدىكى مانا شۇ ئاجىزلىق بىلەن بوشلۇق ئاستا - ئاستا تولۇقلىناتتى، شۇڭا ئاتىخان:

— بوپتۇ بالام، دۇكان ئاچساڭ ئاچ! — دېدى ئوغلىغا مەدەت بېرىپ، — تىجارەتمۇ ئىمام ئەزەمنىڭ يولى، هالاللىق بىلەن بەش - تۆت تەڭگە تېپىپ يېيىش يوللۇق! ئىشلارنى پىلانلاش ئىنىساندىن ئوغلۇم، ئىشنىڭ پۈتۈشى ئاللادىن! خۇدا ساڭا يار بولىدۇ!

پاسار هاجىمنىڭ قاهىرەگە قايتىدىغان كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئاتىخانمۇ بىر پىكىرگە كېلىپ قويىدى. ئوغلىنىڭ رازىلىقى ئۇنىڭ ئالدىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. ئۇ، ئەمدى خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن پاسار هاجىمغا جاۋاب بېرەلەيتتى.

پاسار هاجىم قايتىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن دۇكانغا كەلدى ۋە چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرغاچ، مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇستام، ئىسلام شەرىئىتىدە ئۈچ نەرسىدە شەك يوق دېيىلگەن: بىرىنچىسى، كۆلدە شەك يوق، ئۇنىڭدىن ئادەممۇ، هايۋانمۇ سۇ ئىچىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تاغاردا شەك يوق، ئۇنىڭغا ئاشمۇ ئالىدۇ، تاشمۇ ئالىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇندا شەك يوق، ئۇنى ئۇمۇ ئالىدۇ، بۇمۇ ئالىدۇ!

— مەندىمۇ شەك يوق، تەخسىر! — دېدى ئاتىخان بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، — ئىنشائاللا، ياخشى نىيەتلىرى ئىشقا ئېشىپ، مەندەك پېقىر - مۇساپىرنىڭ هاجىتى راۋا بولۇپ

قالسا ئەجەب ئەمەس !

— ئۇنداقتىا بىر پىكىرگە كەپلا - دە ؟ — دېدى پاسار هاجىم هەييارلىق بىلەن كۈلۈپ .

— شۇنداق ، ئوغلۇممۇ قوشۇلدى ، — دېدى ئاتىخان كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىپ ، — ئەمدىكى گەپ سىلىدە قالدى !

— خۇدا بۇيرۇسا ، ياخشى خەۋەر كۈتكەيلا ! — پاسار هاجىم ئورنىدىن تۇردى ۋە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئاتىخاندىن سورىدى ، — ئۆزلىرىدە بىرەر پارچە سۈرەت بارمۇ ؟

ئاتىخان بۇ سوئالنىڭ مەنىسىنى دەرهال چۈشەندى :

— ئۆز ۋاقتىدا پاسپورتقا ئىشلەتكەن سۈرەتتىن بىرەر پارچىسى تۇرغاندەك قىلاتتى ، مەن ئۆيگە قاراپ باقاي .

— شۇنى تېپىپ ، ئەتىگىچە ماڭا يەتكۈزۈپ بەرسىلە .

— ئوبدان .

ئاتىخان ئۇنى دۇكاننىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ، ئۇلار خوشلاشقاندا ، كەچكى شەپەق كۆتۈرۈلۈپ ، مەككە ئاسمىنى ئاجايىپ جۇلالىق ، جىلۋىدار تۈسكە كىرگەن ئىدى .

## 3

پاسار هاجىم بىر ئايغا يەتمەي ، مەككىدە يەنە پەيدا بولدى .

ئۇ كەلگەن كۈنىلا ئاتىخاننىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ، تۆت سۇڭ چوڭلۇقتىكى بىر سۈرەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى .

ئاتىخاننىڭ كۆز ئالدىدا قاش - كۆزى كېلىشكەن ، قاڭشارلىق ، دومىلاق يۈزلۈك ، تولغان بىر چوكاننىڭ جەلپكار سىماسى نامايان بولدى .

بۇ ، سۈھەيبەنىڭ مۇشۇ قېتىم چۈشكەن يېڭى سۈرىتى

ئىدى . ئۇ سېمىزرەك ، ئەمما چىرايلىق ئىدى . يېشى ئوتتۇز ئۇچ-تىن هالقىغان بولسىمۇ ، لېكىن ، « مەسچىت بۇزۇلسا ، مېھرابى قالىدۇ » دېگەندەك ، ياشلىق لاتاپىتى تېخى تۈگىمىگەن ، قاش - كۆزى گۈزەل ، رايىش جۇۋان ئىدى . ئۇنىڭ سۇرەتتىكى نۇرسىز كۆزلىرىمۇ ئادەمگە بىر خىل مۇلايىم ۋە سەممىيلىك بىلەن تىك-لىپ تۇراتتى .

— قانداق ، چوكان ئۆزلىرىگە ياقتىمۇ ؟ — دېدى پاسار هاجىم كۆزلىرىنى هەييارلىق بىلەن ئوينىتىپ ، — مەن دېمە-دىممۇ ، ئۇ سىلىگە يىگىتلىكلىرىنى ئەسلىتىدىغان ، قېرىلىقلىرىنى بىلىندۇرمەيدىغان خوتۇن بولىدۇ ! دۇنيادا بارى تېپىلۇر ، يارى تېپىلماس ، يارى تېپىلۇر ، ۋاپادارى تېپىلماس دېگەن گەپ بار . ئىنشائاللا ، ئۇ سىلىگە ۋاپادار خوتۇن بولۇپ قالىدۇ ، خوتۇن دې-گەن قاقسا قوزۇق ، ئىلسا ئىلمەك بولۇشى كېرەك ! چىن گەپنى ئېيتسام ، سۇرەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ، سۇھەيبە نېمە ئويلى-غان ، بىرنەچچە كۈنگىچە گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ ، كېيىن ئاتا - ئانىسى نەسىھەت قىلىپ ، رازىلىقىنى ئالدى . مەزلۇم خەق ئە-مەسمۇ ، كۆزى قورقىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرتىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىدىغان گەپ !

دەرۋەقە ، سۇھەيبە ياخشى كۆرىدىغان ئېرى تۇيۇقسىز قازا قىلىپ ، تازا پاخلان چوكان بولغاندا تۇل قالغان ئىدى . تۇللۇق ئۇنىڭغا دەسلەپ ئېغىر تۇيۇلدى ، هار كەلدى ، يالغۇزلۇقتا ئۆتكەن كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ۋە مەنىسىز بولدى ، لېكىن ئۇ چىدىدى ، ئاستا - ئاستا غېرىبلىق ، تەنهالىققا كۆنۈپمۇ قالدى . ئەمدىلىكتە ئۇ ، تۇرمۇش ، ئەر دېگەنلەرنى خىيالىدىن نېرى قىلىپ ، ئاتا - ئانىسى بىلەن تىنچ ، خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقاندا ، كۈتۈلمىگەندە بۇ سۇرەت پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىنى چالغىتىۋەتتى . ئۇ ، ياتسىغا بېكىنىۋېلىپ ، بىرنەچچە كۈنگىچە جىددىي ئويلان-

دى ، ئۆزى تېخى كۆرۈپ باقمىغان ، يىراقتىكى بۇ لايىققا ماقۇل
دەي دېسە ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆزى قورقۇپ ، يۈرىكى سىيلىپ كې-
تەتتى ؛ ياق دەي دېسە ، ئاتا - ئانىسىغا ئېچى ئاغرىيتتى ، ئۇلار
ئۇنىڭ غېمىدە كۈندىن - كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتاتتى ، ئۆزىمۇ
بەزى كۈنلىرى پەرزەنت يۈزى كۆرمەي ، بۇ دۇنيادىن نام -
نىشانسىز كېتىپ قېلىشتىن ئۆكۈنۈپ ، ئاھ ئۇرۇپ قوياتتى .
شۇنداق پەيتتە ، ئاتا - ئانىسى سۇھەيبەنىڭ ئۇزاق يىل غېرىبلىق
دەشتىدە ئېزىپ يۈرگەن قەلبىنى ئويغىتىپ ، هاياتقا ، تۇرمۇشقا ۋە
ئائىلىگە بولغان قىزىقىشىنى قايتىدىن قوزغىدى ، شۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ يۈرىكىدە ، ۋۇجۇدىدا ئۇزاقتىن بېرى هېس قىلىپ باقمىغان
بىر خىل ئىللىق ، نازۇك ۋە شېرىن تۇيغۇلار ئويغاندى . شۇ
چاغدىلا ، سۇھەيبە ئۆزىنى ئېغىر دەردكە مۇپتىلا قىلغان بۇ يۇرت-
تىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ ، ياشلىق قەلبىگە ئورناپ كەتكەن
جاراھەتلەرنى يىراق ، ناتونۇش يەرلەردە ساقايتىۋېلىش ئۈچۈن ،
قىتئە ئاتلاپ مەككىگە بېرىپ ، شۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقا
رازى بولغان ئىدى .
— ئامەتلىرى بار ئىكەن ئۇستام ! بىر پارچە سۈرەت
بىلەنلا ، ياش ، چىرايلىق بىر چوكانىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋال-
دىلا ! — دېدى پاسار هاجىم چاقچاق قىلىپ ، — توپا
كونىرىغانسېرى چۈرۈيدۇ ، گۆش كونىرىغانسېرى سېسىيدۇ . ئەر
كىشى توپىدىن پۈتكەن ، شۇڭا بىز قېرىغانسېرى خۇددى
توپىدەك ساز ، ئۇنۇملۇك بولۇپ كېتىمىز ؛ خوتۇن كىشى گۆش-
تىن پۈتكەن ، شۇڭا قېرىغانسېرى سېسىغان گۆشتەك
بەتتەملىشىپ كېتىدۇ ! شۇڭا ، سىلى قېرى بولسىلىرىمۇ سۇھەي-
بەگە يارىغان - دە !
ئاتىخاننىڭ قاھىرەدىن ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقى هايت -
هۇيت دېگۈچە يېراق - يېقىنغا تاراپ كەتتى . بۇ خەۋەر هەمشە-

ھەرلەر ئىچىدە قىزىق سۆھبەت تېمىسىغا ئايلاندى . بەزىلەر : « ياخشى بوپتۇ ، قېرىغاندا بەختى ئېچىلىپتۇ » دەپ ئالقىشلىسا ؛ بەزىلەر : « چوڭ يەرگە ئېسىلىپتۇ ، مەقسىتى خوتۇن ئېلىش ئەمەس ، نەپ ئېلىش » دەپ ، ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىشتى .

بىر كۈنى بەگتۆمۈرنىڭ ئۆيىدە ، بىرسى مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا ، ئاتىخان ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى :

— بىز بۇ يۇرتقا مۇساپىر ، مۇساپىرنىڭ كۆزى بولسىمۇ ، يولى قاراڭغۇ بولىدۇ . شۇڭا ، بىزگە يول باشلايدىغان ، ھامىي بولىدىغان ئادەم بولمىسا بولمايدۇ . دادام ماڭا ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى : جاڭگاللاردا قارا قۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھايۋان بار ئىكەن . ئۇ ، ھەمىشە شىرنىڭ ئارقىسىدىن يۈز قەدەمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭىدىكەن ، شىر نەگە بارسا ، ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدىكەن ، زادى ئايرىلىپ قالمايدىكەن . بۇنى كۆرگەن نۇرغۇن ھايۋانلار قارا قۇلاققا ھەيران بوپتۇ ، ئاخىر بىر كۈنى تۈلكە ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ : « بۇرادەر ، سەن نېمە ئۈچۈن ھەمىشە شىرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈيسەن ؟ ياكى ئۇ سېنىڭ خىلىڭ بولمىسا ؟ » دەپ سوراپتۇ . تۈلكىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ قارا قۇلاق مۇنداق دەپتۇ : « ھەي ئەخمەق ، ئەگەر مەن شىرنىڭ ئارقىسىدا يۈرمىگەن بولسام ، مېنىڭ بۇ كىچىككىنە جىنىم بۇ چاغقىچە ئامان قالامتى ؟ مېنى يېيىشنى ئويلىغان ھەرقانداق مەخلۇق ئالدىمدىكى شىرنى كۆرۈپلا ئەيمىنىدۇ ، ماڭا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ . يەنە بىرسى ، مەن ھەمىشە شىردىن ئاشقان ئولجىلارنىڭ قالدى - قاتتىسىنى يەپ تويىمەن . ئەمدى ، ئۇنىڭدىن 100 قەدەم ئارىلىق قويۇپ يۈرۈشۈم — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ، ئۇنىڭمۇ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ! » . مانا بۇ ، قارا

قـۇلاقـنـىـڭ يـاشـاش يـولـى . تـۇرمـۇشتىمۇ ئادەم بەزىدە ئۆزىنى قـوغـداشـنـىـڭ ، مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلمىسە بولمايدۇ ، بـولـمـىسا ، بىھۇدە نابۇت بولۇپ كېتىدۇ ! چۈنكى ، بۇ دۇنيادا زۇ-لـۇمـسىز يەر يوق . كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ، چوڭلار كىچىكلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئىش ھەممە يەردە بار ! ...

بـۇ كـۈنلەردە ، ئاتىخان توينىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كـى-رىـشتى . ئۇنى ھازىر پاسار ھاجىم ئالدىراتمىسىمۇ ، ئۆزى ئالدىراپ قالغان ئىدى .

ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى ئاقلاتتى ، كونا بازاردىن قەدىمكى پاسوندىكى قوش كىشىلىك ياغاچ كارىۋات بىلەن بىر دانە ئىشكاپ ئالـدى ، يـوتـقـان - كـۆرپـىلەرنى يېڭىلىدى ، بۇنىڭ بىلەن ئۆي خېلى سەرەمجان ، يورۇق ھەم كۆركەم بولۇپ قالدى .

ئاتـىـخـان پـاسـار ھاجـىـم بىلەن بىللە قاھىرەگە مېڭىشقا تـەييارلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە ، ئەكبەرمۇ جىددەدىن بىر دۇكان ھەل قىلىپ ، شۇ يەرگە بېرىشقا تەرەددۇتلىنىپ يۈرەتتى .

ئۇلار بـىـرلا كۈندە يولغا چىقتى ، ئەكبەر دادىسىنى جىددە پـورتـىـدىـن قاھىرەگە ئۇزىتىپ قويۇپ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماقچى بولدى .

پـاراخـوتـقـا چـىـقـىـپ ، ئۈچ كـۈنـلـۈك دېـڭـىـز سەپىرى بـاشـلـىـنىدىغان كۈنى پاسار ھاجىم ئاتىخاننىڭ يېڭى ، چىرايلىق ئۇستۋاشلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ مۇنداق دېدى :

— خـۇدايـىـم رىـزقلىرىنى كەڭ يارىتىپتىكەن ، ئۇستام ! مـانا ، دۇنيانىڭ بىر چېتىدىن كېلىپ ، يەنە بىر چېتىگە كۈيئوغۇل بـولـىـدىـغان بولدىلا ! ياخشى ئايال — ئەرنىڭ كۆركى ، ئۆينىڭ زىـنـنىتى . خۇدا بۇيرۇسا ، سۇھەيبە سىلىگە ياخشى جورا بولىدۇ !

— ئىـنشائاللا ، دېگەنلىرى كېلەر ، تەخسىر ! — دېدى ئا-تـىـخـان پـاسار ھاجىمغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، — بۇ ئىشتا

ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلدىلا، مەن سىلىگە ئىشىنىمەن!

پاراخوت گۈدۈك توۋلاپ قوزغالدى. ئۇ، خۇددى سۇ ئۈستىدىكى غايەت زور لەھەڭدەك دولقۇن يېرىپ ئالغا سىلجىيتتى. ئاتىخان يىراقتا قول پۇلاڭلىتىپ قالغان ئەكبەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ، بۇزامتۇل ئۇپۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بىپايان دېڭىزغا نەزەر تاشلىدى.



## ئالتىنچى باب

# ئىشق سەۋداسى

### 1

ۋاقىت خۇددى يۇگۇرۇك ئاتلاردەك بەكمۇ چاپقۇر نەرسە !
ئادەم ياشلىقىدا ئۇنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيـ ماي قالىدۇ . ئۇ ، سېنى باللىق ئەسلىمىلەرنىڭ شېرىن قۇچىقىغا تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزى زەنگەر ئاسماندىكى بوز بۇلۇتلاردەك شۇنداق يەڭگىل ، شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ ! ...
ئەكبەرنىڭ جىددەدىكى « سوگال ئەلۋى » دېگەن يەردە دۇكان ئېچىپ ئولتۇرغىنىغا ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل بولاي دەپ قالدى . ئۇنىڭ دۇكىنىدا كىيىم ـ كېچەكلەردىن تارتىپ ، تارغاق ـ سۈزگۈچكىچە مىلچىماللار بار ئىدى . لېكىن سودا ئۆـ لۈك ئىدى ، جىددە مەككىگە قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان ئوچۇق شەھەر بولغاچقا ، يېڭىلىق كۆپ ، رىقابەت كۈچلۈك ، كەيپىيات ئۆزگىرىشچان ئىدى . ئەكبەر بۇنىڭغا دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتاتتى . ئۇ ، دۇكاننى تاڭ سەھەردە ئېچىپ ، يېرىم كېچىدە تاقاۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن كۈندىلىك سودا ئۆزىنىڭ يەپ ـ ئىچىشىدىن ئاشمايۋاتاتتى . ماللارنىڭمۇ بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر ئىدى . نېسىگە ئالغان بىرمۇنچە چەرچىن

ماللار هازىرغىچە سېتىلماي تۇرسىمۇ ، لېكىن مال ئىگىلىرى ئۇنىڭ پۇللىرىنى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ ، ئالىنقاچان يەپ بولغان ئىدى .

ئەكبەر توختام سۇدەك بىر خىل ھالەتتە ئۆتۈۋاتقان مۇنداق شاۋقۇنسىز تۇرمۇشتىن زېرىككىشكە باشلىدى ، زېرىككەنسېرى كالىلىسى قوداڭشىپ ، خىيالى نە ـ نەلەرگە كې-تەتتى .

ئۇ ، ھەمىشە جىددەنىڭ ئاۋات كوچا مەنزىرىسىگە قاراپ ، بۇ ئۆزگىچە مەنزىرىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك بې-گانىلىق ھېس قىلاتتى . ئۆزى مۇشۇ زېمىندا ، مۇشۇ ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇۋاتسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى بۇ ئاۋات شەھەردىن ، ھەر خىل تەبىقىدىكى بۇ كىشىلەردىن خېلىلا يىراق تۇرۇۋاتقاندەك ، جىسمى بۇ يەردە بولسىمۇ ، ئەمما كۆڭلى ئاشۇ يىراق يۇرتتىكى توپىلىق يوللار بىلەن مېھرى ئىسسىق ئادەملەر ئارىسىدا ئىدى ...

سودا ، ھۈنەر ، رىقابەت ، كۈرەش ...

بۇ يەردىكى ھايات مانا شۇ ئىدى . كىشىلەر تىرىكچىلىك يولىدا جان تىكىپ ئېلىشاتتى ، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدا بولاتتى ، بىر ـ بىرىنى ئالدايتتى ، چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يەيتتى ، كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى ...

بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئەنە شۇنداق رىقابەتكە ، ئالدىراش-چىلىققا ۋە باغرى تاشلىققا تولغان ئىدى !

تۇرمۇش ئەسلىدە ، سەنئەتتىن ـــ ناخشا ـ ئۇسسۇل ، ئويـۇن ـ كۈلكە ۋە قىزغىن مەنىۋى ھاياتتىن ئايرىلمايدۇ ! لېكىن ، بۇ يەردە ئۇنداق ھايات يوق ئىدى . ناخشا ـ ئۇسسۇل مەنئى قىلىنغان ، كىنو ـ تىياتىر دېگەنلەرمۇ ئەتكەس مال ئىدى !

ھەمىشە بىر خىل رىتىم ، بىر خىل تۇستە ئۆتۈۋاتقان بۇنداق ئاددىي ، بىگانە تۇرمۇش كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەكبەرنىڭ ئىچىنى سىقىشقا باشلىدى . خۇددى تۇزسىز تاماق ئا-

دەمىنىڭ ئاغزىغا تېتىمىغاندەك ، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ ، غېرىبلىق ، يالغۇزلۇق دەردىنى تارتىۋاتاتتى . دېمىسىمۇ ، بۇ يەردەنەغمە ـ ناۋا،ئويۇن ـ كۈلكە تۈگۈل ، بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتىنا كىنو ياكى تىياتىر ، ناخشا ياكى ئۇسسۇل دېگەندەك نەرسىلەرنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى . شۇڭا ئەكبەر بەزى كۈنلىرى دۇكاننىڭ تورۇسىغا قاراپ : « ئويۇن ـ تاماشاسىز تۇرمۇش ئادەمنى ھاماقەت قىلىپ قويامدۇ ـ نېمە ؟! » دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قوياتتى ۋە ئۆزىنىڭ مەڭگۈ مۇشۇ ئاتەش زېمىندا نەغمە ـ ناۋاسىز ، ئويۇن ـ تاماشاسىز ئۆتۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ئۆكۈنەتتى !

ئەكبەر يۇرتىدا ، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ، كىنو ـ تىياتىرلارنى كۆرۈپ ، خۇشال ۋە ئەركە ئۆسكەن ئويۇنپەز بالا ئىدى ! ئۇ شۇ چاغدا كۆرگەن « پاقا چوكان » ، « 13 قەھرىمان » دېگەن كىنولار بىلەن « ئارشىن مال ئالان » ، « رابىئە ـ سەئىدىن » دېگەن تىياتىرلارنىڭ ۋەقەلىرىنى ھازىرمۇ ئۆز پېتى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەلەيتتى .

ئاچىسى مەستۇرەنىڭ تويىدا ، سازەندىلەر چالغان « چۆل ئىراق » ، « ئەجەم » ، « ساپىرىق » قاتارلىق مۇڭلۇق ، يېقىملىق مۇزىكىلار بىلەن ئۇلار ئېيتقان ياڭراق ، ئويناق خەلق ناخشىلىرى ھازىرغىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى . سازەندىلەر :

دىلبىرىم مەندىن يىراق ،
دىلبىرىمدىن مەن يىراق .
دىلبىرىم قاشىمدا بولسا ،
قەلبىمدە يانغاي شام چىراغ .

ئالما - ئانارنىڭ قەندەكمۇ ؟
سۆيگەن يارنىڭ مەندەكمۇ ؟

دەپ ناخشا توۋلىغاندا، بىر ئەر ئۇسسۇلچى ئېخى ئەكبەرنىمۇ ئۇسسۇلغا تارتىپ، « ئاچاڭنىڭ تويىدا ئوينىۋال » دەپ، سورۇنغا باشلاپ چۈشكەن ئىدى.

بۇ كۈنلەردە، ئەكبەر نېمە ئۈچۈندۇر مەھەللىسىدىكى ئۆزى بىلەن بىللە ئوينىغان تەڭتۇش قىزلارنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ، ھەجگە مېڭىشنىڭ ئالدىدىكى بىر ئاخشىمى مەھەللىسىدىكى قىز - ئوغۇل باللار بىلەن كوچىنىڭ ئاغزىغا يىغىلىپ، دەسلەپ ھېكايە - چۆچەك ئېيتىشتى، كېيىن « چالما قويدۇم » دېگەن ئويۇننى ئويناپ، بىر - بىرىنىڭ قوينىغا قول تىقىشىپ، كۈلكە - چاقچاق قىلىشتى، ئاخىرىدا، جۈپ - جۈپ بولۇپ مۆكمۆكىلەك ئوينىدى.

ئەكبەر خانقىز ئىسىملىك 13 ياشلىق، چىرايلىق بىر قىز بىلەن جۈپ بولغان ئىدى. ئىككىسى مۆكۈش ئۈچۈن بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، چاشقان ئۆگىسىدەك قاتمۇقات كوچىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر قاپچىغايغا كەلدى. بۇ يەر قاراڭغۇ ھەم جىمجىت ئىدى، شۇڭا بىرئاز سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا، خانقىز ئۇقۇشماستىن بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتقان لالما ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىۋالدى، ئىت تۇيۇقسىز ھاۋشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خانقىز قورققىنىدىن ئۆزىنى ئەكبەرگە ئېتىپ، ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋالدى. ئىت ئۆز ئورنىدا بىر - ئىككى پىرقىراپ غىڭشىغىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن خانقىز تېخىچە ئەكبەرگە چاپلىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يۇمشاق بەدىنى خۇددى كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك دىر - دىر

تــىــتــرەيتتى ، ئىسسىق نەپسى ، تاتلىق ھىدى ئەكبەرنىڭ يۈزىگە ئۇتــتــەك ئۇرۇلاتــتــى ، ئەمــدىلا كــۆتــۈرۈلۈشكە باشلىغان يۇمران كــۆكسى نېپىز كۆڭلەك ئۈستىدىن ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىپ ، ئەكــبــەرنــىــڭ ۋۇجــۇدىــدا ئەزەلــدىــن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل لەززەتلىك سېزىم پەيدا قىلغان ئىدى . شۇڭا ئۇ ، ئۆزىنى تۇتالماي قــالــدى ، غۇلىچىنى كېرىپ ، قىزنى رەسمىي قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ غــۇنــچــىدەك ئېچىلىپ تۇرغان مەڭزىگە چوككىدا بىرنى سۆيدى . قــىز دەسلەپ ھاڭ – تاڭ بولغاندەك جىممىدە تۇرۇپ قالدى ، ئەكــبــەرنــىــڭ قــۇچــىــقىدىن بوشىنىشقىمۇ ئۇرۇنمىدى . پەقەت ئەكبەر ئــىــكــكــىــنچى قېتىم ئۇنىڭ ئىسسىق ، سۇزۇك لەۋلىرىگە سۆيمەكچى بــولــۇپ تــۇمــشۇقىنى سوزۇپ كەلگەندىلا ، بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قــۇچــىــقىدىن بوشاندى ۋە « قېلىن » دېگىنىچە ئويناقشىپ يۈگۈ-رۇپ كېتىپ قالدى ...

ئادەمــنــىــڭ روھــىــنــى ئۇرغــۇتــقــۇچــى بۇنداق ئەسلىملەر تــەنــھــالــىق ، زېرىكىشلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەكبەرنىڭ خىيالىغا ھەر قــېــتــىــم كــەلگەندە ، ئۇ خۇددى خانقىزنى ھازىرمۇ قۇچاقلاپ تــۇرغــانــدەك ، قــوللىرىنى چىڭ گىرەلەشتۈرۈپ ، تۇمشۇقىنى سو-زۇپ ، بــىــر خــىــل تــاتــلــىق خىيالىي تۇيــغۇ ئىچىــدە تامــشۇنۇپ قوياتتى ...

لــېــكــىــن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىيالىي بىر تۇيغۇ ، شېرىن ئەســلــىــمــىلا ئىــدى . كۆز ئالدى بولسا ، پۈتۈنلەي باشــقــىــچە بىر دۇنــيــا — ئــىــككى قۇتۇپ بىر – بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن مەنىسىز ، قۇرۇق ۋە ھېسسىياتسىز دۇنيا ئىدى !

ئەكــبــەرنــىــڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە دۇكاندا ئولتۇرۇپ ، ئەســلــىــمــلەر ئىچىدە ياشايدىغان خىيالپەرەسلىك كۆنلىرى ئۇزاققا بــارمــىــدى . ھارىــســنىڭ جىددەگە كېلىپ ، ئۇنى يوقلىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى .

— ئاداش ، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ، پايدا تۇگۇل ، دىرىگ-
نىمۇ يەپ قويىدىغان ئوخشايسەن ! — دېدى ئۇ ئەكبەرنىڭ
ئەھۋالىنى ئۇقاندىن كېيىن قايغۇرۇپ ، — مېنىڭچە ، دۇكاندا
ئولتۇرۇۋەرمەي ، چار بازارچىلىق قىل ! مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى
سەھرادا دېھقان - چارۋىچىلار كۆپ ، ئۇلارنىڭ ھال - كۈنىمۇ
ياخشى ، ماللىرىڭنى شۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ ئايلاندۇرساڭ ، چوقۇم
بازىرى چىقىدۇ ، شۇغىنىسى ، ئاز - تولا جاپا چېكىسەن !
— جاپا چەكمەي ، ھالاۋەت نەدە ! — دېدى ئەكبەر خۇ-
شال بولۇپ .

ھارىسنىڭ تەكلىپى ئۇنىڭغا ياققان ئىدى . ئۇ ، دۇكاندا
ئەتىدىن كەچكىچە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغاندىن ، يۇرت كېزىپ ،
ئەركىن - ئازادە يۈرۈشنى ئەۋزەل كۆردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە چار
بازارچىلىق جاپالىق بولسىمۇ ، كۆڭۈللۈك ئىدى ، جاھان كۆ-
رەتتى ، كىشىلەر بىلەن تونۇشاتتى ، سودا - سېتىقنىڭ ئېپى -
جېپىنى ئۆگىنەتتى .

ھارىس ئۇنىڭغا خۇمداندا ئىشلىتىدىغان ئېشەكلەر ئارى-
سىدىن بىر كۆك تەخەينى چىقىرىپ بەردى . ئەكبەر دۇكاندىكى
ماللىرىنىڭ ھەر خىللىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ ، پۇختا يەشكەلەرگە
قاچىلىدى ۋە كۆك تەخەيگە ئارتىپ ، ھارىس سىزىپ بەرگەن
خەرىتە بويىچە ، جىددەدىن تارتىپ ، مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى
سەھرالارغىچە يۇرت كېزىپ چار بازارچىلىق قىلىشقا باشلىدى ...

## 2

ئاتىخان بىلەن سۇھەيبەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - خو-
تۇنلۇق مۇھەببەت ئۇلارنى روھلاندۇردى . ئۇلارغا بەخت ، ئۈمىد
ۋە غەيرەت ئاتا قىلدى .

سۇھەيبە ئۆز ۋاقتىدا كۆزى قورققان بۇ غايىب نىكاھدىن ئەمدىلىكتە كۆڭلى توختاپ، رازىمەنلىك ھېسسىياتىغا چۆمگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ يېشى ۋە جىسمى بىر – بىرىگە ماس كەلمىسە-مۇ، لېكىن روھى بىلەن ئېتىقادى خۇددى ئىككى تامچە سۇدەك بىر – بىرىگە قوشۇلۇپ، ماسلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى ئۇلار-نىڭ مۇھەببەتلىك يۈرىكى ھېس قىلاتتى، لېكىن بىر – بىرىدىن پىنھان تۇتاتتى. سۇھەيبە ئاتىخانىنىڭ ئۆزىگە بولغان سەمىمىي ساداقىتىنى ئويلىسا، يۈرىكى خۇشاللىقتىن سۆيۈنۈپ، زەخمە يېگەن ئەندىشىلىك كۆڭلى خۇددى زۇلمەت ئىچىدە چاراسلاپ يېنىپ تۇرغان ئوتقاشنى كۆرگەندەك ۋاللىدا يورۇپ كېتەتتى!

قويۇق ئىخلاسمەنلىك ۋە تەقۋادارلىق مۇھىتى ئىچىدە ئۆسكەن بۇ چوكانىنىڭ قەلبى پاك ھەم سەبىي ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئۆيدە ئاسانلا بېغىر بېسىپ تۇرۇپ قالدى. سۇھەيبە ئەرنىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىقنى، ئەرنى ئوبدان كۈتۈشنى ئەزەلدىن ئۆ-زىنىڭ تۇرمۇش مىزانى قىلغان ئىدى. ئۇ، تەربىيە كۆرگەن، تەلەپچان ئايال بولغاچقا، ھەمىشە ئۆزىنى « ئەر دېگەنىنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم يىپ، كىچىككىنە قاتتىق تەگسە ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ » دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سۇھەيبە ھەم ئىپپەتلىك، ھەم شەپقەتلىك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئىشچان قولى بىلەن ئاتىخانىنىڭ ھېلىقى ئاددىي، كۆرۈمسىز ئۆيى ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىپ، پاكىز، رەتلىك، چىرايلىق غەمخانىغا ئايلاندى. ئاتىخانىنىڭ ئۆ-زىمۇ بۇ كۈنلەردە، بىرنەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك، روھلۇق، تېتىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. تونۇش – بىلىشلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: « ئۇستام، ئۆزلىرىگە مەككە يارىشىپ، سازلىق-تىكى لەگلەك قۇش راستىنلا لاچىنغا ئايلاندىمۇ – نېمە؟»

دېگەندە، ئۇ قىلچە يوشۇرماي: «ياخشى خوتۇن ھەقىقەتەنمۇ ئۆينىڭ زىننىتى، ئەرنىڭ كۆركى ئىكەن!» دەپ پەخىرلىنىپ قوياتتى.

دېمىسىمۇ، سۇھەيبە خۇش پېئىل، مۇلايىم جۇۋان ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق گۈزەللىكى ئەنە شۇ خۇش پېئىللىق بىلەن مۇلايىم تەبىئىتىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئايال ۋۇجۇدىدىكى بۇنداق ئېسىل خىسلەت خۇددى شېرىن مەيگە ئوخشاش، ھەرقانداق ئەرنى خۇش كەيپ قىلالايتتى. لېكىن ئاتىخانىنىڭ نەزىرىدە، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا يارايدىغان ھەممىدىن ئېسىل يېرى، ئۇنىڭ ياش بولۇشىغا قارىماي، تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەيدىغان پەجۋاخلىقى ئىدى.

ھازىر بۇ پەجۋاخ جۇۋان ئانا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ توققۇز ئاي بولۇپ قالغان قورسىقى كەڭ كۆڭلەك ئىچىدىن تۇرتۇپ چىقىپ، ئەسلىدىكى دومىلاق، يۇمشاق بەدىنىنى تېخىمۇ كۆپتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

ئانا بولۇش تۇيغۇسى — باشقا ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش، سۇھەيبەنىڭمۇ قەلبىدىكى ئەڭ شېرىن، مۇقەددەس تۇيغۇ ئىدى. شۇڭا بۇ تۇيغۇ ئۇنى قىنتئە ئاتلىتىپ، نىل دەريا بويىدىكى ھاۋالىق، گۈزەل، قەدىمىي شەھەر قاھىرەدىن ئايرىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان بۇ مۆتىۋەر، قاقاس، ئاتەش زېمىنغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ تۇيغۇ يەنە يالغۇز ئۇنىڭغىلا ئەمەس، بەلكى يېشى ئاتمىشقا يېقىنلىشىپ قالغان، پۇل - دۇنياسى يېتەرلىك، ناتىۋان ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ئۇزاقتىن بېرى يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان ئوتلۇق تۇيغۇ ئىدى. ئۇلار يالغۇز پەرزەنتى سۇھەيبەنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئەۋرە تۇغۇپ، ئائىلە نەسەبىنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى كېچە - كۈندۈز ئاللادىن تىلەپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا پات ئارىدا ئانا بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا، سۇھەيبەنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، بىر ئائىلە

كىشىلىرىنى ئارزۇ - ئارمانىغا يەتكۈزگەن ئاتىخاندىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئاتىخانمۇ ئوغلى ئەكبەرنىڭ بۇ ياقا يۇرتتا يالغۇز باش بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، سۇھەيبەنىڭ يېڭى پەرزەنت تۇغۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىدىن چەندان خۇشال بولاتتى!

ئەر - خوتۇن زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى.

سۇھەيبە ساق - سالامەت تۇغدى، تۇغقاندىمۇ پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم بالىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ يۇمران بەدەنلىرىنى سىلاپ تۇتۇپ، قاراقاتتەك كىچىككىنە قارا كۆزلىرىگە قاراپ، خۇشاللىقتىن تاراملاپ ياش تۆكتى. ياش يۇقى كۆزلىرىدە كۈلكە ئوينىدى، خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتكەن چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. مانا بۇ، ئالەمچە شادلىقنى بىلدۈرىدىغان، ئۇزاق يىللىق تەشنالىقى قاندۇرۇلغان بەختلىك ئانىنىڭ ساپ ھەم سەممىي تەبەسسۇمى ئىدى!

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاتىخان يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىنى جايناماز ئۈستىدە دومىلىتىپ، ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ، ئۆز ئاغزى بىلەن « ھېلىمشا » دېگەن ئىسمنى قويدى. بۇ ئۇنىڭ ھەج سەپىرىدە غېرىب كېپەن بولۇپ قالغان مەرد، باھادىر، ئوت يۈرەك ھەمراھىغا بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشى ۋە مەڭگۈلۈك يادنامىسى ئىدى!

## 3

ئەكبەرنىڭ چاربازارچىلىقى خېلى ئېقىپ قالدى.

ئۇ، كۆك تەخەينى يېتىلەپ، تالاي يۇرت - سەھرالارنى كەزدى، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن تونۇشتى، ماللىرىنى باھا

تالاشماي، لايسقىدا سېتىپ، نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ياخشى ئۆلپىتى بولۇپ قالدى.

ئەكبەر هازىر مەككىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ۋادى پاتىمە» دېگەن يەرگە كۆپرەك كېلەتتى. بۇ يەردىكى دېھقانلار ئاساسەن تاۋۇز، سەي - كۆكتات تېرىغاچقا، هال - ئوقىتى ياخشى ئىدى. بۇ يەردە پاسۇلى (شوخلا)، كوسا (جاڭدۇ)، كۇررەت (كۇدە)، ئۈزۈنچاق كاۋا قاتارلىق سەيلەر بەك ئوخشايتتى، تاۋۇزلىرىمۇ تاتلىق ئىدى. بۇلار يۆك ماشىنىلىرىدا مەككىدىن تارتىپ، جىددەگىچە تو- شۇلاتتى.

ئەكبەر بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگىنى بۇ يەر ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ياشاۋات- قان بىر ئەرەب قىزى ئىدى.

ئەكبەر تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ، يولدىن ئېزىپ بىر ئويمانغا چۈشۈپ قالدى. ئويمانىدا سازلىق ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئازگاللار بار ئىدى. ئەتراپى سۆگەت، خورما، تىكەنلىك رىپىدە دەرىخى ۋە بوغۇم غوللۇق دەرەخلەر بۆككىدە ئۆسكەن قويۇق ئوت - چۆپلۈك بولغاچقا، هەممە يەر قارىيىپ تۇراتتى. ئەكبەرنىڭ قۇ- لىقىغا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ۋە ئۆز ئېشىكىنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئەكبەر ئەرەبىستانغا كەلگەندىن بېرى، تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق بېشىللىققا پۈركەنگەن سالقىن، هاۋالىق يەرنى كۆ- رۈپ، خۇددى تاسادىپىي ئۆز يۇرتىغا كېلىپ قالغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى، پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى بىلەن چېكەتكىلەرنىڭ چى- رىلداشلىرى بولسا، ئۇنى تېخىمۇ هاياجانغا سالدى. ئەكبەر

ئۆزىنى گويا يۇرتىدىكى تۇمەن دەرياسىنىڭ بويىدا كېتىۋاتقان-دەك ، دەريا بويىدىكى مەجنۇن تالالار بىلەن ياندىكى ئېتىز قىرلىرىدا سەكرىشىپ يۈرگەن بۇ جانىۋارلار ئۇنىڭ قەدەم ئاۋازىغا ماسلىشىپ نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقاندەك شۇنداق كۆڭۈللۈك ۋە يې-قىملىق ھېس قىلدى . ئەكبەر قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماي ، بۇ يېشىللىق ئالىمىنى سەير قىلىپ خېلى ئۇزاققىچە ئايلىنىپ يۈردى . بىر چاغدا ، يىراقتىن ئۇنىڭ كۆزىگە لىپىلدىغان چىراغ يورۇقى كۆرۈندى . ئەكبەر ئاستا شۇنى كۆزلەپ ماڭدى . ئۇ بىر كەپىگە يېتىپ كەلدى ، كەپىنىڭ ئالدىدىكى خورما ياپرىقىدىن توقۇلغان بىر پارچە بورىدا خۇددى شاپتۇل قېقىدەك يىگىلەپ قالغان ۋىجىك ، ئازغىن بىر بوۋاي ياتاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا بىر سۇ ئىدىشى ۋە بىرنەچچە ياغاچ چۆچەك تۇراتتى . بۇ نەرسىلەر دەشتتە ئۇيان - بۇيانغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلارغا سۇ سېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى .

ئەكبەر بوۋايغا سالام بەردى ، تۆت چاسا تەكىيىگە يانپاشلاپ ياتقان بوۋايمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ قىمىرلاپ قويدى .

— ھە ئوغلۇم ، كەچ قاپسەنغۇ ! — سورىدى ئۇ ئورۇق ، ئىنچىكە قوللىرى بىلەن مەيدىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ ، — سەپىرىڭ قاياققا ؟

— مۇشۇ يەردە بىر يۇرت بار دەيدۇ ، شۇ يەرگە كېلىۋې-دىم ، — دېدى ئەكبەر ۋە كۆك تەخەيدىكى يۈكنى ئىشارە قىلىپ داۋام قىلدى ، — ھەر خىل ماللار بار ، سودا - سېتىق قىلىۋاتى-مەن .

— ھە ، بىزنىڭ يۇرت ۋادى پاتىمگە كەپسەن - دە ! — دېدى بوۋاي ۋە ئەكبەرنى ماختاپ سۆزلەپ كەتتى ، — ياخشى قىپسەن ئوغلۇم ، بىز دېھقانلارنىڭ ھەمىشە شەھەرگە بېرىپ سودا قىلغۇدەك ۋاقتىمىز نەدە !؟ بۇرۇنغۇ قول - ئىلكىمىزدە يوق ، شە-

ھەرگە كىرىش، بازارغا بېرىش دېگەننى ئويلاپ قويمايتتۇق، بالام. لېكىن ھازىر دېھقان - چارۋىچى دېگەننىڭمۇ ھال - كۇنى ياخشى بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەت دېگەن بەكمۇ ئۇلۇغ، تاغدەك قۇدرەتلىك ئىكەن، بىزنى بىرلا يۆلىۋىدى، ھەممەيلەننىڭ قەددى رۇسلاندى. ئەنە قارىغىنا، ھۆكۈمەت دېھقانلارغا بىر تىيىن ئالماي بوز يەر ئېچىپ، قۇدۇق كولاپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇرۇق، ئوغۇت دېگەننىغۇ بىكارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تېخى تاغلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ كۇنى بىزدىنمۇ ياخشى. قوي - ئۆچكە باقسىڭمۇ پۇل، كالا باقسىڭمۇ پۇل، تۆگە باقساڭ تېخىمۇ پۇل. ھۆكۈمەت پەسىللىك، يىللىق ياردەم پۇلى بېرىۋاتىدۇ، قانچە كۆپ باقساڭ، شۇنچە كۆپ پۇل ئالىسەن! لېكىن، بىز پۇل تاپقان بولساقمۇ، يەنىلا يولىدا خەجلىيەلمەي ئۆتۈپ كېتىمىز. تىجارەت دېگەننى مانا ساڭا ئوخشاش يۇرت ئارىلاپ قىلسا، خەققىمۇ، ئۆزىڭگىمۇ نەپ تېگىدۇ. ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا، دېگەن گەپ بار.

ئەكبەر پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا بوۋايغا سەپسالدى. ئۇ، 70 كە يېقىنلىشىپ قالغان، كوسا يۈزلىرىنى قاتمۇقات قورۇق قاپلىغان، قوڭۇر تېرىلىرى سۆڭەكلىرىدىن ئاجراپ، شىلىقشىپ تۇرىدىغان مىسكىن بوۋاي ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆتمەك قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى تېخى نۇرىدىن كەتمىگەن، چىراغ يورۇقىدا مۇلايىم چاقناپ تۇراتتى. ئەكبەر بۇ كۆزلەردىن بوۋاينىڭ ساددا ۋە دۇرۇس ئادەملىكىنى كۆردى، بوۋاي شۇنچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنە بۇ دەشت - باياۋاننىڭ ئېغىزىدا سۇ سېتىپ، ساۋابلىق ئىش بىلەن كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ياتاتتى.

ئۇلار ئۆزئارا تونۇشتى. بوۋاينىڭ ئىسمى ئىبنى ئەساكىر بولۇپ، مۇشۇ يۇرتلۇق ئىدى. كەمپىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېلىنىنىڭ قولىغا قالدى. كېلىنى دەسلەپ خېلى ئوبدان

قارىغان بولسىمۇ، كېيىن ئەسكىرىۋالدى، ھەدېسىلا يوقسۇزلۇقنى باھانە قىلىپ، قوشۇقنى تاۋاقا، چۆمۈچنى قازانغا ئۇرۇپ چالۋاقايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئوغلىمۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋالاتتى. بۇ ھال بوۋايغا ھار كەلدى، غۇرۇرىغا تەگدى، ئاخىر «ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسەتمەيدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئۆينى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ، بىر يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ كەپىگە چىقىۋالغان ئىدى. بۇ يەر تۆت يولنىڭ توغۇمى بولغاچقا، ئۆتكەن - كەچكەنلەر كۆپ ئىدى. بوۋاي ھەممىشە ئۆيماندىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ، كەپە ئالدىدىكى كۈپ - ئىدىشلارغا توشقۇزۇپ قوياتتى. شۇڭا بوۋاي بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، «ئەساكىر ئۆتەڭگى» دەپ نام چىقاردى. ھەرقانداق يولۇچى بۇ يەرگە چۈشمەي ئۆتمەيتتى، ھەتتا چوڭ سودا كارۋانلىرىمۇ چۈشكۈن قىلىپ تۈنەيتتى. شۇڭا، بوۋاي بۇ يەردە ھېچ نەرسىدىن قىسىلماي، ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتاتتى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەپ قال، — دېدى بوۋاي بىر چاغدا ئەكبەرگە بىر قاچا مۇزدەك سۈنى ئۇزىتىپ، — مۇشۇ ئۆيماندىن ئۆتسەڭلا ۋادى پاتمىگە كىرىسەن، ئەتە بارساڭمۇ بولىدۇ، ئېشىكىڭگە ئوت سېلىپ بەر، كەپىنىڭ ئارقىسىدا قورۇق بېدە بار.

ئەكبەر ئەتىگەندىن بېرى يول يۈرۈپ ھېرىپ قالغان ئىدى. بوۋاينىڭ تەكلىپى ئۇنىڭغا خۇشياقتى. ئۇ، كۆك تەخەينىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئېشەكنى ئوتقا قويدى، ئېشەك كەپىنىڭ ئارقىسىدىكى بېدىلەرنى كاراسلىتىپ يېيىشكە باشلىدى. ئەكبەر خۇرجۇندىن پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، تۇخۇم ۋە نانلارنى ئېلىپ، بوۋاي بىلەن بىللە قورسىقىنى تويدۇردى ۋە ئۇزاققا قالماي، كەپىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بوۋاي بىلەن

سۆزلىشىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى .

ئەكبەر ئەتىسى ئويغانغاندا ، بوۋاي كەپىنىڭ ئالدىدىكى تاش ئوچاقتا چاي قاينىتىپ ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى .

ئىككىسى بىللە ناشتا قىلدى ، بوۋاي ئۇنىڭغا كونا كورىدىكى ئۆزى ياسىغان قۇرەيش ئىرىمچىكىدىن بىرنەچچە قوشۇق ئېلىپ بەردى ، ئەكبەر ئۇنى تامشۇپ تۇرۇپ يېدى ، ئىرىمچىك بىرئاز ئاچچىق بولسىمۇ ، لېكىن يېيىشلىك ئىدى ، كۆڭۈلنى ئىشتىهانى ئاچاتتى .

ناشتىدىن كېيىن ، ئىبنى ئەساكىر ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى . ئەكبەر مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ بېشىغا ئاق يىپەك دوپپىدىن بىرنى كىيدۇرۇپ قويدى ۋە قولىغا بىر توقاچ سوپۇن ، ئىككى قاپ سەرەڭگىنى تۇتقۇزۇپ :

— رەھمەت بوۋا ، ئوبدان خېرىدارلىقىمنى قىلدىڭىز ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدەپ تۇرىمەن ! — دەپ تەشەككۈر ئېيتىپ خوشلاشتى .

بوۋايمۇ ئۇنى ھېلىقى ئىرىمچىكتىن تۈگۈنچەك قىلىپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى .

ئەكبەر چاشكا ۋاقتى بىلەن يۇرتقا كىردى . ئۇ ، خۇددى بىرسى كۆرسىتىپ قويغاندەك ، قاشا تاملىق بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا خورما يوپۇرمىقىنىڭ سايىسى بىلەن ياسالغان چەللىلىك شىپاڭ بار ئىدى . شىپاڭدا بىرنەچچە يۆلەنچۈكلۈك توقۇلما ئورۇندۇقلار تۇراتتى . ئەتراپ جىمجىت بولۇپ ، پەقەت ئىسسىق شامالنىڭ غۇيۇلدىشى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئەكبەر يىراقتىنلا تەلەپپۇزىنى كەلتۈرۈپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تولا تۇۋلاپ ئۆگىنىپ كەتكەن گېپىنى ۋارقىرىدى :

— مال ساتىمەن ، مال ! نېمە دېسەڭ شۇ بار ، تېز كېلىپ

ئېلىۋال، تۆگەپ كەتسە قالمايدۇ ! ...

هايال ئۆتمەي، باغنىڭ كونا پېتىش تەرىپىدىكى كېسەك ئۆيدىن بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى. قىز بېشىغا چازا بىلەن قىستۇرۇلغان چاسا ياغلىق ئارتقان، ئۇچىسىغا نىپىز زەڭگەر رىدا يېپىنغان ئىدى، بويىندىكى بىر تىزىق كەھرىۋا مارجان قۇياش نۇرىدا يىراقتىنلا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئەكبەرگە ئون نەچچە قەدەم قالغاندا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇلارنى باغنىڭ تال ـ چىۋىقلاردا توقۇلغان پاكارغىنا قاشا تېمى ئايرىپ تۇراتتى: قىزنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىدى، شۇڭا ئۇ، ئەكبەرگە يېقىنلىشىشتىن قورقۇپ توختاپ قالغان ئىدى.

لېكىن، قىز ئارقىغىمۇ يانمىدى، بەلكى ئەكبەرگە تىكىلگەن كۆزلىرىنى نازاكەت بىلەن ئوينىتىپ، ئاندىن يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇنداق سەۋەبى، پاك ۋە قىزغىن قاراشلىرىدىن 17 گە كىرىپ، يۈرىكى سۆيگۈ تەلەپ قىلىۋاتقان بېجىرىم بىر قىزنىڭ بالاغەت يېشىدىكى تەشنالىقى چىقىپ تۇراتتى. قىز ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، يەنە بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىغا چامدىدى. ئەكبەر ئەمدى ئۇنى شۇنداق ئېنىق كۆردى. ئۇ، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ھۆسنىگە تولغان، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭ، مەڭزى قىزىل، كۆزلىرى سۇرمە سۈرگەندەك تەبىئىي قاپقارا بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان زەڭگەر رىداسى بەدىنىنى يەلكىسىدىن تارتىپ ئوشۇقىغىچە يۆگەپ تۇراتتى.

ئەكبەر قىزغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بايىقى ھەيرانلىق ئورنىنى ئەمدى زوقلىنىش ئىگىلىگەن ئىدى. قىيا ئېچىلغان لەۋلىرىدە بىر خىل مەستانە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

قىز سەھرادا چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى

يۇقۇشلۇق، جىلۋىدار قىز ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن يې-
گىتلەرنىڭ كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلىۋېتىدىغان بىر خىل
سېھرىي كۈچ چىقىپ تۇراتتى.

قىز ئاستا بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئەكبەرگە قىيا بېقىپ،
قاشانىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ سورىدى:

— سىزدە خالخال ① بارمۇ؟

ئەكبەر لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭدا،
ياش قىزلار ھەۋەسكە ئىشلىتىدىغان بۇنداق زىننەت بۇيۇمى يوق
ئىدى.

— ھازىر يوق، كېلەر قېتىم ئالغاچ چىقاي، — دېدى
ئەكبەر ۋە زور غەيرەتكە كېلىپ، — ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ
سورىدى.

قىز بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، كېيىن ئاران ئاڭلىنغۇدەك
قىلىپ:

— ھەبىزە ... — دېدى ۋە ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قا-
رىۋالدى.

قىزنىڭ ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلىسى ئەكبەرگە بەكمۇ
يېقىملىق بىلىندى، بىر خىل شېرىن جۇغۇلداش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
تارىغاندەك بولدى.

ئۇ، قىزنىڭ كۆپرەك سۆزلىشىنى كۈتەتتى، چۈنكى، ئۇ-
نىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا مۇلايىم ھەم تاتلىق ئىدى.
ئەكبەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى ئادەم بالى-
سىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاددىي گەپ ئەمەس، بەلكى
جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەرنىڭ شېرىن - سۇخەن شىۋىرلىشى
ئىدى.

ئەكبەر ئۇنى يەنە گەپكە سېلىش ئۈچۈن ئاغزىنى

---

① خالخال — پاقالچاققا ئاسىدىغان قوڭغۇراقلىق ھالقا.

ئۆمەللەپ تۇرۇۋىدى . ئۆي تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ « ھەبزە ، قېنى سەن ؟ » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قىز چۆچۈگەندەك بېشىنى دىرىڭگىدا سىلكىپ ، ئەكبەرگە لاپپىدا بىر قارىدى - دە ، ئارقىغا ئۆرۈلگىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى . ئەكبەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— مېنىڭ ئىسمىم ئەكبەر ، خالىخالنى چوقۇم ئېلىپ كېلىمەن ! — دېگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

قىز ئۇششاق قەدەم بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى ، ئەكبەر بويىنىنى سوزۇپ ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قارىدى ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ زىبا قامىتى ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى ، پەقەت زەڭگەر رىداسى غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ، ئەكبەرنىڭ پىكىر - خىيالىنى چالغىتىۋەتتى ، ئۇنىڭ غۇۋا خىيال ئېكرانىدا بىر پارچە يېشىل بوشلۇق قېپقالغاندەك بولدى ...

ئەكبەر كەچكىچە يۇرت ئارىلىدى . بۇ ، تۇپتۈز كەتكەن تۇپرىقى مۇنبەت بىر ۋادا ئىدى . ئەتىگەندىن كەچكىچە قۇياشنىڭ ھىل - ھىل تەپتى بەدەننى كۆيدۈرۈپ ، يۈزلەرنى يىلىنجىتاتتى . دېھقانلار شۇنداق ئىسسىقتىمۇ قۇدۇق سۈيى بىلەن يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ ئېتىزدىن كىرمەي تېرىقچىلىق قىلاتتى ، بۇ يەرنىڭ تاۋۇزى ھەقىقەتەن تاتلىق ، سەي - كۆكتاتلىرى سەرخىل ئىدى .

ئەكبەر بىرنەچچە مەھەللىلەرگە باردى ، ئېتىز - قىرلارنى ئارىلاپ ، نەق مەيدان تىجارىتى قىلدى . بۈگۈن ئۇنىڭ سودىسى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى بولدى ، بۇرۇن بېسىلىپ قالغان نۇرغۇن ماللار سېتىلىپ كەتتى ، تېخى قىزلار ، ئاياللار ئۇنىڭغا نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى زاكاز قىلدى .

ئەكبەر كەچكە يېقىن ھېلىقى باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قەستەن ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ باقتى ، مەقسىتى ھەبزىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئىدى . لېكىن ئۇنى كۆرەلمىدى ، كۆرگىنى باغدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىر قېرىسال ئادەم بولدى .

ئەكبەر ئامالسىز كۆك تەخەيىنىڭ بېشىنى « ئەساكىر ئۆتىڭى » تەرەپكە قاراپ بۇرىدى . ئۇ ، بوۋايغا ئىككى تاۋۇز بىلەن بىر باغلام ئوتياش ئېلىۋالدى . ئەكبەر بۈگۈن شۇ يەردە تۈنەپ ، تاڭ سەھەر بىلەن شەھەرگە قاراپ مېڭىشنى ۋە يېڭى ماللارنى ئېلىپ ، تېزراق « ۋادى پاتىمە » گە قايتىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

## 4

دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولمىسۇن ، مۇھەببەتسىز تۇرمۇش بولمايدۇ . تۇرمۇش ئەزەلدىن مۇھەببەتنىڭ ئوچۇق ۋە يېپىق سەھنىسى بولۇپ كەلگەن . شۇڭا ، ئەركىن مۇھەببەت ئۇجۇقتۇرۇلغان ، ئاياللارغا تىكىلىپ قاراش گۇناھ سانىلىدىغان مۇشۇ مۆتىۋەر زېمىندىمۇ مۇھەببەت يەنىلا ئۆز رولىنى ئوينىماقتا !...

ئەكبەر بۇ كۈنلەردە « ۋادى پاتىمە » گە كۈندە كېلىشنى ، ھەر كەلگەندە مارىلاپ بولسىمۇ ھەبزىنى كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . بۇ قىزنى كۆرسىلا ، بەدىنى لاپىلدا ئوت ئېلىپ كۆيگەندەك ۋە بۇ ئوت ئۇنى ئاجايىپ شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرگەندەك بولاتتى .

ئەكبەر يېرىم ئاي ئىلگىرى ناھايىتى تىنچ ۋە خاتىرجەم ئىدى . مۇھەببەتنىڭ ھالاۋىتى ياكى مۇشەققىتىنى بىلمەيتتى ، ھەبزە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئۆزگەردى ، ئەكبەر ئۆزىنى باشقىچە بىر دۇنيادىكىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان بىر تۇرلۇك بەختنىڭ غايىبانە نازۇك بارماقلىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى ئاستاغىنا چەكمەكتە ئىدى ...

لېكىن ، ئەكبەر مەككىدىن ئالاھىدە مۇشۇ قىزغا ئاتاپ

ئېلىپ چىققان خالخالنى هازىرغىچە بېرەلمەي، ئىچى تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ، ھەبزىنى ئاشۇ تۈنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن، يەنە بىرنەچچە قېتىم كۆردى، لېكىن ئۇنى زادىلا يالغۇز ئۇچرىتالمىدى، ھەبزە بىر كۈنى ئانىسى بىلەن، بىر كۈنى دادىسى بىلەن، يەنە بىر كۈنى ئاكىسى بىلەن باغدا ۋە باغنىڭ ئارقىسىدىكى ئوتياشلىقتا ئىشلەيتتى. ئەكبەر بىلەن ھەبزە پەقەت يىراقتىنلا ئۈنسىز سالاملىشاتتى، ھەبزە ئەكبەرگە يەر ئاستىدىن ئوغرىلىقچە قارايتتى ۋە ئۇنىڭ تۇنجى ئۇچراشقان كۈنىلا ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن ھېلىقى سۇمباتلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كۆزلىرى ھاياجاندىن چاقناپ كېتەتتى. بۇ كۆزلەر چاقنىغاندا، ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىغا ئاجايىپ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە مۇلايىملىق تۈسىنى بېرەتتى.

بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى، ئەكبەر كەچكىچە مۇشۇ ئەتراپنى ئەگىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا، « ئەساكىر ئۆتىگى » گە كېتەتتى، ئەتىسى سەھەردىلا يەنە كېلەتتى. ئۇ، يىراقتىن مارىشىپ يۈرۈيدىغان بۇنداق مۆكىمۆكىلەڭ ئويۇنغا زادىلا چىدىمىدى، ئاخىر بۈگۈن چۈش ۋاقتى بىلەن باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر تەۋەككۈل قىلىپ كۆرمەكچى بولدى.

ئەكبەر باغنىڭ ئىشىكىنى ئاستا قېقىپ، مۇلايىم ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھۆرمەتلىك تاغا، ئۇسساپ كەتتىم، بىر قاچا سۇ سورايمەن!

ئەكبەر ھەبزىنىڭ چىقىشىنى كۈتەتتى، ئاللادىن شۇنى تىلەپ ئىچىدە بىرنەرسىلەرنى ئوقۇيتتى، شۇڭا، يۈرىكىمۇ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ، ھەمىشە مارىلاپ قارايدىغان ھېلىقى كېسەكلىك ئۆيدىن ھەبزە ئەمەس، ئۇنىڭ قېرىسال دادىسى چىقتى. ئەكبەرنىڭ كۆڭلى لەسسىدە بولدى.

شۇغىنىسى، تەلەتى سۆرۈن بۇ ئادەم ئەكبەرنى قوغلىۋەتمىدى، بەلكى باغدىكى شىپاڭغا باشلاپ، ئۇنىڭغا ناۋۇز پىچتى، ئەكبەر باغقا كىرىۋالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئەمدى بۇ يەردە بىر ئامال قىلىپ، ئۇزاقراق ئولتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى، شۇڭا دەسلەپ تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ، ئاخىرىدا، تىرىكچىلىق ئەھۋالى، سۇ قىسلىقى، مەككىدىكى ھەج پائالىيىتى ۋە جىددەدىكى سودا - تىجارەت ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ، كىرىشىپلا كېتىشتى. بۇ ئارىلىقتا، ھەبزە ئىككى قېتىم ئۆيدىن چىقتى ۋە دادىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە — ئون نەچچە قەدەم يىراقلىقتا ئۇنى - بۇنى قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، جان ئالغۇچى شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئەكبەرگە لەپپىدە قارىدى، ئۇ ھەربىر قارىغاندا، كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەيتتى، ئەۋرىشىم بويى بولسا، ناز بىلەن تەۋرىنەتتى.

قىزنىڭ كۆزلىرىدىكى مەستانە مۆلدۈرلەش بىلەن مۇلايىم كۈلۈمسىرەش ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇررىدا ئېرىتىۋەتتى. بۇنداق سېھىرلىك كۈلكە بىلەن سېھىرلىك قاراشلاردىن ئەكبەر ئەمەس، مانا مەن دېگەن يىگىتلەرمۇ تەمتىرەپ كەتكەن بولاتتى!

دېمىسىمۇ، قىزنىڭ قاراشلىرىدا، ھېسسىياتىدا ۋە ھەربىر ھەرىكىتىدە شۇنداق بىر كۈچلۈك مەنىۋى دولقۇن بار ئىدى. ئەكبەر ھازىر ئەنە شۇ دولقۇننىڭ شىددەتلىك ئېقىنىدا توختىماي چايقىلىۋاتاتتى!

دەل شۇ چاغدا، خۇددى ئاللا تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغاندەك تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بېرىپ، ئەكبەرنىڭ ئوشۇقى ئالچا چۈشتى: باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قوتاننىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئىككى ئۆچكە بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە باغقا يۈگۈرۈپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن ھەبزىنىڭ دادىسى ئۇلارنى قوتانغا سولىۋېتىش ئۈچۈن، ئۆچكىلەر تەرەپكە قاراپ كەتتى. پۇرسەتنى

غەنىيمەت بىلگەن ئەكبەر دەرھال خالخالنى چىقىرىپ، ئاستا جىرىڭلاتتى، ھەبزە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈنىڭغا قارىدى ۋە بىر-نەچچە قەدەم ئالدىغا كېلىپ، بىر تۈپ خورما دەرىخىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئاستاغىنا:

— كەچتە قۇدۇق بېشىدىكى دۆڭنىڭ يېنىدا ساقلاڭ! — دېدى ۋە شۇ گەپنى قىلىپلا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ چاققانلىقىدىن ھەبزىنىڭ دادىسى ھېچ نەرسىنى تۇيماي قالدى. ئۇ، ئۆچكىلەرنى قوتانغا سولىۋېتىپ كەلگەندە، ئەكبەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئەكبەرنىڭ تاقىر يەردە يانپاشلاپ ياتقىنىغا ئۇزاق بولدى. ئاستا - ئاستا قۇياشمۇ پاتتى. كەچكى شەپەقنىڭ رەڭدار نۇر-لىرى پۈتۈن ۋادىغا يېيىلىپ، ھەممە يەر ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتكەندەك گۈزەل تۈسكە كىردى. قۇدۇق بېشىغا كېلىپ كېتىۋاتقانلارمۇ بارا - بارا ئازلاپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەبزە تېخىچە كۆرۈنمەيتتى، ئەكبەر تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، ھەبزىنىڭ بۇگۈنكى جۈرئىتىدىن، دادىللىقىدىن ھەيران بولغان ئىدى. بۇنداق جۈرئەت ۋە دادىللىق سۆيگۈ دېڭىزىدا ئۈزۈۋېرىپ ھالىدىن كەتكەن، لېكىن يىراقتىكى ساھىلغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن، جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەجنۇن سۈپەت بىر ئادەمنىڭ جۈرئىتى ۋە دادىللىقى ئىدى.

ئەكبەر تۇرۇپلا قىزنىڭ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. كىم بىلىدۇ، ئۇ، ھېسسىياتى ئۆرلىگەن چاغدا ئۆزىنى باسالماي ۋەدە قىلىپ سېلىپ، كېيىن ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىمۇ. تېخى!...

ئەكبەر ئىنتىزارلىق ۋە دېلىغۇللۇق ئىچىدە كەچكى شە-پەقنىڭ ئۆزگىرىشىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى، شەپەق ئاۋۋال ئوچۇق ئالا - بۇلىماچ بولدى، ئاندىن سۇس قىزىللىققا ئۆزگە-

رىپ، يەر - زېمىنغا بەكمۇ جۇلالىق، پارقىراق شولا چاچتى. بۇ چاغدا ئەكبەر خىيالغا شۇنداق غەرق بولۇپ كەتتىكى، ھەتتا ئۆزىنى ئۇنتۇدى، پەقەت بىر كەسلەنچۈك پۈتىنىڭ يېنىدىن سۈركىشىپ ئۆتكەندىلا، ئەندىكىپ ئورنىدىن قوپتى. ئۇ، مەھەللە تەرەپكە بويۇنداپ قارىغان ئىدى، كۆز يېتىم يەردە شەپەق نۇرىغا پۈركىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئەۋرىشىم قامەتنى كۆردى، كۆرۈش بىلەن يۈرىكىدىن زور بىر ھارارەت دولقۇنى قايناپ چىقىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لاۋۇلدىتىۋەتتى!

ھەبزە قۇدۇق يېنىدىكى تۆگە ئۈركىشىدەك دۆڭلۈكنى نىشانلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىدا كوزا، ئۇچىسىدا قارا رەختتىن تىكىلگەن ئابايە①بار ئىدى. قىز ئەكبەرگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئارىلىق بىر قەدەم قالغاندا توختىدى. بۇ بىر قەدەم ئارىلىق ئەكبەرگە گويا ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر بىر ھاڭدەك كۆڭۈلسىز تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەر ئىككىسى بۇ ئارىلىقنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئۇلارنى يىراق - يېقىندىكى كۆزلەردىن دۆڭنىڭ دالدىسى توسۇپ تۇراتتى.

— ۋەدىڭىزدە تۇرۇپ، خالخال ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت، ئەكبەر ئاكا! — دېدى ھەبزە يۈزىدىكى لىچەكنىمۇ ئاچماي، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

— رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، ھەبزە! سىز قوبۇل قىلسىڭىزلا، مەن خۇشال! — دېدى ئەكبەرمۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خالخالنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

قىز ئەكبەرنىڭ قولىدىن خالخالنى ئالدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان شۇ دەقىقىدە ئىككىسىنىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە تېگىپ، گويا ئوتلۇق بىر ئېقىم يۈرەكلىرىنى

① ئابايە — ئاياللار كىيىدىغان قارا كىيىم. بۇ خىل كىيىم ئاياللارنىڭ ھەممە يېرىنى چۈمكەپ تۇرىدۇ.

كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك بولدى . ھەر ئىككىسى «مۇھەببەت دېگەن شۇمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى . ئەگەر مۇھەببەت دېگەن شۇ بولسا ، ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېسسىيات ، ھاياتىي كۈچ دېگەنلەر ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولمىغان ئىدى .

مۇھەببەت ! بۇ نېمىدېگەن يېقىملىق ، گۈزەل ، ئالىجاناب سۆز ـ ھە !؟ لېكىن بۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ ، ھېچكىم ئۇنىڭ تېگىگە يەتكەن ئەمەس . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ھەممە ئادەم ھەمىشە ئۇنى تىلغا ئالىدۇ ، شۇ توغرىدا سۆزلىشىدۇ !

شۇ تاپتا ، بالاغەتكە يەتكەن ئىككى يۈرەك ئەنە شۇ مۇ-ھەببەت ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى . يېڭىلا ئويغانغان بۇ تۇنجى مۇھەببەت ھەم شېرىن ، ھەم ئازابلىق ئىدى .

ھەبزە قولىغا ئالغان خالخالنى كۆرۈش ئۈچۈن ، يۈزىدىكى قارا چۈمبەلنى قىيا قايرىدى ، ئەكبەر ئۇنىڭ پورەكلىگەن غۇنچىدەك يۈزىگە ۋە چاقماق كىرپىكلىك كۆزلىرىگە قارىدى ، قىزنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى تىنىق ، چىرايلىق ھەم يېقىملىق ئىدى . بۇ كۆزلەردىن ئەكبەر بۇرۇن ھېس قىلمىغان سۆيگۈ ـ ۋاپا ، مېھىر ـ شەپقەت دېگەندەك پاك ھەم لەززەتلىك نەرسىلەرنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇنىڭ يىگىتلىك تۇيغۇسى ئويغانغاندىن بېرى ، تۇنجى قېتىم مانا شۇنداق چىرايلىق ، جەلپكار كۆز-لەرنى كۆرۈشى ئىدى . شۇڭا ، ھازىر ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ يېڭى بىر دۇنيا ئېچىلغاندەك ، ئۇ ، بۇ يېڭى دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن ، راھىتىدىن تۇنجى قېتىم ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك بولدى .

— مەن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ، تېزراق كەتمىسەم بولمايدۇ ، — دېدى ھەبزە مېڭىشقا تەمشىلىپ ، — ئىككىمىزنىڭ تۇرغىنىمىزنى بىرەرسى كۆرۈپ قالسا سەت بولىدۇ ! — ھەبزىنىڭ

سۆزلىرى شۇنداق يېقىملىق، سادىدا ۋە خۇددى كۆزلىرىگە ئوخشاش ئۇياتچان ئىدى.

لېكىن، ئەكبەرنىڭ قىزدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇ، ئالدىغا يېرىم قەدەم چامداپ، بايىقى بىر قەدەملىك ھاڭنى زور غەيرەت بىلەن قىسقارتتى ۋە خۇددى دىغىراپ كەتكەن قوشقاردەك، ئەسەبىيلىك بىلەن ھەبزىنىڭ قولىغا ئېسىلدى. قىز دەسلەپ چۆچۈپ، ئەندىكتى، كېيىن ئەكبەرنىڭ مۇلايىم، ئىنتائەتچان كۆزلىرىگە قاراپ، بېسىقىغا چۈشتى، لېكىن قولىنى ئەكبەرنىڭ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئالىقانلىرى ئارىسىدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ، نازاكەت بىلەن تولغاندى. ئەمما ئەكبەر ئۇنى قويۇپ بەرمەي، ئاستا ئۆزىگە تارتىۋىدى، ھەبزە ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ:

— ياق ... ئەكبەر ئاكا، ياق! ئۇنداق قىلساق گۇناھ بولىدۇ، خەقلەر كۆرۈپ قالسا، چوڭ بالاغا قالىمىز ... — دېدى پىچىرلىغاندەك زەئىپ ئاۋازدا.

— قايسى خەق؟ ھېچكىم يوققۇ!؟ — دېدى ئەكبەرمۇ ئەتراپقا سەگگەك قاراپ.

— بار! ... — دېدى ھەبزە ۋە كۆزى بىلەن نەنىدۇ — ئەرشتىكى ئىشارە قىلغاندەك بىر خىل ئىنتائەتمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئاللا بار، ئۈستىمىزدە قاراپ تۇرىدۇ! ...

ئۇلار شۇ تاپتا، گويا كۆچلۈك ماگنىت مەيدانىغا كىرىپ قالغاندەك بىر - بىرىگە قاتتىق تارتىلىپ، بېسىلغۇسىز تەشنالىق ئىچىدە تۇرسىمۇ، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچنىڭ تەسىرىدىن ئۆزئارا قوشۇلالماي، ئىككى قۇتۇپلۇق ھالەتتە تۇراتتى ...

ئەكبەر ھەبزىنىڭ پاك، سەبىيلىكىدىن سۆيۈندى، ھايا ۋە

ئېتىقادىغا قايىل بولدى. شۇڭا ئۇ، قىزنىڭ يېنىك تىترەپ تۇرغان يۇمران قولىنى قويۇپ بېرىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— ھەبزە، مەيلى ئەرشتىئەلادىن، مەيلى تەھتسارادىن ۋەھيى كەلسىمۇ، مەن سىزدىن ئايرىلمايمەن!

— بۇنىڭغا ئاللا گۇۋاھ بولسۇن! — دېدى ھەبزە ئاستا پىچىرلاپ.


شۇ تاپتا، ھەبزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالغان ئەكبەر پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن سودا، پۇل، دادا، قورقۇش ۋە ھايا دېگەنلەر پۈتۈنلەي غايىب بولغان ئىدى. ئەكبەر شەپەق ئۆچۈپ، ئاستا - ئاستا گۇگۇملىشىۋاتقان مۇشۇ قىسقا دەقىقىلەرنىڭ كۈنلەر بولۇپ سوزۇلۇشىنى، بىر - بىرىگە ئىنتىلىپ تۇرغان ئىككى روھنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە مەڭگۈ ئايرىلماس بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىشىنى بەكمۇ، بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى!...

لېكىن، تۇرمۇش شەپقەتسىز ئىدى. ھەبزىنىڭ ئەكبەر بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشىغا ئامالى يوق ئىدى. ئۇ، ھېلىمۇ جۈرئەت قىلدى، قارامىلىق قىلدى. ئەگەر ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئەكبەردەك بىر يات يىگىت بىلەن يالغۇز تۇرغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چېقىۋېتىشتىن يانمايتتى.

— خوش، ئەكبەر ئاكا، مەن ماڭاي! — دېدى ئۇ ئەكبەرنىڭ ئالىقانلىرىدىن قولىنى ئاستا سۇغۇرۇپ، — كەچ كىرىۋاتىدۇ، ھايال قالسام بولمايدۇ!

قىز لەرزان تەۋرىنىپ، قۇدۇق تەرەپكە ماڭدى. ئەكبەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ:

— يەنە كۆرۈشەلەمدۇق؟ قاچان؟ — دەپ سورىدى مىسكىن ئاۋازدا.



— خۇدا بۇيرۇسا، يەنە كۆرۈشىمىز! — دېدى قىز ئار-قىسىغا يېنىم قايرىلىپ، — مەن ھەر كۈنى مۇشۇ قۇدۇققا سۇغا چىقىمەن!

ھەبىزە كوزىغا سۇ ئالدى ۋە ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەكبەر ئەتىسى يەنە شۇ يەردە ساقلىدى. كۆك تەخەينى قۇدۇق ئەتراپىدىكى قۇرۇق چۆپلۈككە قويۇۋېتىپ، ئۆزى دۆگ-لۈكنىڭ دالدىسىدا ھەبزىنى كۈتۈپ ياتتى.

ھەبزە بۇگۈن تۇنۇگۈندىكىدىن بۇرۇنراق كەلدى، ئۇلار يەنە شۇ دۆگىلۈكنىڭ دالدىسىدا كۆرۈشتى، ئىككىسى ئېغىر سۇ-كۈنات ئىچىدە خېلىغىچە جىم تۇرۇشتى، ئارىدا پەقەت سۆيگۈلا ئۇنسىز نىدا قىلاتتى. بۇگۈن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ھېلىقى بوشلۇق يەنە بىر غېرىچ قىسقاردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ، يۈرەك سوقۇشلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە شۇ يەردە ئۇچراشتى. بۇگۈن ھەبزە ئۈچىسىغا ھېلىقى زەڭگەر رىدانى يېپىنىپ، يۈزىگە لىچەك ئارتىۋالغان ئىدى. ئەكبەرنىڭ خىيال ئېكرانىدا يېشىللىق ئالىمى بولۇپ ساقلىنىپ قالغان بۇ تونۇش رىدا ھەبزىنى ئەكبەرگە تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ يېقىملىق كۆرسىتىۋەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۇگۈن خۇددى ناله گۈلىدەك رەڭلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەكبەر ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز ھالدا ھەبزىنى قۇچاقلىۋالدى، ھەبزە قورققىنىدىن ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن ئەكبەر ئۇنى قويۇۋەتمىدى، بەلكى ئۇنىڭ لىچىكىنى قايرىپ، مەڭزىگە، ئاغزىغا ۋە كۆزىگە ئارقا - ئارقىدىن سۆيۈپ كەتتى. ھەبزە دەسلەپ ئالاقزادە بولۇپ تىپىرلىغان بولسىمۇ، كېيىن ياش يىگىتنىڭ پاك ۋە ئوتلۇق سۆ-

يۈشلىرىدىن بىھوشلىنىپ، پۈت ـ قولى بوشىشىپ كەتتى...

مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ئەكبەرگە سالما، كەسلەنچۈكلەر ئۈۋۋا قىلغان بۇ قاقاس، ئىسسىق يەر باشقىچە گۈزەل ۋە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. توۋا، ئىلگىرى ئۇ، بۇ يەرلەردىن ئۆتكەندە، نېمىشقا بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر كۆزىگە چېلىقمىغان بولغىيتتى؟ دۇنيا بۇ گۈن مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ يېڭىچە تۈس ئالدىمۇ ياكى ئەكبەر ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭدا باشقا كۆزلەر پەيدا بولۇپ قالدىمۇ؟! ...

مانا بۇ مۇھەببەت ئىدى! ئادەم ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولدىمۇ، بەس! خۇددى ئۆز ئەركىنى، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتقان مەجنۇندەك، رېئاللىقتىن چىقىپ، خىيالپەرەسلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھايات، ئۇنىڭ خىيالىدىكى دۇنيا پۈتۈنلەي ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە تولغان، ئازابتىن، ھىجراندىن، مالامەتتىن خالىي دەرۋىشلەر دۇنياسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ دۇنيادا سۆيۈش، كۆيۈش، گۈزەللىك ۋە سېغىنىشلا بولىدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ھايات دىشۋارچىلىقى بولمايدۇ! ...

ئۇلار بۈگۈن شۇ مۇھەببەتنىڭ تەلۋە كۈچى بىلەن سۆيۈشتى، سۆيۈشكەندىمۇ، ئۇزاق ۋە تاتلىق سۆيۈشتى. بۇ، ھەبىزنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شېرىن ھەم ئەڭ خەتەرلىك مىنۇتلار ئىدى. چۈنكى ئۇ، مىڭ يىللار مابەينىدە كۈچ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس دىنىي ئەخلاقىقا ۋە تەقۋادار ئائىلىسىنىڭ بۇزۇلماس قائىدە ـ نىزاملىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىققان ئىدى. بۇ، خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ» دېگەندەك، قەلبىگە كىر قونمىغان ياش، جۇشقۇن بىر قىزنىڭ يۈرىكىدىكى ئەركىن مۇھەببەت ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىشى ئىدى!

ئىنسان روھى ئەزەلدىنلا زىددىيەتلىك تۇرەلگەن. ھەر خىل دىنىي ئەمرىمەرۇپلار كىشلەرنى پەزىلەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ھەمىشە كىشلەرنىڭ گۇناھىنى ئاشۇرۇپلا تۇرىدۇ. بۇ ئەمرىمەرۇپلار قاچانكى كىشلەرنىڭ مەنپەئىتىگە، روھىي دۇنياسىغا تاقاشقان ۋاقىتتا، كىشلەر ئۇنىڭغا ئاسيلىق قىلىدۇ!

ئەكبەرنىڭمۇ، ھەبىزىنىڭمۇ ھازىرقى ئەھۋالى دەل ئاشۇنداق ئىدى!

ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى، ئەركىنى ۋە كەلگۈسىنى ئىزلەۋاتاتتى. بۇ يولدا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى. شۇ تاپتا، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ماگما قاتلىمىدەك يوشۇرۇن بىر چۇقان ھۆكۈمران ئىدى!

شۇ كۈنى كېچىچە ئەكبەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، باشقا كۈنلەردە ئوقۇسلا ئۇخلىتىپ قويىدىغان ئايەتلەرمۇ بۈگۈن ئۇنى ھەتتا ئەسنىتەلمىدى. ئەكبەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەپە ئالدىدا ساما سالغۇسى، غەزەل توۋلىغۇسى، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ خەندان ئۇرۇپ كۈلگۈسى كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆيلۈۋاتقان مۇھەببەتلىك يۈرىكى زادىلا جىم تۇرالمىدى!...

ئەتىسى، ئەكبەر يەنە تېتىك، روھلۇق ئورنىدىن تۇردى. ئېبىنى ئەساكىر بىللەن بىللە ناشتىلىق يېدى. بۇ كۈنلەردە بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆز ئوغلىدىنمۇ چارە ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى.

— ئەكبەر، مەن سەزدىم، كېچىچە ئۇخلىمىدىڭ، — دېدى سەگەك بوۋاي ناشتىلىق قىلىۋاتقاندا، — نېمە بولدى، بەك خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ؟

— ئۆزۈمچە بوۋا، — دېدى ئەكبەر ھېچ ئىش بولمىغان

ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، — سودا - تىجارىتىم ياخشى بولۇۋاتىدۇ، مەن شۇنىڭغا خۇشال!

ئەكبەر يۈرەك سىرلىرىنى بوۋايغا ئېيتىشتىن ئۆزىنى تارتتى، كەپە كىچىك بولغىنى بىلەن، بۇ يەردە بولۇپ تۇرىدىغان گەپ - سۆزلەر چوڭ ئىدى. ئۇ، تېخى ئايىغى چىقمىغان ئىشنىڭ يۈرتقا يېيىلىپ، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەكبەرنىڭ نەزىرىدە، مۇھەببەت ئەڭ سىرلىق، يەككە - يېگانە شەخسىي ئىش ئىدى!

بوۋاي ئارتۇقچە گەپ قىلماي مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆلكىسىدە ئەكبەرنىڭ ئۆزىدىن پىنھان تۇتقان يۈرەك سىرىنى بىلىۋالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، 70 يىللىق ھاياتىدا تالاي ئىشلارنى كۆرۈپ، تالاي قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ھېلىغىچە يىراقتا قالغان بەگۋاش بالىلىقىنى، نۇر ۋە ھارارەتكە تولغان يىگىتلىك تاڭلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەيدىغان كۆڭلى تازا، يۈرىكى تۇيغۇن بۇ بوۋاي خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئەكبەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ۋە ئۇنىڭ «ئىشق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەردۇبالا كوچىسىغا قەدەم باسقانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى ھەم سۆيۈنگەن، ھەم ئەنسىرەش ئىچىدە قالغان ئىدى!

— ئوغلۇم، ئاغزىڭ سىرىڭنى يوشۇرغان بىلەن، كۆزلىرىڭ ئاللىقاچان ئېيتىپ بەردى! — دېدى بوۋاي ئەكبەرگە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن، — دېسەم - دېمىسەم، سەن ئىشق كوچىسىغا كىرىپسەن، ئاخشام بىر قىزنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ جۆيلۈدۈڭ، مەن بۇ قىزنى تونۇيمەن، پەخەس بول، ئوغلۇم. بۇ كوچا بەك خەتەرلىك!...

بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، قولىدىكى ھېجىر تاۋاقنى داستىخانغا قويۇپ، يەنە ئۇھسىندى. ئۇ، مۇشۇ قىسقىلا گەپ بە-

لـەن ئۆزــنــىڭ يۈرىكىدىكى كونا بىر يارىنى قاتتىق تىرنىۋالغان ئىدى. ئەكبەرنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ كۆزلىرى مۆلدۈرلىگەن، ئەمما قەلبى ھېسداشلىققا تولغان شۇ دەقىقىدە، بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ كونا ئىشلار قايتا ئۆتكەندەك بولدى...

بۇنىڭدىن يىگىرمە ئەسىر بۇرۇن، ئەساكىر بوۋاينىڭ ئۆزىدىن بىر يېرىم ياش كىچىك بىر ئىنىسى ئىشق يولىدا كۆتۈلـمىگەن پاجىئەگە يولۇققان ئىدى. ئۇ، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ئاخىر يۇرتىنى تاشلاپ قاچقاندا، يولدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھەر ئىككىسى «زىناخور» دېگەن بەتنام بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئەساكىر مەككىدە ھامماللىق قىلاتتى، بۇ مۇدھىش خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇرتقا كەلـگەندە، بىچارە ئىنىسىنىڭ قانتالاش بولغان تېنى ئاللىقاچان يەرلىككە قويۇلغان ئىدى. يىراقتا يۈرۈپ، بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ جېنىغا ئارا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر بىر ھەسرەت ـ نادامەت ئورناپ كەتكەن ئىدى!...

بۇ ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئەنىڭ ئەمدى كېلىپ، ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغان ئاق كۆڭۈل، ئوقۇمۇشلۇق، مۇساپىر بىر يىگىتنىڭ تۇرمۇشىدا قايتا يۈز بېرىشىنى ئۇ زادىلا كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى! شۇڭا، ئەكبەرگە ئاشۇنداق تارىخىي پاجىئەلەر ۋە بۇ يەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى توغرىسىدا ئاز ـ تولا سۆزلەپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولدىيۇ، يەنە تۇرۇپلا بۇ پىكرىدىن يالتايدى. چۈنكى، تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان، قەلبىگە تېخى كىر قونمىغان، ساددا بىر يىگىتنىڭ سەبىي يۈرىكىنى ئۇنداق مۇدھىش گەپلەر بىلەن مۇجۇپ، ۋەھىمىگە سېلىپ قويۇشنى خالىمىدى. شۇڭا ئۇ، ئەكبەرنىڭ مەيۈسلىنىپ، جىمجىت ئولتۇرغان تۇرقىغا قاراپ:

— سەن ئەقىللىق بالا، قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىسەن؟ — دېدى ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، — ئىشقىلىپ، ئېھتىيات قىل، ئوغلۇم! يولۇڭدا يىلان - چايانلار كۆپ، يوشۇرۇن نەشتەر ئۇرۇپ قويمىسۇن!

ئەكبەر بوۋاينىڭ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سەممىي نەسىھەتىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ناشتىدىن كېيىن يول تەييارلىقىغا چۈشتى. بۇ قېتىم ئۇ، مەككە بىلەن جىددەگە بېرىپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يېڭى ماللارنى ئېلىپ كەلمەكچى بولدى.

ئەكبەر بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، كەپىدىن چىققاندا، شەرق ئاچ قىزىل رەڭ بىلەن بويالغان ئىدى.

## يەتتىنچى باب

# غايىب بولغان مەشۇق

### 1

گۈزەللىكنىڭ قۇدرىتى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش. ئاياللار ئۆزىدىكى مانا شۇ گۈزەللىك بىلەن ھەممە يەردە قۇدرەتلىك بولۇشقا تېگىشلىك!

لېكىن، تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە بۇ گۈزەللىك بەزىدە ئادەمگە بەختتىن كۆرە بەختسىزلىكنى راھەتتىن كۆرە ئازابنى، يورۇقلۇقتىن كۆرە زۇلمەتنى ئاتا قىلىدۇ!

ھەبىزە ھەقىقەتەن چىرايلىق، لەۋەن قىز ئىدى. ئۇنىڭ مەستانە قاراشلىرىدىن، تاتلىق قىلىقلىرىدىن ئەكبەرنى چىن يۈرىكىدىن ياقتۇرۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ھەبىزە ئۆزىنىمۇ، ئەكبەرنىمۇ بەختلىك قىلالمايدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. چۈنكى ئۇ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجىسى ئەمەس ئىدى. بەلكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىدىكى چىرايلىق بويۇم، ئەتىۋارلىق مال ئىدى. ھەبىزە كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىر دەملىك يەڭ سودىسى بىلەن كىملەرگىدۇر سېتىلىپ، ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىرسىنىڭ خوتۇنى ياكى توقالى بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېس-

سىيات ئەقىل - ئىدراكتىن غالىب ئىدى، شۇڭا باشقا ئىشلارنى ئويلىسمايتتى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، مۇھەب-بەت شارابىدىن مەستخۇش بولغان بۇنداق كۈنلەردە، ھەبزىدەك نازاكەتلىك، ساھىبجامال قىزنىڭ بەختىگە قارا سانىغان ھەر-قانداق ئادەم باغرى تاش، قوپال، دىۋەڭ مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتەتتى!

ئەكبەر بۇ قېتىم كەلگەندە، قىزغا بىر تىزىق مەرۋايىت مەزەڭگە سوۋغا قىلدى. ھەبزە ئۇنى خۇشاللىق ۋە خىجىللىق ئىچىدە قولىغا ئېلىپ، ھېرىسمەنلىكتە تولغان كۆزلىرى بىلەن رەھمەت ئېيتتى.

ئۇلار كۈندە دېگۈدەك يەنە شۇ قۇدۇق بېشىدا — دۆڭلۈكنىڭ دالدىسىدا ئۇچرىشىپ تۇردى، گەرچە ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، لېكىن بەك شېرىن ھەم مەنىلىك ئىدى. ئەكبەر ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك، زۇلمەت ئى-چىدە قالغاندەك ھېس قىلاتتى. سۆيگۈگە، مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان كۈنلەر ئۇزارغانسېرى قىزنىڭ روھى ۋە جىسمى گويا ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ سەجدىگاھىدەك، ئەكبەرنىڭ ھەمىشە تاۋاپ قىلىشىنى ئىستەيدىغان تاۋاپگاھقا ئايلانغان ئىدى!

ئەكبەر بۇ كۈن چۈشتىن كېيىنلا، كۆك تەخەينى ئوتقا قويۇۋېتىپ دۆڭلۈكتە ھەبزىنىڭ يولىغا قاراپ ياتتى. چۈنكى، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئۇچرىتالماي، قاتتىق بىتاقەت بولغان ئىدى.

ھاۋا ئىسسىق ئىدى، پۈتۈن يەر قۇياش تەپتىدە ھۆپۈلدەپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. يۇرتنى ئوراپ تۇرغان قاقاس چۆللۈكتىن كۆتۈرۈلگەن سەراپ يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى بىپايان دالىدا كۆۋەجەپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئوت دەرياسىدەك كۆرۈنەتتى.

ئەكبەرنى يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقان ئىشق ئوتى بىلەن بېشى ئۈستىدە يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش تەپتى بىرلىشىپ، كاۋاپتەك قىزىتىۋەتكەن ئىدى. لېكىن ئۇ، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى، گويا ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك، روھى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىپ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك، شۇنداق جۇشقۇن ھەم تېتىك ئىدى. سۆيگۈ تولغان قەلبىدىن ئاجايىپ يالقۇنلۇق بىر نىدا كۆتۈرۈلۈپ، بۇ گۈزەل، خىلۋەت ۋادىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارايتتى:

بۇ يەر ئىنسانلارنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى باشلانغان مۇقەددەس زېمىن ئەمەسمۇ؟! ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا مۇشۇ زېمىن، مۇشۇ تۇپراقتا جۈپلەشتى①، ئۇلارنىڭ پاك ۋە ئوتلۇق مۇھەببىتىدىن ئادەمزات پەيدا بولدى، ئۇلار دۇنياغا گۈزەللىك، ئاۋاتلىق، مېھىر - مۇھەببەت ئېلىپ كەلدى!... مېنىڭمۇ تۇنجى مۇھەببىتىم مانا شۇ مۇقەددەس زېمىندا باشلاندى! شۇڭا ئۇ، ئانا سۈتىدەك پاك، مۇشۇ تۇپراقتەك ئىسسىق!... مەنمۇ مۇشۇ مۇبارەك زېمىندا ھەبزە بىلەن جۈپلىشىپ، گۈزەل كېلەچەك يارىتىمەن!...

مانا شۇنداق كۈچ ۋە ئەقىدە بىلەن روھلانغان ئەكبەر ئىسسىققا، ئۇسسۇزلۇققا ۋە يامان كۆزلەرنىڭ زەھەرخەندە نىگاھلىرىغا پەرۋا قىلماي، كۆزىنى ئەتىگەندىن بېرى يولدىن ئۈزمەيتتى، نەزىرىنى ھەبزە كېلىدىغان يولغا تىكىپ، مەجنۇنلارچە كۈتۈۋاتاتتى. ئىككى تال ياغاچ بىلەن سايىۋەن قىلىۋالغان كۆڭلىكى ئۇنىڭ بېشىنى كۈننىڭ قىزىق تەپتىدىن توسۇپ تۇراتتى، ئەكبەر پات - پات يېنىدىكى سۇدانىدىن

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام ھىندىستانغا، ھاۋا ئانا ئەرەبىستانغا چۈشكەن. ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئەرەبىستاننىڭ مۇزدەلىفە دېگەن يېرىدە تېپىشقان ۋە جۈپلىشىپ ئادەمزاتنى ئاپىرىدە قىلغان.

ئىسسىپ قالغان ئىلمان سۈنى ئوتلاپ، تەشنالىقنى بېسىپ تۇراتتى. ئەكبەر كۆز ئالدىدا دالىيىپ ياتقان تۈپتۈز چۆل دالىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا خۇددى بىر سېھرىي كۈچ بىلەن پەيدا بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەرگە قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى يىپسىز باغلىنىپ، بۇ ئاۋات يۇرتنىڭ پەخرىي يۇقىراسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسلىدى. يۇرت خەلقى ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى، نەگە بارمىسۇن، ساددا، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، تاپقىنىنى بىللە يەيتتى، ئۇمۇ ئۇلاردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمىدى، ماللىرىنى باھالاشماي ساتتى، پۇلى يوقلارغا نېسى بەردى، ئۇلار نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى مەككە، جىددەلەردىن ئېرىنمەي ئەكېلىپ بەردى. ئەكبەرنىڭ بۇ يۇرتتا كىرمىگەن ئۆيى، ئارىلىمىغان مەھەللىسى قالمىدى. ئۇ، بۇ يەردە باغجانلاپ ئۆسۈپ كەتكەن خورما بونجالىقلىرىنى كۆرۈپ، يۇرتىدىكى سالقىن ھاۋالىق دەرەخزارلىقلارنى ئەسلەپ كەتتى. نەچچە يېرىگە سوقما قويۇلغان يەتتە ـ سەككىز پەخشىلىق ئەنجان تاملىق قورۇقلارنى كۆرۈپ، يۇرتىدىكى شېرىن ـ شېكەر مېۋىلىك باغۋارانلارنى ئويلاپ كەتتى. گەرچە بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تىلى، رەڭگىروھى ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ يۇرتىنىكى دېھقانلارغا ئوخشاشلا، ساددا، ياۋاش، كاج تەلەي ئىدى. ئەگەر ھەبزە تەلەپ قىلسا، ئۇ مۇشۇ يۇرتتا، مۇشۇ دېھقانلار بىلەن بىر ئۆمۈر ياشاپ قېلىشقا رازى ئىدى. چۈنكى، ھەبزە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ يۇرت ئۇنىڭغا ئانا يۇرتىدەك سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق تۇيۇلاتتى!...

قۇياش غەربكە قايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەپتى يانمىغان ئىدى. ئەكبەرنىڭ بەدىنى كۆيۈپ چىمىلداشقا باشلىدى، سۇدانىدىكى سومۇ بارغانسېرى ئىسسىپ، تەشنالىقنى باسالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىسسىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن بىئارام بولغان ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز يېزىدا ئويناپ ئۆتكەن كۈنلىرى كەلدى. مانا، ئىككى تەرىپى جىگدە ۋە زىرىق چاتقاللىرى بىلەن قاپلانغان سالقىن يېزا يولى. جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن بوز تورغاي، تۇمۇچۇق، ۋىنجىلىغان قارا قۇشقاچلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك ئۆستەڭنىڭ گۈلدۈرمىسىدىن قىزغۇچ لايقا سۇنىڭ بۇژغۇن چاچرىتىپ شارقىرىغان ئاۋازى كېلىدۇ. ئۇ يەردە قىپيالىڭاچ يېزا باللىرىنىڭ بەزىسى چۆمۈلۈپ، سەكرىشىپ ئوينىماقتا، بەزىسى يول بويىدىكى ئەشمە قۇم ئۈستىدە ئۆزىنى ئاپتاپقا قاقلاپ ياتماقتا. بۇلارنى كۆرۈپ، ئەكبەرنىڭمۇ سۇغا چۆمۈلگۈسى كەلدى، ئۇ، ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى يېشىپ ـ يارتا سېلىپلا گۈلدۈرمىگە سەكرىدى. ۋاھ! ... نېمىدېگەن راھەت، نېمىدېگەن ھۇزۇر! ...

ئەكبەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاشۇ غايىبانە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ئۇزاقراق داۋام قىلىشىنى ئويلاپ، بىر پەس جىمجىمدە تۇرۇۋالدى.

شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەھىمە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۈچ يىگىت ئارقا ـ ئارقىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، خۇددى تاپقا ئېتىلغان قۇزغۇندەك، ئەكبەرنى چىڭ باسمادىۋالدى.

ــ كىمنى ساقلاپ يېتىۋاتىسەن، ماكانسىز كەلگىندى! ــ دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرسى مەسخىرە ئارىلاش زەردە بىلەن.

يەنە بىرسى دەرھال ئۇنىڭغا لوقما سالدى:

ــ ھەبىزىنىڭ ئاشىقىمىش، تېخى! ھۇ ئۆلۈمتۈك! قىزلارنى ئازدۇرۇپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىش ــ شەرىئەتتە گۇناھى كەبىر بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن!؟

— بۇ زىناخورنى ئېلىپ مېڭىڭلار ! — دېدى ئۈچىنچى يىگىت جىددىي تەلەپپۇز بىلەن ، — زىناخورلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن !

ئىككى يىگىت ئەكبەرنى سۆرەپ ، قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىر تۈپ ئەراك دەرىخى① بار ئىدى . ئۇلار ئۇنىڭ دۈمبىسىنى دەرەخكە چاپلاپ ئۆرە تۇرغۇزدى ۋە چىگە ئارغامچا بىلەن ئايلاندۇرۇپ دەرەخكە باغلىدى .

— سەن گۇناھىڭنى بىلەمسەن ؟! — دېدى يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەستلىك ، گىجىك چاچلىق بىرسى ئەكبەرنىڭ ئال-دىغا دېۋەيلەپ كېلىپ ، — سەن چىرايلىقچە سودا - سېتىقىڭنى قىلماي ، نېمە ئۈچۈن بۇ پاك تۇپراقتا شەرىئەتكە قارشى ناشايان ئىشلارنى قىلىسەن ؟!

— مەن ھېچقانداق ناشايان ئىشلارنى قىلغىنىم يوق ! — دېدى ئەكبەر قەتئىيلىك بىلەن ، — ئاللاھ گۇۋاھ ، مەن پاك !

— رەسىدە بولغان قىز بىلەن كۆرۈشۈش نامەھرەملىك ئەمەسمۇ ؟! — دېدى ھېلىقى گىجىك چاچ يىگىت ، — سەن ھەبزىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ، مۇشۇ قۇدۇق بېشىدا خۇپپىيانە كۆرۈشتۈڭ ، بۈگۈنمۇ شۇنى ساقلاپ ياتتىڭ ! بۇ چوڭ گۇناھ بولماي نېمە ؟!

ئەكبەر باغلاقتىن بوشانماقچى بولغاندەك يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

— ياق ، ياق ! بۇنىڭ نېمىسى گۇناھ ؟! مەن ھەبزىنى ئۆز سىڭلىمدەك ياخشى كۆرىمەن ! بىز ئادەتتىكىچىلا كۆرۈشتۇق ...

— سەن ئۆلۈمگە لايىق ! — دەپ ۋارقىرىدى يەنە بىر يىگىت قولىدىكى يوغان چالمىنى ئەكبەرگە غەزەپ بىلەن

---

① ئەراك دەرىخى — ئەرەبلەر بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ ، مسۋاك ياسايدۇ .

ئېتىپ ، — شەرىئەتنىڭ ھۆكمى شۇ ! ساڭا ئوخشاش پاسىق زى-
ناخورلار چالما - كېسەك قىلىنىشى كېرەك ! ئېتىڭلار ، ئۇنى
چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەيلى ! ...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ، ئۇلار ئون نەچچە قەدەم ئارقىغا
چېكىنىپ ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان تاش - چالمىلارنى يىغىپ ،
بەس - بەس بىلەن ئەكبەرگە ئېتىشقا باشلىدى . كۆچلۈك ، بىر-
جىرىم يىگىتلەرنىڭ ئاتقان تاش - كېسەكلىرى خۇددى ئوقيادەك
ۋىژىلداپ كېلىپ ، ئەكبەرنىڭ باش - كۆزلىرىگە تېگىشكە باش-
لىدى . بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى يارىلىنىپ ، ئىششىپ ،
بەدەنلىرى كۆكىرىپ كەتتى . ئەكبەر جان ئاچچىقىدا خۇداغا نالە
قىلغاندەك ۋارقىراشقا باشلىدى :

— مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار ! ... ماڭا ئۇۋال بولدى ! ... مەن
زىناخور ئەمەس ! ... مەن گۇناھ قىلمىدىم ! ...

ئەكبەرنىڭ نالە - پەريادىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىدى ، ئۇ-
نىڭ مىسكىن ئاۋازى ئىسسىقتىن ھۆپۈللەپ تۇرغان پىنھان چۆل
قوينىغا سىڭىپ كەتتى ...

بۇنداق مۇدھىش ئىشلارنى ئويۇن قاتارىدا كۆرۈپ ئادەت-
لىنىپ كەتكەن نادان ، تەلۋە يىگىتلەر خۇددى « مۇشۇككە
ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن » دېگەندەك ، ئەكبەرنىڭ ئازاب ئىچىدە
تولغىنىۋاتقانلىقىدىن راھەتلىنىپ كۈلۈپ ، تاش - چالمىلارنى
تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېتىشقا باشلىدى ...

ئەكبەرنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى ، شۇ قاراڭ-
غۇچىلىق ئىچىدە ئۇ ئۆزىنى گويا تۇۋى يوق ھاڭغا موللاقلاپ
چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ، تۇرۇپلا بېشى قاتتىق بىرنەرسىگە تې-
گىپ ، سىرقىراپ ئاغرىغاندەك ، چۈشۈپ كېتىۋاتقان قاراڭغۇ
بوشلۇق بارغانسېرى تارلىشىپ ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى زۇلمەت-
لىك بىر نەرسە قاتتىق سىقىپ قىيناۋاتقاندەك يېقىمسىز ،

قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ ئىچىدە سەزدى . بۇ تۇيغۇ ئەكبەرنىڭ كاردىن چىققىنىشقا باشلىغان نېرۋىلىرىغا ناھايىتى ئاجىز سىگنالللارنى يەتكۈزۈپ ، ئەكبەرنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە سېلىپ قويدى . ئۆلۈم دېگەن شۇمىدۇ ؟! ئۇ ، موللاقلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان تۈۋسىز قاراڭغۇ بوشلۇق گۆر — لەھەت ئوخشامدۇ ؟! ئەكبەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئاغرىتىپ ، جېنىنى قاقشىتىۋاتقىنى ئەزرائىلنىڭ قولى ئىكەندە !؟ ... ۋاي خۇدايىمەي ، ئۇ مۇشۇنداق نام - نىشانسىزلا ئۆلۈپ كېتەمدۇ ؟! ئەكبەرنىڭ قەلبىدىكى پاك ، يالقۇنلۇق مۇھەببەتچۇ ؟! بۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئۇنى بىر ئەمەس ، بىرنەچچە ئۆلۈمدىنمۇ ساقلاشقا يېتەتتىغۇ !؟ ... ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا قېنى ؟ ئۇلار بۇ دۇنياغا سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ قويۇپ ، ئۆزلىرى نەگە كەتتى !؟ ئەكبەر بىلەن ھەبزە ئاشۇ سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن تۆرەلگەن يېگى ئەۋلادلار ئەمەسمۇ ؟! ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەۋلادلىرىنى بۇنداق جاھالەتتىن ، بۇنداق شەپقەتسىز ئازابتىن قوغداپ قالمايدۇ ؟! ...

« ياق - ياق ! مەن ئۆلمەيمەن ، مەن ياشايمەن ! ... — ئەكبەر گويا ھېلىقى تۈۋسىز قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە چاقناپ تۇرغان كىچىككىنە بىر نۇر — يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك روھلىنىپ ، ئازاب ئىچىدە ئىڭراشقا باشلىدى ، — مېنى تارتىپ ئېلىڭلار ! ... مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن ! ... دادا ... ھەبزە ! ... »

شۇ چاغدا ، ئەكبەرگە تېگىۋاتقان تاش - كېسەكلەر تۇيۇقسىز توختاپ قالدى . ئەكبەر ئىڭىرلاشقان بېشىنى سەل كۆتۈردى ، يېرىلىپ ئىششىپ ، قان ئۇيۇتمىلىرى قېتىپ قالغان قاپىقىنى تەستە مىدىرلىتىپ ، كۆزىنى يېرىم - يارتا ئېچىپ قارىۋىدى ، پۈتۈن بەدىنى بىلەن ئۆزىنى توسۇپ ، قالقان بولۇپ تۇرغان مەردانە بىر گەۋدىنى كۆردى . بۇ ئېبنى ئەساكىر ئىدى . بوۋاي ئۆزىگە تېگىۋاتقان چالما - كېسەكلەرنى قوللىرى بىلەن

ئارقىدىن ... ساۋاك تۇسۇپ ۋارقىراۋاتاتتى :

— توختاڭلار ، بالىلىرىم ، بىگۇناھ ئادەمگە زۇلۇم قىلماڭلار ! ... ئۆزۈڭلارغا هاي بېرىڭلار ! ...

— كىم ئۇنى بىگۇناھ دەيدۇ ؟! — دېدى هېلىقى گىجىك چاچ يىگىت قولىدىكى سىڭا مۇشتەك چالمىنى ئېتىشقا تەمشىلىپ ، — ئۇ ، زىناخورلۇق قىلىپ ، يۇرتىمىزنى بۇلغىدى ، ئۇ ئۆلۈمگە لايىق ، سىز نېرى تۇرۇڭ بوۋا !

بۇ ئارىلىقتا ، قۇدۇق بېشىغا يىراق - يېقىندىن ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىغان ئىدى . ئەساكىر بوۋاي ئورۇق ، ئەمما مېھرىبان گەۋدىسى بىلەن ئەكبەرگە ئېتىلىۋاتقان تاش - چالمىلارنى توسقان هالدا ، كىشىلەرگە قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

— جامائەت ، بۇ بالا بىزنىڭ دىنىي قېرىندىشىمىز ، خارجى بولغاچقا ، بىزنىڭ شەرئەت ئەھكاملىرىمىزدىن خەۋىرى يوق . شۇڭا ، بۇنداق چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسەك ئۇۋال بولىدۇ ! ...

هېلىقى ئۇچ يىگىت ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى راست قىلىش ئۈچۈن ، تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشقا باشلىدى :

— نېمىشقا ئۇۋال بولىدۇ ، ئۇ دېگەن زىناخور !

— خارجى بولسا نېمە بوپتۇ ، شەرئەت قانۇنى هەممىگە ئوخشاش !

— زىناخورنى چالما - كېسەك قىلىش هەق ! ...

ئۇلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى بېسىقىش بىلەن ئەكبەرنىڭ زەئىپ ، ئەمما ئىشەنچكە ، سەممىيەتكە تولغان ئاۋازى ئاستا كۆتۈرۈلدى :

— مەن زىناخور ئەمەس ... قېرىنداشلار ! ... ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى ... مەن زادىلا زىناخورلۇق قىلمىدىم ! ... ئۈستىمىزدە ئاللا گۇۋاھ!...ماڭائىشىنىڭلار!...

— مەن ئىشىنىمەن ! مەن ئۇنىڭ زىنا قىلمىغانلىقىغا قادىر
ئاللا ئالدىدا كېپىل بولىمەن ! — دېدى ئەساكىر بوۋاي ئىككى
قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ .
جامائەت ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى . بۇ يەرگە
توپلانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەساكىر بوۋاينى
ھۆرمەت قىلاتتى ، ئەكبەرنى بولسا ياخشى كۆرەتتى . ئۇلار
بىرنەچچە ئايلىق ئېلىم - بېرىم جەريانىدا ، ئەكبەرنىڭ لەۋزى
ھالال ، كۆڭلى ئاق ، تىلى دۇرۇس يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
يەتكەن ئىدى . ھازىر ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مانا شۇ روھىي يېقىن-
لىق بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان نازۇك دىل رىشتىسى ئۆز
كۈچىنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبنى ئەساكىردەك ئۆمرىدە
نۇرغۇن خالىس ۋە خاسىيەتلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىپ ، يۇرتتا
ياخشى نامى چىققان مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئاللا نامى بىلەن ئۇنىڭغا
كېپىل بولۇشى جامائەتنىڭ ئەكبەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر
ھېسداشلىقىنى قوزغىدى . ئۇيەر - بۇيەردىن ھەققانىي سادالار
كۆتۈرۈلدى :
— زىناخورلۇقنىڭ دەلىلى قېنى ؟!
— ئۇنى ناھەق جازالىمايلى !
— قىساس قايتىدۇ !
...
جامائەتنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ جىددىي ئۆزگىرىش ئەك-
بەرنى تاش بوران قىلىپ ئۆجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان ھېلىقى
ئۈچ يىگىتنىڭ بىردىنلا ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ قويدى . ئۇلار ئا-
مالسىز قوللىرىدىكى تاش - چالمىلارنى نېرى تاشلاپ بىر چەتكە
چىقتى ...
بۇ ئۈچ يىگىت مۇشۇ يۇرتتىكى نوچى ، بەڭۋاشلار ئىدى .
« تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار » دېگەندەك ، ئەكبەر بىلەن ھەبزى-

نىڭ ئۇچرىشىشى ھەرقانچە مەخپىي بولسىمۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇلارنىڭ پاك سۆيگۈگە تولغان سەمىمىي، دۇرۇس ئۇچرىشىشلىرى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا سادىق بۇ نادان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ھامان «ناشايان» ئىشلار قاتارىدا سانىلىۋەردى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل مىش - مىشلار كۈچىيىپ، ئاخىرىدا قورقۇنچلۇق سۆز - چۆچەككە ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەبزىنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىغا قاتتىق كايىدى ۋە تۇيۇقسىزلا ئۇنى ئۆيگە بەنت قىلىپ قويدى. ياش قىز بۇنداق شەپقەتسىز زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇيقۇدىن، ئىشتىھادىن قېلىپ، ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

ھەبزىنىڭ ئاكىسى سىرتتىكى ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلىگە باشقىچە پىلاننى پۈكتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەممە گۇناھ ئەكبەردە ئىدى. ئەگەر ئەكبەر بۇ يەردە پەيدا بولمىغان بولسا، ئەزەلدىن تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ ئائىلە ھەرگىزمۇ بۇنداق بىمەنە سۆز - چۆچەكنىڭ نىشانى بولۇپ قالمايتتى. شۇڭا ئۇ، شەرىئەت قانۇنى بويىچە ئەكبەرنى جازالاپ، يۇرت خەلقى ئالدىدا ئائىلىسىنىڭ ۋە سىڭلىسىنىڭ نام - ئابرۇيىنى قوغداپ قالماقچى بولدى. لېكىن، بۇ ئىشتا ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقماي، مەھەللىسىدىكى ھېلىقى ئۈچ نوچىنى ئىشقا سالغان ئىدى. ئۇلار ئەكبەرنى «زىناخور» دەپ داۋراڭ سېلىپ، چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، بۇ ئىش شەرىئەت يولىدا ھېچقانداق سورىقى بولماي، بېسىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. تېخى بۇ ئۈچ نوچىنىڭ ئىككىسى خېلىدىن بېرى ھەبزىگە يوشۇرۇنچە قانات سۆرەپ كېلىۋاتقان باز - بازچىلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىگە مەنىۋى رەقىب بولۇپ قالغان ئەكبەرنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىپ، راسا بىر پۇخادىن چىقماقچى بولغان ئىدى! ...

قۇدۇق بېشىدىكى غوۋغا ئاخىر بېسىقتى. كىشىلەر بىر-
بىرلەپ تارقىدى، ھېلىقى ئۈچ يىگىتمۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ
كۆزدىن غايىب بولدى. ئەساكىر بوۋاي ئەكبەرنى دەرەختىن
ئاۋايلاپ يەشتى، باغلاقتىن بوشانغان ئەكبەر ئۆرە تۇرالمىدى،
پۇتلىرى پۈكلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى جانسىز تەندەك لاكىسلاپ
قالغان ئىدى. تاياق زەربىدىن كۆرە قاغجىراق ئۇسسۇزلۇق بىلەن
ئىچ-ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئاتەش ئىسسىقمۇ ئۇنى پۈتۈنلەي
ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىدى...

بوۋاي ئۇنى قۇدۇق بېشىدا ياتقۇزدى، ئاندىن چېلەك بى-
لەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، ئۇنىڭ باش-كۆزىگە ئارقا-
ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم چېلەكلەپ سۇ چاچتى. ئەكبەرنىڭ
زەخىملەنگەن ھالسىز تېنى مۇزدەك سوغۇق سۇدا ئەندىكىپ
راھەتلەندى، تاياق زەربىدىن زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان يارىلىرىمۇ
خۇددى پاك قۇدۇق سۈيىدە شىپا تاپقاندەك ئاستا-ئاستا
پەسىيىپ قالدى. بوۋاي ئەمدى يەنە بىر قېتىم سۇ تارتىپ،
ئاۋۋال ئەكبەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى، ئاندىن قۇدۇقنىڭ
تۆۋەن تەرىپىدىكى بىر تۈپ خورما سايىسىدا چىۋىن قورۇپ يات-
قان كۆك تەخەينى سۇغاردى.

ئەكبەر ئەمدى سەل-پەل ھوشىغا كەلدى، ئارقا-
ئارقىدىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئىچىدىكى دەردلەرنى سىرتقا چى-
قارغاندەك يېنىك نەپەس ئالدى، كۆزىنى قىيا ئېچىپ ئاسمانغا
قارىدى، شۇنداق سۈزۈك، زەڭگەر ئاسمان دەسلەپ ئۇنىڭ كۆ-
زىگە سىماۋى پەردىدەك خىرە، بوزامتۇل كۆرۈندى، ئۇ يەر-بۇ
يەرلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارمۇ بىردەم ئادەمنىڭ،
بىردەم ھايۋاننىڭ غەلىتە قىياپەتلىرىدەك ئۆزگىرىشچان ھالەتلەردە
كۆرۈنۈپ كەتتى، پەقەت ئەساكىر بوۋاينىڭ يىرىك، ئىسسىق
قولى پېشانىسىگە تەگكەندىلا، ئەكبەر خىيالىي سېزىمدىن قاي-

تىپ ، بوۋاينىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان تونۇش چىرايىنى ئېنىق كۆردى .

— سەن يەنە قارامىلىق قىپسەن ئەمەسمۇ ، ئوغلۇم ! — دېدى بوۋاي ئەكبەرنىڭ باش - كۆزىدىكى قان داغلىرىنى تازىلاپ تۇرۇپ ، — خۇداغا شۈكرى ، ھېلىمۇ چوڭ پالاكەتتىن ئامان قالدىڭ ! مەن بۇ ئىشنى بىلگەن ، يۈرىكىم تۇيغان ! ...

دەرۋەقە ، ئەكبەر بۇگۈن ئەتىگەن ئۆتەڭدىن چىقىپ كەتكەندىلا ، ئەساكىر بوۋاينىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەسۋەسە چۈشكەن ئىدى . ئۇ ، دەسلەپ بۇ ۋەسۋەسىنىڭ ئەكبەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدى ، پەقەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئىلەك - سىلەك ئۇيقۇلۇقتا كۆرگەن بىر بېشارەتلىك چۈشتىن كېيىنلا ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەكبەر توغرىسىدا ئەنسىزلىك چۈشتى ، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئىككى - ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۆيدى ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆتەڭدە تۇرغۇسى كەلمەي قالدى ، ئاخىر قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن « ۋادى پاتمە » گە قاراپ ماڭدى ، بوۋاي يۇرتقا يېقىنلاشقاندا ، يىراقتىنلا قۇدۇق بېشىدىكى مالامەتلەرنى خىرە - شىرە كۆرۈپلا ، ئەتىگەندىن بېرىكى ئەنسىز تۇيغۇسىنىڭ ئۆزىنى ئالدىمىغانلىقىنى بىلىپ ، قۇدۇق بېشىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتقان ئىدى ...

ئەكبەر خېلى ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئېشەكتە ئولتۇرالمايتتى ، پۇت - قولى تېخى ئۆزىگە بويسۇنمايتتى . شۇڭا ، بوۋاي ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە كۆك تەخەيگە تاغارچىلاپ ئارتتى ، ئىگىسى ئارتىلغانلىقىنى سەزگەن ئېشەك ھەيدىمىسىمۇ ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن يول بىلەن « ئەساكىر ئۆتىڭى » تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئەكبەر ئاندا - مۇندا ئىنجىقلايتتى ، قولى بىلەن پۇتى ئېشەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى ئىلەڭگۈچتەك ساڭگىلاپ پۇلاڭشىپ تۇراتتى . بەزىدە ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەكچى

بولۇپ كۆچەيتتى ، لېكىن ئىششىپ ئېغىرلاشقان بېشى يەنە گىلدىڭگىدا چۈشۈپ كېتەتتى ...

ئۇ ، ئەمدى كىم بىلەندۇر سوقۇشماقچىدەك ، ئىنجىق ئاربلاش غۇدۇراشقا باشلىدى :

« ھۇ نامەردلەر ! ... نوچى بولساڭ بىرگە بىر چىقمامسەن ؟! ... چىدىماس خۇمسىلار ! بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى كۆرەلمىدىڭ ... چىداشمىدىڭ ! ... ھەبزە مېنىڭ ... مەن ئۇنى سۆيىمەن... چىدىمىساڭ يۈرەكلىرىڭگەئوت كەتسۇن،ئىلاھىم!...»

ئەكبەر شۇ گەپلەردىن كېيىن كۆچەپ تۇرۇپ بېشىنى سەل - پەل كۆتۈردى ، كۆزىنى ئېچىپ يىراقتا قالغان مەھەللىلەرگە ، ھېلىقى قۇدۇق بېشىدىكى دۆڭلۈككە كىمنىدۇر ئىزلىمەكچى بولغاندەك سەنگىرەپ قارىدى ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە خىرە ، گىرىمسەن ، قىزغۇچ كۆرۈندى . شۇ خىرە - شىرەلىك ئىچىدە ئۇ بايا ئۆزى باغلانغان ھېلىقى ئەراك دەرىخىنى خىيلى ئېنىق كۆردى ، بۇرۇن ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ ئىسسىق ، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بۇ دەرەخنىڭ قاداڭشىغان شاخ - پۇتاقلىرى ھازىر گويا ئالۋاستىنىڭ پۇت - قوللىرىدەك سۇرلۇك كۆرۈنۈپ كەتتى ...

شۇ چاغ ئەكبەرنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىز بىر ناخشا كېلىپ قالدى . بۇ ناخشىنى ئۇ ، بالا چاغلىرىدا مەھەللىسىدىكى شوخ يىگىتلەردىن ئاڭلاپ ، كۆڭلىگە خاتىرىلىۋالغان ئىدى . ئەكبەر خىرگەي ئاۋازدا غىڭشىپ ، شۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى :

مەن يار ئۈچۈن تاياق يېدىم ،
بىرمىڭ ئالتە يۈز .
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن ،
يارىم قارا كۆز !

ئەكبەر ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، تۇيۇقسىز خىيالىغا كەلگەن بۇ ناخشا گويا شىپالىق مېھرىگىياھ سۈيىدەك، ئۇنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلىگە تەسەللى، زەخمە يېگەن جىسمىغا مەلھەم بولدى ...

ئەساكىر بوۋاي ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا نېمىدەپ غىڭشىغانلىقىنى بىلمىدى، كۆڭلىدە بولسا، « ئازابتىن ئىڭراۋاتىدۇ » دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر توغرىسىدا ئەكبەرنى بۇرۇنراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىغانلىقىدىن ئەپسۇس چېكىپ كېتىپ باراتتى ...

## 2

ئەكبەر ئىككى ھەپتىدىن بېرى جىددەدىكى دۇكىنىنى ئېچىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۆزى جىددەدە بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا « ۋادى پاتىمە » دە ئىدى. ئۇ، ھەبزىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى، ھەبزە ھەمىشە ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە سۈرەتتەك قېتىپ تۇراتتى.

ئەكبەر يۈرىكىدە ئويغانغان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى ۋە مەجنۇنلۇق قەلبى بىلەن ھەبزىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. قىياندەك بۆسۈپ كەلگەن بۇ ھېسسىيات ئۆزىنىڭ غايىبانە، شەپقەتسىز قوللىرى بىلەن ئەكبەرنىڭ ھەربىر ھۈجەيرە، ھەربىر نېرىپ تالالىرىنى تىترىتىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل يوشۇرۇن، لەززەتلىك سۆيگۈ تۇيغۇسىنى قوزغاتقان ئىدى ...

ئەكبەر ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاپ، يېگەن تاياقلىرىنى ئەسلىسە، يۈرىكى ئېچىشىپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلەتتى، ئۆزىنى قاتتىق خورلۇقتا، ھاقارەتكە قالغان ئادەملەردەك بىچارە ھېس

قىلاتتى . لېكىن ، بۇنى يەنە ھازىر ۋە بۇرۇن ئوقۇغان ئەدەبىي ، شېئىرىي كىتابلاردىكى مەزمۇنلارغا باغلاپ ، بۇ ــ مۇھەببەتنىڭ مۇشەققىتى ، خۇددى باھاردا كەلگەن جۇدۇندەك ، سۆيگۈ راھىتى بىلەن بىللە كەلگەن مۇشەققەت ، بۇنىڭغا چىداش كېرەك ، بۇنىڭغا چىدىماسلىق ئاشىقلار ئەھلى ئۈچۈن نومۇس... دەپ ، ئۆز ــ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى .

ئەكبەر ھەبزىنىڭ يالغۇزلۇقتا نېمە كويلارغا قالغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدىن قانچىلىك ئازاب ۋە سېغىنىش ئىچىدە پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، تېخىمۇ بىئارامـلىقىقا چۆمدى . ئۇ ، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ھەبزىگە يانتاياق بولۇپ ، دەردىگە ھەمدەم بولالمىغانلىقىدىن ئۆزىگە قاتتىق كايىدى . باشقا كۆپ چۈشكەندە ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاچاقلىق قىلىش ــ ھەقىقىي ئاشىق ــ مەشۇقلارنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى . بۇنى كىتابلاردا ۋاپاسىزلىق ، نامەردلىك دەپ قاتتىق ئەيىبلەيتتى!...

مانا شۇلارنى ئويلىغان ئەكبەر دەرھال ھازىرلىق قىلىپ ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە « ۋادى پاتمە » گە بېرىش قارارىغا كەلدى . ئەكبەر بىر يەشىك چەرچىن مال بىلەن بىر مىشكاپ كىيىم ــ كېچەك تەييارلىدى . تونۇشلار ئارقىلىق ئۇقۇشۇپ ، « ۋادى پاتمە » دىن تاۋۇز ، كۆكتات توشۇيدىغان بىر قارا ماشىنىنى بەش رىيالغا سۆزلىشىپ ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقماقچى بولدى . لېكىن ، شۇ كېچىسى جىددەدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ ، تار كوچىلاردا سۇ ئۆستەڭدەك لەپەڭشىپ ئېقىشقا باشلىدى ، بەزى لاي كېپەك ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى ، ئەكبەر سۆزلەشكەن ھېلىقى قارا ماشىنىمۇ يولغا چىقالمىدى ، ئەكبەر يەنە دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ قالدى .

كۈتۈلمىگەندە ، يامغۇر ئاپىتى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ كەتتى . بىر ــ ئىككى يىلدىن بېرى دۇكىنىدا بېسىلىپ

قالغان پوپايكا، تور ئىشتان، تور رومال، ئاياغ دېگەندەك كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ھەر خىل كۆندىلىك بۇيۇملارنىڭ قاتتىق بازىرى چىقىپ، دۇكان قۇرۇغدىلاي دەپ قالدى.

10 كۈنگىچە جىددەنىڭ كوچا - رەستىلىرىدە ھۆلچىلىك، پاتقاقچىلىق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا ئىچىلىپ، ئادەمنى دىمىقتۇرىدىغان ئىسسىق يەنە باشلاندى. يوللاردىكى پاتقاقلار قۇرۇپ، ئۇيۇل - ئۇيۇل داڭگاللارغا ئايلىنىپ كەتتى.

ئەكبەر بۇگۈن چۈشكىچە دۇكاننى رەتلەپ، « ۋادى پاتمە » گە ئاپىرىدىغان ماللارنى قاچىلىدى، چۈشتىن كېيىن ماشىنا ئۇقۇشۇش ئۇچۇن بىرسىنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋىدى، دۇكانغا ئىككى ئادەم كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىرسى — ئەكبەرگە تونۇشلۇق بولغان مۇشۇ بازارنىڭ سودا دەللىلى ئۆبەي ئىدى؛ يەنە بىرسى — خاپان باش، كۆك كۆز، ئاق سېرىق كەلگەن، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر چەت ئەللىك ئىدى.

— بۇ كىشى ئالمانلىق ① سودىگەر ھېنرى خوكمان بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۆبەي يېنىدىكى ھەمراھىنى، — يەمەننىڭ ئەدەن شەھىرىدە شىركەت ئېچىپ، تىجارەت قىپتىكەن. يېقىندا ئەدەندىكى ئىنگلىزلار بىلەن چەت ئەللىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ ئادەمنىڭ شىركىتىمۇ ۋەيران بوپ كېتىپتۇ. ھازىر قولىدا بىرئاز مال بار ئىكەن، ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، دەپ ئەكەلدىم.

— ياخشى بوپتۇ، ئۆبەي ئاكا! — دېدى ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە چەت ئەللىك بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ دۇكاننىڭ ئىچىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى، — ھازىر ماللىرىممۇ ئاخىرلىشىپ قالغان ئىدى، كېلىشىپ قالساق، ئاز - تولا مال ئالارمەن.

① ئالمان — گېرمانىيە.

ئەكبەر مېھمانلارغا دەسلەپ پىننە سېلىپ خۇش پۇراق
چاي دەملىدى، 10 قەدەم نېرىدىكى ناۋايخانىدىن ئىسسىق قاتلىما
نان ئەكەلدى، ئاندىن ئۇدۇلدىكى مېۋە دۇكىنىغا بېرىپ، بىر سا-
پاق بانان بىلەن بىر ياغلىق ئاپېلسىن ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا
قويدى. بۇنداق قىزغىن، خۇش پېئىل مۇئامىلىدىن ھېنرىنىڭ
گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ، ئەكبەردەك سەممىي، قولى
ئوچۇق بىر خېرىدارنى تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

ئۇلار خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ھېنرى ئۆزى-
نىڭ قولىدىكى ماللارنىڭ تىزىمىنى، باھاسىنى كۆرسەتتى. بۇ
ماللار ئەكبەرنىڭ دۇكىنىغا باب كېلەتتى، باھاسىمۇ ئۆرە ئەمەس
ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەكبەر بازارنىڭ كاساتلىقىنى،
ماللارنىڭ بېسىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، باھادا يەنىمۇ
ئېتىبار قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەكبەر ھېنرىنىڭ كۆزىگە
ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنى رازى قىلدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلار قايتىدىغان چاغدا، ئەكبەر ھېنرىنىڭ
بېشىغا گۈل چېكىپ ئىشلەنگەن ناھايىتى نەپىس ئاق يىپەك دوپ-
پىدىن بىرنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۇ، ئەينەككە قاراپ، نېمىسچە
بىرنېمىلەرنى دەپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئەمىسە، مېھمانخانىغا بېرىڭ! — دېدى ئۇ خوشلى-
شىدىغان چاغدا ئادرېسىنى بېرىپ، — مەن سىزنى شۇ يەردە
كۈتىمەن، قالغان گەپنى مالنى كۆرگەندىن كېيىن دېيىشەيلى!

ئەكبەر ئەتىسىلا، ھېنرىنى ئىزلەپ جىددەدىكى چەت ئەل-
لىكلەر چۈشىدىغان كاتتا مېھمانخانىغا باردى. ھېنرى راستىنلا
ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىدى.

ھېنرى ئەكبەرنىڭ ئالدىغىمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئېسىل پې-
چىنە، شاكىلات ۋە كالباسالىرىنى تىزدى، لېكىن ئەكبەر «ھالال -
ھارام» دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئىستاكاندىكى چايدىن باشقا ھېچ

نەرسىگە ئېغىز تەگمىدى ، ھېنرى زورلىغاندا ، « قورسىقىم توق »
دەپ تۇرۇۋالدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېنرىمۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ
قىلمىدى ، چايدىن كېيىن ئۇ ، ماللىرىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆر-
سەتتى . ئەكبەرگە ماللارنىڭ ھەممىسى ياردى ، بولۇپمۇ تۆمۈردە
ئىشلەنگەن قايچا ، پىچاق ، قەلەمتىراچ دېگەندەك نەرسىلەر
ھۈنەر - سەنئەتتە ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ ، شۇنداق نەپىس ۋە پۇختا
ئىشلەنگەن ئىدى .

ھېنرى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ، 10 مىڭ رىياللىق توپ مال
ساتالىتتى ۋە پۇلنى نەق ئالاتتى . لېكىن ، بۇگۈن ئۇ ئەكبەرنىڭ
كىچىك دۇكاندارلىقىنى ھەم ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى نەزەردە
تۇتۇپ ، توپ مال باھاسىدا 5 مىڭ رىياللىق چەرچىن مالنى
نېسىگە بەردى ۋە : « مەن سىزگە ئىشەندىم ، بۇ ماللارنى ئاپىرىپ
ساتقاندىن كېيىن پۇلىنى بېرىڭ ! » دېدى . ئەكبەر ئۇنىڭ مەرد
ۋە سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ كەتتى . شۇڭا ، 2 مىڭ رىيالنى
ئالدىن بېرىپ ، قالغىنىغا ھۆججەت يېزىپ بەردى . ئەكبەر
قايتىدىغان چاغدا ، ھېنرى ئۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ ئېسىل شىبلە-
تىدىن بىرنى كىيدۈرۈپ ، دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى .

ئەكبەر ئەمدى ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ كېرەكلىك ماللارنى
ئېلىپ « ۋادى پاتىمە » گە بارالايتتى . شۇڭا ئۇ، بۇگۈن بەكمۇ
خۇشال ھەم روھلۇق ئىدى . ئەگەر قانىتى بولغان بولسا ، ھازىرلا
مۇشۇ ماللارنى يۈدۈپ ، « ۋادى پاتىمە » گە قاراپ ئۇچۇپ كەت-
كەن بولاتتى !

## 3

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ،
ھاياتلىق يولىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئەقىدە بولىدۇ !

ئەكبەرنىڭ ئەقىدىسى ھەبزە ئىدى . قىز گويا بىر تال نۇر-لۇق مايا كتەك ، ئەكبەرنىڭ تۇرمۇشىنى ، يولىنى ، ھەتتا قەلبىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ ، ئاشۇ مايا كقا ئەگىشىپ ، ھايات سەپىرىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل دۇقال - ئەگىملىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى !

ئەكبەر ئولتۇرغان كونا يۈك ماشىنىسى تولا سىلكىنىپ ، چالاقشىپ ، ئۇنىڭ مادارىنى ئۈزۈۋەتتى . شۇنداقتىمۇ ئەكبەر كۆزىنى « ۋادى پاتىمە » تەرەپتىن ئۈزمەي ، ھەبزە بىلەن كۆ-رۈشۈش خۇشاللىقىدا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان ئىدى .

لېكىن ، ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلىگەندە ، بەختسىزلىك ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ، خۇشاللىق ۋە قورقۇنچ تۇيغۇلىرى ئۇنى بىردەممۇ ئارام تاپتۇرماي ، بىقارارلىق دېڭىزىدا ئۈيان - بۇيان چايقايتتى ...

ماشىنا چۈشتىن كېيىن مەنزىلگە يەتتى . ئەكبەر مەھەل-لىگە كىرىپ ، ئەسما ئىسىملىك يالغۇز موماينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ماللىرىنى چۈشۈرۈۋالدى . ئۇ بۇرۇنمۇ قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلە-رىنى مۇشۇ موماينىڭ ئۆيىدە قويۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغان ئىدى .

— يوقاپ كەتتىڭمۇ ، بالام ؟ — دېدى ئەسما ئەكبەرگە ئۇسسۇلۇق بېرىۋېتىپ ، — مەھەللىدىكىلەر ساڭا كۆنۈپ قاپتىكەن ، گېپىڭنى قىلىشتۇق .

— دۇكاندىكى ئىشلار تۈگىمەي ھايالشىپ قالدىم ، — دې-دى ئەكبەر ۋە بىرنەرسىگە تەقەززا بولغاندەك ئولتۇرالماي قالدى .

— سەن بىرئاز دېمىڭنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇر ، بالام ! — دېدى ئەسما موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن بىرئاز يېڭى كۆكتات ئەكىرىپ ، ساڭا تاماق قىلىپ بېرەي .

— بولدى موما ، ئاۋارە بولماڭ ، قورسىقىم توق ، — دېدى ئەكبەر ۋە سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ، — مەن

مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ كىرەي، سېغىنىپ قالدىم ...

ئەسىما موماي ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلدى، ھەبزە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىققان سۆز - چۆچەكلەرنى ئۇمۇ ئاڭلىغان ئىدى.

— سەن بۈگۈن سىرتقا چىقما، بالام! — دېدى ئەسىما كۆڭلى بۇزۇلغاندەك قىياپەتتە، — مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، سودا قىلىدىغانلارنى مەن باشلاپ كىرىمەن.

— نېمىشقا موما؟ — دېدى ئەكبەر تەئەججۇپ بىلەن، — سىرتقا چىقسام نېمىشقا بولمايدۇ؟!

موماي تەڭقىسلىقتا قالدى، راست گەپنى قىلاي دېسە، ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يەيتتى؛ قىلماي دېسە، ئۇنى سىرتقا چىقىشتىن توسۇپ قالغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىرتقا چىقسىلا بۇ ئىش ئاشكارا بولاتتى! ئاھ، خۇدا! تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى نېمىدېگەن غەلىتە - ھە!؟ يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس! ...

موماي ئاخىر گەپنى ئوچۇق قىلىپ، ئەكبەرنى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلماقچى بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئەكبەرنىڭمۇ يۈرىكى بىرنەرسىنى تۇيغاندەك، كۆڭلى دەككە - دۈككە ئىچىدە قالغان ئىدى.

— موما، زادى نېمە ئىش بولدى؟! — دېدى ئۇمۇ تەقەززا بولۇپ، — راستىنى ئېيتىڭا، ئادەمنى تىت - تىت قىلماي!

— بالام، راستىنى ئېيتسام، سەن بۈگۈن ناھايىتى بىئەپ ۋاقىتتا كەلدىڭ! — دېدى ئەسىما موماي ئەكبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — ھازىر ھەبزە قىزنىڭ «خېنە تويى» ① بولۇۋاتىدۇ ...

---

① خېنە توي — قىزلارنىڭ رەسمىي تويى بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئاياللار بىر ئۆيگە يىغىلىپ، توي بولىدىغان قىزنىڭ پۇت - قولىغا خېنە ياقىدۇ.

— نېمە ؟! — ئەكبەر ئورنىدىن دىرىڭگىدە تۇرۇپ كەتتى ، — ھەبزىنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ ؟!

— شۇنداق بالام ، خېنە تويى بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى موماي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئاڭلىسام ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى يۇقىرى مەھەللىدىكى بىر سىنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ . سەن ئۆتكەندە كەتكەندىن كېيىن ، ھەبزە زادىلا تالا - تۈزگە چىقمىدى . قوشنا - قولۇملارنىڭ ئېيتىشىچە ، دادىسى ئۇنى بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن ، دەپ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ ، قىز كېسەل بولۇپ يېتىپ كېتىپتۇ ... — ئەسىما سۆزدىن توختاپ بىردەم شۈك بولدى ، كېيىن قاتتىق بىر خۇرسىنىپ قويۇپ مۇنداق دېدى ، — قىزلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ ، بالام ! يىغلايدۇ ، قاقشايدۇ ، ئاخىر بېرىپ يەنە شۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىزىغا دەسسەيدۇ ! ئەمدى سەنمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ، بالام ! ساڭمۇ خۇدانىڭ پۈتكىنى باردۇر ! بۇ دۇنيادا ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ ! ...

ئەكبەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ، كۆز قارىقى ۋەھىمىدىن كېڭىيىپ ، ئادەم ھېيىققۇدەك سۇرلۇك ھالغا كېلىپ قالدى .

ئەكبەر ھەبزىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ، ھەبزە گويا خىسلەتلىك بىر باغ ئىدى . شۇ باغنى بىر ئايلانسام ، شېرىن - شېكەر مېۋىلىرىنى بىر تېتىسام ، مۇھەببەتتىن ھالسىراپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا جان كىرەتتى ، تېنىمدە كۈچ - قۇۋۋەت پەيدا بولاتتى ، دەپ ئويلايتتى . مانا ئەمدى ، كۈتمىگەن يەردىن بۇ خىسلەتلىك باغقا جۇدۇن تەگدى ، مۆلدۈر ياغدى ! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟! قانداق بىر رەھىمسىز كۈچ ئۇنى چەيلەۋاتىدۇ !؟ بۇ ھەبزىنىڭ ۋاپاسىزلىقىمۇ ياكى ۋاپاسىز دۇنيانىڭ قىسمىتىمۇ !؟ ئاھ ، خۇدا ! ئاسماندىكى قۇياش ، ئاي ،

يـۇلتۇزلار بىزنىڭ ۋەدىمىزگە گۇۋاھ ئىدىغۇ !؟ ئەمدى ئۇلارمۇ ئۆز لەۋزىدىن ياندىمۇ ؟! ...

مانا بۇ ، يەتكۈچە ئاچچىق يۇتۇپ ، ئىچ - ئىچىدىن ئازاب-لىنىۋاتقان بىر روھنىڭ ئىلاھقا قىلىۋاتقان نالىسى ئىدى !

كۈتۈلمىگەن بۇ جۇدالىق ئازابىدىن ئەكبەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ ، بەئەينى ئۆلۈكنەك سۇرلۇك ھالەتكە كەلدى . چىدىغۇسىز بىر تۇيغۇ خۇددى تۇيۇقسىز چاقنان چاقماقتەك ئۇنى قاتتىق ئۇردى . ئەكبەر خېلىغىچە ئەسىمانىڭ ئۆيىدە ھالسىز ئول-تۇرۇپ قالدى .

ئادەم بۇ دۇنيانىڭ تۈرلۈك مۇشكۇللۇكلىرىگە — تەبىئەتنىڭ كۈتۈلمىگەن ، شەپقەتسىز جۇدۇن - چاپقۇنلىرى بە-لەن جەمئىيەتنىڭ زۇلۇم - كۈلپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ ، ھەر ئاماللار بىلەن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ . لېكىن ، چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئادىمىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇشىغا ، ئۇن - تىنسىز تاشلاپ كېتىشىگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ !

ئەكبەر شۇ تاپتا ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىنمۇ يانمايدىغان سەۋدايى ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى . بۇ كۈتۈلمىگەن جۇدالىق ئۇنىڭ پاك قەلبىدە ئاجايىپ چوڭقۇر ، ھەسرەتلىك بىر غۇسسە ئويغاتقان ئىدى ! ...

ئەكبەر شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ، « ئەساكىر ئۆ-تەڭى » گە كېلىپ تۈنىدى ، ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن مەككىگە قاراپ پىيادە يۈرۈپ كەتتى .

## 4

ئەكبەر ئۈچ كۈن ئېغىر يېتىپ قالدى . ئاتىخان ئەنسىرەپ تېۋىپ ئەكەلدى ، تېۋىپ كۆرۈپ :

— بالىدا كېسەل يوق ، ئوت سۇخ بار . رەدنامە ئوقۇتۇپ ، ئوت سۇخ تۇمارى پۈتكۈزۈپ ئېسىپ قويۇڭلار ! — دەپ كېتىپ قالدى .

ئاتىخان ئۇنچىقمىدى ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ، ئوغلىنى ئەزەلدىن بۇنداق چۈشكۈن ، مىسكىن ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدى . ئەكبەرنىڭ ئۆزى سالپىيىپ ، بېشى ساڭگىلاپ ، چىرايى قورقۇنچلۇق تاتىرىپ كەتكەن ئىدى . نۇرى قاچقان كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى .

ئەكبەر تۈنجى قېتىم سۆيگەن مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولدى ، يىگىتلىك غۇرۇرى زەخىملىنىپ ، دىلى ئازار يېدى . ئۇنىڭ قەلبىدىكى شۇنچە ئىللىق ، شېرىن ئارزۇلىرى ئاخىر بېرىپ ئاچچىق ئارمانغا ئايلىنىپ قالدى ، ھەبزە ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىتىپ قويۇپ ، ئۆزى تۇيۇقسىز غايىب بولدى . شۇڭا ، ئەكبەر خۇددى قايىنامغا چۈشۈپ ، پىر - پىر ئايلىنىۋاتقان يېگانە ياپراقتەك ھالسىز ھەم خامۇش ئىدى !

ئاتىخان ئوغلىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم كوچىلاپ سورىدى ، ئەكبەر ھەبزىنىڭ گېپىنى قىلماقچى بولدىيۇ ، لېكىن بۇ گەپ نېمە ئۈچۈندۇر بوغۇزىغا كەلگەندە كەپلىشىپ چىقالمىدى . ئۇنىڭ بۇغدىيىكى خۇددى بىرنەرسە يۇتقاندەك غىرتتىدا قىلىپ ، ئېيتماقچى بولغان گەپنى ئىچىگە يۇيۇتەتتى . لېكىن بۇ ھال ئۇزاققا بارمىدى ، دادىسىنىڭ قىستىشى بىلەن ئەكبەر ئاخىر راستىنى ئېيتتى . چوڭقۇر دىلئازارلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردە ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق پەريادى بىلەن ئاشىق كۆڭۈلنىڭ بېسىلماس ئاھ - زارى بار ئىدى !

ئاتىخان دەرھال ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كەلدى . ئەگەر مۇنداق كېتىۋەرسە ، ياش يىگىتنىڭ نېرۋىلىرى كاردىن چىقىپ ، يۇمران يۈرىكى ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولۇپ قالاتتى .

دادىسىنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھالەتنى پەقەت كونا دەردنى يېڭى خۇشال-لىق بىلەن بېسىش يولى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتكىلى بولاتتى!

ئەكبەر بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى، روھىي ھالىتىمۇ نورماللىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەبزىدىن تولۇق ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، بۇرۇنقى قىزغىن ئىستەكلەر بېسىققان بولسىمۇ، لېكىن مەجنۇنلۇق قەلبى بىلەن ئوتلۇق ھېسسىياتىنىڭ دەۋرىشى تېخى پۈتۈنلەي بېسىقمىغان ئىدى.

شۇڭا ئۇ، يەنە بىر نۆۋەت چار بازار چىلىق بىلەن يۇرت ئايلىنىش خىيالىغا كەلدى، بۇ قېتىم بۇرۇنقى يەرلەرگە ئەمەس، بەلكى ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يىراق يەرلەرگە بېرىپ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن كۆڭۈل يارىسىنى ساقايتىشنى ئويلىدى. بۇ خىيالىنى دادىسىغا ئېيتقاندا، ئاتىخان ئوغلىنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ رىغبەتلەندۈردى:

— ياخشى ئويلاپسەن، ئوغلۇم! سەپەرنىڭ پايدىسى كۆپ، غەم ۋە خاپىلىقتىن يىراق بولىسەن، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى ئۆگىنىسەن، بىلىملىك بولۇپ قالىسەن! — دېدى ئۇ ۋە دۇئا قىلىپ ئوغلىغا ئامانلىق تىلىدى، — ئەجىر قىل، دەرياغا سال، خۇدادىن تىلە دېگەن گەپ بار. بارغىن، بالام! خۇدا سېنى شەيتاننىڭ شەررىدىن، زالىمنىڭ زۇلمىدىن ساقلىسۇن، رەقىبلىرىڭنىڭ ئاغزىنى بەنت، دوستلىرىڭنىڭ ئاغزىنى كۈشادە قىلسۇن!

شۇنداق قىلىپ، ئەكبەر جىددىي تەييارلىققا كىرىشتى، ئەۋەز ئىسىملىك بىر تۆگىچىنى ياللىدى، ھىندىدىن سېتىۋالغان ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى، بۇنىڭغا ياۋروپا تەرەپتىن كېلىدىغان كونا كىيىم - كېچەكلەرنى قوشۇپ، بىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يولغا چىقىپ كەتتى.

ئەكبەر شۇ كەتكەنچە تۆت ئايغىچە نۇرغۇن يەرلەرنى

ئايلانـدى ، ئەرەبـىسـتـانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئابىها ، خەمىس مـىـشـد ، تاھاما ئويمانلىقى ، بىشە ، رەنيە ، تەرەبە قاتارلىق جايلار-غـىـچـە بېرىپ ، دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن ھەمنەپەس بولدى ، تـۇرمـۇشـنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى يەتكۈچە تېتىدى ، نۇرغۇن سـودا كـارۋانـلـىـرى بـىـلـەن ئۇچـرىـشـىپ ، تىجارەتنىڭ ئېپىنى ئۆگـەنـدى . كـېيىن ھەتتا شىمالدىكى تاموژنا جايلاشقان « ئەر - ئەر » دېـگـەن شـەھەرگـىـچـە بېرىپ ، ئۇ يەردىمۇ ئىككى ئايغىچە ئىـتالىيە ۋە گېرمانىيىلەردىن كىرگۈزۈلگەن « تەللىك » سودىسى بـىـلـەن شـۇغـۇللانـدى . بـۇ ئاياغلارنى ئىراقتىن قوغۇن - تاۋۇز ئېـلىپ كىرگەن سودىگەرلەر توپ - توپى بىلەن ئېلىپ ، نۇرغۇن پايدا يەتكۈزدى ! ...

ئىـشـقـىـلـىـپ ، قـاقـاسـلىققا تولغان بۇ ئاتەش زېمىنىنىڭ ئېـگـىز - پەس ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل سوقماق يوللىرى ئەمدىلىكتە ئەكـبـەر ئۈچـۈن ، گـويا سالقىن ، راھەتبەخش داغدام يول بولۇپ قـالـغـان ئىـدى . ئۇ ، چـۆل - جەزىرىنى ۋە چۆل - جەزىرىدىكى ھەربـىـر سـوقـمـاقلارنـى ، ئادەم ئۈچـۈن خـەۋپـلىك ۋە خەۋپسىز جـايلارنـى بـەش قولدەك بىلەتتى . ئەكبەر ئۇسسۇزلۇقتا ، ئاچلىقتا ۋە سـەپـەر مۇشـەققـەتـلـىـرىـگـە چـىداشنى ، تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەندى ، ...

ۋاقـىـتـنـىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەكبەرنىڭ كۆڭۈل يارىسىمۇ ئاسـتـا - ئاسـتـا سـاقـىـيـىـشقا باشلىدى . ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا ھەمـىشە قىلىقلىنىپ تۇرىدىغان ھەبىزىنىڭ گۈزەل سىيماسى بارا - بـارا غـۇۋالـىـشـىـپ ، جـانـىـسـىـز بىر سايىغا ئايلىنىپ قالدى . نېمە دېگەنبىلەن ، يىگىت ۋۇجۇدى ئىشق دەردىنى يەڭدى ، ئەمما يۇرت دەردى يـۈرەكـتـە قـالـدى ! بۇ دەرد ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى ، ئۇنـى ھەمـىـشـە بـۇنـداق غـېـرىـب - مۇسـاپـىرلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەشكە مەجبۇر قىلاتتى ! ...

ئەكبەر شۇ پەيتتىكى ئەھۋالنى بابۇر شاھنىڭ چەت يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەندە يازغان :

« بارماققا نە ماكان مۇيەسسەر ،
تۇرماققا نە دۆلەت مۇقەررەر . »

دېگەن شېئىرى بىلەن ئىپادىلەيتتى .

جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن مۇساپىرلىق ھايات ، ئەكبەر كۆرگەن رەڭمۇرەڭ تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىر - قىسمەتلىرى ئۇنى خېلى پىشقان ، نەزەر دائىرىسى كەڭ ، بىجىرىم ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى .

## سەككىزىنچى باب

# يىلان ۋەقەسى

### 1

ئامېرىكىنىڭ « دوج » ماركىلىق يېڭىلىك ئاپتوموبىلى تاغ يولىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. شەئبان ① ئېيىنىڭ بېشى بولغاچقا، ھاۋا قىزىپ كەتكەن، زېمىندىن تارتىپ پەلەككە قەدەر ھاۋا ئوت پۈركۈپ ھۆپپۈلەپ تۇراتتى، ئەتراپتىن ئوت ۋە لاۋا ھىدى كېلەتتى ! ...

ئىسسىقتىن قىزىپ كەتكەن ماشىنا پۇشۇلداپ، ھاسىراپ، بەئەينى تامغا ياماشقان قوڭغۇزدەك ئاستا ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىدا ئۈچ يولۇچى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى ئاتىخان، يەنە بىرسى باھاۋىدىن مىرزا ئىسىملىك ئۆزبېك، ئۈچىنچىسى ئەكبەر ئىدى. بۇلار قىز كۆرۈش ئۈچۈن، تائىفقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

تائىف — مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارا تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان، ھىجاز رايونى بويىچە، گۈزەل، سالقىن ۋە ئاۋات شەھەر ئىدى. بۇ يەردە پادىشاھنىڭ يازلىق ئوردىسى بار ئىدى.

---

① شەئبان — سەككىزىنچى ئاي.

باھاۋىدىن مىرزا تائىفتا چىش دوختۇرلۇق قىلاتتى . ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىمۇ ئېچىنىشلىق بىر قىسمەتتىن ئىدى . باھاۋىدىن مىرزا ئەسلىي 1942 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندىن ئەسكەر بولۇپ ، ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قازانغا كەلگەن . لېكىن كۆپ ئۆتمەي ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن قازاندىكى تاتار ئاسىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن «پىدائىيلار دېۋىزىيىسى » گە قاتنىشىپ قېلىپ ، نېمىس قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان . 1945 ـ يىلى نېمىسلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ، ۋەتەنگە قايتىشقا پېتىنالماي ، گېرمانىيىدە پاناھلىنىپ ، كاتتا بىر چىش دوختۇرىغا شاگىرت بولغان ، 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ، ھەج قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا كەلگەن ۋە كۈتۈلمىگەن بىر پۇرسەتتە تائىفتىن ئۆيلىنىپ ، بۇ يەرگە ماكانلىشىپ قالغان .

باھاۋىدىن مىرزا بىرەر يىلدىن بېرى مەككىگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ ئاتىخان بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدى . بىر قېتىم ئاتىخاننىڭ : « ئوغلۇم چوڭ بولۇپ قالدى ، سايىسىنى ئىككى قىلىپ قويااي دېۋىدىم ، مۇبادا سىلەر تەرەپلەردە ھەمشەھەرلەرنىڭ ئوبدانىراق قىزى بولسا ، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويارلا » دېگەن تەۋسىيىسى بىلەن تائىفتىن ئەمدى 14 ياشقا كىرگەن گۈلبەھرەم ئىسىملىك چىرايلىق بىر قىزنى تاپقان ئىدى .

گۈلبەھرەم تائىفتىكى يۈز ـ ئابرۇيلۇق سودىگەر نادىر ھاجىمنىڭ توقال ئايالىدىن بولغان كەنجى قىزى ئىدى .

نادىر ھاجىم 1936 ـ يىلى ھەجگە چىققان ئىدى ، 1937 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋەتەنگە قايتماقچى بولۇپ ، پاكىستاننىڭ چېگرا بويىدىكى سوس ۋىلايىتىگە كەلگەندە ، يۇرتتىن قېچىپ چىققان بەزى ئادەملەردىن شىڭ شىسەينىڭ چوڭ تۇتقۇن قىـ

لىۋاتقانلىقىنى، باي - سودىگەرلەرنى قويماي تۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋەتەنگە قايتالماي ئۆركۈپ كەتكەن مۇساپىرلارنىڭ بىرسى ئىدى...

باھاۋىدىن مىرزا بۈگۈن ئاتا - بالا ئىككىيلەننى قىز كۆرۈش — ئەمەلىيەتتە، بولغۇسى كۈيئوغۇلنى نادىر ھاجىمغا كۆرسىتىش ۋە قۇدىلىق سالىمىنى بەرگۈزۈشكە ئېلىپ چىقىۋاتاتتى.

ماشىنا تاغ يولىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە قىزىپ كەتتى، شوپۇر ماشىنىنى بىر جىلغىنىڭ ئاغزىدىكى دۆڭلۈكتە توختىتىپ، سوۋۇتماقچى بولدى.

يولۇچىلار ماشىنىدىن چۈشتى. ئەكبەر چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئىدى، پۇتىدا ئىتالىيىنىڭ خۇرۇم تەللىكى، ئۈچىسىدا كىرتىك ياقىلىق ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەك ۋە يىپەك ئىشتان بار ئىدى. ئۇ، ھازىر سۆڭەكلىرى قېتىپ، بۇرۇتى قارايغان، ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 22 ياشلىق بوز يىگىت ئىدى. ئەكبەرنىڭ سۇمباتلىق بەستى، يوغان، چېچەن قارا كۆزلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرەتتى.

ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتكەن يولۇچىلار ماشىنىنىڭ دالىدىسىدىكى كىچىككىنە سايىدا ئولتۇرۇپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىشكە باشلىدى، ھەممىسىنىڭ سومكىسىدا سۇدان ۋە بوتۇلكىلىق مېۋە شەربەتلىرى بار ئىدى.

ئەكبەر ئىسسىقا چىدىيالمايلا قالدى، ئۈستى - بېشىدىن تەر قۇيۇلۇپ، ئوچۇق تېرىلىرى چىم - چىم قىلىپ كۆيەتتى. كاشكى، بۇ يەردە سۈيى سوغۇق بىر ئۆستەڭ بولغان بولسا، راسا راھەتلىنىپ بىر چۆمۈلۈۋالسا!...

لېكىن، ئەكبەرنىڭ كۆزىگە كۆيۈك تاغ، قاقاس چۆلدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئاھ، خۇدا! بۇ يەرلەرنى قانداق

يارىتىپ قويغان بولغىيدىڭ !؟ بۇ سېنىڭ قەھرىڭمۇ ياكى مېھرىڭمۇ ؟! ...

ئەكبەرنىڭ خىيال ئېكرانىدا، يۇرتتىكى چۆل - جەزىرىلەر ئايان بولدى. گەرچە ئۇ يەرلەردىكى چۆل - جەزىرىلەرمۇ بۇ يەردىكىگە ئوخشاش قۇرغاق، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەردە شاپتۇل چېچىكى رەڭگىدە گۈل ئاچىدىغان يانتاق، سېرىق چېچەكلىك ئېشەكقومۇشى، چاكاندا، يۇلغۇن، بېسىلغاق، ياۋا كەندىر قاتارلىق رەڭگارەڭ ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ، ھاياتلىقتىن، يېشىللىقتىن دېرەك بېرەتتى ! ...

ئەكبەرنىڭ خىيالى ئىختىيارسىز ھالدا، يۇرتىنىڭ سوغۇق، قىش كۈنلىرىگە كەتتى. ئۇ، بىر قېتىم ئىككى ئاغىنىسى بىلەن تۈگمەن بېشىدىكى ئۆستەڭگە سۇغا چۆمۈلگىلى چىققان ئىدى. ئۇلار دەسلەپ ئۆستەڭ بويىدىكى ئاختامىلىقتا تىكتاك ھەم ۋىزۋاق ئوينىدى، ئاندىن بەسلىشىپ سۇغا چۆمۈلمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئۆستەڭ قىرغىقى خۇددى ئەينەكتىن چەپچەك تۇتقاندەك يۇپقا مۇز بىلەن قاپلانغان ئىدى. مۇزنىڭ ئاستىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك سۈزۈك ۋە ئويناق ئىدى. ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىنى قۇرۇپ كەتكەن كېپىكتال بىلەن جىغان چاتقاللىرى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئەكبەر ئاغىنىلىرى بىلەن قېپيالىڭاچ بولۇپ، ئەنە شۇ مۇزلاردىن سىرغىپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇغا چۆمۈلگەن ئىدى. توڭغانلىقتىن ئۇلارنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىدىن ھور كۆتۈرۈلەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكىدىن كۆرەڭلەيتتى، پەخىرلىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇزغا دەسسەپ تۇرۇپ چۆمۈلۈۋاتقان سوغۇق، يېقىمسىز سۇ ئۇلارغا ھۇزۇر بېغىشلىغان ئىدى.

ئەكبەرنىڭ خىيالىدىكى سالقىن ، راھەت تۇيغۇسىنى يان

تەرەپتىكى جىلغىدىن تۆپۆقسىز چىقىپ كەلگەن يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر سەھرالىق يىگىت بۆلۈۋەتتى.

يىگىت ئۇزۇن بوز كۆڭلەك ئۈستىگە مىشلە ① كىيىۋالغان ئىدى، مىشلىنىڭ پەۋازلىرىغا ئويما گۈل چېكىلگەن بولۇپ، خېلى پەمى بار بىر قىزنىڭ قولىدىن چىققانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ ئۈشنىسىدە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان قۇرۇق تۇلۇم بار ئىدى. ئۇ، ماشىنىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل يولۇچىلار تەرەپكە كەلدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن سالام بېرىپ، ئۇلاردىن بىرئاز سۇ بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن شوپۇر دوق قىلغاندەك:

— كۆرمىدىڭمۇ يىگىت، سۇ بولسا، ماشىنىنىڭ كۆتىنى دۆڭگە قارىتىپ، ئۆزىمىز ئىسسىق يەپ ئولتۇرامتۇق ؟! — دېدى.

باھاۋىدىن مىرزا يىگىتكە قىزىقتى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە ؟

— قۇسەي، — دېدى يىگىت ئىسسىقتىن يالقۇنجاپ، تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

سوئال - جاۋاب داۋاملاشتى:

— قەيەردە تۇرىسەن ؟

— ئاشۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە.

— ئۇ يەردە قانچە ئائىلە بار ؟

— بەش ئائىلە بار.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر ؟

— چارۋا باقىمىز، يەنە ئانچە - مۇنچە تېرىقچىلىقمۇ قىلىمىز !

— ئۇ يەردە سۇ يوقمۇ ؟

— يوق.

— سىلەر نېمە ئىچىسىلەر ؟

① مىشلە — جىلتىكگە ئوخشاش يەڭسىز نېپىز چاپان.

— يامغۇر ياغقاندا، يامغۇر سۇلىرىنى يىغىۋالىمىز. سۇ تۈگىسە، سىلەرگە ئوخشاش يولۇچىلاردىن سۇ سوراپ ئىچىمىز.

— ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەڭلار بولمامدۇ ؟

— شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى شوپۇر باھاۋىدىن مىرزىنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — زەيمىگە كۆچۈپ كەتسەڭلار بولىدۇ، يىراق ئەمەس، ئۇ يەردە ئېقىن سۇ بار، مەھەللە بار ياكى چوڭ سەلگە كۆچۈپ كەتسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئۇ يەردە قۇدۇق سۈيى بار!...

— ياق، كۆچمەيمىز! — دېدى يىگىت بىر خىل قەتئىيلىك ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن، — بۇ يەرنىڭ تاشلىرىنى باشقا يەرنىڭ ئۈنچە - مارجانلىرىغا تەڭ قىلمايمىز! چۈنكى، بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىز، ئىككى دۇنيالىق ۋەتىنىمىز! بۇ جىلغىدا بىزنىڭ بىرمۇنچە ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن، بوۋامنىڭ، دادامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە! ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيمىز!...

يىگىتنىڭ سۆزى گويا ئىنچىكە تال چىۋىق بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ساۋىغاندەك، ئۈچ مۇساپىر يولۇچىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار كۆڭلىنىڭ قات - قېتىغا ئورناپ كەتكەن ھىجران ئازابىنى، يۇرت دەردىنى بىر يولى چىقارماقچى بولغاندەك، نەپەسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە چوڭقۇر خۇرسىنىپ قويدى!

يىگىت توغرا دەيدۇ: ئەزەلدىن مۇھەببەتسىز يۈرەككە ۋەتەن سىغقان ئەمەس! ھەقىقىي ۋەتەن ئوغلى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراق ۋە شۇ تۇپراقتىكى ھەربىر گۈل - گىياھ، ھەربىر تاش - داڭگال بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ! ئادەم قەيەردە ياشىمىسۇن — راھەتبەخش باغۇ ئېرەمدىمۇ، گۈزەل مەنزىرىلىك ئاۋات شەھەردىمۇ ياكى قاقاس چۆل - جەزىرىدىمۇ

— ئۆز يېرىنى، ئۆز ئېلىنى ۋە ئۆز ئەركىنى ھىمايە قىلىدۇ!
شۇڭا، دۇنيادا ۋەتەنسىز ئىنسان بولمايدۇ، ۋەتەن سۆيمىگەن ئىنساندا ۋىجدان بولمايدۇ، ۋىجدانسىز ئىنساندا ئىمان بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىگە كىرگەن! ...
ماشىنا يەنە يولغا چۈشتى، ئۇلار مېڭىش ئالدىدا، قۇسەيگە سۇدانىدىكى سۇ بىلەن مېۋە شەربەتلىرىنى بەردى. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزى، روھى ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. شۇ تەسىر بىلەن ھاياجانلىنىپ قالغان باھاۋىدىن مىرزا كېتىۋېتىپ، ھەمراھلىرىغا مۇنداق دېدى:
— «سەن سۆيگەن نەرسە سېنى يارىتىدۇ» دېگەن ھېكمەت راست ئىكەن. ۋەتەن بىزنى ياراتتى، دىلىمىزنى، تىلىمىزنى ياراتتى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز خەلقىنى، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈشى تەبىئىي ئىكەن. مەن ئۈچۈن نەمەنگاننىڭ مۇنبەت، ھاۋالىق تاغ - دەريالىرى گۈزەل بولغىنىدەك، سىلەر ئۈچۈن قەشقەرنىڭ شېرىن - شېكەر مېۋىلىك باغۋارانلىرى گۈزەل. ئەمدى بايىقى يىگىت قۇسەي ئۈچۈنچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەلۋەتتە مۇشۇ قاقاس تاغ - جىلغىدىكى تاش - تۇپراقلار بىلەن سالما - كەسلەنچۈكلەر ھەممىدىن گۈزەل! بايىتىندىن بېرى، ئاجايىپ بىر رىۋايەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى: دۆلەت شاھ سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «شائىرلار بوستانى» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق ھېكايە قىلغان: ئەمىر نەسىر بىن ئەھمەد ھىراتقا كەلگەندە، بۇ شەھەرنىڭ جەننەتتەك ئىقلىمى ئەمىرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى. ئۆز پايتەختى بۇخارا ئەمىرنىڭ خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەر، بايلار ھىراتتا ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقلىرىدىن كۆڭۈللىرىدە يۇرت سېغىنىشى ئويغىنىپ بىئارام بولۇشتى. لې-

كىسىن ، ھېچقانداق تەدبىر بىلەن ئەمىرنى بۇخاراغا قايتىشقا كۆندۈرەلمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن ، ئاخىر ئۇلار ئۇستاز روداكىدىن ئۆتۈنۈپ ، ئەمىرنىڭ كۆڭلىدە بۇخاراغا قايتىش زوقىنى ئويغىتىپ بېرىشنى سورىدى . بىر كۈنى ئەمىر توساتتىن بۇخارا نېمەتلىرىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى تىلغا ئېلىپ قالدى . شۇ چاغدا ئۇستاز روداكى بىرنەچچە كۈن بۇرۇن يېزىپ قويغان بىر قەسىدىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى :

مولىيان ھىدى بۇيان كەلمەكتىدۇر ،
يادقا يارى مېھرىبان كەلمەكتىدۇر .
گەر دەغەلدۇر ① ئانچەيىن ئامۇل قۇمى ،
لېك ② مەيىن ئىپەكسىمان كەلمەكتىدۇر .
گەرچە كەڭدۇر ئانچەيىن جەيھۇن ③ سۈيى ،
ئات بېلىدىن بى زىيان ④ كەلمەكتىدۇر .
ئەي بۇخارا ، شاد بولۇپ تەزىمگە چىق ،
چۈنكى پادىشاھ ــــ مېھمان كەلمەكتىدۇر .
ئاي ئەگەر بولسا ئەمىر ، بۇخارا ــــ ئاسمان ،
ئاي چىقىپ ئاسمان تامان كەلمەكتىدۇر .
سەرۋى ئەگەر بولسا ئەمىر ، بۇخارا ــــ بوستان ،
سەرۋى بۇگۈن بوستان تامان كەلمەكتىدۇر .

قەسىدە ۋەتەن ھەققىدە ، ئۇنىڭ بىر بەلگىسى بولغان ، بۇخارا شەھىرىنى كېسىپ ئاقىدىغان مولىيان دەرياسى ھەققىدە ئىدى . ئېيتىلىشىچە ، بۇ قەسىدە ئەمىرنىڭ كۆڭلىدە مۇزلاپ

① دەغەل ــــ يىرىك ، قوپال .
② لېك ــــ لېكىن ، ئەمما .
③ جەيھۇن ــــ ئۆزبېكىستاندىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى .
④ بى زىيان ــــ خەتەرسىز ، زەرەرسىز .

ياتقان ۋەتەن مېھرىنى ئويغىتىشۋەتكەنلىكتىن، ئۇ ھەتتا ئۆتۈكىنىمۇ كىيمەي، بۇخاراغاجۆنىگەن!... — باھاۋىدىن مىرزا ھېكايىسىنى توختىتىپ، بىردەم شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئاغزى ئۆمچەرەپ قالغان ئىدى، مۇڭغا تولغان كۆزلىرىدىن بىر خىل ئىچكى ئازابنىڭ ئىزتىراپلىق شولىسى ئەلەڭگىيتتى، بىرئازدىن كېيىن ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك مىسكىن ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ دۇنيادا ۋەتەنسىزلىكتىن ئېغىر دەرد يوق ئىكەن! مەندە ھازىر پۇل دېسە بار، نام دېسە بار. قولۇمنى نەگە سوزسام يېتىدۇ، نەگە بارغۇم كەلسە بارالايمەن، نۇرغۇن ئېسىل يەرلەرنى كۆردۈم، زامانىۋى شەھەرلەردە تۇردۇم، لېكىن ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاشۇ لاي كېسەكلىك ئۆي، ئاشۇ چاڭ - توپىلىق مەھەللە، ئاشۇ ئۆستەڭ، ئاشۇ دەرەخ ۋە ئاشۇ سوقماق يوللار بىر كۈنمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق! ئۇنىڭ دەردى يۈرىكىمگە ئورناپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ دەردنى يېڭەلمىدىم! مېنىڭ كېيىنكى ئۆمرۈم مانا شۇ دەرد بىلەن ياقا يۇرتتا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ!...

باھاۋىدىن مىرزا شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى بەئەينى تىرىك موردىغا ئوخشايتتى، باھاۋىدىن مىرزا ماشىنىنىڭ سىلكىشى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر بىر ئۇھسىنغان ۋاقىتتا، ئەكبەر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان مۇنچاق - مۇنچاق ياشلارنى كۆرۈپ قالدى...

ماشىنا گۈرۈلدەپ، پۇشۇلداپ، يىلان باغرى يولدا يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى، يولۇچىلارنىڭ كۆكسىگە تائىفنىڭ سالقىن، خۇشبۇي ھاۋاسى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن، ھېچكىم بۇنى سەزمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزى

ماشىنىدا بولغان بىلەن، خىياللىرى ئاللىقاچان تالاي يول ۋە تالاي كۆلپەتلەرنى ئېشىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئىمانى بولغان ئانا يۇرتقا قاراپ كەتكەن ئىدى! ...

## 2

سۇھەيبە خېلى جۇرئەتلىك، قورقۇمسىز ئايال ئىدى. لېكىن، ئوغلى تۇغۇلۇپ، قاچانكى ھېلىقى ئىش يۈز بەردى، شۇنىڭدىن باشلاپ يۈرەكسىز بولۇپ قالدى، كىچىككىنە شەپىنى ئاڭلىسا، چۆچۈپ، ئەندىكىپ كېتەتتى.

ئوغلى ھېلىمشانىڭ يەتتە ئايلىق بولغان ۋاقتى ئىدى، ناماز ئەسىردىن كېيىن ئۇنى ئېمىتىپ، ئوماق، سەبىي چىرايىغا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇرغاندا، يېنىك بىر شەپە ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر نەرسە شىپىرلىغاندەك قىلاتتى. سۇھەيبە ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇستىگە قارىدى، قارىدىيۇ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلاشقاندەك بولدى.

سۇھەيبە يۆلىنىپ ئولتۇرغان تامنىڭ تورۇسقا تۇتاشقان يېرىدە بىر سويام ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كەسلەنچۈك تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى، سۇرلۇك كۆزى ۋە بەتبەشىرە تەلەتى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. سۇھەيبە بۇرۇن سالما، كەسلەنچۈك دېگەندەك ئىسىملارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر مەخلۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەرىجىدە سۈرلۈك ۋە يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

سۇھەيبە قورقىنىدىن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم تاڭدى، گويا ئۇ نەرسە ھازىرلا ئېتىلىپ

چۈشۈپ، ئوغلىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغاندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئىدى.

سۈھەيبە ئىككىنچى قېتىم يۈرەكسىزلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغاندا، كەسلەنچۈك غىرقىراپ مېڭىپ، پەنجىرىگە يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. كەسلەنچۈك پەنجىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەنە توختىدى، قۇيرۇقىنى دىڭگايتتى، بېشىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇياق - بۇياققا قارىدى، سۈھەيبە قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتكەچ، پەنجىرىگە قارىدى، خۇداغا شۈكرى، پەنجىرە ئوچۇق ئىدى، سۈھەيبە يەنىلا ئوغلىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىچكىرى يوشۇرماقچى بولغانىدەك، باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. شۇ چاغدا، بوۋاق ھېلىمشا دىمىقىپ كەتتىمۇ ياكى ئانىسىنىڭ قىسىدىن بىر يېرى ئاغرىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇيۇقسىز قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى، جىمجىت ئۆيدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ شىددەتلىك ئاۋاز كەسلەنچۈكنىمۇ چۆچۈتىۋەتتى، ئۇ غىررىدە قىلىپ ئۆزىنى پەنجىرىگە ئاتتى - دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

سۈھەيبە «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، يۈرىكىمۇ قالايمىقان سوقۇشتىن توختاپ، ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشتى، ئوغلىنى باغرىدىن ئاجرىتىپ، باش - كۆزلىرىگە تويماي سۆيۈپ كەتتى ...

شۇ كۈنى كەچتە، ئاتىخان كەلگەندە ئۇ، بۇ ئىشنى بەكمۇ قورقۇنچ ئىچىدە سۆزلەپ بەردى، لېكىن ئاتىخان خوتۇنىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئەسلىدە شۇنداقمۇ ئىشقىلىپ، بىرخىل پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— قورقما، كەسلەنچۈك دېگەن ياۋاش جانىۋار، ئادەمگە چېقىلمايدۇ، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ يوقلاپ تۇرۇشى ئۆيگە نۇسرەت ئېلىپ كېلىدۇ! — دېدى.

لېكىن، ئېرىنىڭ سۆزى سۇھەيبەنى خاتىرجەم قىلالمىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر خىل ۋەھىمە ئورناپ كەتكەن ئىدى!...

مانا بۈگۈن سۇھەيبە يەنە يالغۇز قالدى، ئاتىخان بىلەن ئەكبەر تائىفقا ماڭغاندا، ئەمدى ئايىغى چىققان ئوغلى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىغىچە تايىناڭلاپ چىقىپ ئەگەشكەن ئىدى. ئاتىخان ئۇنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويۇپ: «ئۈچ - تۆت كۈندە كېلىمىز، ئاناڭغا ئوبدان ھەمراھ بول - ھە، ئوغلۇم!» دەپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ كېچە سۇھەيبەنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، نەچچە ئاي بۇرۇنقى ئاشۇ ئىش يەنە كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، سۈر بېسىپ كېتەتتى، يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى تۇرۇپ - تۇرۇپ قوينىغا سولاپ، چىڭ قۇچاقلىۋالاتتى...

سۇھەيبە ئەتىسى بەكمۇ ھارغىن، روھسىز ئورنىدىن تۇردى، چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى ئىلەڭ - سىلەڭ ئۆتكۈزدى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھېلىمشانى سەگۈنچەككە سېلىپ ئۇخلىتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئازراق ئارام ئالماقچى بولدى.

سەگۈنچەككە بۆلەنگەن ھېلىمشا يېڭىدىن يېڭى قىلىق چىقىرىپ، ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى گۇگىراپ تېخىچە ئۇخلىمىغان ئىدى، سۇھەيبە ئۇنى لەرزان تەۋرىتىپ، ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۇرغان يوپيورۇق نۇرغا قارىغىنىچە ئەرەبچە ئەللەي ناخشىسىنى غىڭشىپ ئولتۇراتتى. نۇر ئۇنىڭ كۆزىگە دەسلەپ ئاقۇش، كېيىن ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار كۆرۈندى، ئاندىن خۇددى بىرسى قولى بىلەن ئۇنى چالغىتقاندەك تەۋرىنىشكە، مىدىرلاشقا باشلىدى. سۇھەيبە ھەيران بولۇپ، كۆزىنى يوغان ئاچتى ۋە زېھنىنى يىغىپ، تۈڭلۈككە دىققەت بىلەن قارىدى. سۇھەيبە كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، چۈنكى تۈڭلۈكتىن قىيپاش

چۈشـۈۋاتقان نۇر راستتىنلا مىدىرلاپ ، رەڭلىنىپ غەلىتە بىرنەرـ
ســىـگـە ئايـلـىنىۋاتاتتى . غەلىتە نەرسە ئاخىر نۇردىن ئاجرىلىپ ،
ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرسەتتى . ئۇ ، تولۇقلۇكتىن ئاستا ـ
ئاستا ساقىيىپ چۈشۈۋاتقان بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى زەھەرلىك
چار يىلان ئىدى ...

سۇھەيـبەنـىـڭ پۇت ـ قـولـىـدا جان قالمىدى ، كۆزى
چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى ، قورقۇش ھەم
ۋەھىمـىـدىن يۈرىكى توختاپ ، بەدىنى مۇزلىغاندەك ھالغا كېلىپ
قـالـدى . ئەگـەر ئۇ يـالـغـۇز بولغان بولسا ، شۇ تۇرقىدا ئۆلتۈرۈپ
ھوشـىـدىـن كـەتـكـەن بـولاتـتـى ، لـېـكـىن ئوغلى ئۇنى ئېسىگە
كـەلتۈردى ، سۇھەيبە ئاجايىپ بىر ئىلاھىي كۈچ بىلەن ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى ۋە سەگۈنچەكتىكى بالىنى يۇلۇپ ئېلىپ ، ئۆزىنى
ھويلـىـغا ئاتتى . ئۇنىڭ ھويلىدا تۇرۇپ چىرقىرىغان دەھشەتلىك
ئاۋازى قـوشـنا ـ قولۇملارنى چۆچۈتىۋەتتى . بىرنەچچەيلەن ھويـ
لـىغا يۈگۈرۈپ كىردى ، بۇ چاغدا يىلانمۇ تولۇقلۇكتىن ساقىيىپ
ئۆيـگـە چۈشۈپ بولغان ئىدى ، ئارىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم
ئۆيـگـە چـاچـراپ كـىـرىـپ ، يـوغـان تـاغـار بـىـلـەن يـىلانـنى
بـاسـمـادىـۋالـدى ، قـالـغـانلار تاياق ـ كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ،
يىلاننى ئۆلتۈرۈۋەتتى !

لـېـكـىن سۇھەيبەنىڭ قورقۇنچى تېخى بېسىقمىغان ئىدى .
كـۆز ئالـدىـدا يـۈز بـەرگـەن بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشتىن بىچارە
جـــۇۋان خـــۇددى ســـوغـۇق كـېـچـىـدە يـامـغـۇردا قـالـغـان
تـۇمۇچۇقـتەك غال ـ غال تىترەيتتى !

ئۇنـى بـىـر ئايال قوشنىسى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى ، ئۇ ياـ
شانغان ، تەجرىبىلىك ئايال ئىدى .

— قـىـزىم ، ھەرگىز قورقماڭ ! — دېدى ئۇ سۇھەيبەنىڭ
كـۆڭـلىنى تىنچىتىشقا ئۇرۇنۇپ ، — ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن يۇـ

سۇپ ئەلەيھىسسالام قۇدۇق ئىچىدىن، دانىيال ئەلەيھىسسالام شىر ئۆۋىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغاندەك، سىزمۇ بۇ بالايىبەتتنەردىن قۇتۇلۇپ قالدىڭىز! ئەمدى ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئاتىخان قايتىپ كىرگەندە تۈڭلۈككە سىم تور بېكىتىپ، تامنىڭ ئاراشلىرىنى ئېتىۋەتسە، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ!

لېكىن، سۇھەيبەنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمەيتتى، ئۇ، خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ناھايىتى پەرىشان ئىدى. كىچىككىنە بىر شەپىنى ئاڭلىسا، چۆچۈپ، ئەندىكىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك ئەنسىرەيدىغىنى، مانا شۇ يۈرەك پارى، كۆڭۈل خۇشى ـــ ھېلىمشا ئىدى. سۇھەيبە قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىپ، كىرپىكلىرى پۈرچىلىپ، يۈزى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

سۇھەيبە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن بۇ مۇدھىش ئىشنى ئاللانىڭ ئۆزى بىلەن ئوغلىغا قىلىۋاتقان بېشارىتى دەپ بىلىپ، بۇ ئۆيدە تۇرماسلىق قارارىغا كەلدى. ئاتىخان قايتىپ كەلسە، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، باشقا يەرگە كۆچۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن قېرىشقاندەك ئاتىخاندىن خەۋەر يوق ئىدى، تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سۇھەيبەنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى، كىشىنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋېرىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ خىيالىغا قاھىرەگە قايتىش پىكرى كېلىپ قالدى. سۇھەيبە توي قىلىپ كەلگەن ئىككى يېرىم يىلدىن بېرى ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. تۇرۇپلا، ئاتا ـ ئانا مېھرى، يۇرت سۆيگۈسى ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتىدى. سۇھەيبە بىر كېچە ئويلىنىپ، ئاخىر قاھىرەگە بېرىش قارارىغا كەلدى، ئۇ ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن يالغۇز ئوغلىنى قوغداپ قېلىشى كېرەك ئىدى! ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاش ۋە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر نەۋرىسى بولغان ھېلىمشانى ئۇلارغىمۇ

كۆرسىتىش ئۇنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچى ئىدى! بەلكىم بۇ ئارىلىقتا، ئاتىخان باشقا يەردىن يېڭى ئۆي ئېلىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەتىسى، سۇھەيبە بىر پارچە خەت يېزىپ، قوشنىسى ئارقىلىق ئاتىخانغا قالدۇردى ۋە بىر بوغچا بىلەن ھېلىمشانى باغرىغا بېسىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 3

ئاتىخان بىلەن ئەكبەر تائىفتىن بىر ھەپتىدە قايتىپ كىردى.

بولغۇسى قۇدىسى نادىر ھاجىم ئۇلارنى مېھمان قىلدى، پۈتۈن تائىفنى ئايلاندۇرۇپ سەيلە قىلدۇردى ۋە بۇ جەرياندا توي ۋاقتىنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىپ قويدى.

ئاتىخان كەنجى پەرزەنتى ھېلىمشانى بەكمۇ سېغىنىپ كىرگەن ئىدى. ئۇنىڭ سېغىنغان يۈرىكىگە ئوغلىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن چۈچۈك تىلى ئەمەس، بەلكى سۇھەيبە يېزىپ قالدۇرغان خەتنىڭ ئاچچىق قامچىسى تەگدى. بىر پارچە پاتلانغان كەشمىر قەغەزگە يېزىلغان خەت قىسقىلا ئىدى، ئەكبەر ئۇنى دادىسىغا ئوقۇپ بەردى:

«پېقىرنىڭ ئىگىسى، ھۆرمەتلىك مۇرەببىمگە:

بولغان ئىشلارنى قوشنىلاردىن ئاڭلارلا، مېنىڭ ئۆيگە كىرگۈدەك ماجالىم قالمىدى، ئوغلىمىزنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم! ئاخىر سىلىدىن بىسوراق قاھىرەگە كەتتىم. ھەممىگە ئاللا گۇۋاھ، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇدەك ۋە سىلىنىڭ قايتىپ كىرىشلىرىنى كۈتكۈدەك تاقىتىم قالمىدى! ئاجىزلىرىنىڭ بۇنداق ئەقىلسىزلىكىنى كەچۈرگەيلا! مەن سىلىنى قاھىرەدە كۈتىمەن.

ئاللا ھەممىمىزنى سالامەت قىلسۇن ! ... »

ئاتىخان خەتنى ئاڭلاپ بولۇپ ، قولىدىكى چاي ئىچىۋاتقان جانان پىيالىنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى ...

يۈرىكىمۇ ئاشۇ جاراڭشىپ سۇنغان پىيالە بىلەن پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك ئىچىشىپ ئاغرىدى . چۈنكى ، خەت ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك ئۇرۇلغان ، يۇقىرىقى يازمىشلەردىن ئۆزى ھاڭۋېقىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەن ئىدى !

ئاتىخان ئايالىنىڭ بۇنداق بەڭۋاش ، يېڭىلتەكلىكىدىن قاتتىق خاپا بولدى ، ھەتتا ئۇنى ۋاپاسىز ، دەپ قاراپ ، ئاغزىدىن يامان گەپ چىقىرىۋېتىشكە قىل قالدى .

ئەكبەر دادىسىنىڭ بۇنداق قاتتىق ئاچچىقلانغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى . دېمىسىمۇ ، ئاتىخاننىڭ كۆڭلىدىكى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى مېھرىبانلىق ئورنىنى ئەمدى كۈچلۈك غەزەپ ئىگىلىگەن ئىدى !

شۇنداق ، بىر ۋۇجۇدتا تەڭداشسىز مېھىر تۇيغۇسىمۇ ، چەكسىز قەھر قۇدرىتىمۇ بولىدۇ !

ئەكبەر ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىپ ، بۇنداق زىيادە ئاچچىقنىڭ ئاستىدا ، سۇھەيبە بىلەن ھېلىمشانى ھادىس ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ يەتتى . دەرۋەقە ، سۇھەيبە ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان پاك ۋە لاتاپەتلىك ئايال ئىدى .

— دادا ، نېمانچە ئاچچىقلىنىسەن ! — دېدى ئەكبەر يەردە چېچىلىپ ياتقان پىيالە سۇنۇقلىرىنى تېرىۋېتىپ ، — ئىنساپ بىلەن ئويلىغاندا ، سۇھەيبەدىن رەنجىشكە بولمايدۇ ! قوشنىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ ، ئۇنداق يوغان ، قورقۇنچلۇق يىلاننى كۆرسە ، مەزلۇم خەق ئەمەس ، مانا مەن دېگەن ئوغۇل بالىنىڭمۇ پېيى سىرقىراپ قالمايدۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سۇھەيبەنىڭ يۇرتىنى ، ئاتا - ئانىسنى كۆرمىگىنىگە ئۇزاق

بولدى ، كۆرۈش ئىمكانىيىتى تۇرۇپ ، كۆرمىسە ئۇۋال بولمامدۇ؟!
بۇنداق دەرد بىز بىلەنلا كەتسۇن ، دادا !

— نېمە ئۈچۈن مەندىن بىسوراق كېتىدۇ ؟ ! — دېدى ئاتىخان يەنە شۇ ئاچچىقى بىلەن چالۋاقاپ ، — بىزنىڭ كىرىشمىزنى كۈتسە بولمامدۇ ؟ !

— كۈتەلمىگەن گەپ ، شۇ ! — دېدى ئەكبەر سۇھەيبەنى ئاقلاپ ، — خەتتە ھەممە گەپ ئوچۇق تۇرمامدۇ ! سەن ھەمىشە « شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس ، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر » دەيتتىڭ ، دادا . بۈگۈن بۇ گەپ ئۆز بېشىڭغا كەلدى ، ئاچچىقىڭنى بېسىپ ئويلاپ باق !

ئەكبەرنىڭ گېپى تەسىر قىلدىمۇ ياكى سۆزلەپ - سۆزلەپ ئاچچىقى كەتتىمۇ ، ئاتىخان خۇددى سۆرەم تارتىپ ھارغان ئۆكۈزدەك پۇشىدە بىرنى تىنىپ پەسكويغا چۈشتى .

— خەير ! ... — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپ ، — سالامەت بارسىلا مەيلىغۇ !

— سالامەت بارمايدىغان ئىش يوق ، دادا ! — دېدى ئەكبەر دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەنسىزلىكنى بىلىپ ، — ھەرەمنىڭ يېنىدىن ماشىنا كىرا قىلىپ جىددەگە كىرىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ قاھىرەگە بارىدۇ . ئەنسىرىمە ، ھازىرقى قاتناش ئىشلىرى بۇرۇنقىدەك مۇشكۈل ئەمەس ، دادا ! ئاسانلىشىپ كەتتى ، 10 — 20 كۈندىن كېيىن سەن بىرىپ ئەكىلىۋالساڭ بولىدۇ !

— مەن !؟ — ئاتىخان يەنە جۇدۇنى تۇتقاندەك گۈركىرىدى ، — مەن قاھىرەگە بىرىپ قايتۇرۇپ كېلەمدىمەن تېخى !؟ ئۇنداق ئىش يوق ! ئۆزى كەتكەندىكىن ئۆزى كەلسۇن ، بولمىسا ، ئاتا - ئانىسىنى ئېمىپ ياتسۇن !

— قېنى ، ۋاقتى كەلسۇن ، دادا ! كۆرەرمىز ! — دېدى

ئەكبەر ۋە ئاتىخانغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئەتىسى، ئاتا - بالا ئىككىيلەن ئۆينىڭ ئوڭلاشقا تېگىشلىك يەرلىرىنى ئوڭلىدى، تۈگۈلۈككە سىم تور يېپىپ، ئەينەك جاھاز بېكىتتى، پەنجىرىنى چوڭايتىپ، دېرىزە ئورناتتى، تامىلارنىڭ ئارقا - ئالدىدىكى يوچۇق - ئاراچىلارنى لاي بىلەن ئېتىپ، سىلىق سۇۋىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ كېچە - لىرى خاتىرجەم ياتىدىغان بولدى.

بۇ ئارىلىقتا، ئەكبەر يەنە شۇ دوستى ھارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن جەددەدىكى دۇكىنىنى سېتىپ، مەككىنىڭ «مۇددىئا» دېگەن ئاۋات بازىرىدىن بىر دۇكانىنى سېتىۋېلىپ، تىجارىتىنى مەككىگە يۆتكىدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئەكبەر بىلەن گۈلبەھرەمنىڭ تويى بولدى. قىز تائىفتىن مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئاتىخان ساتىراشلىق دۇكىنىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئىككى تال شالنى قويۇپ، شۇ يەردە يېتىپ - قوپتى.

توينىڭ بولدى - بولدىسى، مېھماننىڭ كەلدى - كەتتىسى تۈگەپ، بىرەر ئاي ئۆتكەندە، پاسار ھاجىم تۇيۇقسىز ئاتىخاننىڭ دۇكىنىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ئادەمنىڭ مەككە تەرەپكە كەلمىگەنلىكىگە بىرەر يىل بولۇپ قالغان ئىدى.

— قانداق ئۇستام؟ — دېدى ئۇ قىزغىن سالاملى - شىپ، — سالامەت تۇرۇۋاتاملا؟

— خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئاتىخانمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، — سالامەت، تۇپراقنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىمەن!

سالام - سائەتتىن كېيىن، پاسار ھاجىم سۆھبەتنىڭ ھېلىمشانىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئۇلارنى ماختىدى، بولۇپمۇ ھېلىمشانىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى، «دادا» دەپ تۇۋۇلغان ئاۋازلىرىنى دوراپ، ئاتىخاننىڭ يۈرىكىگە

ئوت يېقىنقىدىغان ئاتىسى، ئاخىرىدا سۇھەيبەنىڭ بىر پارچە خېتى بىلەن ھېلىمشانىڭ يېقىندا تارتىلغان بىر پارچە رەڭلىك سۈرىتىنى بەردى. خەتتە: «مەن سىلىنى كۆتۈپ ئىككەكلىرىم چۈشۈپ قالاي دېدى، سىلى بولمىسىلىرى بىزگە قاھىرەمۇ كۆڭۈلسىز تۇ- يۇلىدىكەن ... » دېگەن يۈرەك سۆزلىرى يېزىلغان ئىدى. ئاتىخان ئوغلىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ قېتىپلا قالدى، بالا شۇنداق ئوماق، ساغلام چوڭ بولغان ئىدى، قارا قاتتىق مۆلدۈر كۆزلىرى ئاتى- خانغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى! ...

— شۇنداقمۇ تاشلىۋەتكەن بارمۇ، ئۇستام؟ — دېدى پاسار ھاجىم كايىغاندەك تەلەپپۇزدا، — مەن خوتۇنلىرىنىڭ قانداق ئەھۋالدا كەتكەنلىكىنى بىلدىم، ئايال خەقنىڭمۇ كۆڭلىنى چۈشەنمىسەك بولمايدۇ! ئۇلار ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ غەيۇر باتۇرلارغا ئايلىنالايدۇ. سۇھەيبە ئوغلىنى ئويلىغان، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن! سىلى ئۇنى كەچۈرمىسىلە بولمايدۇ، خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ!...

يېقىندىن بېرى ئاتىخان ئۇلارنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، بولۇپمۇ قېرىغاندا تاپقان كەنجى ئوغلى ھې- لىمشا ئۇنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى تارتىپ كېتىۋاتاتتى. سۇھەيبەمۇ پات ـ پات چۈشىگە كىرىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاتىخان كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى كۆرۈپ قالدى: «سىلەر خوتۇنلىرىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئۆزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئوخشاش زۆرۈر. ئۇلارمۇ سىلەر ئۈچۈن خۇددى ئۆزۈڭلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدەك زۆرۈر».

بۇ ئەقىدە شۇ كۈنىدىن باشلاپ ساداقەتمەن بىر مۇخ- لىسنى ئىنتايىن قىيىن مۇشكۈلاتقا سېلىپ قويغان ئىدى.

خوتۇننىڭ ئارقىسىدىن قاھىرەگە باراي دېسە ئەرلىك غۇرۇرى، تەكەببۇرلۇقى يول قويمايتتى؛ بارماي دېسە ھىجران ئازابى، سېغىنىش دەردى يۈرەكنى ئۆرتەيتتى! ...

مانا بۈگۈن پاسار ھاجىمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، خەت كۆتۈرۈپ كېلىشى خۇددى ئاتىخانغا ئېگىز ئۆگزىدىن چۈشۈش ئۈچۈن شوتا قويۇپ بەرگەندەك، ئۇنى قىيىن مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇردى.

— قېيىناتىلىرى مۇستاپا سۆيەمنىمۇ سىلىنىڭ قاھىرەگە بېرىپ، بالا - چاقا بىلەن جەم بولۇپ، بىر مەزگىل دەم ئېلىپ كېلىشلىرىنى ئېيتتى، — دېدى پاسار ھاجىم ئۇنى تېخىمۇ قىزىتىپ، — ئەمدى بارمىسىلىرى بولماس. كونىلارمۇ: «قىرىق قوتان مېلىڭ بولسىمۇ، ياخشى خوتۇن بولمىسا بىكار» دەپ توغرا ئېيتقان. قېرىغاندا سىلىگە ئەسقاتىدىغىنى، يەنە شۇ سۇ-ھەيبە!

ئاتىخان ئارتۇقچە ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى، ئۇ ھازىر ئەكبەردىن خاتىرجەم ئىدى. ئەكبەر ئەمدى ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايتتى. بۇ كۈنلەردە، ئۆزىمۇ دۇكاندا يېتىپ - قوپۇپ تۇرمۇشتا قىيىنلىشاتاتتى. شۇڭا ئاتىخان بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، پاسار ھاجىمغا كەسكىنلا جاۋاب بەردى:

— بولىدۇ، ھاجىم، قاھىرەگە بارسام باراي. ماڭا نەگە بارسام بەرىبىر تۆت تەرىپىم ئوخشاشلا قىبلە!

## توققۇزىنچى باب

# شاھ ھۇزۇرىدا

## 1

يىللار خۇددى شامال سۇرگەن يېنىك بۇلۇتلاردەك، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قالدۇرغىنى قىرىلارغا ساقال ۋە قورۇق، ياشلارغا كۈچ ۋە ئەقىل بولدى!

ئاتىخان قاھىرەدە بېغىر بېسىپ تۇرۇپ قالدى. قېيناتىسى مۇستاپا سۆيمەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ دەۋاۋان رەستىسىدىكى كاتتا گەزلىمە دۇكىنىنى ئاتىخان ئىگە بولۇپ باشقۇرۇۋاتاتتى.

ئەكبەر قەدىم جايىنى ساتتى. مۇسقىلەدىكى ھەرەمگە يېقىن بۇ ئەتىۋار جايغا رىيازدىن كەلگەن چوڭ بىر باي مېھمانخانا سالماقچى بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغان بۇ قاقاس تاشلىق يەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىر غېرىچ باھاسىنىڭ ئالتۇنغا تەڭ بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئەكبەر ئۇنىڭ پۇلىغا شۇبەيكىدە يېڭى سېلىنغان زامانىۋى بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىپ ئالالىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ توك، سۇ، گاز دېگەنلىرى تولۇق ئىدى. بۇلارنى ئويلىسا، ئەكبەر ئۆز ۋاقتىدا ئەبۇلەھەبنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يەرنى كۆپ ھەل قىلىپ

بەرگەن دانالىقىدىن قاتتىق سۆيۈنەتتى ۋە ئىچىدە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتى !

لېكىن بۇ كۈنلەردە ، ئەكبەرگە ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن « بۇخارى » ① لارنىڭ ئىش - ئوقتى تازا ئاقمايۋاتاتتى . بۇنىڭغا بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ، مەككىدە چىقىدىغان « ئەل بىلاد » ② گېزىتىنىڭ مەلۇم سانىدا ئېلان قىلىنغان « چەت ئەللىك بۇخارىلارنىڭ سودا - تىجارەت قىلىشىغا بولمايدۇ » دېگەن بىر پارچە ماقالە سەۋەب بولغان ئىدى . ھازىرغىچە بۇ ماقالىنىڭ مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس ئىدى ، بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ماقالە يازمىدى . شۇڭا مەزكۇر ماقالە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى : ئىقامەت ③ ھەل قىلىش ، تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىش ۋە يېڭىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى توسقۇنلۇققا ، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتاتتى . كىشىلەر ئارامخۇدا دۇكان ئاچالمايتتى ، كۈنلىرى دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى . بۇنداق بېسىم ۋە خورلۇقتىن بىزار بولغان بەزى بۇخارىلار مەككىنى تاشلاپ ، باشقا يۇرت - شەھەرلەرگە چۇراپ چىقىپ كېتىشتى . ئەكبەر يەنىلا دۇكان ئېچىش بىلەن چاربازارچىلىقنى ماسلاشتۇرۇپ ، تۇلكىگە ئوخشاش تەدانلىق بىلەن جان بېقىپ كېتىۋاتاتتى !

بۈگۈن شەنبە ، مەككىنىڭ ئىچى ئەتىگەندىلا قىزىشقا باشلىدى .

ئەكبەر تۈنۈگۈن جۈمە نامىزىدا ھارىس بىلەن كۆرۈشۈپ ، بۈگۈنكى كۈندە ئىككى ئائىلە بىللە دېڭىز بويىغا بېرىپ ، دەم ئېلىپ كېلىشنى كېلىشىپ قويغان ئىدى . ئۇلار ئەمدى

① بۇخارى ــــ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى شۇنداق دەيدۇ .

② ئەل بىلاد ــــ يۇرت دېگەن مەنىدە .

③ ئىقامەت ــــ ۋاقىتلىق نوپۇس .

ناشتا قىلىپ بولۇشىغا، ھارىسنىڭ كىچىك ساياھەت ماشىنىسى ئەكبەرنىڭ قورۇسى ئالدىغا كېلىپ سىگنال بەردى. ماشىنىنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ يۈك ـ تاق تېڭىلغان ئىدى.

ئەكبەر بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ قوشماق مېغىزدەك بىر جۈپ قىزى ــــ يەتتە ياشلىق ئانارگۈل بىلەن بەش ياشلىق ئىپارگۈل چاچلىرىنى تۈگۈپ، ھاۋارەڭ يېپەك رەختتە بىر خىل كىيىنىپ، شۇنداق ئوماق ۋە شوخ بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم بولسا، قاپقارا ئايىغا پۈركىنىپ، بەئەينى قارا كۆلەڭگۈدەك ھېچنېمىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان پىنھان قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدى.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى، ماشىنىدا ھارىسنىڭ ئايالى تامازۇر بىلەن ئالتە ياشلىق ئوغلى زىياد بار ئىدى.

ماشىنا مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، يەمەن تاشيولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۈز ۋاقتىدا تۆگە كارۋانلىرى يۈرۈيدىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل بۇ يولدا ھازىر ھەر خىل تىپتىكى يۈك ماشىنىلىرى غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۇزاققا قالماي قىزىل دېڭىز بويىغا كەلدى. دېڭىز ھەيۋەتلىك گۈركىرەيتتى ۋە ئاپئاق بۇژغۇنلىرىنى چاچرىتىپ، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

دېڭىز بويىدىكى يۇمشاق قۇملۇق ئۈستىگە پىرامىدا شەكىللىك كىچىك چېدىر تىكىلدى. چېدىرنىڭ ئىچىگە ئەدىياللار سېلىندى ۋە ئوتتۇرىسىغا تاشتىن ئوچاق ياسىلىپ، مىس كورا ئېسىلدى، ئىككى چوكان پاراڭلاشقاچ، چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلدى. باللار ئاللىقاچان كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ، چۇرقىرىشىپ دېڭىز بويىدىن قۇلۇلە تېرىشكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقلار قۇرۇق قۇلۇلە قېپى ۋە بىغىر رەڭ قۇلۇلە پوستلاقلىرى بىلەن تولۇپ تۇراتتى...

ئەكبەر بىلەن ھارىس دېڭىزغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىـ
رىپ، سۇغا چۆمۈلدى. تىنىمسىز چايقىلىپ تۇرغان شورلۇق،
سوغۇق سۇ ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى قىزارتىۋەتتى. ئەكبەر ھارىسـ
نىڭ ئارقىسىدىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت
قىلالمىدى، چۈنكى قۇدرەتلىك دېڭىز شاۋقۇنى ئۇنىڭ مېڭىسىگە
ئۇرۇلۇپ، بىرئاز جىددىيلىشتۇرۇپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ
ئۇستىگە ئىچكىرى ماڭغانسېرى، دېڭىز ئاستىدىكى تاشلار كۆپە-
يىپ، يوغىنايتتى، پىچاقنىڭ بىسىدەك ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەن
بەزىبىر تاشلار ئادەمنىڭ پۇت-پاقالچاقلىرىنى تىلىپ، جاننى
قاقشىتاتتى. شۇڭا ئەكبەر دېڭىز دولقۇنىغا ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ،
ئاستا-ئاستا قىرغاققا قايتىپ كەلدى. يۇمشاق نەم قۇم ئۇستىدە
ئولتۇرۇپ، ھارىسقا قارىدى، ھارىس دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ،
بەزىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى، بەزىدە سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ
كىرىپ كېتەتتى. ئەكبەر ھارىستىن كۆزىنى ئۈزۈپ، كۆز ئالدىدا
يېيىلىپ ياتقان بۇ پايانسىز، قۇدرەتلىك دېڭىزغا قارىدى. ئۇنىڭ
نەزىرىدە، دېڭىز تولىمۇ پاك، سىرلىق بىر دۇنيا ئىدى. دېڭىز ئۆز
ۋۇجۇدىغا يات بولغان ھەرقانداق غەلدە-غەشلەرنى تىنىمسىز
دولقۇنلىرى بىلەن ئۇرۇپ، ئىتتىرىپ قىرغاقلارغا ئاپىرىپ
تاشلايتتى، ئۆز جىسمىدا زەررىچە داغ ساقلىمايتتى!

ئەكبەر كۆزلىرىنى خىيال بىلەن يېرىم يۇمۇپ، دېڭىز
بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن چەكسىز ئۇپۇققا ۋە بۇ ئاتەش زېمىننىڭ
يەنە بىر چېتىدىكى باشقا بىر دۇنياغا نەزەر سالماقتا ئىدى. ئۇ،
يىراقتىكى سۇغا تۇتاشقان يايىسمان ئۇپۇقتىن، دېڭىزنىڭ شاۋ-
قۇنلۇق بۇژغۇنلىرىدىن گويا ئانا يۇرتىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن
باغۇ ئېرەملىرىنى، ئانا تىلدا سۆزلىشۋاتقان ئۆز كىشىلىرىنىڭ
يېقىملىق پاراڭلىرىنى، قايناق بازارلاردىكى تەنتەنىلىك سادالارنى
ئاڭلىغاندەك، كۆرگەندەك بولدى...

ئاھ ، قۇدرەتلىك خۇدا ! شۇ تۇرقىدا بىر كارامەت قىلساڭ ، دېگىنىزدىكى بىرەر بېلىق خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ، مېنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ، ئاشۇ يىراقتىكى سېغىنغان ، تەشنا بولغان يۇرتۇمغا ، قېرىنداشلىرىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسا ، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كېتەرمۇ ؟ ! ...

— نېمانچە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ ؟

ھارىسنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى ئەكبەرنىڭ يىراقلارغا سوزۇلغان خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى .

— ئۆزۈمچە!... — دېدى ئەكبەر ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ .

ھارىس ئۇنىڭ ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ پېتى ئۆرە تۇراتتى . ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ تېرىسى پارقىراق ، بەدىنى بېجىرىم ، بۇلجۇڭلىرى چىڭ ئىدى . قويۇق چېچى بىلەن قاپقارا بۇرۇتلىرى ئارىسىدا ئېقىپ تۇرغان سۇ دانىچىلىرى قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ يالتىرايتتى ، كېيىن بۇ سۇلار ئاستا - ئاستا تۆۋەنگە سىرغىپ ، مەيدىسىدىكى قويۇق يۇڭلار ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولاتتى ...

ھارىس ئەكبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . كۆپۈكلىنىپ ، قىرغاق سۈيۈپ تۇرغان تىنىمسىز سۇ ئۇلارغا ئەركىلىگەندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ، پۇتلىرىنى يېقىملىق سىلاپ قويۇپ ، يەنە ناز بىلەن ئارقىغا قايتاتتى .

— سەن ئەمدى شىركەت قۇرۇپ ، تىجارەت يولۇڭنى كېڭەيتسەڭ بولاتتى ، ئەكبەر ، — دېدى ھارىس قولىدىكى رەڭدار قۇلۇلە قېپىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ، — مەن شىركەت قۇرغانىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتىمەن ، تىجارىتىم چېگرا ھالقىپ كەتتى .

— مەن نېمە كويدا ، سەن نېمە ئويدا ھارىس ! — دېدى ئەكبەر دوستىغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ ، — ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى دۇكاننى تۇزۇكرەك ئېچىپ ، ئارامخۇدا تىجارەت

قىلالمايۋاتساق، شىركەت قۇرۇش نەدە!؟

— تېخىچە ئاشۇ «ئەل بىلاد» تېكىنى ماقالىنىڭ ئىشمۇ؟ — سورىدى هارىس هەيران بولغاندەك.

— شۇ ئىش! — دېدى ئەكبەر بىر خىل نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن، — سەن كۆپرەك چەت ئەللەردە يۈرۈپ، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەۋەرسىز قالدىڭ، هارىس! «ئەل بىلاد»قا چىققان ئاشۇ ماقالىنىڭ كاساپىتى بىلەن تىجارەت يولىمىز بوغۇلدى، قاچان تۇتۇپ ئالار، قاچان قوغلىۋېتەر، دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدۇق. مانا قارىغىنا، مېنىڭ ئاشۇ ئىككىنچى قىزىم بەش ياشقا كىردى، تېخىچە نوپۇسقا ئولتۇرغۇزمىدى، مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلغان بىر نارەسىدىنى مۇشۇ زېمىن يەكلەۋاتىدۇ. شۇنچە يىل مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقىنىمىز يەتمىگەندەك، هۆكۈمەتلەرنىڭ بۇ ئىشى بەكمۇ ئېشىپ كەتتى، هارىس! بىز گويا بۇ يۇرتنىڭ رەقىبى بولۇپ قالدۇق! هەجەپ كېلىپ، يۇرتقا قايتالمىغانلىقىمىز بىزنىڭ گۇناھىمىزمۇ؟! شۇنچە ئېغىر جۇدالىقنىڭ دەردىنى كۆتۈرۈۋاتقاندا، بۇ بىزگە يەنە نېمە تارتقۇلۇق؟! مۇنداق بولۇۋەرسە، بىز زادى قانداق ياشايمىز؟! نەدىن چىقىش يولى تاپىمىز؟! ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار» دېگىنى راست ئىكەن!... لېكىن، بۇ گەپلەر سېنىڭ كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، هارىس! مەن هەرگىزمۇ بۇ يۇرتنى، ئەرەبلەرنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. بۇ يۇرت بىزنى قوينىغا ئالدى، ئىسسىق ماكان بەردى، ئەرەبلەرمۇ بىزنى يەكلىگىنى يوق، ساڭا ئوخشاش، داداڭغا ئوخشاش تالاي - تالاي ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىزنى ئۆز قېرىندىشىدىن چارە كۆرۈۋاتىدۇ... لېكىن، بىزنىڭمۇ تىرىكچىلىك قىلىش، پۇل تېپىپ ياخشىراق ياشاش هوقۇقىمىز بولۇشى كېرەكتە! بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، مەن شۇنى دېمەكچى!...

ئەكبەر سۆزدىن توختاپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.
ھارىس ئۇنىڭ سۆز ئورامىدىن، ئەلپازىدىن ئىچى دەردكە توشۇپ كەتكەنلىكىنى، خورلۇق ھېس قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇڭا، دوستىنىڭ كۆڭلىنى ياساش، دەردىگە داۋا بولۇش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:
— ئاداش، گېپىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ ئەمرى ئەمەس، قانۇنمۇ ئەمەس! ئۇ پەقەت مەلۇم بىر تەرەپنىڭ كۆز قارىشى بولۇشى مۇمكىن. ئاللا ياراتقان ھەرقانداق بەندىنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاش، تىرىكچىلىك قىلىش ھوقۇقى بار. بەزىلەرنىڭ «چەت ئەللىك بۇخارى» دەپ مىللىي ئايرىمىچىلىق قىلىشى ئىسلام دىنىغا يات نەرسە! مەككە يالغۇز ئەرەبلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىسى، ئۇنى تارىختىن بېرى، دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئورتاق گۈللەندۈرگەن! ئەمدى كېلىپ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يەككە - يېگانە خوجا بولغۇسى كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ! لېكىن، بۇ ھەرگىز ئاقمايدۇ! — ھارىس سۆزدىن توختاپ، يىراقلارغا كۆز تىكتى، دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك شاۋقۇنىغا قۇلاق سالدى، ئاندىن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىلەمسەن، ئەكبەر! بىز ئەرەبلەر جاھالەت پاتقىقىغا بەكمۇ چوڭقۇر پاتقان خەلق. بىزنىڭ تارىخىمىز نادانلىققا، ۋەھشىيلىككە تولغان قان - ياشلىق تارىخ! ئەرەبلەرگە ئىسلامدىن بۇرۇن، ھېچ نەرسە ھارام ئەمەس ۋە ھېچقانداق ئىش جىنايەت ئەمەس ئىدى! ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىپ، ھىدايەت نۇرى بىلەن بۇ زېمىننى يورۇتمىغان؛ بىر - بىرى بىلەن سىياسىي، دىنىي، مىللىي بىرلىكى يوق، چېچىلاڭغۇ ئەرەبلەرنى ئىسلام توغى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرمىغان بولسا، ئەرەبلەر ئۆزئارا تەپرىقىچىلىك، قىرغىنچىلىق بىلەن بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ زېمىننى يامان ئادەت، قەبىھ

ئەخلاق ھۆكۈم سۈرگەن شەھەتلار ماكانىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولاتتى! پەيغەمبىرىمىز ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن 13 يىل جاپالىق كۈرەش قىلدى، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن جان - دىل بىلەن تىرىشتى. ئاخىر خارلىقنى، زۇلۇمنى، نادانلىقنى، ناھەقچىلىكنى، جاھالەتنى، بەتنىيەتنى يوقىتىپ، بۇ زېمىننى ئىلىم - ئىرپانغا، ھەق - ئادالەتكە، نۇر ۋە سائادەتكە ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ ئاشۇ تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە، مۇقەددەس مەككىمۇ بولمىغان بولاتتى! مەككە — مەدەنىيەت تۆپىلىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئۇلۇغ ئىسلام دىنى تۆپىلىدىن بەرپا بولغان!

ھازىرمۇ بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ كاللىسىدا، ئاشۇ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ زەھەرلىك ساقىندىلىرى تۈگىگىنى يوق. ئۇلار ئادەملەرگە، زامانغا ئەنە شۇ زەھەرلىك قاراشلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مېنىڭچە، «ئەل بىلاد» دا چىققان ھېلىقى مۇئەللىپسىز ماقالىمۇ چوقۇم ئاشۇ خىل قاراشتىكى ئادەملەرنىڭ پىكرى! مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، ھازىر فايسال① ئابدۇل ئەزىز پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى. ئەگەر بۇ ئىشتىن ئاشۇ زاتنى خەۋەردار قىلساق، ئۇ چوقۇم بىرنەرسە دېيىشى مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە دادام بىلەن پاراڭلىشىپ باقايلى، ئەكبەر. دادامدىن تېخىمۇ ياخشى ئەقىل چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بولامدۇ؟

ھارىسىنىڭ سۆزلىرى سەمىمىي ھەم قىزغىن ئىدى. راستچىللىق ۋە ھەققانىيلىق تۇيغۇسى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ مەردانە سۆزلەر ئۇزاقتىن بېرى ئەكبەرنىڭ كۆڭلىدە يىغىلىپ قالغان غەشلىك بىلەن بۇرۇقتۇملۇقنى كۆتۈرۈۋەتكەندەك بولدى. ئەكبەرنىڭ قارىشىچە، ھارىسنىڭ بۇ سۆزىدە، بىلىملىك، ئوقۇ-

① فايسال — ئابدۇل ئەزىز سەئۇدىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، 1964 - يىلى پادىشاھلىق تەختىگە چىققان.

مۇشـلـۇق، سەمىمىي بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆتـ
مۈشى ھەم ھازىرى توغرىسىدا كەسكىن، خالىس، ئاقىلانە باھا ۋە
ھۆكۈم بار ئىدى.

شـۇڭـا ئەكـبـەر ھارىـسىنىڭ تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن
قوشۇلدى.

قـۇياش بىر كۈنلۈك قۇتلۇق سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ،
ئۇپـۇقـقـا باش قويدى ۋە كۆپ ئۆتمەي دېڭىزغا پاتتى، ئۇنىڭدىن
قـالغان شەپەق نۇرى سۇ يۈزىدە جىلۋىلىنىپ، پۈتۈن ئالەم سۇس
قـىزىللىق نۇرىغا چۆمۈلگەن ۋاقىتتا، ھارىسىنىڭ ماشىنىسى دېڭىز
بويىدىن قوزغىلىپ، مەككىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

ئەبـۇلەھەبـكە قىرىلىق يەتـتـى، چـاچ ـ ساقالـلىرى ئاـ
قـىرىـپ، بـۇرۇنـقـى ئـىرغـايـدەك بـېجـىرىم قـامىتى لەسسىدە
ئېگىلـگەن ئىدى.

ئۇ، تـالا ـ تـۈزگـە كـۆپ چـىقمايتتى، پۈتۈن ـ پۈتۈن
كـۈنـلـىرىـنـى تـائەت ـ ئـىبـادەت بـىـلـەن ئۆيـدە ئۆتكۈزەتتى،
دوختۇرنىمۇ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ داۋالىناتتى.

بـۈگۈن ئەكبەر ئەبۇلەھەبنى ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى. ئۇ
كـىـر گـەنـدە، ئەبۇلەھەب شىپاگىلىق ئازادە ئايۋاندا گىزىت ئوقۇپ
ئولتۇراتتى.

ـــ كـەل بـالام! ـــ دېـدى بـوۋاي كـۆزىـدىـكى يۇقىرى
گـرادۇسـلـۇق ئەينىكىنى ئېلىپ، ـــ يوقاپ كەتتىڭغۇ، دادائىڭدىن
خەۋەر بارمۇ؟

ئەبـۇلـەھەب شـۇ گـەپـلـەرنى قىلىۋېتىپ، يۇمشاق يىپەك
ياغلىق بىلەن ياشائىغىراپ قالغان كۆزلىرىنى سۈرتتى ۋە بەدىنىنى

رۇسلاپ، يېنىغا قىزلاپ قويۇلغان ياستۇققا يۆلەندى.

— دادامدىن يېقىندا خەت كەلدى، ئۆزلىرىگە سالام ئېيتىپتۇ، — دېدى ئەكبەر بوۋايغا يېقىن ئولتۇرۇپ، — ھېلىقى بىرى كېلىدىغاندەك ئەمەس، قاھىرەگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ئىنىم ھېلىمۇ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ.

— بوپتۇ، نەدە بولسا سالامەت بولسۇن. قېرىغاندا ئادەمنىڭ كۆڭلى نەدە خۇش بولسا، شۇ يەردە تۇرسا بولۇۋېرىدۇ، قاھىرەمۇ ئوبدان جاي، ھاۋالىق، گۈزەل، — دېدى ئەبۇلھەسەن ۋە چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ قويدى، — ھازىر مەنمۇ، داداڭمۇ بۇ دۇنيانىڭ مېھمىنى بولۇپ قالدۇق!

ئەكبەرنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىندى، يېمەك-ئىچمەك، مېۋە-چېۋە كەلتۈرۈلدى. شۇ ئارىلىقتا، ھارىسمۇ يېتىپ كەلدى. بىر قۇر چاي ئىچكەندىن كېيىن، ھارىس ئەبۇلھەسەندىن سورىدى:

— دادا، ئۆتكەندە دېگەن گېپىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ ئەكبەرلەر نېمە قىلىشنى بىلمەي، بەك بىتاقەت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!

— شۇنداق، تاغا، — دېدى ئەكبەرمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — بىز بۇنداق چېكى يوق دەككە-دۈككە تۇرمۇشتىن بەكمۇ خۇنۇقۇپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز يا ھالال ئەمەس، يا ھارام ئەمەس، تەپمە ھالال بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!

بوۋاي بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىممىدە ئولتۇردى، كېيىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، لەپپىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقتۇم! — دېدى ۋە ئاچچىقلانغاندەك بېشىنى ئاستا سىلكىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — گېپىڭنىڭ ھېلىقى ماقالە مۇشۇ يەردىكى بىرنەچچە

قىزىل كۆز ، ھەسەتخورلارنىڭ ئىشى ئىكەن . ئۇلار ئۆزلىرى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە چىلىم تارتىپ ، ياستۇق قىرلاپ ، قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ پۇل تاپالماي ، ئەكىبەرگە ئوخشاش جاپا چېكىپ ، ھالال پۇل تاپقانلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ ، ئىچى ئېچىشىپ ، كۆرەلمەي شەھەر مەمۇرلىرىغا چېقىپتۇ . ئاڭلىشىمچە ، ئۇلار « چەتتىن كەلگەن بۇخارىلار بىزنىڭ رىزقىمىزنى تارتىۋالدى ، بازارلىرىمىزنى ئىگىلەپ ، تىجارەت يولىمىزنى تارايتىۋەتتى ، بۇنداق كېتىۋەرسە ، مەككىدىكى ئەرەبلەر ئۈزاققا قالماي ، گادايلىشىپ كېتىدۇ ، چەتتىن كەلگەن بۇخارىلار بىيىپ، بىشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ ! ... » دەپ دادخولۇق ئېيتىپ ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا يەڭگىللىك بىلەن قاراپ ، ھېلىقى ماقالىنىڭ « ئەل بىلاد » دا ئېلان قىلىنىشىغا قوشۇلۇپتۇ . بۇ ئىش ھازىر بىرئاز مۇرەككەپ ، بالىلىرىم . بۇنىڭغا كاتتىراق ئادەملەردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلمىسا ، شەھەر مەمۇرىيىتىدىكىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزى چىقىرىۋالغان ئۆگزىدىن ئۆزلىرى ئاسانلىقچە چۈشۈپ بەرمەيدۇ !

— شۇڭا دەيمەن ، مەلىك فايسالغا ئەرز قىلىش كېرەك ! — دېدى ھارىس ئالدىراپ .

— مېنىڭچە ، بولىدۇ ، بۇ ئەرزنى قىلىش كېرەك ! — دېدى ئەبۇلەھەب ۋە بىرئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ داۋام قىلدى ، — فايسال بەكمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھ . بۇنداق ئادەملەر پۇقرالارغا چوقۇم شەپقەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتىدۇ . ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ، دۇنيانىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە باغلىق . پادىشاھلارنىڭ كىشىلەرگە قىلغان شەپقەت بەلگىلىرىدىن بىرى ، خەلقلەرنى ئۆزىگە دوست تۇتقانلىقى بولىدۇ ! سىلەر ئاڭلىغانمۇ ، مەلىك فايسال ھەر جۈمە كۈنى شەھەردىن چىقىپ ، توپىلىق يولدا يالاڭغداق مېڭىپ ،

ئوچۇق دالىدا ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن شەھەرگە قايتىدىكەن. قايتىش يولىدا ئاددىي پۇقرالار بىلەن، غېرىب - غۇرۋالار بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى ئاڭلايدىكەن، مۇشكۈلاتلىرىنى شۇ يەردىلا ھەل قىلىپ بېرىدىكەن...

— شۇنداق كاتتا پادىشاھ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن يالاڭغىداق ماڭىدىغاندۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ھارىس.

— نېمە ئۈچۈن بولاتتى، — دەپ ھاياجان بىلەن چۈشەندۈردى ئەبۇلەھەب، — ۋەتەن تۇپرىقىنى ئەزىزلەپ شۇنداق قىلىدىكەن! پادىشاھلار پۇقرالارغا، ئەلگە قانچە كۆپ مېھىر - شەپقەت قىلسا، ئاللاتائالا پادىشاھقا شۇنچە رەھمەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. فايسال پادىشاھ ھەققەتەن ئاللانىڭ نەزىرى چۈشكەن زات!

بۇ گەپلەردىن ئەكبەرنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە فايسال پادىشاھقا نىسبەتەن بىر خىل غايىبانە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام تۇيغۇسى ئويغاندى. ئەگەر ئۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلسا، «بىرى ياققان ئوت مىڭنى ئىسسىتىدۇ» دېگەندەك، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مۇشكۈلى ئاسان بولاتتى!

ئىشقىلىپ ئۇ، ئەبۇلەھەبنىڭ ئۆيىدىن خۇشال ۋە ئۈمىدۋار قايتتى.

ئەتىسى، بەگتۆمۈر، مۇسا داڭقان ۋە قۇددۇس ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشتى.

— شۇنداق قىلايلى، پادىشاھقا ئەرز سۇنايلى! — دېدى بەگتۆمۈر كۆپۈپ، — ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، بىزنى گۆش، ئۆزلىرىنى قۇش قىلىپ، بىزنى يەتكۈچە چوقۇلدى! ئادەمنى بۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟!

— توغرا ، ئەمدى بۇنداق بىپەرۋا يۈرۈۋەرسەك بولـ
مايدۇ ! — دېدى قۇددۇس ھاجىمۇ قوشۇلۇپ ، — ۋاقتى
كەلدى ، ئەمچەك تەلەپ قىلىش كېرەك !
لېكىن ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەزى ھەمشەھەرلەر
ئۇلارنى بۇ ئىشتىن يالتايتىشقا ئۇرۇندى . « بىز خەقنىڭ يۇرتىدا
ياشاۋاتىمىز ، ئەزەلدىن قاغا - قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇغان ئە-
مەس ! ئىش ئەپلەشمەي قالسا ، ئېغىزدىن چىققان گەپ كېيىن
ئۆزىمىزنى ھەرە بولۇپ چاقىدۇ . مۇشۇ ئەرزنى قىلمىساق بولارمى-
كىن ! » دېيىشتى ئۇلار ئەندىشىگە چۈشۈپ .
ۋەھالەنكى ، ئەكبەر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولغان
ئىدى ، بەزىلەرنىڭ بۇنداق ئارىسالدى گەپلىرى ئۇنى نىيىتىدىن
ياندۇرالمىدى . ئۇ ، « يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال » دېگەن روھ
بىلەن ھەمراھلىرىنى قوزغاتتى .
شۇنداق قىلىپ ، ئەكبەر باشلىق تۆت كىشى نۇرغۇن
بۇخارىلارغا ۋەكىل بولۇپ ، پادىشاھقا ئەرز سۇنۇش قارارىغا
كەلدى ، ئەرز تېكىستىنى ئەكبەر يازىدىغان بولدى .
ئەكبەر شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي ، قىسقا ھەم
تەسىرلىك بىر ئەرز تېكىستى يېزىپ چىقتى . ئۇ ، ئەرزنىڭ بېشىنى
قۇرئاندىكى : « ھەي ئىنسانلار ، بىز سىلەرنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانى-
دىن يارىتىپ ، تۈرلۈك مىللەت ۋە قەبىلىلەر قىلىپ قويدۇق .
سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن يېقىندىن تونۇشقايسىلەر ! » دېگەن
سۆز بىلەن باشلاپ ، ئاخىرىنى ھەدىستىكى مۇنۇ سۆز بىلەن
ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى : « مۆمىن كىشىنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەن-
دىلىك يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى — ساۋاب جەھەتتە ئادەم ۋە
پەرىلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىگە باراۋەردۇر ! »
ئەرز تېكىستى باشقىلارغىمۇ ياردى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ،
مۇنداق تەسىرلىك ، مېغىزلىق سۆز جەۋھىرى ھەرقانداق جاۋا-

ھىنراتتىن ئۈستۈن تۇراتتى، شۇڭا بۇنى ئوقۇغان ئادەم ئويلانماي قالمايتتى!

ئۇلار ئەتىسى، مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان نەچچە يۈزلىگەن مۇساپىر «كەلگىندى» لارنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ جىددەگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە فايسال پادىشاھ جىددەدىكى ئوردىسىدا ئىش بېجىرىۋاتاتتى.

### 3

پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى، لېكىن ئۇلار نىيىتىدىن يانمىدى، ھەرقانچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىسىمۇ بەل قويۇۋەتمىدى.

ئۇلار بەش كۈنگىچە ئوردا دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمىدى، ئىسسىقتا كۆيدى، يامغۇردا دوغدايدى، شامالدا پۈچۈلدى، قورساقلىرى ئاچسا قۇرۇق نان يېدى، ئۇسسىسا سۇدانىدىكى ئىلمان سۇنى ئىچتى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، غەيرىتى ئاخىر ئوردىنىڭ باش مۇلازىمەتچىسىنى تەسىرلەندۈردى. قېنىق ماش رەڭ ھەربىي فورما كىيگەن، بىر يېنىغا ئەگرى قىلىچ، بىر يېنىغا تاپانچا ئاسقان، بۇرۇتلۇق، ئۆڭگى قارا باش مۇلازىمەتچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— فايسال پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خارجى ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مەن سىلەرگە قايىل بولدۇم، كۆرۈشمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئوخشايسىلەر. بولدى، مەن سىلەرنى كۆرۈشتۈرەي، لېكىن بۈگۈن بولمايدۇ، ئەتە ئەتىگەندە كېلىڭلار، قانداق؟

— بولىدۇ، سىزگە رەھمەت! — دېدى ئەكبەر خۇشال بولۇپ، — لېكىن ئەتە سىزنى قانداق تاپىمىز؟

— مەن سىلەرنى تاپىمەن ! — دېدى باش مۇلازىمەتچى ، — مېنىڭ ئىسمىم مەسئۇد ، سىلەر ئەتە ئەتىگەندە مۇشۇ يەرگە كېلىپ مېنى كۈتۈڭلار !

— بولىدۇ ، ئەتە كۆرۈشەيلى !

ئەكبەرلەر ئۆردا ئالدىدىن بەش كۈنلۈك ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك ، خۇشال ۋە روھلۇق قايتتى . جىددەنىڭ « باب مەككە » دەپ ئاتىلىدىغان مەككە دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى سارايغا كېلىپ ، ئەتىكى كۆرۈشۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا نېرى - بېرى پاراڭلىشىپ كۈننى كەچ قىلدى .

ئەتىسى ناماز بامداتتىن يېنىپ ، ناشتىمۇ قىلماي ئۆردا ئالدىغا پايپاسلاپ كېلىشتى ، شەھەر تېخى تولۇق ئويغانمىغان ئىدى ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى ، ھەممە نەرسە خامۇش كۆرۈنەتتى . پەقەت چاراقلاپ يېنىپ كەتكەن ئۆردا چىراغلىرى بىلەن ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ساقچىلارنىڭ مەزمۇت ئاياغ ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىق بىلەن خامۇشلۇقنى بۇزۇپ تۇراتتى .

ئۇلار ئىككى سائەتتەك كۈتتى ، بۇ ئىككى سائەت ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق ، ھاياجانلىق ۋە ئىنتىزارلىققا تولغان سائەتلەر بولدى .

كۈن قىزىرىپ ، ئەتىگەنكى شەپەق ھەيۋەتلىك ئۆردا تاملىرىنى نۇرلاندۇرغان چاغدا ، مەسئۇد ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .

— يۈرۈڭلار ! — دېدى ئۇ ئەكبەرلەرنى باشلاپ ، — مەلىك فايسال ھازىر كېلىدۇ ، سىلەر قوبۇلخانىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسىلەر !

مەسئۇد ئۇلارنى ئۇزۇن بىر كارىدوردىن ئۆتكۈزۈپ ، ئازادە بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى . بۇ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان زال ئىدى . يەرگە ئوتقاشتەك گىلەملەر

سىپلىنغان، قىزىل، سېرىق، ئاق مەشۇت يىپلار بىلەن چىرايلىق كەشتە تىكىلگەن يۇمشاق دىۋانلار تام بويلىتىپ قويۇلغان ئىدى. بۇ يەردە دىپلومات سومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە چەت ئەللىكلەر، يۈزلەر كىيىنىۋالغان باي - سودىگەرلەر ۋە چىرايىدىن دەردمەنلىكى چىقىپ تۇرغان شەھەر يۇقرالىرى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، مەسئۇد پايپېتەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ جىددىي ۋە ھاياجانلىق ھەرىكەتلىرىدىن پادىشاھنىڭ زالغا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

راست، مىنۇت ئۆتمەي زالغا ئېگىز بويلۇق، قىزىلكوس، بەستلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كەشتىلەنگەن زەرباب يۇر كەنچە قول ۋە پۇتلىرىنى يۆگەپ، ئار-قىسىدىن سۆرىلىپ تۇراتتى. بېشىدىكى قارا ئېقال بىلەن باسۇرۇپ ئالغان شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك چاقماق روملى گە-دەنگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كاتىپ، قوغدىغۇچى دېگەندەك بىرنەچچە ئادەملەر ئەدەپ بىلەن ئەگە-شىپ كېلىۋاتاتتى.

ئەكبەرلەرنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىك، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، خۇشاللىق ۋە قورقۇنچ تۇيغۇلىرى بىلەن كۈتكەن مىنۇتلىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئەكبەر قولىدىكى ئەرزنى سىقىملاپ، ھاياجاندىن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، پادىشاھ فايسالنىڭ قامەتلىك بەستىگە قارىغىنىچە سۇر بېسىپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا، پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىدىن قىزىققۇدەك بىرنەرسىنى كۆرگەندەك، بىرنەچچە دەقىقە ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ، ئارقىدىن تۇركچە ئوچۇق ۋە راۋان تىل بىلەن «ياخشىمۇ سىلەر؟» دېدى. ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدى شۇررىدە

ئېرىگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە پادىشاھنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۆت-كۈر نۇر بىلەن چىرايىدىكى ئىللىق تەبەسسۇمنى كۆرۈپ، بايا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان ھېيىقىش، ئەيمىنىش تۇيغۇلىرىدىن قۇ-تۇلدى. ئەگەر ئەكبەر شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان مەسئۇدنىڭ «دەرھال ئەرزىڭنى بەر!» دېگەندەك ئىما - ئىشارى-تىنى كۆرمىگەن بولسا، ئاران كەلگەن پۇرسەتنى ھاڭۋاقتىلىق بىلەن يەنە ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولاتتى! ھەرھالدا، مەسئۇد ھەربىرگە خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ياخشى قىلدى، ئەكبەر ئۇنىڭ ئىشارى-تىنى كۆرۈپلا، قولىدىكى ئەرزنى سۇندى ۋە ئەرەبچە ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ:

— جانابىي ئالىيلىرىغا پېقىر - مىسكىنلەرنىڭ ئازراق ئەرزى بار ئىدى! — دەپ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى..

فايسال پادىشاھ ئەكبەرنىڭ قولىدىكى ئەرزنى ئالدى ۋە سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىسىغا قىستۇردى، ئۇنىڭ قولى يوغان — پەنجىسى كەڭ، بارماقلىرى ئۇزۇن ئىدى. شۇ ھامان باشقا ئەرز - دەردى بارلارمۇ ئۇنىڭغا يېپىشتى ۋە ئىككى قوللاپ ئەرزلىرىنى سۇندى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئەرزىنىمۇ سول قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا رەت - رېتى بىلەن قىستۇردى ۋە ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن، مۇلايىم سالاملىشىپ بولۇپ، زالنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئىشىك بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئىشخانىنىڭ زالغا قارىغان ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇ يەردىن پادىشاھنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

فايسال پادىشاھ تېلېفون ۋە ھەر خىل ھۆججەت - ماتېرىياللار رەتلىك قويۇلغان، لىۋاننىڭ ئېسىل شەمشاد ياغىچى-دىن ياسىلىپ، ئۈستىگە يېشىل موۋۇت قاپلانغان كەڭ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ يېنىدىكى توغرا قويۇلغان ئۈستەلدە كاتىپنىڭ ئورنى بار ئىدى.

پادشاه ئورنىغا ئولتۇرۇپ ، بىرىنچى بولۇپ ئەكبەر بەرگەن ئەرزنى بارمىقى ئارىسىدىن ئېلىپ ئوقۇدى . ئەرز تۈگىگىچە ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزىدىن بىر خىل سوغۇق نۇر چاقنىغاندەك بولدى . پادشاه ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئەرزنىڭ ئۈستىگە بىرنەرسىلەرنى يازدى ۋە ئەرزنى كاتىپىغا بېرىۋېتىپ ، ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسىلەرنى دېدى .

— ئىنشائاللا ، تەلەپلىرىڭلار ھەل بولىدىغان بولدى ! — دېدى ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان مەسئۇد ئەكبەرگە پىچىرلاپ ، — ئەمدى بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، خۇدا بۇيرۇسا ، ياخشى خەۋەرلەر بولىدۇ !

— بۇنى سىز قانداق بىلىسىز ؟ — سورىدى ئەكبەر بىر ئاز تەئەججۈپلىنىپ ، — پادشاه تېخى بىر نەرسە دېمىدىغۇ ! ؟

— مەن ئۇنىڭ چىرايى بىلەن ھەرىكىتىدىنلا بىلدىم ، — دېدى مەسئۇد ئىشەنچ بىلەن ، — سىلەرنىڭ ئەرزىڭلارنى ئوقۇۋېتىپ ، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ، بىرنەرسىگە ئاچچىقى كەلدى . ئاندىن كېيىن ئەرزىڭلارنىڭ ئۈستىگە تەستىق سالدى . مەلىك فايسال ئادەتتە ئەرزلەرنىڭ ئۈستىگە بىرنەرسە يازمايدۇ ، پەقەت جىددىي ئەھۋال بولسا ، ئاندىن يازىدۇ !

— خۇداغا شۈكرى ! — دەپ يېنىك بىر ئۇھ تارتتى ئەكبەر ، — بۇ ئىشتا سىزگە كۆپ رەھمەت ، مەسئۇد . سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا ، پادشاه بىلەن كۆرۈشۈشىمىز بەسى مۈشكۈل ئىدى .

— ئۇنچە ئەمەس ، — دېدى مەسئۇد چۈشەنچە بېرىپ ، — ئوردىدا كۆرۈشەلمىسەڭلار ، ھامان بىر كۈنى سىرتتا كۆرۈشەتتىڭلار ! مەلىك فايسال ھەر جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن بىللە بولىدۇ ، باشقا كۈنلەردىمۇ ۋاقتى بولسىلا ، بازار - رەستىلەرنى پىيادە ئارىلايدۇ ! ...

— مۇنداق دەڭ ! — دېدى ئەكبەر تېخىمۇ تەسىرلىنىپ ، — ياخشى پادىشاھلار خۇدانىڭ سايىسى ، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن . بۇ كىشى تۈركچىنىمۇ ياخشى سۆزلەيدىكەن ، نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيتتى ؟

— تېخى بىلمەمىز ، ئۇنىڭ چوڭ ئايالى تۈرك ، — دېدى مەسئۇد .

ئەكبەر مەسئۇد بىلەن ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ مېڭىپ ، ئوردا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە خوشلاشتى .

بۈگۈن تۆت ۋەكىلنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلدى . ئۇلار پادىشاھ بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشتى ، ئۆز قوللىرى بىلەن ئەرزنى بەردى ، تېخى پادىشاھنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى . بۇنداق ئامەت ، شەرەپ ئۇچرىغانلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيتتى . پادىشاھ فايسال ئۆزىنىڭ ياخشى پەزىلىتى ، ئەدلى - ئادالىتى ۋە ھىممەت - شاپائىتى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، بۇنداق ياخشى سۈپەت ، ياخشى پەزىلەتلىك پادىشاھلارنىڭ قولىدا دۆلەت تېز روناق تاپاتتى ، خەلق گۈللەپ ياشنايتتى ، جەمئىيەت خاتىرجەم ۋە ئاۋات بولاتتى ، پادىشاھلىق ئۈستىدىمۇ ئۇزاق زامان بەختىيارلىق داۋام قىلاتتى ! ...

ئۇلار چۈشكىچە ئەنە شۇنداق خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە جىددە بازارلىرىنى ئايلاندى . ھازىر جىددە زامانىۋى قۇرۇلۇشقا يۈرۈش قىلىپ ، ناھايىتى تېز ئۆزگىرىۋاتاتتى . ئۆي - ئىمارەتلىرى كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى ، يوللىرى كەڭتاشا بولۇپ ، ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى . چوڭ - چوڭ سودا سارايلىرىدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ماللىرى تولۇپ كەتكەن ئىدى .

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى .

ئۆزىنىڭ بۇرۇن چار بازارچىلىق قىلىپ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى سودا - تىجارەتنىڭ بۇ دەرىجىدە ئوڭاي ۋە راۋان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىدە ھەم سۆيۈندى، ھەم ھەيران بولدى. ئەگەر شارائىت يار بەرسە، ئۇنىڭمۇ قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلەتتى. چۈنكى، ئۇزاق يىل مۇساپىرچىلىقتا، خورلۇقتا، تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىگە تولغان مۇرەككەپ، جاپالىق ھايات يولى ئۇنى خىيالپەرەس، كىتاب مەستانىسى، ئاجىز بىر بالىدىن بۈگۈنكى كۈندە پىشقان، ئەقىللىق، ئىرادىلىك، پەم - پاراستى بار ئىگىلىك تىكلىگۈچىگە ئايلاندۇرۇپ چىققان ئىدى.

لېكىن، ھازىر ئەكبەرنىڭ قانات - قۇيرۇقى بۇغۇچلانغان ئىدى، خۇددى پادىشاھقا سۇنۇلغان ئەرزىدە دېيىلگەندەك، كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر - كىشەنلەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چىرماپ، ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرمايۋاتاتتى. ئەگەر ئەكبەر مۇشۇ تەقىبتىن، چەتكە قېقىشتىن قۇتۇلسا، تىجارەتنى قايتا دەستىگە ئېلىپ، چوڭراق بىر ئىش تەۋرىتىشنى بۈگۈنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى!...

ئۇلار چۈشتە، «شەھىرى قابىل» كوچىسىدىكى بىر تۇركىنىڭ دۇكىنىدا تاماق يەپ، چۈشتىن كېيىن بۈگۈنكى خۇش خەۋەرنى يۇرتداشلىرىغا تېزراق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ماشىنا بىلەن مەككىگە يۈرۈپ كەتتى.

## ئونىنچى باب

# «شىركىتى سالام»

### 1

ھېلىلا ياغقان كۈز يامغۇرىدىن كېيىن مەككە ئاسمىنى نا-
ھايىتى گۈزەللىشىپ كەتتى. نەملىكنى يوقىتىپ يەڭگىللەشكەن
پارچە - پارچە بوزامتۇل بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈ-
لۈپ، ئاسماننىڭ توق يېشىل جامالىنى ئاچتى. ھاۋا سالقىن ھەم
نەمخۇش ئىدى.

ئەكبەر بۈگۈن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ، نەچچە كۈن-
دىن بېرى شىركەت قۇرۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئەكبەر ئۆتكەندە، فايسال پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن
چىقىپ، ئۈچ كۈنگە قالماي راستىنلا خۇش خەۋەر ئاڭلىدى.
پادىشاھنىڭ گەپلىرى بىرنەچچە گېزىتلەردە نەقىل كەلتۈرۈلۈپ،
ماقالە بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇنۇ سۆزلەر ئەكبەرنىڭ
يۈرىكىگە نەقىش بولۇپ ئورناپ قالدى:

«دۇنيادا ياشاش ھەر ئىنسان ئۈچۈن بەرھەقتۇر. دىنىمىز
ئىنسانلارنىڭ بۇ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشنى پۈتۈن ئىنسانلارغا
تاجاۋۇز ھېسابلايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ھۆردۇر، ھۆرىيەت ھوقۇ-
قىغا ئىگىدۇر. تىلى، ئىرقى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

ھېچكىمنىڭ ھۆرىيىتىگە دەخلى قىلىشقا بولمايدۇ! ئۇلارنىڭ نى-
جاتلىق تېپىش ھەققى بار، ھەرقانداق ئادەم ھالال ۋە ھەققانىي
يوللار بىلەن مۈلۈك توپلاش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ بۇ
ھەقلىرىگە قارشى چىقىش دېگەندا چوڭ جىنايەتتۇر! باشقىلارنى
خار كۆرۈش، ئەخمەق قىلىش، بوزەك ئېتىش، ھەسەت قىلىش
قاتارلىق ئىشلارنىمۇ دىنىمىز قەتئىي چەكلىگەن، بۇلارنى ئەڭ
ئەسكى خۇي دەپ ھېسابلىغان! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئىن-
سانلارنىڭ ھەق ۋەزىپىلىرىنى مۇنۇ دەستۇر ئارقىلىق بايان
قىلغان: ‹ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئىستىگىنىڭنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئىس-
تە، ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ئىستىمىگىنىڭنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ
ئىستىمە!›».

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ھەممە ئىش ئاستىن - ئۈستۈن
بولۇپ كەتتى. ئەكبەرنى ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى بولغان بارلىق
«بوخارى» لارنى چىرماپ تۇرغان كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر -
كىشەنلەر پاچاق - پاچاق ئۈزۈلۈپ، ئۇلار ئەركىن نەپەس ئالدى،
بىرنەچچە يىلغا سوزۇلغان ۋەھىمىلىك، دەككە - دۈككىلىك
تۇرمۇش ئاخىرلىشىپ، ئۇلارمۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى دېيەلەيدىغان،
ئويلىغىنىنى قىلالايدىغان ھۆرلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇرۇن
بۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان، چەتكە قاققان، بوزەك قىلغانلار ئەمدى
بىردىنلا پىلە قۇرتىدەك يۇمشاپ، ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلىپ، بۇ-
رۇن ھەل قىلماي چۆرۈۋەتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ھەل
قىلىۋەتتى!

جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بۇنداق قىزغىن، ئازادە تۇرمۇش
مۇھىتى ئەكبەرنى خۇشال قىلدى، ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ،
ھەر كويلارغا سالدى. ئەكبەر بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا
بەگتۇمۇر بىلەن مۇسا داڭقانىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ مېھمان قىلدى
ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ھاجىلار ، مېنىڭ ئاتا - بوۋام ساتىراش ئەمەس ئىدى ، سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارمۇ موزدوزلۇق قىلمىغان ، تاختىمۇشۇك ياسىمىغان ! بىز بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ ، قەد كۆتۈرەلمەيمىز . مېنىڭ پىكرىم ، بىز ئۈچىمىز بىرلىشىپ بىر شىركەت قۇرايلى ، تىجارەت يولىنى كېڭەيتەيلى . پادىشاھ بىزگە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ، ئەمدى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇدرەت تاپتۇرمىساق بولمايدۇ ! مېنىڭ ھازىر 30 مىڭ رىيال پۇلۇم بار ، مەن شۇنى ئاتىدىم . سىلەر قانچىلىك چىقىرالىساڭلار شۇنچىلىك چىقىرىڭلار . ئۈچىمىز بىر ياقىدىن باش چىقارساق ، ئۇزاققا قالماي چوقۇم ئوبدان بىر ئىگىلىك تىكلىيەلەيمىز !

ئۇنىڭ تەكلىپى بەگتۆمۈر بىلەن مۇسا داڭقاننى قىزىقتۇرۇپ قالدى . ھازىر ھەممە يەردە « جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان » ئىدى . بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق مىدىرلاپ پۇل تاپمىسا ، بۇ جەمئىيەتتە ئاياغ تىرەپ تۇرغىلى ، يۈز - ئابرۇي تاپقىلى بولمايتتى . پۇل — بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكى ، شان - شۆھرىتى ۋە نۇرلۇق ئىستىقبالى ئىدى . ئۇلار ئۇزاق يىللىق ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگتۆمۈر بۇرۇنقىدەك بويتاق ئەمەس ئىدى . مەككىدىكى بىر ھەمشەھەرنىڭ ئولتۇرۇپ قالغان قىزىغا ئۆيلىنىپ ، بىر ئوغۇل ، بىر قىزلىق بولۇپ قالغان ئىدى . ئۇمۇ ئائىلىسىنىڭ ، باللىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، بەگتۆمۈر ئوت - ئاتەش ئىچىدە بازغان سوقۇپ ، تىيىنلەپ يىغقان 15 مىڭ رىيال پۇلىنى ئەكبەرنىڭ ئالدىغا قويدى . بۇ كۈنلەردە ، مۇسا داڭقاننىڭمۇ ئائىلە يۈكى يېنىك ئەمەس ئىدى ، ئۆزىدىن خېلىلا ياش خوتۇنى ئاشۇ سەرسانلىق يىللاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپمۇ ، ئارقا - ئارقىدىن ئىككىنى تۇغۇۋەتتى . بىر ئائىلىنىڭ غېمى ، باللارنىڭ تەقدىر - قىسمىتى

ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ دوپپا سېتىپ، موزدۇزلۇق قىلىپ يىغقان پۇللىرىغا خوتۇنى ئاسىيە خېنىمنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپ قوشۇپ، ئاران تەسلىكتە 15 مىڭ رىيال تەخلىدى.

ئەكبەر ھېسابلاپ كۆردى. ئۇچەيلەننىڭ 60 مىڭ رىيال دەسمايىسى بىلەن خېلى ئوبدان تىجارەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمدى گەپ، شىركەت قۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتە قالغان ئىدى. ئۇ يەنە ھارىسنى تاپتى، ھارىسنىڭ ياردىمى بىلەن ئىچكى - تاشقى سودا بىلەن تەڭ شۇغۇللىنالايدىغان «شىركىتى سالام» ناملىق پايچىكلار شىركىتىدىن بىرنى قۇردى.

ئەكبەر دەسلەپكى قەدەمدە، بۇرۇنقى دۇكىنىنىڭ ئورنىنى كېڭەيتىپ زىننەتلەپ، بىر تەرىپىدە ئۇن، گۈرۈچ، ماي؛ يەنە بىر تەرىپىدە كىيىم - كېچەك ۋە مىلىچمال ساتىدىغان ماگىزىن قىلىپ ئاچتى. بەگتۆمۈر بىلەن مۇسا داڭقان ماگىزىنغا مەسئۇل بولدى، ئەكبەر ھېساباتنى تۇتۇپ، يىراق - يېقىندىن مال يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. سودا ئوبدان يۈرۈشتى، دەسلەپكى بىر يەسىللىك كىرىم - چىقىم كۆرسەتكۈچىدىلا پايدا 15 پىرسەنت ئەتراپىدا بولغانلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە، كۆيەك تارتىپ، بازغان سوقۇش بىلەن دوپپا سېتىپ، موزدۇزلۇق قىلىشتىن كۆپ ياخشى ھەم يەڭگىل ئىدى. شۇڭا بەگتۆمۈرمۇ، مۇسا داڭقانمۇ ئۆزلىرىنىڭ راھەتكە چىقىپ قالغانلىقىدىن خۇشال ھەم رازى ئىدى. ئەكبەرنىڭ ھېسابىدا، ئەگەر سودا مۇشۇ تەرىقىدە بىر يىل داۋام قىلىۋالسا، ئاندىن تىجارەتنىڭ بىر ئۇچىنى چەت ئەللەرگە قارىتىپ، ئۇ يەرلەردىن زامانىۋى مودا ماللارنى كىرگۈزگىلى بولاتتى.

كۆپ ئۆتمەي ، شىركەتنىڭ مۇددىئا بازىرىدىكى ئۇنىۋېرسال ماگىزىنى يىراق - يېقىندا نام چىقىرىپ ، تىجارىتى روناق تاپقان ، خېرىدارى كۆپ ، ئاۋات ماگىزىنلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى .

## 2

ھايات ئەكبەرگە كۈلۈپ قارىدى ، ئۇ ھالال ياشاشنى ئەۋزەل كۆرۈش ، شان - شەرەپ تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇش ، لەۋزىدە تۇرۇپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشتەك پەزىلەتلىرى بىلەن تۇرمۇشتا ، تىجارەتتە تەڭلا نۇسرەت تاپتى .

ھازىر ئەكبەرنىڭ شۇبەيكىدە ئىككى ئېغىزلىق زامانىۋى ئىشخانىسى بار بولدى ، ئۇ ، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى تېلېفون ئارقىلىقلا ھەل قىلالايتتى . بۇ كۈنلەردە ، «شىركىتى سالام» تىجارىتى يۈرۈشۈپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئۇچۇر ۋە سودا مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى .

ئەكبەر بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ، ئىشخانىسىدا قىلىنى بىر ھېساباتى دەپتىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋىدى ، ئىشىك قېقىلدى ، ئۇ « كىرىڭ » دەپ قويۇپ ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بولدى .

ئىشخانىغا چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان ، 60 ياشلار ئەترا-پىدىكى ئورۇق بىر ئادەم كىردى . ئۇنىڭ چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىكى چېقىر كۆزلىرى خۇددى لۆلۈگە ئوخشاش ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان ئىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — مېھمان قىرائىتىنى كەلتۈرۈپ ئېگىلىپ سالام قىلدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — ئەكبەر سالامنى ياندۇرۇپ ، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا سەپسېلىپ قارىدى .

— ئۇكام ئەكبەر ھاجىم، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى بۇ ئادەم ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ، — ئوبدانىراق قارىغىنا، مەن غوجىموللا ئەمەسمۇ؟!

— ھە!؟ — ئەكبەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، ئاغزىمۇ ھەيرانلىقتىن يۇمۇلماي قالغان ئىدى، — ئۆزگىرىپ كېتىپسىز ئاكا، نەلەردە يۈرۈپ، نەلەردىن كەلدىڭىز؟

ئەكبەر ئۇنى ساپاغا تەكلىپ قىلدى، چاي دەملەپ ئالدىغا قويدى. غوجىموللا قەنت چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، ھەممىمىز ئۆزگەردۇق، بۇ دۇنيا بەكمۇ ۋاپاسىز ئىكەن! مەن مىڭتېكە داۋىنىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى شەر-مەندە ئىشتىن كېيىن، سىلەر بىلەن بىللە ھەجگە كېلىشكە پېتىنالماي، كاراچىدىنلا ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن ئىدىم. بومبايدا بىر بايغا ياللىنىپ ئىشلىدىم، لېكىن ئۇ، ئاسمانغا قارىسام ھاڭۋاقتى، يەرگە قارىسام يەر باقتى، دەپ بېشىمغا ئاز كۈن سال-مىدى! ئەگەر مەندىن باشقا ئادەمنىڭ بېشىغا مەن كۆرگەن كۈنلەر كېلىدىغان بولسا، دەرد - ئەلەمدىن ئۈچىيىنى قوشۇپ چېچىۋەتكەن بولاتتى! ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، تۇپراقنىڭ ئۈستىدە مىدىرلاپ، ئىچىمدە روزا تۇتۇپ، تېشىمدا ھېيت ئويناپ يۈرۈۋاتىمەن! يەنىلا ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن تونۇشلار ئەسقاتىدىكەن، سىلەرنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىم...

غوجىموللا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك شۈمشىيىپ، كۆز يېشى قىلدى، چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدىن دوملاپ چىققان ياش ئىجىر - مىجىر قورۇق باسقان ياغاق يۈزىدىن ئېقىپ، ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇ، يېشىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، چوڭقۇر بىر خۇرسىنىپ قويدى.

غوجىمۇللىنىڭ ئېيتقانلىرى راستمۇ - يالغانمۇ، بۇنى ھازىر ھېچكىم بىلمەيتتى. كىشىلەرنىڭ بىلىدىغىنى ئۇنىڭ خۇددى توخۇمغا ئوخشاش دومىلايدىغان، ئەمما يىقىلمايدىغان ئادەملىكىلا ئىدى.

غوجىمۇللىنىڭ نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ جاھان كەزگەنلىكى راست، بېشىدىن نۇرغۇن قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىمۇ راست! لېكىن، زادى نەلەرگە بېرىپ نەدە تۇردى، نېمە كۈنلەرنى كۆردى. بۇنى پەقەت بىر ئۆزى ۋە بىر ئاللا بىلەتتى، خالاس!

— ھە راست، داداڭ ئاتىخانىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئۇكام؟ — سورىدى غوجىمۇللا بىر نەرسىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىياپەتتە. چۈنكى ئۇ، ئاتىخانىنىڭ راۋالپىندىدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتى.

— دادام ياخشى، ھازىر قاھىرەدە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئەكبەر.

— قاھىرەدە؟ — غوجىمۇللىنىڭ چىرايىدىن ھەم ھەيرانلىق، ھەم خۇشاللىق ئالامەتلىرى تەڭلا نامايان بولدى، — داداڭ ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— شۇ يەردە بالا - چاقىسى بىلەن دەرقەمتە ئۆتتۈۋاتىدۇ! — دېدى ئەكبەر ۋە دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى غوجىمۇللىغا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— خۇدايىم داداڭنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت بەرسۇن، رىزقىنى زىيادە قىلسۇن! — دېدى غوجىمۇللا ۋە كۆڭلىدە ئاتىخانىنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىشىپ قالسا بولمايدىغان بىر خىل ئەندىشىلىك تۇيغۇ ئۇزاقتىن بېرى غوجىمۇللىنى ۋەھىمىگە سېلىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، ھازىر بۇنداق ۋەھىمىنىڭ بىھۇدە

ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ھېس قىلدى . ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا راۋالپىندىدا بولغان سىرلىق ئىشلار ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا ، بۈنىڭدىن ئەكبەرمۇ خەۋەر تاپماي قالمايتتى . ئەگەر خەۋەر تاپقان بولسا ، بۈگۈن غوجىمۇللىغا بۇنداق قىزغىن ھەم سەمىمىي مۇئامىلە قىلمىغان بولاتتى ! ئاللانىڭ سىر - ھېكمەتلىرىگە مىڭ شۈكرى ! ئاللا پاختا ئىچىدە ئوت ساقلايمەن دېسە ساقلايدۇ ! غوجىمۇللا ئەزەلدىن ئاشۇنداق تەلەيلىك ، رىزقى كەڭ يارىتىلغان ! ...

شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن غوجىمۇللا ئەسلىي تەبىئىتى بويىچە كېرىلىپ ، ساپادا باشقىدىن گىدىيىپ ئولتۇردى .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز ئاكا ؟ — سورىدى ئەكبەر بايا جىرىڭشىغان تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، — بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ۋاقتى كەلگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرامسىز ؟

— ئەلۋەتتە ئۇكام ، ھەجگىچە تۇرمىسام بولمايدۇ ، — دېدى غوجىمۇللا يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا ، — لېكىن ، شۇڭغىچە بىرەر يەردە ئىشلەپ تۇرمىسام ماڭا تەس بولىدۇ !

— نەدە ئىشلەرسىز ؟ — ئەكبەر قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك بېشىنى تاتىلاپ قويدى .

ئەكبەر غوجىمۇللىنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى . بولۇپمۇ سەپەر ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ، غوجىمۇللا ئۇنىڭ كۆزىگە نائىنساپ ، ئاچ كۆز ، شۇم ئەگىز بىر ئادەم سىياقىدا كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى . كېيىن ئۇنىڭ راۋالپىندىدا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى ، دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز تۇرمىگە كىرىپ قېلىشى قاتارلىق ئىشلارمۇ ئۇنىڭ گۇدەك قەلبىدە سىرلىق گۇمانلارنى پەيدا قىلغان ئىدى . لېكىن ئۇ ، دادىسىنىڭ « گۇمان ئىماننى قا-

— قېنى ... — دېدى ئەكبەر تازا قىزىقمىغاندەك قىيापەتتە، — ئويلىشىپ باقايلى!

لېكىن، ئەكبەر شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى، دىققەت قىلغانسېرى، كۆڭلىدە غوجىمۇللىنىڭ پىكرى ئورۇنلۇقتەك بىلىندى. چۈنكى، قۇرۇق ئىسسىق ھاۋا كىشىلەرنىڭ تېرىسىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بۇزغان ئىدى، ھەتتا قىزلارنىڭ يۈز تېرىلىرىمۇ يېرىلىپ، چاۋۇرغان، قوللىرىنىڭ دۈمبىسى قارىيىپ، تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەن ئىدى...

ئەكبەر بىرنەچچە كۈننى ئەنە شۇنداق كۆزىتىش ۋە ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەمەلىيەت غوجىمۇللىنىڭ تەكلىپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ، قايىل بولدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېچىلغان بىر يىغىندا خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن غوجىمۇللا ئاكامنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم، بۇ بىر ئىجادىي تەكلىپ بولدى. مەن ئۇنىڭ شىركىتىمىزنى يېڭى سودا ئۇچۇرى بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن! بىز دەرھال ۋازېلىن سودىسىغا تۇتۇش قىلايلى! مەن جىددەدە تۇرۇشلۇق بىر ئىتالىيە شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ قويدۇم. بۇ سودا توختىمىنى غوجىمۇللا ئاكام ئۆزى بېجىرسۇن!

غوجىمۇللا ھېچكىمگە سەزدۈرمەي بىر كېرىلىۋالدى. بۇنداق ماختاش ئۇنىڭ شىركەتتە ئاستا - ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ قېتىمقى ۋازېلىن سودىسىنى ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرغانلىقىمۇ ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى كۆرسىتىشنىڭ سەلتەنەت سەھنىسىگە يۆلەپ چىقارغانلىق ئىدى!

غوجىمۇللا ئەتىسىلا جىددەگە كەلدى، ئەكبەر بەرگەن

ئادرېس بويىچە، ئىتالىيە شىركىتىنى ئاسانلا تاپتى. ئۇلار بىلەن ھىندىستاندا ئۆگىنىۋالغان ئىنگلىز تىلىدا چالا - پۇچۇق سۆزلىشىپ يۈرۈپ، 100 يەشىك ۋازېلىن زاكاز قىلدى ۋە 8 مىڭ رىيال زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇپ، شىركەتكە ۋاكالەتەن سودا تۈزۈشكە ئىمزا قويدى.

### 3

غوجىمولىلىنىڭ تۇنجى قېتىم قىلغان مۇستەقىل ئىشى چوڭ داۋالغۇشقا سەۋەب بولدى.

100 يەشىك ۋازېلىن مۇددەتتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن جىددە پورتىغا يېتىپ كەلدى. مالنىڭ تېز كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان غوجىمۇللا يەشىكلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋېتىپ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ كۆرگەن يەشىكلەرنىڭ ھەممىسى ياغلىشاڭغۇ ئىدى، ئىچىدىكى ماي تۆكۈلۈپ، سىرتقا تەپچىرەپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى.

غوجىمۇللا ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ بىر يەشىكنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، يەشىككە قاچىلانغىنى بىر جىگلىق شىشە قۇتىلار ئىدى، تېخى ئىككى شىشە سۇنۇپ، ئىچىدىكى ۋازېلىن تۆكۈلۈپ ئېرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ھەر ئۈچ - تۆت يەشىكنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن ئىدى.

غوجىمۇللا نېمە قىلارىنى بىلمەي، بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالىدىكى ۋازېلىن — كىچىك - كىچىك قەلەي قۇتىلارغا قاچىلانغان، ھەرقانداق ئادەم تۆت تەڭگە پۇل چىقىرىپ ئالالايدىغان، ئايلىنىشى تېز، باھاسى ئەرزان، ئەپچىل مال بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىر

غوجىمۇللىنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ھەربىرسىگە بىر جىڭدىن ۋازېلىن قاچىلانغان، يوغان ۋە چۈرۈك شېشە قۇتىلار ئىدى. بۇنىڭغا خېرىدار تاپماق تەس ئىدى، ھېچكىممۇ بىر قېتىمدا بىر جىڭ ۋازېلىن ئېلىپ ئىشلەتمەيتتى، ئۇنى پارچىلاپ سېتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدا كەلگۈچە بۇ شېشىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى سۇنۇپ، نۇرغۇن زىيان بولغان ئىدى. ئەمدى بۇنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ ؟!...

غوجىمۇللا ئويلىغانسېرى، خۇددى بىر چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ قارام يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. لېكىن غوجىمۇللا يەنە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، سەۋەنلىكنى باشقا تەرەپتىن ئىزلەشكە باشلىدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ بەكمۇ ھوشيار بولۇپ كېتەتتى، خۇددى تادان تۈلكىدەك قاپقان ـ توزاقلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇستا ئىدى.

« بۇ چوقۇم ئىتالىيىلىك ئەخمەقلەرنىڭ قىلغان ئىشى ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، — ئۇلار مالنى خاتا قاچىلىغان. بولمىسا، ۋازېلىن دېگەننى جىڭلاپ ساتىدىغان ئىش نەدە !؟... »

غوجىمۇللا شۇ خىيال بىلەن ئەكبەرگە خەۋەر بەردى، ئەكبەر شۇ كۈنىلا جىددەگە كەلدى. مالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى، كېيىن ئىتالىيە شىركىتىگە بېرىپ، توختامنى كۆرۈۋىدى، ھەممە ئىش ئايان بولدى، چاتاق غوجىمۇللىدا ئىدى، توختامدا « چوڭ قۇتىلىق » دەپ يېزىلغان ئىدى.

— چوڭ قۇتىلىق ۋازېلىنلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بىر جىڭلىق شېشە قۇتىلارغا قاچىلىنىدۇ ! — دەپ چۈشەندۈردى ئىتالىيە شىركىتىنىڭ بىر خادىمى.

— مەن بۇنى نەدىن بىلەي، ئۇكام ! — دەپ زارلاشقا باشلىدى غوجىمۇللا، — ۋازېلىن دېگەننىڭ چوڭ شېشە قۇتىلارغا

قاچىلىنىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ شورى قۇرغۇر ئىنگلىزچە خەتنى سەگگىرىمەپتىمەن ، مېنى قارا بېسىپتۇ ، نەس بېسىپتۇ !...

ئەكبەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى ، شۇ يەردىلا غوجىموللىنى كايىپ ، سەتلەپ كەتتى :

— سىز بىزنى ۋەيران قىلاي دەمسىز ؟ ! يۈرىكىڭىز نېمانداق قارا سىزنىڭ ! بۇ ئاز پۇلمۇ ! ؟ بۇنىڭغا كىم جاۋاب قىلىدۇ ؟ ! مەن سىزنىڭ ئەزەلدىن ئالا كۆڭۈللىكىڭىزنى بىلەتتىم ، لېكىن كۆزىڭىزدىكى ياشقا ، ئاغزىڭىزدىكى چىرايلىق گەپكە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن ! سىزنىڭ نىيىتىڭىز بەك يامان ئىكەن !...

ئەكبەرنىڭ مانا بۇگۈن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىدىن چوڭ ئادەمگە قاتتىق تېگىشى ئىدى . ئۇ ، دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ، غوجىمولىلىغا قارىدى ، غوجىموللا بىر چەتتە بېشىنى سىلىپ ، ئۆمچىيىپ بىچارە قىياپەتتە ئولتۇراتتى ، بۇنى كۆرۈپ ئەكبەرنىڭ يەنە ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى ۋە ئۆزىنىڭ سەل - پەل چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىيۇ ، لېكىن لېۋىنى چىشلەپ ئۈندىمىدى ، چۈنكى ، ھازىر ئۇنىڭغىمۇ قىيىن ئىدى . غوجىموللىنىڭ شىركەتتە ئىشلىشىگە مۇسا داگقان ئالىقاچان نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى . ئەمما ئۇ چاغدا ئەكبەر : « نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ، مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى ھەممىمىز يەتكۈچە تارتتۇق . غوجىموللا قېرىغاندا كىشىنىڭ يۇرتىدا خار - زار بولۇپ يۈرسە بىزگە ياخشى بولمايدۇ ، غېرىبنىڭ بېشىنى غېرىب سىيلىماي كىم سىيلايدۇ ؟ ! » دەپ ئۇنى تەستە قايىل قىلغان ئىدى . مانا ئەمدى بۇ ئىشنىڭ چىقىمىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ !؟

دېگەندەك ، غوجىموللىنى ئەيىبلەيدىغان گەپ - سۆزلەر

تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاقۋالداقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى :
ـــ ئۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان تازىمۇ ئىنساپسىز بىرنېمە ئىكەن !
ـــ ئۇنىڭ ئەسلىدىلا نىيىتى بۇزۇق !
ـــ ھەممە زىيانىنى تۆلىسۇن !
ـــ نېمىسىنى تۆلەيدۇ ئۇ بۇت قەلەندەرى !؟
...

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ، غوجىمۇللا ئاچچىق يۇتۇپ ، بەئەينى دورا يېگەن بېلىقتەك مەست ـ ئەلەس ھالەتتە ئۆتتى . ئايىغى ئاستىدىكى داق يەر ئۇنىڭغا خۇددى لۆمشۈپ تۇرغان ساز-لىقتەك بىلىنەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بېشى گاراڭشىپ ، پۇتلىرى لاكاسلاپ قالغان ئىدى .

غوجىمۇللا تۇنجى قېتىم قىلغان ئىشىنىڭ بۇنداق پالا-كەتكە يولۇقۇشىنى خالىمايتتى . قارىماققا ، ئاددىي بىر سودا بولغان بىلەن ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ شىركەتتىكى ئورنىغا ، ئابرۇيىغا ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى !

شۇڭا غوجىمۇللا ئازابلىناتتى ، ھەسرەت چېكەتتى ۋە ئويلايتتى . ئويلاش ئۇنىڭغا ئاستا ـ ئاستا ئەقىل بەردى ، ئەقىل ئۇنىڭ پىكىر يوللىرىنى ئېچىۋەتتى . ئاخىر غوجىمۇللا بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنىڭ ئەپچىل بىر چارىسىنى تېپىپ چىقتى . بۇ چارە بويىچە بولغاندا ، زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى ، ھېچبولمىغاندا ، كەتكەن پۇلنىڭ دىرىنى ئۇندۇرۇپ ئالغىلى بولاتتى .

غوجىمۇللا ئويلاپ تاپقان چارىسىنى ئەكبەرگە تەپسىلىي چۈشەندۈردى :

ـــ ئۇكام ، بولغۇلۇق بولدى ، لېكىن قاراپ ئولتۇرساق ، ئىش پۈتمەيدۇ . مېنىڭ كاللامغا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ : بىز ئاشۇ

شىركەتكە 2 مىڭ دانە كىچىك قەلەي قۇتا زاكاز قىلايلى. بۇنىڭغا كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، بۇ پۇلنى مېنىڭ ئىش ھەققىمدىن چىقىرايلى. قۇتىلار كەلگەندىن كېيىن، شېشىلەردىكى بارلىق ۋازېلىننى چوڭ داش قازانغا تۆكۈپ، ئېرىتەيلى. ئاندىن سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ، كىچىك قەلەي قۇتىلارغا قاچىلايلى، سۈزۈش جەريانىدا، چېقىلغان شېشىلەرنىڭ ئۇۋاقلىرى تازىلىنىدۇ، قۇتىغا قاچىلانغان مايمۇ سوۋۇغان ھامان قاتىدۇ. مەن ھېسابلاپ كۆردۈم، مۇشۇنداق قىلساق، زىياننى تولدۇرۇپ ئالالايدىكەنمىز!

ئەكبەر ئۇزاق ئويلاپ ئولتۇرمىدى، بايا تۇرۇلگەن قوشۇمىسى، تۈتۈلغان چىرايى بىرئاز يۇمشاپ، ئېچىلغاندەك بولدى، چۈنكى بۇ چارە ئۇنىڭغا ياققان ئىدى، مۇشۇنداق قىلغاندا زىياننى تولدۇرۇۋېلىشنىڭ سىرتىدا، ھەتتا ئاز - تولا پايدىمۇ ئالغىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ، غوجىمۇللىنىڭ ئەقلىگە، دىتىغا يەنە قايىل بولدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن پايدىمۇ - زىيانمۇ، ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ كېلەتتى. بۇنداق ئادەملەر يەنە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، دىتسىز، ھاماقەت ئادەملەرگە قارىغاندا چەندان ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇ، كۆڭلىدىن كەچكەن بۇ خىياللارنى غوجىمۇللىغا قىلچە سەزدۈرمىدى ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن كېسىپلا مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، سىز دېگەندەك قىلىپ باقايلى. بۇ ئىشنى يەنە ئۆزىڭىز ئىشلەڭ!

غوجىمۇللا شۇ كۈنىلا جىددەگە كەلدى، ھېلىقى شىركەت بىلەن سۆزلىشىپ، 2 مىڭ دانە قۇرۇق كىچىك قەلەي قۇتا زاكاز قىلدى. ئۇلار قۇتىنى يولۇچى ئايروپىلان بىلەن ئەكەلدۈرۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

دېگەندەك، كېلەر ھەپتىسى ناھايىتى چىرايلىق، نەپىس

ئىشلەنگەن 2 مىڭ دانە ۋازېلىن قۇتىلىرى غوجىمۇللىنىڭ قولىغا تەگدى.

غوجىمۇللا شۇ كۈنىلا، بىرنەچچە مەدىكار يالىلاپ، پورتىنىڭ چوڭ ئىسكىلاتىدا ئۆز پىلانى بويىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى: چوڭ داش قازان ئېسىلدى، شىشىلەردىكى مايلار قازانغا تۆكۈلۈپ، ئوت قالاندى، ماي ئېرىپ تىنغاندىن كېيىن، سۈزگۈچلەردە سۈزۈلۈپ، كىچىك قەلەي قۇتىلارغا قاچىلاندى. بۇ ئىشلارغا بار - يوقى ئىككى كۈن كەتتى. غوجىمۇللا جۇلۇقى چىققۇدەك قاتتىق ئىشلىدى. ئەستايىدىللىقىدىن، ھەتتا بىكار بولغان يېڭى ۋازېلىن شىشىلىرىنى ئىتالىيە شىركىتىگە ئاپىرىپ:

— بۇنى سىلەر ئۆتكۈزۈپ ئېلىڭلار، ھەممىسى يېڭى، ساپساق، قايتا ئىشلەتسەڭلار بولۇۋېرىدۇ! — دەپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سودىدا كۆپ زىيان تارتقانلىقىنى، جاپا چەككەنلىكىنى كۆيۈپ - پىشىپ چۈشەندۈردى. شىركەتتىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئۇقۇشماسلىق بىلەن بىرمۇنچە زىيان ۋە ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ، باھادا 15 پىرسەنت ئېتىبار قىلىشنى قارار قىلدى!

شۇنىڭ بىلەن، باشتىكى قاتتىق ئىش، ئاخىرىغا كەلگەندە تاتلىق ئىشقا ئايلاندى. كىچىك قۇتىلىق ۋازېلىنلار ناھايىتى تېزلا بازار تاپتى.

غوجىمۇللا ئۆزى تاپقان ئاۋارىچىلىقنى يەنە ئۆزى يېڭىپ، شىركەتتىكىلەر ئالدىدا بۇرۇنقىدەكلا يۈزى ئوچۇق بولۇۋالدى.

بۈگۈن ئۇ چىرايى خۇشال، روھى بەلەن كەيپىياتتا ئەكبەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— ئۇكام، مېنى ئەمدى ئۆتكەندىكىدەك ئەيىبلەپ يۈر-

مەيدىغانسەن ؟ ئەگەر بۇ ئىشتا سەن دېگەندەك يامان نىيەتتە بولغان بولسام، باغرىمدا چىراغ كۆيسۇن ! — دەپ قەلبىنى چۇ-شەندۇردى ۋە ئەكبەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەمرىمەرۇپلارنى سۆزلىدى. ئەكبەرمۇ بىرئەرسە دېمەكچى بولۇپ، ئەمدى ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋىدى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. ئۇ تېلېفوننى قولىغا ئېلىپلا، هاياجاندىن ۋارقىراپ كەتتى:

— ئوغۇل، پاھ... ئوغۇل !... مېنىڭمۇ ئوغلۇم بار بولدى !...

تېلېفون چوڭ قىزى تاجىگۈلدىن كەلگەن ئىدى، ئۇ، ئانىسىنىڭ بوشانغانلىقىنى، ئۆزىگە بىر چىرايلىق ئوكا تۇغۇپ بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان ئىدى.

— ئاكا، ئۆتكەنكى ئىشلارغا سالاۋات ! — دېدى ئەكبەر خۇشاللىقىدىن يىغى پەرزەنتىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، — ئىشلە-ۋېرىڭ، مەن سىزگە ئىشىنىمەن !

ئەكبەر بولغارى سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، خۇشال - خۇرام هالدا سىرتقا ماڭدى.

غوجىمۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئەلەم بىلەن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: « سەندە تۇرماس بۇ دۆلەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت ! »

ئەكبەرنىڭ بىر جۈپ قىزى — تاجىگۈل بىلەن ئىپارگۈل چىرايلىق، ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتاتتى. تاجىگۈل ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئىپارگۈل بۇ يىل مەكتەپكە كىرگەن ئىدى. ئۇلار ئەرەب باللىرى بىلەن بىللە ئوقۇيتتى، تىلىمۇ، يېزىقىمۇ ئەرەبچە چىققان ئىدى، لېكىن ئەكبەر ئۇلارغا هەر كۈنى كەچتە ئىككى سائەت ئانا تىل تەربىيىسىنى بېرەتتى. ئۆيدە هەممەيلەنگە ئۇيغۇرچىدىن باشقا تىلدا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئائىلە نىزامى ئىدى.

ئادەم ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىنى، تىلىنى بىلمىسە، ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە يېزىلغان پۈتۈك ـ ئابىدىلەرنى ئوقۇيالمىسا، ئۇ خۇددى ئورمانلىقتا ئادىشىپ يۈرگەن مايمۇنغا ئوخشىشىپ قالمامدۇ ؟!

ئانا تىلىمۇ ۋەتەنگە ئوخشاش مۇقەددەس ! ۋەتەن تۇپرىقىدىكى ھەربىر تۈپ گۈلنىڭ، ھەربىر مايسىنىڭ، ھەربىر گىياھنىڭ، ھەربىر قۇرت ـ قوڭغۇزنىڭ، ھەربىر ئۇچار قۇشنىڭ، ھەربىر تاغ ـ باغنىڭ ئەنە شۇ ئانا تىلدا ئاتىلىدىغان نامى بار. ئۇ نەرسىلەر پەقەت ئاشۇ ئانا تىل بىلەن ئۇلۇغ، ئانا تىل بىلەن گۈزەل، ئانا تىل بىلەن يېقىملىق تۇيۇلىدۇ ۋە كىشىلەر قەلبىگە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ئاشۇ ئانا تىل بىلەن ئورناپ قالىدۇ !

ئەكبەرنىڭ نەزىرىدە، دۇنيادا ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئىككىنچى بىر تىل يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆز پۈشتىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەسلىكىنى چوڭ گۇناھ دەپ ھېسابلايتتى !

ئەكبەرنىڭ ئىككى قىزى گەرچە كىچىك بولسىمۇ، مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىندا ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزلىرى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، « ئانا » دەپ ئېغىزلانغان ئانا تىلىنى ناھايىتى مېھىر بىلەن ئۆگەندى. ھازىر ئۇلار ئىككى تىل، ئىككى يېزىقنى تەڭ ئۆگىنىپ چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئەكبەر قىزلىرىدىن رازى ھەم خاتىرجەم ئىدى. ئۇنى پەقەت بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىلا خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ يۈرەتتى. بۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ ئارمانى ئىدى.

مانا بۈگۈن ئەكبەر بۇ ئارزۇ ـ ئارمانىغىمۇ يەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى يۈرىكىدە ئۇزاقتىن بېرى ساقلاپ كەلگەن ئاشۇ ئەتىۋارلىق تىل بىلەن ئاتاپ « ئارمان »

قويدى ۋە ئۇنى تۇنجى قېتىم قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى. شۇ چاغدا، ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز ئانىسى كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئانىسىمۇ ئۇنى ئاشۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلەتكەن، سۆيگەن ۋە باغرىغا باسقان بولغىيتتى! ئانىسى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئەتىۋارلايتتى، ئەزىزلەيتتى؛ ئەكبەرمۇ ئانىسىنى «دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ تاتلىق ئانا» دەپ قارايتتى.

خۇشاللىق ئىچىدە ئانىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ھەسرەتلىك ئۆيىگە پاتقان ئەكبەر قاچاندۇر بىر مۇساپىر ھاجى ئېيتىپ بەرگەن شەيخ مۆمىن شىرازى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى ئەسلىدى: «ئېيتىشىپتۇركى، ئىسمايىل دەبباس ئىسىملىك بىر كىشى ھەج نىيىتىدە يولغا چىقىپ، شىرازغا كەپتۇ، بىر مەسچىتكە كىرسە، شەيخ مۆمىن شىرازى كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇرغانمىش، ئىسمايىل دەبباس ئۇنىڭغا سالام بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. شەيخ مۆمىن شىرازى سالامنى ئىلىك ئېلىپ: ‹نېمە مەقسىتىڭ بار ؟› دەپتۇ. ئىسمايىل دەبباس: ‹ھەج قىلىش مەقسىتىم بار!› دەپتۇ. شەيخ مۆمىن يەنە سوراپتۇ: ‹ئاناڭ بارمۇ؟›، ‹ئانام بار!› دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمايىل دەبباس. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شەيخ مۆمىن شىرازى قولىدىكى كۆڭلەكنى بىر چەتكە قويۇپ دەپتۇ: ‹ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇنىڭ خىزمىتىنى قىل!›. لېكىن، بۇ سۆز ئىسمايىل دەبباسنىڭ قۇلىقىغا ياقماپتۇ. بۇنى سەزگەن شەيخ مۆمىن شىرازى يەنە مۇنداق دەپتۇ: ‹سۆزۈم دىلىڭغا ياقمىدىمۇ، ئەي ئىسمايىل دەبباس!؟ ئاڭلاپ تۇر، مەن 50 مەرتىۋە باش ـ ئايىغىم يالاڭ، بىرەرمۇ ھەمراھسىز ھەج قىلدىم. مانا شۇ ھەجلىرىمنىڭ ساۋابىنى ساڭا بەردىم. سەن ئاناڭنىڭ كۆڭۈل شادلىقىنى ماڭا بەرگىل! ھەدىستە: ‹جەننەت ئانا قەدەملىرىنىڭ تېگىدىدۇر. ھەر كىشى ئانىسىنىڭ قەدىمىنى سۆيۈپ خىزمىتىنى

قىلسا ، شەپقەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا ، ئۇل كىشى جەننەتكە يېتىدۇ ، دېيىلىدۇ ! ›... »

ئەكبەر ھەر قېتىم بۇ رىۋايەتنى ئەسلىسە ، يۈرىكى ئاغرىپ كېتەتتى ، بۇ قېتىم ھەم شۇنداق بولدى .

« بىچارە ئانام ! يېنىڭدا بولسام ، خىزمىتىڭنى قىلىپ ، كۆڭلىرىڭنى شاد قىلالمىتىم !... » دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئەكبەرگە ئانىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ، ئاۋازى ، تىنىقى ، ھەتتا شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشىمۇ تونۇش ئىدى . ئۇ ، ھەمىشە مانا شۇ تونۇش ئاۋاز ، تونۇش ھەرىكەت ۋە تونۇش تىۋىشنى ئاڭلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى . شۇڭا ، بۇنداق جۇدالىق ۋە بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن زەربىسى ، ئازابى ئەلھەق ئېغىر بولغان ئىدى !...

بۇنداق چاغلاردا ئەكبەر مۇڭلىناتتى ، جۇدالىق دەردىدە يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى . خىيال قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ ، بۇ ئاتەش زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن — قاقاس چۆللەردىن ، ئۇ تاغ بىلەن بۇ تاغنىڭ ئارىلىقىدىن ، ھەتتا مۇقەددەس كەئبىدىن پەرۋانە بولۇپ ئانىسىنى ئىزلەيتتى ، ئەمما تاپالمايتتى . ئۆتۈپ كەتكەن بالىلىق ، ئۆتۈپ كەتكەن بەختلىك كۈنلەر ھەممە يەردە ئۆزىنىڭ رەھىمسىز ئەسلىمىلىرىنى قالدۇرغان ئىدى . ئۇزاققا سوزۇلغان بۇنداق تۈگىمەس جۇدالىق ، كۈتۈلمىگەن ئېغىر ئايرىلىش خۇددى مۇنبەت تۇپراقتا باراقسانلاپ ئۆسۈۋاتقان زىرائەتتەك ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ، سېغىنىشىنى ھەمىشە كۈچەيتىپ تۇراتتى !...

بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ مۇڭلانغان ، سېغىنىش ، ھىجران دەردىدە ھەسرەتكە تولغان يۈرىكىدىن ئاجايىپ تەسىرلىك سۆز نەزمىلىرى ئۇرغۇپ چىقاتتى :

ئۆتتى باھار چاغلىرىم ئاتەش زېمىندە ،
دىيارىمدىن ئايرىلدىم دەردۇ ئەلەمدە .
غېرىب ـ مۇساپىرمەن ماتەمدە ـ غەمدە ،
ساناقسىز ئاق ئىزلار ئىككى چېكەمدە !



## ئون بىرىنچى باب

# نەدىسەن، ئانا ماكان؟

### 1

ئاتىخان مىسىردىن توپتوغرا 10 يىلدا قايتىپ كەلدى.

بۇ ئارىلىقتا، ئەكبەرنىڭ بىر قېتىم سودا ئىشى بىلەن قاھىرەگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاتا - بالا ئىككىيلەن 10 يىلغىچە ئىككى قىرغاقتا — ئوتتۇرىنى ھەيۋەتلىك «شور دەريا» ئايرىپ تۇرغان ئىككى قىتئەدە ياشىدى.

ئاتىخان بۇ قېتىم مەڭگۈلۈككە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى قاھىرەدە تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئىدى.

قېيىناتىسى مۇستاپا سۈيمەن كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاتىخان نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كوچىلاپ سورىغان بەزى گەپ ئانىلىرىغىمۇ ئەنە شۇ بىر ئېغىز گەپنىلا ئېيتتى:

— قېيىناتام ۋاپات بولدى، ئۇ ئادەم بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغان ئىدىم، قېيىناتامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇرغۇم

كەلمىدى !...

بۇ ، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گەپ ئىدى ، يۈرىكىدە بولسا ، خۇددى ئاستا ئاقىدىغان ئەزىم دەريانىڭ تېگىدىكى شىددەتلىك ئېقىندەك ، ئېغىر ئازابلار بار ئىدى .

دەرۋەقە ، ئاتىخان قېيىناتىسى مۇستاپا سۆيمەن بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغان ئىدى ، مۇستاپا سۆيمەن ئۇنى ئوبدان ھۆرمەتلىدى ، ئەتىۋارلىدى ، كېسەل بولۇپ ياتقان ۋاقتىدا ، پۈتۈن تىجارىتىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇردى . ئاتىخانمۇ ئۇنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمىدى ، ھالاللىق ، سەممىيلىك بىلەن ئوبدان ئىشلىدى . قاچانكى ، قېيىناتىسى ئۆلدى ، ئەھۋال شۇنىڭدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى . بۇ ، قېيىنانىسىنىڭ چۇتۇسى ئىدى . قېيىنانىسى ھوشيار ، شەددات خوتۇن ئىدى ، بىر كۈنى ئۇ ، قىزى سۇھەيبە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ، كۈيئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى .

« بىلمىدىم ئانا ، — دېدى سۇھەيبە بىر خىل ئىچكى ئازاب بىلەن ، — بۇ ئادەم ھازىر يۇرتىنىڭ ، يۇرتىكى بالا - چاقىسىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدى . كۈندە دېگۈدەك ئەتىگەندە قوپۇپلا يەنە شۇ نەرسىلەرنى چۈشىدە كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ ، كۆڭلۈمنى بىزار قىلىۋەتتى ...! »

مانا شۇ گەپتىن كېيىن ، قېيىنانىسىنىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى ، ئۇ كۈيئوغلىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى . ئاتىخاننىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرىنى ئوڭدا قويۇپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنى ماگىزىنغا ئەكېلىپ ، ئاتىخاننى ماگىزىنىنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتۇردى ، ئاخىر بېرىپ ئۇنى تىجارەتنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا سالدى . بۇ ئىش قېرىغاندا ئاتىخانغا ھار كەلدى . ئۇنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن كۈن-

لـەردە ، يـەنـە بـىر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەردى . بىر كۈنى كەچتە ئوغلى ھېلىمشا ئۈنىڭدىن توساتتىنلا سوراپ قالدى :

« دادا ، سـېـنـى خـەقلەر كەلگىندى دەيدىكەن ، بۇ قانداق گەپ ؟ ! »

« سـېـنـىڭچە قانداق گەپكەن ؟ » دېدى ئاتىخان غۇژژىدە كەلگەن ئاچچىقىنى بېسىپ .

« ھە راسـت ، ۋەتـەنسىز كەلگىندى دەيدىكەن ! ـــ دېدى ھېـلىمشا تېخىمۇ ئېچىنىپ ، ـــ سېنىڭ راستلا ۋەتىنىڭ يوقما ؟! »

ئاتـىـخـانـىـنـىڭ يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك شىددەتلىك ئاغرىـىـپ كـەتـتـى . بـۇ ئازابلىق گەپنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى ئۈنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى .

« سەنمۇ شۇنداق ! » دېدى ئۇ ئاخىر ئوغلىغا بىگىز قولىنى شىلتىپ .

لېكىن ھېلىمشا كۈتۈلمىگەندە مۇنداق دېدى :

« يـــاق ، يـــاق ! مـەن ئۇنـــداق ئەمـــەس ، مـەن ئۇنـــداق ئەمـەس ! ـــ دېـدى ئۆكـتـەملىك بىلەن ۋارقىراپ ، ـــ قاھىرە ـــ مـېـنـىـڭ يـۇرتـۇم ، مـېـنـىـڭ ۋەتـىـنـىم ! مەن قاھىرەلىك ، مەن قاھىرەلىك ! ... »

« ئاغـزىڭنى يۇم ، بەچچىغەر ! »، ئاتىخان مانا شۇ سۆز بىـ لـەن تـەڭ ئوغـلـىـغـا قـاتتىق بىر كاچات ئۇردى . ھېلىمشا يەرگە يـىـقـىـلـدى ، جـاۋغـىـيىدىن سۇس قىزىل رەڭلىك قان سىرغىپ قـالـدى . يـىـغـا ئاۋازىـنـى ئاڭلاپ ئۆيگە كىرگەن سۇھەيبە يەردە تـېـپـىـچەكـلـەپ ياتـقان ئوغـلـىـنـى باغـرىغا بېسىپ ، ئاتىخانـــغا تـۈنـجـى قـېـتـىـم بـويـۇنـتـاۋلـىـق بىلەن چەكـچىيىپ تـۇرۇپ ۋارقىرىدى : « رەھىمسىز ، باغرى تاش ! ... »

ئاتـىـخـان خـوتۇنىغا قاراپ تازا بىر دىكىنىپ بولۇپ ، يەنە ئۆزىـنـى بـاسـتـى ، چـۈنـكـى بـۇ ئۆزىـنـىڭ ئۆيى ئەمەس ئىدى ،

خوتۇنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ خوتۇنىغا قول سېلىش ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس ئىدى! مانا شۇ دەقىقىدە، ئاتىخان ئۆزىنى قاتتىق خورلانغان، ھاقارەتلەنگەن ئەر سۈپىتىدە ھېس قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ كەتتى! غېرىبلىق، مۇساپىرلىق ئۇنىڭ جان ـ تېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى!

بۇنى ئاز دېگەندەك، بىر ھەپتە ئۆتەر ـ ئۆتمەي، ھېلىمشانىڭ ئىسمى قانۇنىي رەسمىيەتلەر بىلەن ساداتقا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. قېيىنانىسى بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ھېلىمشا دېگەن ئىسمنى مازاق قىپتۇ، شۇڭا ئېغىزغا يۇقۇشلۇقراق ئىسمغا ئۆزگەرتىۋەتتۇق!...» دەپ ئىزاھات بەردى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئاتىخان ھەممىنى چۈشەندى! ئۇ، ئەمدى كىمدىن ئاغرىنسۇن، كىمگە زارلانسۇن!؟ ئۆز ئۆتۈكۈڭ تار تۇرسا، دۇنيانىڭ كەڭلىكىدىن نېمە پايدا؟!...

ھەسرەت ـ نادامەت ئاتىخاننى ئىچىدىن ئۇردى، ئۇنى خۇددى مىتە يېگەن بۇغدايدەك روھسىز تەنگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تاس قالدى! بۇ كۈنلەردە، دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قان ئىچىدىغان، گۇناھقا پاتقان ۋەھشىيلەر ئالىمىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى!... ئاتىخاننىڭ ئەمدى دوزاخ بىلەن جەننەت گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ قەدىمىي، غوۋغالىق شەھەر قاھىرەدە بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى!...

ئاتىخاننىڭ ھازىر مەككىدىمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى. قانداقتۇر قۇدرەتلىك بىر غايىۋى كۈچ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېپتىداسى ــ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەن تۇپرىقىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى!

ئاتىخان مەككىگە كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەكبەر ئۇنىڭ شەرىپىگە چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاتىخان 10 يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن دوستلىرى، يېقىنلىرى بىلەن ئۈچ-

رىشىپ ، دوستلۇق ، قېرىنداشلىق مېھرىگە ئوبدان بىر قېنىۋالدى .
ئۇ ، ھارىس بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ كۆز يېشى
قىلدى ، ئەبۇلەھەبنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىدە بولالمىغانلىقىدىن ئۆكۈ-
نۈپ ، چىن كۆڭلىدىن ئەپۇ سورىدى . ئەتىسى ، ھارىس ۋە
ئەكبەر بىلەن ئەبۇلەھەبنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ ، قىيىن كۈن-
لەردە جانغا ئەسقاتقان بۇ قەدىناس دوستىنىڭ روھىغا قۇرئان
ئوقۇپ دۇئا قىلدى !...

ئاتىخان تېخى غوجىموللا بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ مۇڭداشتى ،
غوجىموللىنىڭ كۆز يېشى ئىچىدە ئېيتىپ بەرگەن ھايات
سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ، ھېسداشلىق
قىلدى ، ھەتتا ئاخىرىدا :

— ھەممىمىز دەرد تارتتۇق ، غېرىب - مۇساپىر بولدۇق ،
غوجىموللا ! بۇمۇ خۇدانىڭ ئىنايىتى ، تەقدىر - پېشانىمىز !
ئەمدى مەككىگە كېلىۋېلىپ ياخشى قىپلا ، بۇ يەردە يۇرتداشلار
كۆپ ، قوللىرىغا قول ، پۇتلىرىغا پۇت بولالايدۇ ! — دەپ تە-
سەللى بەردى .

غوجىموللىنىڭ ئەمدى ئۇزۇل - كېسىل كۆڭلى تىندى ،
ئۆزىنىڭ راۋالپىندىدا قىلغان مەخپىي شۇملۇقلىرىدىن ئاتا - بالا
ئىككىسىنىڭ پۈتۈنلەي خەۋەرسىزلىكىنى بىلدى ، ئەمدى
غوجىموللا بۇ سىرنى ئۆزى بىللە مەڭگۈلۈككە ئۇ دۇنياغا
ئېلىپ كېتەلەيتتى !...

ئاتىخان ئەكبەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر كۈن مەككىنىڭ
بازار - كوچىلىرىنى ئايلاندى ، ھەرەم مەسچىتىگە بېرىپ ناماز
ئوقۇدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە ، مەككىمۇ ، ھەرەممۇ كېڭىيىپ ،
گۈزەللىشىپ ، خېلى كۆپ ئۆزگەرگەن ئىدى . ئادەملەرنىڭ
تەقى - تۇرقىدىن تارتىپ روھىي كەيپىياتىغىچە ، يېڭى سىلىنغان
زامانىۋى ئۆي - ئىمارەتلەردىن تارتىپ دۇكان - ماگىزىنلاردىكى

مال ـ تاۋارلارغىچە ئۆزگەرگەن، يېڭىلانغان، ئاۋاتلاشقان ئىدى!

10 يىل! ھەقىقەتەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئەمەس ئىدى. بۇ 10 يىلدا ئاتىخانمۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟! قايغۇ ـ ھەسرىتى شاد ـ خۇراملىقىدىن كۆپ بولدى؛ يوقاتقىنى تاپقىنىدىن ئېشىپ كەتتى! شۇڭا، ئۇمۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، خۇددى جۇدۇندا قالغان گۈل ـ گىياھدەك سولىشىپ، تېز قېرىپ كەتتى. چاچلىرى تۇگۈل، قاشلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتتى. خۇددى ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى كونىرىغانسېرى تور قاپلىغاندەك، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭمۇ يۈز ـ كۆز، بويۇن ـ باشلىرىنى ئۇزۇن ـ قىسقا، ئىجىر ـ مىجىر قورۇقلار قاپلاپ كەتتى. بىر چاغلاردا ساتارنىڭ دەستىسىدەك تىك تۇتۇپ ماڭىدىغان بېجىرىم قەددى ـ قامەتتىمۇ ھازىر ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ قالغان ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ سىڭىشلىق تاماق يەپ، پاكىز كىيىم كىيىپ، يولنىڭ تۈزىدە مېڭىپ، كىشلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنى زادىلا ئۇپراتمىغان باغرى يۇمشاق بۇ ئادەم كېيىنكى كۈنلەردە، تۇرمۇشنىڭ تۈيۈقسىز كەلگەن مۇدھىش زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ئىدى!..

ئاتىخان ھازىر بۇرۇنقىدەك خۇشخۇي، سۆزمەن ئەمەس ئىدى، جىمغۇر، خامۇش كۆرۈنەتتى. ئەكبەر دادىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر دەردنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

ـــ دادا، نېمە بولدۇڭ؟ ـــ دېدى ئۇ ئاخىر ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ـــ ئۆزۈڭنى بەك تاشلىۋېتىپسەن! سەن بۇنداق ھەسرەت چېكىپ جىمىپ كەتسەڭ مەن ئازابلىنىپ قالىدىكەنمەن!

ـــ ھېچ گەپ يوق، ئوغلۇم! ـــ دېدى ئاتىخان ئەكبەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىشقا ئۇرۇنۇپ، ـــ ئەمدى قېرىدۇق،

بىر ئىغىز گەپ كەملىك قىلىدۇ ، ئىككى ئىغىز گەپ ئارتۇق كېلىدۇ ! بۇنداق چاغدا ئادەم پۈت ـ قولىدىن مادار كېتىپ ، قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ، قارماپ تۇتالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن . سەن ئەنسىرىمە ، ھېچ گەپ يوق !...

لېكىن ، مۇشۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن ، ئاتىخان كۆڭلىدىكى گەپنى ئەكبەرگە ئاخىر ئوچۇق ئېيتتى . ئۇ ، كىچىك نەۋرىسى ئارماننى ئوينىتىپ ئولتۇرۇپ ، خۇرسىنغان ھالدا مۇنداق دېدى :

ـــ ئوغلۇم ، ئۆز يېرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتمىغان ئادەم بۇ دۇنياغا ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدىكەن ! مېنىڭ ئۆمرۈم شۇنداق كەتتى ، سەنمۇ شۇنداق كېتىۋاتىسەن ! لېكىن سەن تېخى ياش ، مۇراد ـ مەقسىتىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېخى ئۈلگۈرىسەن ! ئەمما مەن قېرىپ قالدىم ، قازا مۆھلىتى يېقىن قالدى ! مەن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى خالىمايمەن ! ھازىر ئاناڭ ، ئاچاڭ ، سىڭلىڭ ۋە سەن بىلەن مەن تېخى كۆرمىگەن قېرىندىشىڭ ھەمىشە چۈشۈمگە كىرىپ ، مېنى چاقىرىۋاتىدۇ ! ئۇلارنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم ، كۆزۈم يۇمۇلمايدىغان ئوخشايدۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرەمنىڭ بۇ يەردە قېلىپ ، كېيىنكى كۈنلەردە سېنىڭ يولۇڭنى توسۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن ! شۇڭا ، مەن بىر قارارغا كېلىپ قويدۇم ، ئوغلۇم ! مەن بۇرۇنراق مېڭىپ تۇراي ، سەن ھازىر شىركەت قۇرۇپ چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىپسەن ، بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ئايىغى چىقسۇن ، ئاڭغىچە يوللارمۇ ئېچىلىپ ، قاتناش قۇلايلىشىپ قالار ! قاھىرەدە بىر ئاتچى ماڭا ئافغانىستان ئارقىلىق ماڭىدىغان بەدەخشان يولى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ، بۇ ، يۇرتقا بېرىشنىڭ ئەڭ يېقىن ھەم تۇسالغۇسىز يولى ئىكەن . مەن مىسىردا تاپقان پۇللىرىمنى مۇشۇ سەپەرگە ئاتىدىم . سەن مېنى ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قوي !...

ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئېيتىلىۋاتقان بۇ سۆزلەردە كۈچلۈك بىر ئىچكى ئازابىنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەكبەر دادىسىنىڭ سۆزىدىكى قەتئىيلىكتىن، ئىرادىدىن ئۇنىڭ بۇ يەردىن باش ئېلىپ كېتىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندى. دىلنى ئۆرتەۋاتقان بۇ پاجىئە ئەمەلىيەتتە ئەكبەرگىمۇ ئورتاق ئىدى. ئەمما ئۇ، دادىسى ئېيتقاندەك، بۇ كۈنلەردە ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، دادىسى بىلەن بىللە كېتىشكە ئامالسىز ئىدى! ھازىر ئەكبەرنىڭ بېشىدا ئۈچ پەرزەنتلىك، بەختلىك بىر ئائىلە بىلەن نۇرغۇن پۇللۇق چوڭ بىر شىركەت بار ئىدى. بۇ ئائىلە بىلەن بۇ شىركەت ئەكبەرنىڭ مۇشۇ زېمىنغا تارتقان ھاياتلىق يىلتىزى ئىدى. شۇڭا، بۇ زېمىنمۇ ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشاشلا سۆيۈملۈك ھەم يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئانا يۇرتى ئۇنى تۇغۇپ ـ ئۆستۈرگەن بولسا، بۇ يەر ئۇنى ئەر قىلدى، ئەكبەرنىڭ يۇمران قاناتلىرى مۇشۇ ئاتەش زېمىندا قاتتى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى بۇ تۇپراققا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ قانات يايدى. بۇ يىلتىزلاردىن يەنە يېڭى ـ يېڭى نوتىلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئەكبەرنىڭ ھاياتىنى كېلەچەك بىلەن باغلىدى...

شۇڭا، ئەكبەر ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم دادىسى بىلەن بىللە ماڭالمايدىغانلىقىغا تەن بېرىپ، ھەسرەت بىلەن لېۋىنى چىشلىدى، ئەمما دادىسىنىمۇ توسۇپ قالمىدى. گەرچە دادىسىنىڭ يولى ئەكبەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن يولى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بۇ يولدا دادىسىدىن بىرنەچچە قەدەم كېيىن ماڭالىشى مۇمكىن ئىدى!...

شۇ سۆھبەتتىن 10 كۈن كېيىن، ئاتىخان بالا ـ چاقا، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن خوشلىشىپ، ئافغانىستانغا قاراپ ماڭدى، ئەكبەر ئۇنى جىددەگىچە ئۇزىتىپ باردى.

## 2

ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە: بەزىدە تاشتەك بولۇپ، نى ـ نى بوران ـ چاپقۇنلارغا پىسەنت قىلمايدۇ، بەلكى بۇنداق بوران ـ چاپقۇنلار ئىچىدە پىشىپ، تاۋلىنىپ، تېخىمۇ بەردەم بولىدۇ! بەزىدە بولسا، گۈلدەك نازۇك بولۇپ، كىچىككىنە يامغۇر ـ يېشىنلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بەلكى سولىشىپ، توزۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ!

بەلكىم بۇ، ئادەمنىڭ روھ ۋە تەندىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە پۈتتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى نەرسىدىن تەشكىل تاپقانلىقىدىن بولسا كېرەك!

ئاتىخان مەككىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ ئاي بولغاندا، يەنە تۇيۇقسىز مەككىدە پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ، ئافغانىستاندىن قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئاتىخان كېلىپلا خۇددى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئادەمدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئافغانىستان سەپىرى ھەققىدە بىر ھېكايە پەيدا بولدى. بۇ ھېكايە ھەممەھەرلەرنىڭ مەككىدە، جىددەدە ۋە تائىفتا پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان بەزمە ـ باراۋەتلىرىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئېيتىلىپ يۈردى. بۇ ھېكايىنى بەگتۆمۈر ئاتىخاننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە خېلى تولۇق ۋە ئەينەن ئېيتاتتى:

«ئاتىخان ھاجىم يۇرت ۋە بالا ـ چاقا ئىشقىنى قەلبىگە پۈكۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئاتىخان ئافغانىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بەدەخشان داۋىنىدىن ئۆتسەملا، ۋەتىنىمنىڭ تاشقورغان ياكى قاغىلىق زېمىنىغا چۈشىمەن، دەپ ئويلايدىكەن، دېمىسىمۇ، ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى بولغان بەدەخشان يولى ھىن-

دىقۇش تېغى بىلەن پامىر تېغىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان تار كارىدور بولۇپ، ئۇ يەردىن تۇتەك ئېلىپ كەتمەي، ئامان - ئېسەن ئۆتسىلا، تاشقورغان تەۋەسىدىكى بابا كۆلگە ياكى قاغىلىق تەۋەسىدىكى كۆكيارغا بارالايدىكەن. كلاسسىك شائىرلىرىمىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا بۇ يولنى ‹لەئلە كانى بەدەخشان› دەپ تەسۋىرلەپتىكەن!

ئاتىخان ھاجىم مانا شۇ يولدىن ئۆتۈش نىيىتى بىلەن ئافغانىستانغا بېرىپتۇ ۋە ئۇ يەردىن بىر قېچىرنى سېتىۋېلىپ، يېتەرلىك يېمەك - ئىچمەكنى ئارتىپ، كىشىلەر كۆرسىتىپ بەرگەن نىشان بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ، مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، بىر كۈنى روزۇك كەنتىگە كېلىپ ئارام ئاپتۇ، ئۇ يەردىكى دېھقان - چارۋىچىلار ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ. ئاندىن يەنە مېڭىپتۇ، ماڭا - ماڭا، لەنگەر دېگەن يەرگە كەپتۇ. ئۇ يەردە تۈنەپتۇ، ئۆزىمۇ، قېچىرىمۇ بىر كۈن ھاردۇق ئاپتۇ، لەنگەرلىكلەر ئۇنىڭغا يولنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئالدىدىكى ئابى ۋاھان دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ كېلىش مەنبەسىنى بويلاپ ماڭسا، چاقماق كۆلگە كېلىدىكەن، ئاندىن ئۇ يەردىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، داۋاندىن ھالقىسا، تاشقورغان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن!...

ئاتىخان ھاجىم ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە، يولنى داۋام قىپتۇ. غىلاك سايلاردىن ئۆتۈپتۇ، قاقاس چۆللەرنى كېسىپتۇ، ئىسسىقتا كۆيۈپتۇ، شامالدا قاغجىراپتۇ، ئاشۇنداق مېڭىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئابى ۋاھان دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، چاقماق كۆلگە كەپتۇ، ئۇ يەردىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يەنە مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا، بەدەخشان يولىغا يېقىنلىشىپتۇ، تاغ ئۈستىدىكى تار كارىدورنى يىراقتىن كۆرۈپتۇ، يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. گويا يۇرتىنىڭ يېقىملىق ھاۋاسى دىمىغىغا ئۇ-

رۇلغاندەك ، هارغىن جىسمى جانلىنىپ ، كۇچكەتولۇپ،ئاستا -
ئاستا داۋانغا يامىشىشقا باشلاپتۇ . شۇ چاغدا كىم بىلسۇن ، ئۇنىڭ
ئالدىدىن ئافغانىستاننىڭ ئىككى نەپەر چېگرا قوغداش ئەسكىرى
چىقىپ قاپتۇ . ئۇلار ئاتىخان هاجىمدىن قاتتىق گۇمانلىنىپتۇ ،
نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاقمۇ
سالماي ، قولىغا كويزا ، پۇتىغا كىشەن سېلىپ ، ئىككى كۈن ئە-
چىدە ماشىنا بىلەن كابۇلغا ئېلىپ كەپتۇ . هەربىي تەرەپ ئۇنى
بىرەر يەرنىڭ جاسۇسى ، دەپ قاتتىق گۇمانلىنىپتۇ . ئاتىخان
هاجىم 10 كۈنگىچە كابۇل تۈرمىسىدە قاتتىق نازارەت ئاستىدا
يېتىپتۇ . 10 كۈندىن كېيىن سوراق قىپتۇ . ئاتىخان هاجىم ئە-
رەبچە بىلىدىغان بىر سوت ئەمەلدارىغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن
بارلىق ئىشلارنى ۋە بۇ قېتىمقى سەپەر قىلىش مۇددىئاسىنى تەپ-
سىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرىدا : « ‹يۇرت — ۋەتەن
تۇپرىقىغا ئاياغ بېسىپ ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن ! › دەپ كۆز يېشى
قىپتۇ . سوت ئەمەلدارى تەسىرلىنىپتۇ ، ئاخىر قايتا - قايتا
تەكشۈرۈش ، ئاتىخان هاجىمنىڭ بارغان - تۇرغان يەرلىرىنى
ئېنىقلاش ، كۆرۈشكەن ئادەملىرىدىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ،
ئۇنىڭدا ئۆزى ئېيتقان ئىشتىن باشقا هېچقانداق گۇمانلىق تەرەپ-
لەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ :
— سىز جاهاننىڭ ئىشلىرىدىن بەكمۇ خەۋەرسىز قاپسىز ،
هاجىم ! بەدەخشان يولى دېگەن قاچانقى يول ؟ ! ئۇ يول
ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغان . هازىر ئۇ
يەردىن سودا كارۋانلىرىمۇ ، يولۇچىلارمۇ ئۆتمەيدۇ ! ئۇ يەردە
دۆلەت چېگرىسى بار ، قانۇنسىز ئۆتكەنلەر جازاغا تارتىلىدۇ !
سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشەندۇق ، ئەمما خىيالىڭىز بەكمۇ ساددا
ئىكەن . ئەگەر سىز ۋەتىنىمگە قايتىمەن دەيدىكەنسىز ، پەقەت
ئىككىلا يول بىلەن قايتالايسىز : بىرسى ، پاراخوت ياكى ئايرو-



پىلان بىلەن شياڭگاڭغا چۈشۈپ، ئۇ يەردىن جەنۇبىي جۇڭگو ئارقىلىق يۇرتقا بېرىش؛ يەنە بىرى، موسكۋا ئارقىلىق ئۇلانباتورغا بېرىپ، شۇ يەردىن ۋەتەن زېمىنىغا كىرىش. بۇنىڭغا ئاز دېگەندە ئوتتۇز تىللا پۇل كېتىدۇ، بىرمۇنچە چېگرا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىسىز، پاراخوت، ئايروپىلان، ماشىنىلارغا ئولتۇرىسىز !...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاتىخان ھاجىمنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. يېنىدا قالغان پۇل يەتتە تىللاغىمۇ يەتمەيدىكەن. پۇلنىڭمۇ كارى چاغلىق، تاپقىلى بولار. لېكىن، بىرمۇنچە دۆلەتلەرگە كىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگىلى بولامدۇ - يوق ؟! بۇنىڭغا ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيدىكەن ! بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ، بىرمۇنچە يوللارنى بېسىپ، بىر يەرلەرگە بارغاندا ئىش ئەپلەشمىسە، بۇنداق دەرد - ئەلەمگە ئادەم قانداق چىدايدۇ ؟! ئاتىخان ھاجىم قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىنى ئازابلاپتۇ. شۇنداق ئۇلۇغ ئارزۇ - تىلەكلەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ، مىڭ بىر جاپادا ۋەتەنىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، كۈتۈلمىگەن بىر زورلۇق كۈچ بىلەن ئارقىغا قايتۇرۇلۇپ، كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېلىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەپتۇ. بۇ ئىش ئاتىخاننىڭ ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاققاندەك، ئاچچىق دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا قىپتۇ. شۇڭا ئۇ، مەككىگە قايتىپ كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ !... »

مانا بۇ، ئاتىخاننىڭ بۇ قېتىمقى ئافغانىستان سەپىرىدە بېشىدىن ئۆتكەن ھەقىقىي كەچمىشلىرى ئىدى. ئۇنىڭ يۇرت ئىشقى، ئائىلە مۇھەببىتىدە باسقان قۇتلۇق قەدىمى ئەنە شۇنداق ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ، ئاتىخانغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازاب ۋە ساقايماس يۈرەك ئاغرىقى ئېلىپ كەلدى.

ئۇ، ياتقانچە يېنىنى يەر تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تەڭلا ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ئەكبەر دادىسىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭدە نەچچە قېتىم بىشىدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلەيتتى، ئوغلىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاتا پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— ئوغلۇم، مەندىن بەك ئەنسىرەپ كەتمە! — دەيتتى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — قېرىلىقمۇ خۇدانىڭ ئىنايىتى ئىكەن، سۆڭەكلىرىم چۇرۇك، كۆزلىرىم نۇرسىز بولۇپ قالدى. ئەمما، كۆڭلۈم ھەمىشە پاراغەت تىلەيدۇ!

ئۇ، بارغانسېرى جۇدەپ، شۇكلەپ، يىلتىزى تىغ يېگەن لەيلىقازاقتەك نازۇكلىشىپ كېتىۋاتاتتى!

## 3

ئاتىخان بۈگۈن ئورنىدىن تۇردى. ھاسىراپ - ھۆمدەپ تۇرسىمۇ، بۈگۈنكى جۈمە نامىزىغا بېرىش ئۈچۈن، بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سالدى. ئەكبەر ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي، كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇراتتى. ئاتىخان ناھايىتى تەستە بويىنى سوغا سالدى، تەرەت ئالدى، ئاندىن ئەكبەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەرەم مەسچىتىگە باردى.

ئۇ، بىر قولىدا كەشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ھاسا تاياقنى تايىنىپ مەسچىتكە كىرگەندە، ئىمام سۈرە فاتىھە بىلەن نامازنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئاتىخان جامائەتكە ئەگىشىپ، نامازنى كەلگەن يېرىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام مۇنبەردە قايىم بولدى ۋە ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى، ئاندىن ئىسلام ئۆلىمالىرى يازغان بىر «تەپسىر» نى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ كىتاب بارلىق ئەقىل - ئىدراكنىڭ پاكىز ھەم تۈگىمەس بۇلىقى ئىدى. بۇنى ئوقۇماي تۇرۇپ، ھېچكىم ئەبەدىيەت سىرلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىـ

رەلـمـەيتتى . ئـمام كـتابنى ئېچىپ ۋاراقلىدى ۋە ئۇيەر ـ بۇيەرگە كـۆز يـۈگـۈرتكەندىن كېيىن ، مەسچىتتىكى ھەممە ئادەم ئاڭلىغۇ- دەك قىلىپ ، ئەمرىمەرۇپ ئېيتىشقا باشلىدى :

ـــ ئىسلام دىنى ئەرشتىن چۈشكەن دىن ، شۇڭا ئۇ ، ئەرشئەلادەك يـۈكـسـەك ھەم پـاك . ئىسلام دىنى ئاخىرقى دىن ، شـۇڭا ئۇ ، ئەقىل ھەم بىلىم دىنى ، ئەخلاق دىنى ، تىنچلىق دىنى ، ھايـاتـلىق ۋە ياشاش دىنى . بۇ دىننى دەستىگە ئالغان دۇرۇس ئا- دەمـلـەر ھەم ئاللانـىڭ ، ھەم ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا سۆيۈملۈك ۋە شەرەپلىك بولىدۇ !

ئاللاتـائالا ھەرقـانـداق كىشىگە مال ـ مۈلۈك ۋە ھۆسن ـ جـامـال جـەھەتـلـىرىـدە ئۇلۇغلۇق بەرسە ، بۇ كىشى مالى بىلەن ئاللانـىڭ ئاجىز بەندىلىرىگە خەير ـ ئېھسان قىلسا ، جامالى بىلەن ئاللاغـا تـائەت ـ ئىـبـادەت قـىـلـىپ بەندىلىك قىلسا ، كىشىلەرگە قـارىـتـا ئىززەت ـ ئىكرام ۋە تەۋەززۇ ئەيلىسە ، ئۇ چاغدا ئاللاتائالا ئۇل كىشىنى ئۆزىنىڭ خاس بەندىلىرى قاتارىغا ئالىدۇ ! خۇراسان پـادىـشـاھـلـىرىـدىن بولغان ئىسمايىل سامانىيـىنىڭ قېشـىغا بىر كـۈنى بىر ئالىم كەلـدى . پـادىشاھ ئۇل كـىشىـنى ناھايىتـى قىز- غـىن ئـىززەت ـ ئـىكـرام بـىـلـەن قوبۇل قىلدى . كېيىن ئۇ ئالىم قـايـتماقچى بولدى ، پادىشاھ تەختتىن چۈشۈپ ، ئۇنى يەتتە قەدەم يـەرگـىچە ئارقىدىن ئۇزىتىپ كەلدى . پادىشاھ شۇ كۈنى چۈشىدە جـانابىي رەسۇلۇللانى كۆردى . چۈشىدە رەسۇلۇللا ئۇنـىڭغا : « ئى ئىـسمايىل ، سەن مېنىڭ ئالىم ئۈممەتلىرىمنى ھۆرمەتلەپ ، ئىززەت قـىـلـدىـڭ . بۇنىڭ ھېسابىغا مەن سېنىڭ ھەققىڭدە دۇئا قىلدىم . دۇئايـىـمدا ئاللانـىـڭ سـېـنـى ئەزىز ـ مۇكەررەم قىلىشىنى ، ئۇل كـىـشـىـنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەرگىچە ئۇزىتىپ بارغىنىڭ ئۈچۈن ، سـېـنـىـڭ ئەۋلادىـڭـدىـن يـەتـتـە كـىـشىنىڭ پادىشاھ بـولۇشىنى ، ئۇلار ئۈچۈن يەتتە دوزاخنىڭ ئوتىنى ھارام قىلىشىنى

تىلىدىم، مېنىڭ قىلغان بۇ ئىككى دۇئايىم ئىجابەت بولدى» دەپ بېشارەت بەرگەن.

گۇناھدىن، كىبىردىن ۋە يامانلىقلاردىن يىراقلاشقان كىشى مەنىۋى جەھەتتىن پاكىزلەنگەن كىشىدۇر. بۇنداق كىشىلەر خۇددى ئىسمايىل سامانىيدەك ئىنسانىيەتنىڭ يېتەلەيدىغان ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى يالغاندىن، ساختىلىقتىن، نادانلىقتىن قورۇپ، كۆڭلىنى - روھىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ھەر خىل بىلىملەر بىلەن بېزەيدۇ. ياراتقان ئاللانى سۆيگەندەك، يارىتىلغانلارنىمۇ ئاللانىڭ ياراتقىنى دەپ چىن كۆڭلىدىن سۆيىدۇ، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئوخشاش ھەقلەر بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ كىبىرلەشمەيدۇ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈپ قولىنى، بېشىنى سۆيۈپ، خەقنىڭ ئالدىدا كىچىكلەپمۇ كەتمەيدۇ، ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە قۇل بولمايدۇ!...

ئىمام سۆزىدىن توختىدى، كۆپ سۆزلەپ كەتكەچكە، جاۋغايلىرى كۆپۈكلىنىپ، ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

جامائەت نامازدىن تارقىدى، ئاتىخانمۇ ئەكبەرگە يۆلىنىپ، ئاجىز قەدەملەر بىلەن مەسچىتتىن چىقتى. بۇ ئۇنىڭ ھەرەم مەسچىتىدە ئوقۇغان ئاخىرقى جۈمە نامىزى بولۇپ قالدى. ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە كېلەلمىدى، شۇ كۈنى ئۆيگە بېرىپ، دېرىزە ئالدىغا قويۇلغان كارىۋاتتا سىرتقا قاراپ يېتىپ ئەكبەرگە مۇنداق دېدى:

— بالام، ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كۈنى بىرئاز ياغ پۇرىتىپ، نەزىر قىلغىن، مەن قوشنا - قولۇم، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن بىر كۆرۈشۈپ ئالاي!...

ئەكبەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدە قىلىپ قالدى .

— دادا ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ — دېدى ئۇ ئەندىككەندەك ئاۋازى تىترەپ .

— ئۆزۈم بىلمەيمەن ، بالام ! — دېدى ئاتىخان مىسكىن قىياپەتتە ، — ئاللا ماڭا هايات بەردى ، بۇ ئاللانىڭ مەرهەمىتى ، ئەمدىلىكتە بۇ هايات ئۆز مەرهەمىتىنى يوقاتقان ئىكەن ، مەن ئۇنى يەنە ئاللاغا قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك ! چۈنكى ، روهىم ئۆلدى ، ئوغلۇم . روهىم ئۆلگەن ئىكەن ، جىسمىمنىڭمۇ زەررىچە قىممىتى قالمىدى !...

— ئۇنداق دېمە ، دادا ! — دەپ زارلاندى ئەكبەر ، — سەن ياشىشىڭ كېرەك ! بىز چوڭ غايە ئۈچۈن ياشىمىساق بولمايدۇ ، دادا ! مەن سېنى يۈرتقا چوقۇم ئاپىرىمەن ، ئانام بىلەن ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلىرىم بىلەن چوقۇم يۈز كۆرۈشتۈرىمەن ! سەن ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمە ، بىزنىڭ بۇ غايىمىز هەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن ، هەرقانداق مۇهەببەتتىن بۈيۈك ، دادا ! بىز يۈرتقا چوقۇم كېتىمىز ، يۈرتىمىز مەڭگۈلۈك مۇهەببەتنىڭ كانى بولىدۇ ، سەن ، مەن ۋە بىزگە ئوخشاشلار چوقۇم ئۇ يەردىكى مۇقەددەس هاياتنىڭ شاهىدى بولىمىز ، دادا !...

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى . ئۇ ، ئاغزىدا شۇنداق دېگەنبىلەن ، يۈرىكىدە دادىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ ، بۇ دۇنيادىن خۇددى كەچ كۈزنىڭ ئاپتىپىدەك تۈيدۈرماي كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى .

كەچ كىردى ، ئاتىخان بايا ياتقان پېتى دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ مىدىرلىماي ياتاتتى . ئۇ ، زاۋال قوينىغا پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ خۇرسىنىپ قويدى . زۇلمەتلىنىڭ ئۇزاق كېچە يەنە باشلاندى . بۇ كۈنلەردە ئاتىخان ئاسمانىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىگە قاراپ ، ئاخىرەتنى ئەسلەيدىغان ، كەچلىك ئۇنىڭغا

يوقىلىشتىن بېشارەت بېرىدىغان بىر خىل ۋەھىمىلىك تۇيغۇغا چىرمىلىپ قالغان ئىدى. ئاتىخان بۇگۇنمۇ باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش، ئۆز - ئۆزىگە نۇرغۇن سوئال - سوراقلارنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تەسەللى تاپماقچىدەك، باش - ئاخىرى يوق خىياللارغا غەرق بولدى:

ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئېرىشىش نېمىدېگەن تەس - ھە!؟ بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك قەلب ئىگىسى بولۇش كېرەك ئىكەن! كۈچلۈك ئادەملا ۋەتەن مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن، ئاجىزلار بولسا، ھەمىشە ئېرىشىش ئىستىكىدىلا ياشايدىكەن!... بۇنىڭ سەۋەبى، ئانا تۇپراقنىڭ ئاددىي تۇپراق ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس، خاسىيەتلىك تۇپراق ئىكەنلىكىدە ئوخشايدۇ! ئادەم تۇگۇل، جان - جانىۋارلارمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، نى - نى تاغ - داۋانلارنى، ئۇلۇغ دەريالارنى ئېشىپ ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆتكەن يولدىن ئاداشماي، قەدىمكى ماكانىنى تېپىپ كېلەلەيدۇ!...

لېكىن، مەنچۇ؟! مەن نېمە قىلالىدىم؟!... ئەقىللىق ئادەم تۇرۇپ، ئەقىلسىز جان - جانىۋارلاردەك بولالمىدىم!...

ئاتىخان ئاسمانغا — خۇددى تۈۋسىز ھاڭدەك بۇ قاپ-قاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ يېتىپ، ھەسرەت بىلەن شۇلارنى ئويلىدى.

ئەكبەر دادىسىنىڭ رايى بويىچە، پەيشەنبە كۈنى نەزىر ئۆتكۈزدى. ئاتىخان نۇرغۇن تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىۋالدى ۋە كەچقۇرۇن ئەكبەرنى يېنىغا ئول-تۇرغۇزۇپ مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ئىنسان ئۈچۈن ئارتۇقچە دۇنيا - مەئىشەتنىڭ كېرىكى يوق. ئادەمنىڭ قولى قانچە ئۇزارسا، ئۆمرى شۇنچە قىسقىرايدۇ! پۇلپەرەسلەر مال - دۇنيانى دەپ ئۆلىدۇ؛

ھوقۇقپەرەسلەر تاج ـ ئەمەلنى دەپ ئۆلىدۇ؛ باھادىر نام ـ ئاتاقنى دەپ ئۆلىدۇ؛ ھېچنېمىنى دېمەيدىغانلار بولسا، ئۆلمەي ھايات تۇرىدۇ! سەن بۇ گەپنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت! ھەرگىز ئۆز ئېھتىياجىڭدىن ئارتۇق نەرسىنى دەپ جېنىڭنى ئۇپراتما! — ئاتىخاننىڭ دېمى كېسىلىپ سۆزدىن توختىدى، بىردەم ھۆمىدەپ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى، ئەكبەر ئۇنىڭ دۈمبىسىنى، مەيدىسىنى سىلىدى، ئۇ، بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەكبەردىن سورىدى، — بالام، بىزدە بىرەرسىنىڭ ئامانىتىمۇ بارمۇ؟

— بار، دادا، — دېدى ئەكبەر ئويلاپمۇ تۇرماستىن، — رەھمەتلىك ھېلىمشا ئاكامنىڭ 20 تىللاسى ھازىرغىچە بىزدە ئامانەت تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئوغلۇم! — دېدى ئاتىخان ئوغلىدىن رازى بولۇپ، — ئىنساننىڭ يىلتىزى ئىمان، بالام! لېكىن بۇ ئىمان ھالاللىق بىلەن بولۇشى كېرەك. شۇڭا، ھۆكۈمالار «ھالالنىڭ يىلتىزى مىڭ، ھارامنىڭ يىلتىزى بىر» دەيدۇ. ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلاردا ئىمان بولمايدۇ! مەن ئۇ 20 تىللانى ئۆز قولۇم بىلەن ئالغان، لېكىن ئۆز قولۇم بىلەن ھەق جايىغا بېرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، بۇ ئىش سېنىڭ زىممەڭدە قالدى، بالام. قاچان بولمىسۇن، ئاشۇ 20 تىللانى ھېلىمشانىڭ قىزىنى تېپىپ تاپشۇرۇپ بەرگىن. بۇ، ماڭا ئاخىرەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن!

— خاتىرجەم بول، دادا! — دېدى ئەكبەر دادىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، — مەن بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئامانەتنى چوقۇم ئىگىسىگە تاپشۇرىمەن!

ئەكبەر بۇ سۆزلەرنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان ئاخىرقى ۋەسىيىتى ئىكەنلىكىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىدى،

بەلكى بۇنى دادىسىنىڭ بالىغا قىلىدىغان ئادەتتىكى نەسىھىتى دەپ چۈشىنىپ، كۆڭلىگە ھېچقانداق شەك - شۈبھە يولاتمىدى.

لېكىن، مۇشۇ سۆھبەتتىن ئىككى كۈن كېيىنكى بىر ئەتىگەنلىكى ئاتىخان مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمغاندا، ئۇ ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. دادىسىنىڭ سۆرلۈك جىنازىسى ئىشىكتىن لەڭ ئۇرۇپ چىققاندا بولسا، ھەسرەت يىغىسى بىلەن ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى!...

ئاتىخان مەڭگۈلۈك راھەت - پاراغەتنى ئۆزى ئېلىپ، ھايات غوۋغالىرى بىلەن تۈگىمەس مالامەتلەرنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ، 69 يېشىدا بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئىدى!

ئاتىخاننىڭ ئۆلۈمى ئەكبەرگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى، مۇساپىرچىلىقنى ئاز دېگەندەك، ئۇ ئەمدى بۇ يۇرتتا تىكەندەك يالغۇز قالغان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئېسىگە مۇنداق چىرايلىق بىر خەلق ماقالىسى چۈشتى: «ياغ يالىغاندا يات، قان يالىغاندا تۇغقان ئەسقاتىدۇ». لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ بىرمۇ تۇغقىنى يوق ئىدى، تۇغقان تۈگۈل، ئانىسىنىڭمۇ ھايات - ماماتلىقىنى بىلمەيتتى!

ئەكبەر دادىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا، ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك جىمغۇر، خامۇش بولۇپ قالدى. تونۇش - بىلىشلىرى ئەكبەردىن ئەھۋال سورىسا، ئۇ ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا:

— تىكەندەكلا يالغۇز قالدىم، دوپپام چۈشسە خەقنىڭ يېرىگە چۈشىدۇ، كىشىگە ساق، ئۆزۈمگە ئاغرىق يۈرۈۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

# شاپائەت ۋە ئاداۋەت

## 1

ھەرقانداق گۈزەل بوستانلىقلاردا بارماقلارنى قانىتىدىغان تىكەنلەر ئۆسىدۇ؛ چىرايلىق گۈللۈكلەرنىڭ ئارىسىدا زەھەرلىك يىلانلار يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ!...

مىلادىيە 1975 ـ يىلىنىڭ زۇلقەئدە① ئېيىدا، ئەكبەر ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولدى.

ئۇنىڭ مەككە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، شەھەرمۇشەھەر ئۇچۇپ يۈرگەن «شىركىتى سالام» غا كۆز تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى.

بىر ئاي ئىلگىرى، ئەكبەر غوجىمۇللىنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ھازىر ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئازادە، كۆركەم، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر تولۇق ئىدى. ھاۋا تەڭشىگۈچنىڭ كۈچى بىلەن مەككىنىڭ 48 ℃ لۇق ئىسسىقىدىمۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسى كۆل بويىدىكى شىپاڭلاردەك سالقىن، سۆرۈن تۇراتتى. كىشىلەرگە گويا سىرت بىلەن ئىشخانا ئارىلىقىدا ئىككى پەسىل پەرقى باردەك تۇيۇلاتتى.

① زۇلقەئدە ـــ قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدىكى ئاي.

— ئاكا، سىزنىڭ ئەمدى دەم ئېلىشقا چىقىپ، راھەت - پاراغەتتە ياشايدىغان ۋاقتىڭىز كەلدى، — دېدى ئەكبەر غوجە-موللىنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، — لېكىن دەم ئېلىشقا چىقىشتىن بۇرۇن، سىز شىركىتىمىزگە ئا-خىرقى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىڭ. مەن سىزنى گېرمانىيىگە ئەۋەتمەكچى. بىز ھازىر مەككىدە بىر پاختا زاۋۇتى قۇرۇش پىلا-نىنى تۈزدۇق. سىز گېرمانىيىدىن شۇ زاۋۇتقا كېرەكلىك زامانىۋى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېلىسىز. ئەسلىدە، ئۆ-زۈم بارماقچى ئىدىم، لېكىن زاۋۇت قۇرۇش پىلانىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تەستىقلاتمىسام بولمايدۇ. شۇڭا، سىزنى ئۆزۈمگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىۋاتىمەن! مېنىڭچە، بۇنداق ئىشتا سىزنىڭ ئېپىڭىز بار، تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭىزمۇ بار. شۇڭا، سىزگە ئىشىنىپ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرماقچىمەن!

— پېقىرگە ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت، ئۇكام! — دېدى غوجىمولla ئورنىدىن سەل - پەل قوزغىلىپ، — ئىنشائاللا، تاپ-شۇرۇقىڭىزنى ئورۇندايمەن!

غوجىموللا گېرمانىيىگە بارىدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق چوڭ سودىنى ئۆزى بىۋاستە قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى، لېكىن ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپلا دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ھازىر ئۇنىڭ يېشى گەرچە يەتمىشكە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېنى ۋېجىك، ئورۇق بولغاچقا، تېخىچە تېتىك، تىمەن ئىدى. مۇنداقلا قارىماققا، ئەمدىلا 60 ياشقا كىرگەن ئادەمدەك روھلۇق، بېجىرىم كۆرۈنەتتى. ئۇ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆنۈپ قالغان ئىدى، مەئىشىتىمۇ ياخشى ئىدى. ئەمدى دەم ئېلىشقا چىقسا نېمە قىلار ؟!...

غوجىموللا بىردەم بىكار تۇرمايدىغان، بىكار تۇرۇشنىمۇ

خالىمايدىغان ئادەم ئىدى. سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىدەك تىنىمسىز چېكىلداپ تۇرىدىغان كاللىسى ئۇنى ئاشۇنداق جىم تۇرمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ، پىلان تۈزۈشكە، تەدبىر ئويلاشقا ئۇستا ئىدى. بىراق، ھەممىدە ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئويلايتتى، ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقاتتى. ئەگەر پايدىسى تەگمىسە، چۈشىنىمۇ بەدىنىگە قوندۇرمايتتى!

غوجىمموللا ئەكبەرنى ماختىدى، كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى، تاكى ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولغانغا قەدەر ۋالاقشىپ، ئاندىن ئىشخانىدىن چىقتى، لېكىن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە بولسا، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر شۇم پىلان قەد كۆتۈردى!...

غوجىمموللا گېرمانىيىگە بېرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ميۇنخېندىن تېلېگراما بەردى. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى: «سىز دېگەن ماركىدىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ بولدۇم، ئىككى كۈندىن كېيىن پاراخوت بىلەن يولغا سېلىپ ئاندىن قايتىمەن».

بۇ تېلېگراما ئاتايىن ئەكبەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئېيتىلغان «سىز دېگەن ماركىدىكى» دېگەن سۆز خۇددى ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسىغا ئوخشاش ئالاھىدە مەقسەتتە قوشۇلغان ئىدى!

دەرۋەقە، غوجىمموللا ئالغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ماركىسى دەل ئەكبەر كۆرسەتكەن ئىناۋەتلىك زاۋۇتنىڭ داڭلىق ۋە ئىشەنچلىك ماركىسى ئىدى، ئەمما مال ئۇنداق ئەمەس ئىدى، غوجىمموللا بۇ ئىشتا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن «گۆش كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش» ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. ئۇ، بۇ قېتىم گېرمانىيىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. بۇ يەردىن قايتىپ بېرىپلا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ، دەم

ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن خۇدايىم ئۆز ئامانىتىنى ئالغانغا قەدەر، يەنە ياشىشى، تىرىكچىلىك قىلىشى، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى سۈرۈشى كېرەك! ئەمما بۇنىڭغا پۇل بولمىسا بولامدۇ؟ پۇل دېگەن بۇ دۇنياغا قىز پېتى كېلىپ، يەنە قىز پېتى كېتىدىغان ئوتلۇق نەرسە! پۇل بولمىسا، ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، ھەتتا قورساق ئاچقاندا بىر ناننى ئېلىپ يېيەلمەي، ئاچلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئادەم!

ئەڭ يامىنى، غوجىمۇللىنىڭ قەلبىدىكى كونا ئاداۋەت ئىدى! ئۇ، مىڭتېكە داۋىنىدىكى ھېلىقى شەرمەندە ئىشلارنى ھەر قېتىم ئەسلىسە، ئاتىخاننى چاينىۋەتكۇدەك ئاچچىقى كېلەتتى. ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇ ئادەم كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ئىش ئاشكارىلانماي، غوجىمۇللا نۇرغۇن نەپكە ئېرىشكەن بولاتتى. كېيىنكى يوقسۇللۇق، سەرگەردانلىق ھاياتىمۇ بولمايتتى! تېخى ئۇنىڭ شۇ چاغدا قىلغان بىرمۇنچە يامان گەپلىرىچۇ!؟ بۇ گەپلەر غوجىمۇللىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ، يۈرىكىگە دەرد بولۇپ ئورناپ كەتكەن ئىدى! ھازىر ئاتىخان يوق، بۇ دۇنيادىن ئاللىقاچان خوشلاشتى! لېكىن، ئۇنىڭ پۇشتى ھازىر شۇنداق كۆتۈرۈلۈپ، راھەت - پاراغەتتە ياشايدۇيۇ، بۇنداق بەخت نېمە ئۈچۈن غوجىمۇللىغا نېسىپ بولمايدۇ؟! غوجىمۇللىنىڭ ئۇنىڭدىن نەرى كەم؟! ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا بىر مۇساپىر كەلگىندىغۇ!؟... تېخى ئۇنىڭ ئەكبەردەك بىر سېرىق تۈكنىڭ قولىغا قاراپ قالغىنى چوڭ خورلۇق ئەمەسمۇ؟!...

غوجىمۇللا بۇلارنى ئويلىسا، يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزى قىزىراتتى! ئاللانىڭ بۇنداق تەڭسىز، ئادالەتسىزلىكىدىن زارلايتتى، زارلىغانسېرى ئەكبەرگە ئۆچلۈكى كېلەتتى، ئاتا ئاداۋىتى ئۆرلەيتتى!...

بۇ قېتىم ئەكبەر ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سودا پۇرسىتى بەردى. بۇ پۇرسەتتىن چوقۇم ياخشى پايدىلىنىش كېرەك! بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ئۆمۈرلۈك نادامەتتە قالىدۇ!...

غوجىموللا ئەنە شۇنداق هارام خىياللار بىلەن مېۇنخېندا بىر سودا دەللىلىنى تاپتى. بۇ دەللال كاززاپ، ساپساپچى، كىر-مەيدىغان تۆشۈكى يوق ئەپچىلەم ئىدى. ئۇ، غوجىموللىنىڭ ئەگىتىپ قىلغان بىر - ئىككى ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشەندى ۋە مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ:

— كەمسىنىلىرى ئەقىل - پاراسەتتە ئاجىز، ئۇرۇش - سوقۇشتا ناقابىل، — دېدى ئۆزىنى سەممىي، كەمتەر قىياپەتتە كۆرسىتىپ، — لېكىن سودا ئىشىدا بەندە تۇگۇل، خۇدانىمۇ رازى قىلالايمەن! خاتىرجەم بولسىلا، مەن هەممىنى چۈ-شەندىم!...

ئۇلار سۆزلەشتى، كېلىشتى، ئەڭ ئاخىرى ئەگەر ئىش غوجىموللىنىڭ دېگىنىدەك پۈتسە، سودا دەللىلىنى 5 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن رازى قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى!

ئىشلار تېز هەم ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى. سودا دەل-لىلى مېۇنخېن شەهىرى ئەتراپىدىكى بىر مەهەللىۋى زاۋۇت بىلەن سۆزلىشىپ، 10 كۈن ئىچىدە پاختا زاۋۇتىغا كېرەكلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ياساپ بېرىشنى توختاملاشتى. ئاندىن بىر تونۇشى ئارقىلىق مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ، هېلىقى چولڭ زاۋۇت-نىڭ داڭدار ماركىسىنى قولغا چۈشۈردى. ئىككى هەپتە ئىچىدە هەممە ئىش پۈتتى، ساختا مالغا جىلڭ مالنىڭ ماركىسى چاپلان-دى. بۇ سودىدا هېلىقى دەللال 5 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، غوجىموللا 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى هايان ئالدى. ئۇنىڭ نەزى-رىدە، ئادەم غۇلاپ چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇنداق

هارام ، يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل باتۇرلۇق ھېساب-لىناتتى !...

غوجىمۇللا مىيۇنخېندىن قايتىپ كېلىپ ، 20 كۈندە مال يېتىپ كەلدى . بۇ ئارىلىقتا ، پاختا زاۋۇتىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىمۇ پۈتۈپ بولغان ئىدى . ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر چوڭ زالغا چۈشۈرۈلدى . بۇلار جاي ـ جايىدا قۇراشتۇرۇلسىلا ، زاۋۇت ئىشقا چۈشۈپ كېتەلەيتتى .

ئەكبەر تېپىپ كەلگەن ئىككى تېخنىك ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى . بۇ ئىشقا غوجىمۇللىمۇ ئارىلاشتى ، ئۇ ، ئەكبەرنىڭ « ئەمدى دەم ئېلىڭ ئاكا ، چارچىدىڭىز ! » دېگەن نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ، ئۆزى ئې-لىپ كەلگەن « داڭدار ماركىلىق » ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا قۇراشتۇرۇلۇپ ، كۆز ئالدىدا ئىشقا كىرىشىشىنى كۆرمەكچى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىشىنى ئاخىرقى قېتىم شىركەت جامائىتىگە كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولدى . شۇڭا ، غوجىمۇللا ئەتىدىن ـ كەچكىچە تېخنىكلارنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ ، ئۇلاردىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدى . يەنە بىر ھېسابتا ، ئۇ تېخنىكلارنىڭ مالنىڭ ساختىلىقىنى بىلىپ قېلىپ ، داۋراڭ قىلىشىدىن ئەنسى-رەپمۇ ئاشۇنداق قىلغان ئىدى .

خۇداغا شۈكرى ، قۇراشتۇرۇش ئىشى ئۈچىنچى كۈنىگە قەدەم قويىدى ، بۇ ، ئەڭ ھالقىلىق — توك يوللىرى چېتىلىپ ، سىناق قىلىنىدىغان مۇھىم كۈن ئىدى !

چۈشكىچە ھەممە ئىش پۈتتى ، كۈنۈپكىنى باسسىلا ، توك ئېقىمى يۈرۈشۈپ ماشىنا ھەرىكەتلىنەتتى . شۇ تاپتا ، غوجىمۇللى-نىڭمۇ ، تېخنىكلارنىڭمۇ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتاتتى .

بىر تېخنىك توك مەنبەسى ئورنىتىلغان تام تەرەپكە

ماگدى، قۇراشتۇرۇلغان ماشىنىنىڭ يېنىدا غوجموللا بىلەن يەنە بىر تېخنىك قالدى.

كۇنۇپكا چىكىكىدە بېسىلدى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان شۇ دەقىقىدە ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر ئىش يۈز بەردى: تۇيۇقسىز گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ياڭراپ، ماشىنا پارتىلىدى، تۆمۈر پارچىلىرى خۇددى زەمبىرەك ئوقلىرىدەك شىددەتلىك چاچراپ، زالنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى ھۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتتى. پارتىلىغان ماشىنىنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان غوجموللا بىلەن ھېلىقى تېخنىك بۇردا ـ بۇردا گۆشكە ئايلىنىپ، شۇ يەردىلا جان بەردى. يەنە بىر تېخنىك ئېغىر يارىلىنىپ تام تۈۋىدە يېتىپ قالدى!...

بۇ خەۋەر جىددەدە ئىش بېجىرىۋاتقان ئەكبەرگە يەتكۈزۈلگەندە، قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. قولىدىكى ئىشنى شۇ يەرگىلا تاشلاپ، دەرھال مەككىگە كەلدى. ئاڭغىچە بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر پۈتۈن مەككىگە گۈررىدە تارقاپ بولغان ئىدى!

غوجموللا بۇ ئالەمدىن بەكمۇ تۇيۇقسىز، نام ـ نىشانسىز كېتىپ قالدى! كەتكەندىمۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ، بېشىنى سىيلىغان شىركەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى ئۇ دۇنيالىق قەرز قىلىپ يۈكلەپ كەتتى!...

مانا بۇ، بۇ دۇنيادا پۇلغا كۆزى تويمىغانلارنىڭ كۆزىنى گۆرنىڭ توپىسى تويدۇرىدۇ، دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەت ئىدى!

## 2

بۇ خۇددى «جاپا چەك، ۋاپا تاپ» دېگەندەكلا ئىش بولدى.

ئەكبەر پاختا زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ئىشلارنى

بىر تەرەپ قىلىپ ، ئەمدى ئۇھ دەپ تۇرۇشىغا ، كۇتۇلمىگەندە ، يەنە كونا خېرىدارلىرىنىڭ قاتتىق قىسمىقى ئارىسىدا قالدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مال زاكاز قىلىپ پۇل تۆلىگەن دۇ-كاندارلار ئىدى .

— ئاڭلىساق ، ماللىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بېيىروتتىن چىقالماي يېتىپتۇ . بېيىروتتا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ ، قۇربان ھېيتقا بولسا ئاز قالدى ، ئۇ ماللار ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەيدىغان بولدى ، پۇللىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭ !

مانا بۇ ، ئۇنىڭغا مال زاكاز قىلىپ پۇل تۆلىگەن ئەرەب ، ھىندى ، ئۆزبېك ۋە ھەمشەھەر دۇكاندارلارنىڭ ئورتاق تەلىپى ۋە جىددىي نارازىلىقى ئىدى !

ئەكبەر بىرنەچچە يىلدىن بېرى ، گېرمانىيە ، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق جايلاردىكى شىركەتلەر بىلەن مال توختام تۈزگەندە ، ئۇلار ماللارنى بەھرەيىنگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى . بۇ ماللار بەھرەيىندىكى دېڭىز بوغۇزىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆچرەت كۈتۈپ ئۆتۈپ ، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق جىددە ۋە مەككىگە كەلگۈچە ئىككى - ئۈچ ئاي ۋاقىت كېتەتتى . ئاڭغىچە ، يېڭى مودىلار چىقىپ ، بۇ ماللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتەتتى ، بازار كاساتلىشاتتى . شۇڭا ، ئەكبەر بۇ قېتىم ئۇ شىركەتلەر بىلەن توختام تۈزگەندە : « بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئەۋەتىدىغان ماللارنى بەھرەيىنگە ئەمەس ، بېيىروتقا ئەۋەتىڭلار ، بىز شۇ يەر-دىن تاپشۇرۇپ ئالىمىز ! » دەپ ئۇقتۇرۇش قىلغان ئىدى . دېگەندەك ، ئۇلار ماللارنى بېيىروتقا ئەۋەتتى . لېكىن ، شۇ كۈن-لەردە قېرىنداشقاندەك ، لىۋاندا پارچە - پۇرات ئۇرۇشلار بولۇپ ، بېيىروت جەڭگى - جېدەل ئىچىدە قالدى . ئۇ ماللارمۇ بېيىروت تاموژنىسىدىن چىقالماي ، شۇ يەردە بېسىلىپ قالغان ئىدى !

ئەكبەر قاتتىق تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدى .

خىرىدارلىرىدىن يىغىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى نەس باسقان پاختىنا زاۋۇتىغا دەسمىي قىلىپ سالغان ئىدى. بۇ پۇللار ئىككى ئادەمنىڭ جېنى بىلەن پۈتۈن زاۋۇتنى ۋەيران قىلىپ، ئەكبەرنى قاتتىق داغدا قويدى! ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانچە پۇل يوق ئىدى. خېرىدارلىرى بولسا، ئۇنى كۈندىن-كۈنگە قىستاپ كېلىۋاتاتتى! سودا-تىجارەتچى دېگەن شۇ، ئۇلار ئادەمنى ئەمەس، پۇلنى تونۇيتتى. پۇل ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقان، قان-قېرىنداشلارمۇ ئۇلارغا يات، بىگانە ئىدى!

ئەكبەر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر دوستى ھارىسنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— غەم قىلما، ئاداش! ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ! — دېدى ھارىس ئەكبەرنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — پاختىنا زاۋۇتى ئىشىدا سېنى تازا بىر قارا بېسىپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئالا كۆڭۈللىكى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. خەيرىيەت، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى! ئەمدى ھازىرقى گەپنى قىلايلى: خېرىدارلىرىڭغا پۇلنى قايتۇرمىساڭ بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى يوللۇق، زاكاز قىلىنغان ماللار قۇربان ھېيتتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ قولىغا تەگمىسە، بازار تاپالمايدۇ، خېرىدارلىرىڭنىڭ پۇلىنى قايتۇرايلى، بۇ پۇلنى مەن ساڭا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇراي...

— رەھمەت ھارىس، رەھمەت ساڭا ئاداش! — دېدى ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ، — بۇ ھىممىتىڭ بىلەن سەن مېنى ئېغىر مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇردۇڭ!

ئەكبەر ھەقىقەتەن ھاياجانلانغان، خۇشاللانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىناس دوستىنىڭ سەمىمىي، غەرەزسىز مېھىر-شەپقىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدى.

— ئەمدى بېيرۇتتىكى ماللار توغرىسىدا مېنىڭ پىكرىم

مۇنداق ، ــــ دېدى هارىس خېلى چوڭقۇر ئويلانغاندىن كې-
يىن ، ــــ ئۇ ماللارنىمۇ ھېيتتىن بۇرۇن ئەكېلىشنىڭ ئامالىنى
قىلمىساق بولمايدۇ . بولمىسا ، كۆپ زىيان تارتىپ كېتىسەن ! مې-
نىڭ بېيىروت تاموژنىسىدا يېقىن بىر ئاغىنەم بار . مەن ئۇنىڭ
بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشەي ، سەن شىركەتتىن ئايىغى چاققان ،
ئېپى بار ئادەمدىن ئىككىنى بېيىروتقا ماڭدۇر . ئۇلار ماشىنىلارنى
تەييار قىلىپ ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرسۇن،شەھەردىكى جەڭگى -
جېدەللەر بىرئاز بېسىققان ۋاقىتتا ، تاموژنىدىكى ھېلىقى ئاغىنەم
ماللارنى چىقىرىپ بېرىدۇ ، ئۇلار دەرھال ماشىنىلارغا قاچىلاپ ،
كېچە - كۈندۈز توختىماي ھەيدەپ كەلسۇن ! شۇنداق قىلساق ،
سېنىڭچە بولارمۇ ؟
ــــ بولىدۇ ، ئەلۋەتتە بولىدۇ ! ــــ دېدى ئەكبەر دوستى-
نىڭ ئەقلىگە ، دىتىغا قايىل بولۇپ ، ــــ يەنە سېنى ئاۋارە
قىلىدىغان بولدۇم !
ئۇ ، خىجىلچىلىق ئىچىدە بېشىنى مۆلايىم ئەگدى .
ــــ سېنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىڭ ! ... ــــ دېدى ھارىس بىگىز
قولىنى دوستىنىڭ بۇرنىغا تەڭلىگىنىچە ، ــــ بىزنىڭ ئارىمىزدا
بۇنداق تەكەللۇپ گەپلەرنىڭ نېمە ھاجىتى ! ؟ ئۇنداق
دەۋەرسەڭ ، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن ! ...
ــــ ئەمىسە دېمىدىم ، بولدىمۇ ! ...
ئۇلار خۇددى ياش ۋاقتىدىكىدەك بىر - بىرىنى قۇچاق-
لىشىپ كۈلۈشتى ، كۈلگەندىمۇ ، چىن يۈرەكلىرىدىن چىقىرىپ ،
سەمىمىي ۋە دوستانىلىق بىلەن ئۇزاق كۈلۈشتى ! ...

## 3

ھارىسنىڭ دوستانە ھىممەت - شاپائىتى ئەكبەرنى ئېغىر

مۇشكۈللۈكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

خېرىدارلارنىڭ قەرزى تولۇق تۆلەندى، غوۋغالار بېسىقتى. بېيرۇت تاموژنىسىدىكى ماللارمۇ قۇربان ھېيتتىن 10 كۈن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، مەككە، تائىف ۋە جىددە بازارلىرىغا سېلىندى. ئەكبەر قەددىنى رۇسلىۋالدى، ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان «شىركىتى سالام» مۇ قايتىدىن جانلىنىپ، يەنە ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى! ...

ئەكبەر ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ھارىسنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كەلدى. مەقسىتى، مۇشۇ باھانىدە كۆڭلىدىكى يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئالەمچە رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئىدى.

لېكىن ھارىس ئەكبەرگە زادىلا سۆزلەش ئىمكانىيىتى بەرمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالىنى باشقا ياقلارغا چېچىۋەتتى.

— بۇ ئىشلارمۇ تۈگىدى، ئەكبەر! — دېدى ئۇ قولىدىكى قەھۋە دەملەنگەن خرۇستال ئىستاكاننى ئەكبەرنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ، — ئەمدى غەمدىن پۈتۈنلەي خالاس بولدۇق!

غەمدىن خالاس بولدۇق!؟ ...

راست، ئۇنىڭ غەملىرى پۈتۈنلەي تۈگىگەنمىدۇ؟!

ئەگەر گەپنى پۇلدىن باشلاشقا توغرا كەلسە، ئەكبەرنى ھازىر ھەقىقەتەن غەمسىز، باياشات، پۇلدار ئادەم دېيىشكە بولاتتى! ئۇ، مەككە، تائىف ۋە جىددەدىكى يۇرتداشلار ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان شەخس ئىدى. ئەكبەرنىڭ ئىلكىدىكى «شىركىتى سالام» مۇ ياۋروپادىكى بىرنەچچە دۆلەتلەر ئىچىدە داڭدار ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىگە خاس ئىككى قەۋەتلىك زامانىۋى تۇرالغۇ جايى بار ئىدى. ئولتۇرىدىغىنى ئامېرىكىنىڭ

«كادالاك» ماركىلىق ئېسىل پىكاپى ئىدى. چوڭ قىزى مەكىكىدىكى «ئومۇل قورۇ ئۇنىۋېرسىتېتى» دا، كىچىك قىزى ئىسپارگۇل بولسا، جىددە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئوغلى ئارمان كۈندۈزى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەرەب بالىلىرى بىلەن ئوقۇيتتى، كەچتە ئائىلىدە ئوقۇتقۇچى ياللاپ ئىنگلىزچە ئۆگىنەتتى ...

ئەكبەردە ھازىر ھەقىقەتەنمۇ بالا دەردى، ئائىلە غېمى دېگەنلەر يوق ئىدى! لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ھارىسنىڭ سۆزى ئەكبەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ راستتىنلا غەمدىن پۈتۈنلەي خالاس بولغان ئادەممىدۇ؟!...

ئەكبەر ھارىسقا ئەجەبلىنىپ قارىدى، گويا يۈرىكىنى چىرماپ ياتقان بىر سوئالغا ئۇنىڭ كۆزىدىن جاۋاب ئىزلىمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭ يوغان، قاپقارا قوي كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن، غەلىتە بىر سوئالنى سورىدى:

— ھارىس، سەن چەت ئەللەرگە چىققاندا، ئەڭ ئۇزاق تۇرغان ۋاقتىڭ قانچىلىك؟

ھارىس بۇ سوئالنىڭ تېگىدىكى مەنىلەرنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— ئىككى ئاي. پەقەت پارىژدا ئاشۇنداق ئۇزاق تۇرۇپ قالغان ئىدىم.

— نېمىشقا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق تۇرمىدىڭ؟

— تۇرغۇم كەلمىدىغۇ، تاڭ! چىدىمىدىم ...

— نېمىگە چىدىمىدىڭ؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى ئەكبەر.

— بىلمەيمەن ... — دېدى ھارىس ۋە كۆڭلىدىكى ھېس-تۇيغۇلىرىنى بىر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن چۈشەندۈ-

رۇشكە تىرىشىپ داۋام قىلدى، — ئىشقىلىپ، مەككىگە قايتقۇم كېپىكەتتى، گويا غايىبانە بىر قول مېنى شۇ ياققا تارتىپ تۇرغاندەك...

— مانا بۇ مۇھەببەت! — دېدى ئەكبەر ئاغىنىسىنىڭ سۆزىگە يەكۈن ياساپ، — دۇنيادىكى ھېچ نەرسە تەڭ كەلمەيدىغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس ئانا يۇرت مۇھەببىتى!

— توغرا! — دەپ خۇشاللىنىپ كەتتى ھارىس، — توغرا دېدىڭ، ئەكبەر! شۇڭا، مەن مەككىنى ھېچ يەرگە تەڭ قىلمايمەن! گەرچە بۇ يەر قاقاس، ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ گۈزەل، ھاۋالىق پارىژغىمۇ، رىمغىمۇ، لوندونغىمۇ تەڭ قىلمايمەن! بۇ يەر گويا مېنىڭ قەلبىمدە يەتتە ئىقلىمدا يوق گۈزەل جەننەت!...

ئەكبەر شۈكلەپ قالدى، چىرايىدىن ئېچىنىشلىق بىر قىياپەت — مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمەي، ھەسرەت - نادامەت چېكىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ مۇڭلۇق قىياپىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھارىس دوستىنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ئازابلىق ھالەتنى كۆرۈپ، ئالدىراپ سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ، ئەكبەر؟ چىرايىڭ غەلىتە بولۇپ كەتتىغۇ؟! ھە، راست... بىلدىم!... بىلدىم!...

ھارىس خاتا قىياس قىلمىغان ئىدى، ئۆزىنىڭ بايا ھاياجانلىنىپ كېتىپ قىلغان سۆزى بىلەن ئەكبەرنىڭ يۈرىكىدىكى كونا يارىنى قاتتىق تىرنىۋەتكەن ئىدى.

— بايا غەم توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالدى، ھارىس! — دېدى ئەكبەر ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، — ھازىرقى ئائىلەمنى، تۇرمۇشۇمنى، سودا - تىجارىتىمنى دېسە، مەن ھەقىقەتەن غەمسىز ئادەممەن! لېكىن، مېنىڭ يۈرىكىم يەنىلا خۇشال، بەختلىك ئەمەس، ئاداش! مەڭگۈ

يوقالماس بىر غەم ھەمىشە مېنى ئازابلاپ، يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ! بۇ غەم باشقا نەرسە ئەمەس، بايا سەن ئېيتقان ئاشۇ مۇقەددەس ۋەتەن مۇھەببىتى! ئىنسان قەلبىدىكى ۋەتەن مۇھەببىتى — ئۆز ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرىغا، ئۆزۈڭ چوڭ بولغان ئاشۇ شەھەر، ئاشۇ سەھرا چېتىدىكى ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەرگە، ئۇنىڭ يېنىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بۇلاق سۇلىرىغا، باھار كەلگەندە گۈل - غۇنچىلار بىلەن سۇمبۇل نوتىلارغا تولىدىغان ئېدىرلىقلارغا، يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەزىم تاغ - دەريالارغا، سەن مەكتەپكە بارىدىغان يوللاردا ئۆسكەن چېچەك - بوستانلارغا ... بولغان مۇھەببەت ئىكەن! ... مەن بۇ نەرسىلەرنى بىر كۈنمۇ ئەستىن چىقارغىنىم يوق، ھارىس! ئۇ ھەمىشە دىلىمدا چىراغدەك يېنىپ تۇرىدۇ! مەن بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن، ۋەتەنىدىن ئايرىلغان ئادەم بەئەينى بەدەنىدىكى ئۆلگەن ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش بولىدىكەن! ئۆلگەن ھۈجەيرىنىڭ نېمە قىممىتى!؟ ئۇ خۇددى چاچقا چۈشكەن كېپەكتەك يىلتىزسىز، قەدىرسىز نەرسە ئەمەسمۇ؟! مەن ھازىر ئەنە شۇ قەدىرسىز كېپەككە ئوخشايمەن! ...

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرىدىن غىلىلدە ياش ئەگىدى، بۇ ئاجايىپ بىر ياش ئىدى، ئۇنىڭدا ئۇزاق يىللىق جۇدالىق، تەشنالىق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ مۇجەسسەملەشكەن جىلۋىسى نامايان ئىدى! شۇنداقلا بۇ ياش ئىسسىق، سۈزۈك، ئەمما بېجىرىم بىر ئەرنىڭ يۈرىكىدىن ئېقىپ چىققان ئاچچىق ياش ئىدى! ...

بۇ كۈنلەردە، ئەكبەر مەدرىستە ئوقۇغان كىتابلاردىن زەلىلىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى پات - پات ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى:

«باشقا ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ پادىشاھلىقنى قولغا كەلتۈرسەڭمۇ، ھامان دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك غۇربەتچىلىكتە

ئۆتىسەن، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ پىراقىدا ئۆرتىنىسەن ! ...»

راست، ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى، تارىخىنى، يۇرت ـ ماكا-نىنى بىلمىگەن ئادەم خۇددى پايانسىز دەشت ـ باياۋاندا ئېزىپ يۈرگەن ناتىۋان بالىغا ئوخشىشىپ قالامدۇ ؟ ! ...

ئېسىل نازۇنېمەتلەر تىزىلغان ئازادە مېھمانخانىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. ئەكبەرمۇ، ھارىسمۇ ئۆز خىياللىرى بىلەن جىممىدە ئولتۇراتتى.

ئەزەلدىن كەڭ پىكىرلىك، ھېسسىياتى كۈچلۈك ئادەملەر ئازابتىن، دەردتىن خالىي بولغان ئەمەس !

— ھېلىمۇ چىدىدىڭ، ئەكبەر ! — دېدى ئاخىر ھارىس ئارىدىكى ئېغىر جىمىلىقنى بۇزۇپ، — تەقدىر سىلەرگە بەكمۇ ئادالەتسىزلىك قىلدى ! ئاتىخان ئاكام بۇ يولدا كۆپ رىيازەت چېكىپ، ئاخىر شۇ دەرد بىلەن كۆزى ئوچۇق دېگەندەك كەتتى ! ئەمدى سەن بولساڭمۇ مۇنداق ئېغىر جۇدالىققا خاتىمە بېرىپ، يۇرتقا بىر بارساڭ بولاتتى ! بىز بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلايلى، ئاداش ! دۇنيادا ھالقىغىلى بولمايدىغان داۋان يوق ! ...

ئىككى دوست خېلى ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، پاراڭلاشقانسېرى خۇددى بىرىنىڭ يۈرىكىدە يەنە بىرىنىڭ يۈرى-كىنى ئىللىتقۇچى نۇر ۋە ھارارەت باردەك، ئۇلارنىڭ روھى ۋە جىسمى جانلىنىپ، بايىقى مۇڭ ۋە ئازابقا تولغان سۇلغۇن كەيپى-يات ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى !...

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئىلاھىي سۆيگۈ

## 1

ئىنسان ھاياتى خۇددى كېچىلىرى چاقنىغان چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ!

ئادەم بەش يىل، 10 يىل بۇرۇن بولغان ئىشلارنى تېخى ھېلىلا بولغاندەك ئەسلەپ، شۇ ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالىدۇ. تىرىكچىلىك يولىدا جان تىكىپ ئۆتۈۋاتقان مۇشكۈل ۋاقىتلارمۇ خۇددى دەريا مەۋجىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شوخلۇق بىلەن قوغلىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ!

مىلادىيە 1980 - يىلى سېنتەبىر ئېيى ئەكبەر ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك، قۇتلۇق ئاي بولدى.

ئۇ، بۇ يىل توپتوغرا 48 ياشقا كىرىپ، قىرانلىق يېشىدىكى يېتىلگەن ئەر بولۇپ قالغان ئىدى. ئەكبەرنىڭ قاپقارا قويۇق بۇرۇتى، ئاق ئارىلىغان كۆتمەك ساقىلى قوڭۇر رەڭلىك دۆگىلەك يۈزىگە، قامەتلىك بەستىگە يارىشىپ، ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى دادىسى ئاتىخاننىڭ بۇنىڭدىن 32 يىل بۇرۇن ھەج سەپىرى ئىشقىدا يۈرگەن

ۋاقتىدىكى تۇرقىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. بىرلا ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئاتىخان ئۇ چاغدا بېشىغا يېشىل مانپۇ دوپپا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن پاگچۇ يەكتەك، پۇتىغا شىپەك كەش كىيىۋالغان ئىدى؛ ئەكبەر بولسا، ھازىر ئۇچىسىغا ئەنگلىيىدە تىكىلگەن بېغىررەڭلىك ئېسىل شىم - كاستۇم، پۇتىغا ئىتالىيىنىڭ داڭلىق شىبلىتنى كىيگەن، كاستۇم - بۇرۇلكىغا پەرلەپ گالستۇك تاقىغان، فرانسىيىنىڭ خۇشبۇي ئەترىسىنى چېچىپ، چارلاشقان چېچىنى مايلاپ، خۇددى چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلماقچى بولغان دىپلوماتلاردەك سالاپەت بىلەن مەغرۇر ھالەتتە تۇراتتى!

دېمىسىمۇ، ئەكبەر بۈگۈن سودا دىپلوماتى سۈپىتىدە سەپەرگە چىقماقچى. بۇ سەپەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى سەپەر ئەمەس، بەلكى ئۇ، 30 يىلدىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن، تولا كۈتۈپ يۈرەكلىرى قاغجىراپ كەتكەن قۇتلۇق سەپەر ئىدى!

سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئەكبەرنىڭ بۇ يىل گۇاڭجۇدا ئېچىلىدىغان سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغان ئىدى. بۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا ئاسان كەلمىدى، ئەگەر ھارىس ئۇنى ئاشۇنداق يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىمىگەن بولسا، ۋەتەن تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىشتەك بۇنداق ئالتۇن پۇرسەت ئۇنىڭغا يەنە نېسىپ بولمىغان بولاتتى!

ھارىس ئۇنىڭغا بىر كۈنى: «سېنىڭ ۋەتىنىڭنىڭ جەنۇبىدىكى كانتۇن دېگەن شەھەردە سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، شۇنىڭغا قاتنىشىشقا ئۇرۇنۇپ باقمامسەن، يەرمەنكىدىن كېيىن يۇرتۇڭغا بېرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس! ...» دېگەن يېڭى خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئەكبەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇشۇ ئىشقا چاپتى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلەشتى،

هۆكـۈمـەتـكـە ئـىـلـتـىـمـاس سـۇنـدى . ئۇزاق ئۆتمەي ، سەئۇدى هۆكـۈمـىـتى ئۇنىڭ ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى . شـۇ كۈنى خۇشاللىق ۋە هاياجاندىن ئەكبەرنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كـەتـكـىـلـى تـاس قـالـدى ، بـالا ـ چـاقـا ، ئۇرۇق ـ تـۇغقان ۋە يـۇرتـداشلار ئۇنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ ، بۇ ، ئالەمچە خۇشاللىقنى تەنتەنە قىلىشتى ، ئەكبەر بۇ خۇشاللىقنى شۇ منۇتتا ئامېرىكىنىڭ « خـارۋات » ئۇنـىـۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئارمانغا تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزۈپ ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى شادلىققا چۆمدۈردى ...

— ئوغـلـۇم ئەكـبـەر ، سـەن ئۇچـۇن پەخىرلىنىمىز ! — دېـدى چـاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ قېرىپ قالغان مۇسا داڭقان ئۇ- نـىـڭ قـولـىـنى مەهكەم تۇتۇپ ، — سەن يۇرتقا بارغاندا ، ئىككى كـۆز بـىـلـەن ئەمەس ، بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنىمۇ قوشۇپ مىڭ كۆز بىلەن يۇرتقا قارىغىن ، ئىككى دۇنيالىق سالىمىمىزنى يەتكۈزگىن ! مـەن قـېـرىـپ قالدىم ، بالام ! ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ ، قايتىشىڭدا يـۇرتـىـنىڭ تۇپىرىقىدىن بىر ئۇچۇم ئالغاچ كەلگىن ،.مەن ئۇنى ياسـ تـۇقـۇمـىـنـىڭ ئاسـتـىـغا قويۇپ ياتاي ، ئۇ مېنىڭ يەرلىكىم بولۇپ قالسۇن ! ...

شـۇ گـەپـلـەرنـى قـىـلـىـپ مۇسا داڭقاننىڭ كۆڭلى يېرىم بـولـدى ، ئۆزىـنـى تـۇتالماي ئېسەدەپ ، بوزلاپ ، خېلى ئۇزاققىچە ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى ! ...

هازىـر ئەكـبـەر بـىـلـەن مۇسا داڭقان قۇدا ـ باجا ئىدى . مـۇسـا داڭقاننىڭ مەككىدە تۇغۇلغان ئوغلى ئابدۇللا ئۆتكەن يىلى ئەنـگـلـىـيـىدىكى « ئاۋىئاتسىيە مېخانىزمى » كەسپىنى پۈتتۈرۈپ كـەلگەندىن كېيىن ، جىددەدىكى خەلقئارا ئايرودرومغا ئايروپىلان تېخنىكى بولۇپ ئورۇنلاشقان ئىدى . ئىككى ئائىلىنىڭ كېلىشىشى بـىـلـەن ئەكبەر چوڭ قىزى تاجىگۈلنى بۇ يىل 2 ـ ئايدا ئابدۇللاغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ئىدى ! ...

خۇشاللىق ئاخىر بېرىپ يىغا - زارغا ئايلىنىپ كەتتى. مۇسا داڭقاننىڭ گېپى ھەممەيلەننىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىپ، ئۆلارنى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئۆلۈم توغرىسىدىكى مەشئۇم خىياللارغا ۋە يۇرت، ۋەتەن، ئانا تۇپراق توغرىسىدىكى يېقىملىق تۇيغۇلار ئالەمگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى! ...

مېھمانلار بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ، ئاخىر نۇرغۇن ياخشى ئارزۇ - ئىستەكلەر بىلەن ئەكبەرنىڭ بۇ قېتىمقى قۇتلۇق سەپىرىگە ئاق يول تىلىدى.

شۇ ئىشتىن ئۈچ كۈن كېيىن، ئەكبەر خەلقئارا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، جىددەدىن شياڭگاڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى! ...

سۈرەتنى رەڭلەر، بىنانى نەقىشلەر بېزىگەندەك، گۈاڭجۇ سودا يەرمەنكىسىنى جاپاكەش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىشچان قوللىرى شۇنداق كۆركەم ۋە گۈزەل قىلىپ بېزىۋەتكەن ئىدى!

ئەكبەر ئۇزاق يىللاردىن بېرى، يۈرىكىدە ساقلاپ، سۆيۈپ ئەتىۋارلاپ كەلگەن ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان ئاشۇ كۈنى ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ ھېس قىلدى. ۋەتەن ئۇنى ئىللىق قۇچىقىغا ئالدى، جەنۇبىي دىيارنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى ئەكبەرنىڭ قەلبىدىكى تەشنالىقنى قاندۇردى، رەڭمۇ - رەڭ گۈل - گىياھلارغا تولغان گۈزەل، مۇنبەت تۇپراق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نۇر، كۆڭلىگە شادلىق بەخش ئەتتى! ...

ئەكبەر سودا يەرمەنكىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» دېگەن ۋىۋىسكىسى بار بۆلۈمگە كىرگەندە، ھاياجاندىن تىترىمۇ مەستخۇش ھالەتكە كېلىپ قالدى. بۇ يەر خۇددى قاشتېشى ئوردىسىدەك، نۇر ۋە ھارارەتكە تولغان ئىدى. لېكىن، ئەكبەرنى مەستخۇش قىلغىنى بۇ يەردىكى گۈزەللىك ۋە كۆركەملىك ئەمەس، بەلكى ئانا سۈتىدەك پاكلىق ۋە ئانا ھىد-

دەك خۇشبۇيلۇق پۇراپ تۇرغان پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنى بىلەن ئانا دىيارنىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسىدەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يەكەننىڭ شايى ـ ئەتلىسى ئىدى. ئۇ، قوغۇندىن تويغۇچە يېدى، تەنلىرى يايراپ، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. 32 يىلدىن بېرى ئەكبەر يەپ كۆرگەن نۇرغۇن مېۋىلەر ئۇنىڭغا مۇنچىلىك ھوزۇر بېغىشلىمىغان ئىدى. ئانا تۇپراق باغرىغا قانغان، يۇرتنىڭ ئەركەك سۇيىنى ئېچىپ پىشقان بۇ قوغۇنلارنىڭ تەمى، ھېدى ۋە رەڭگى باشقىچە ئىدى. قوغۇننىڭ شېرىن تەمى ئالدىدا، ھەسەلمۇ، ناۋاتمۇ بىر چەتتە قالاتتى؛ قوغۇندىن ئانا سۈتىنىڭ يېقىملىق ھىدى كېلەتتى؛ ئۇنىڭ تورلاشقان، قارامتۇل رەڭگى بەئەينى ئۆزىنى ياراتقان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ پۈرلۈم - پۈرلۈم قورۇق باسقان قوڭۇر رەڭگىگە ئوخشاپ كېتەتتى!...

ئەكبەر بىرنەچچە كۈنگىچە ئاش ـ تاماق ئورنىدا قوغۇن يېدى، يېگەندىمۇ، ئۆز ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش كاسىلاپ، قىرىپ، سۈيىگە نان چىلاپ يېدى.

شايى ـ ئەتلەستىن بىرنەچچە توپ سېتىۋېلىپ، ياستۇق ئورنىدا بېشىغا قويۇپ ياتتى. يۇرتداشلىرى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىشىپ نۇرغۇن يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تاپتى!...

سودا يەرمەنكىسى تۈگەيدىغان كۈنى بىر باشقۇرغۇچى خادىم ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، ئەمدى قايتامسىز ياكى جۇڭگونى زىيارەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئىككىلەنمەي دەرھاللا:

— زىيارەت قىلىمەن، تېخى بارىدىغان، تۇرىدىغان نۇرغۇن يەرلىرىم بار! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، بىز بېيجىڭغا خەۋەر قىلايلى، — دېدى ھېلىقى خادىم، — سىزنى مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار

ئىشخانىسىدىكىلەر كۈتۈۋېلىپ، ئورۇنلاشتۇرىدۇ!

— بولىدۇ، رەھمەت سىلەرگە! — دېدى ئەكبەر ۋە ھېلىقى خادىمغا ئۆزىنىڭ «شىركىتى سالام» نامىدا ياپونىيىدە ئىشلەنگەن نەپىس سائەتتىن بىرنى سوۋغا قىلدى.

ئەكبەر گۇۋاڭجۇ سودا يەرمەنكىسى ئاخىرلىشىپ، ئىككىنچى كۈنى ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا كەلدى. دېگەندەك، ئايرودرومدا ئۇنى مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار ئىشخانىسىدىن چىققان بىر خىزمەتچى كۈتۈۋالدى.

ئەتىسى ئەكبەر مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا كېلىپ، ئۇيغۇرچە تىل بىلەن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئېيتتى:

— مەن قەشقەرىيەگە بارىمەن، شۇ يەرگە يولغا سېلىپ قويۇڭلار!

لېكىن، ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئۇقمىدى، ئىشخانىدىكى ئۈچ ئادەم بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئەكبەر ئىككىنچى قېتىم ئەرەبچە سۆزلىدى، يەنە ھېچكىم ئۇقمىدى، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى. ئەكبەر ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بۇ قېتىم ئالدىرىماي، دانە - دانە قىلىپ ئىنگلىزچە سۆزلىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇلار ھەرھالدا گاس ياكى گاچا ئەمەس ئىكەن، ئارىدىن بىرسى ئىنگلىزچە چالا - پۇلا بولسىمۇ:

— ئەپەندىم، سىز خاتالاشتىڭىزمۇ قانداق، بىزدە قەشقەرىيە دېگەن يەر يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەكبەر تەئەججۇپ ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالاشمىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئەكبەر ھەج سەپىرىگە مېڭىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئۆز يۇرتىنىڭ ئىسمىنى بەزى كىشىلەرنىڭ «، بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ قەشقەرىيە»

دەپ ئاتايدىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ، ئەمدى ئۆزى چوڭ بولغان يەرنىڭ نەق ئۆزىنى ئېيتىش مەقسىتىدە:

— قەشقەرىيە دېگەن يەر باردۇر؟ — دېدى ھېلىقى ئىنگلىزچە بىلىدىغان خادىمغا قاراپ.

ھېلىقى ئۇچەيلەن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىرئاز جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا پېتىدىن چۇشمەي، ئۆزئارا بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ، پەرۋاسىز ئولتۇرۇۋەردى. شۇ چاغدا، ئەكبەرنىڭ كۆزى ئۇدۇل تامغا ئېسىلغان جۇڭگو خەرىتىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ، دەرھال خەرىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئورنىنى بار يەرنى تاپتى ۋە بىگىز قولى بىلەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەر قەشقەرىيە بولماي نېمە!؟ ياكى بۇ يەر يەرشارىدىن يوقاپ كەتتىمۇ؟! — دېدى زەردە بىلەن.

شۇ چاغدا، ئىشخانىغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر چەت ئەللىك كىرىپ قالدى. ئۇ، ئىراقلىق ئەخمەت كازىم دېگەن ئادەم بولۇپ، بېيجىڭدىكى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىدا ئەرەب تىلى دەرسى ئۆتەتتى ۋە جۇڭگونىڭ ئەرەب تىلىدا چىقىدىغان بىر ژۇرنىلىدا قوشۇمچە ئىشلەيتتى، خەنزۇچىنى خېلى راۋان سۆزلەيتتى. بۈگۈن ئۇ بۇ يەرگە باغداتنى تونۇۋاتقان بىر جۇڭگو مۇھاجىرىنىڭ ھاۋالە ئىشى بىلەن كىرگەن ئىدى.

ئەكبەر بىلەن ئىككىسى قىزغىن كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى. ئەخمەت كازىم ئەكبەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ھاجىم، سىلى ھازىر «قەشقەرىيەگە بارىمەن» دېگەن گەپنى قويۇپ، ئۈرۈمچىگە بارىمەن دېسىلە، — دېدى ئۇ سەمىمىي مەسلىھەت بېرىپ، — ئۇلار ھازىر قەشقەرىيە دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ ھەم بۇ ئىسمنىڭ تىلغا ئېلىنمىغىنىغا ئۇزاق بولدى. قەشقەرمۇ يېپيېڭى شەھەر، سىرتقا تېخى ئېچىلمىدى.

ســىلى ئاۋۋال ئۇرۇمـچىگە بارسىلىرى ، ئۇ يەردە سىلىگە تونۇش ئادەملەر بار ، دىنلىرى ، مىللەتلىرى ئوخشاش . ئۇلارغا مەقسەتلىرىـنى ئېيتسىلىرى ، ئىنشائاللا ، ئۇلار سىلىنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇشى مۇمكىن !

— بولىدۇ ، مەسلىھەتلىرىگە رەھمەت ! — دېدى ئەكبەر ئەخمەت كازىمغا تەشەككۇر ئېيتىپ ، — ئەمدى سىلى ، بۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپ قويسىلا !

ئەخمەت كازىم تەرجىمانلىق قىلدى ، بابا تىل بىلمەسلىكـ سەۋەبىدىن بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى ، ئەكبەرنىڭ ئەسلىي شىنجاڭلىق مۇھاجىر ئىكەنلىكىنى ، بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۇردى .

— ئۇرۇمچىگە بارسا بولىدۇ ، — دېدى ھېلىقى خادىملار ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، — بىز ئۇ يەردىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويايلى ، ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ ! ...

ئەكبەر ئەتىسىلا ، مۇھاجىرلار ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ يـاردىمى بىلەن ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلدى .

## 3

راست ، ئۇ ، بۇ يەردە نۇرغۇن تونۇش تىل ، تونۇش چىراي ، تونۇش دىندىكىلەر بىلەن ئۇچراشتى !

ئەكبەر بۇرۇن قەشقەرنى يۇرتمۇ ، ۋەتەنمۇ ، دۇنيامۇ شۇ دەپ بىلەتتى ! شۇڭا ، بۇ ئىسىم قەلبىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ ئورناپ كەتكەن ئىدى ! بۇ ئىسىمدىن باشقا ئىسىملارنى ئۇ قەلبىگە سىغدۇرالمايتتى ، ۋەتەن دېگەن مۇقەددەس تۇيغۇ بىلەن

ھېس قىلمايتتى ! لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇ ، گۇاڭجۇ سودا يەرمەنكە-سىگە كېلىپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ بەكمۇ كەڭ ، بىپايانلىقىنى ؛ ۋەتەنداشلىرىنىڭ بەكمۇ كۆپ ، ھېسابسىزلىقىنى ؛ ھەممە يەرنىڭ ئوخشاشلا گۈزەل ، ئاۋاتلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە يۈرىكى بىلەن ھېس قىلدى !

بۈگۈن ئەكبەر ئۆز يۇرتى ئاتالغان بۇ قەدىمكى گۈزەل ۋە باي زېمىننىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا يۈرۈپ ، بۇنداق يېقىملىق تەسىراتنى يەنە بىر قېتىم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى ! ...

بۇغدانىڭ ئاپئاق قار ئاستىدا ياتقان ئۈچما چوققىلىرى ، قىزىلتاغنىڭ يۇپقا تۇمان ئىچىدە رەڭلىنىپ تۇرغان ياپپېشىل مەنزىرىسى ، خەلق تىياتىرىنىڭ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ قۇببىسى ، شەھەرگە تاغ ھاۋاسى ئېلىپ كېلىدىغان ئۈرۈمچى ئۆستەڭنىڭ ئويناق ، ئەركە سۈيى ... ئەكبەرنىڭ قەل-بىدە يېڭىۋاشتىن يۇرت مۇھەببىتى بىلەن تەبىئەت سۆيگۈسىنى ئويغاتقان ئىلاھىي ھېس - تۇيغۇلار بولۇپ قالدى ! ...

ئۈرۈمچىدە ئۈنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخا-نىسىدا ئىشلەيدىغان ھېسامىدىن ئىسىملىك بىر ئادەم ھەمراھ بولدى . ئوتتۇرا ياشلىق ، قارىمۇتۇق ، قارا قاش كەلگەن بۇ ئادەم خۇش پېئىل ، خۇش چىراي بولسىمۇ ، لېكىن ئۆز ئۇستىدىكى باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورنىمۇ زايە قىلمايدىغان ، ئۇلار نېمە دېسە شۇنىلا شاتۇتىدەك تەكرارلايدىغان ياۋاش ، ئىتائەتچان ئادەم ئىدى .

ئەكبەر كەلگەن كۈنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى جۈمە بولۇپ قالدى . ئۇ ھېسامىدىندىن تىلى تىڭلاپ سورىدى :

— بۇ يەردە جۈمە نامىزى ئوقۇغۇدەك چوڭراق ئازنا مەسچىتلەر بارمۇ ؟

— بار ، بار ... — دېدى ھېسامىدىن ئالدىراپ ، — نەنـ مىڭ مەسچىتى ، بەيتۇللا مەسچىتى ، نوغاي مەسچىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ !

— ئەمىسە ، بەيتۇللا مەسچىتىگە بارايلى ! — دېدى ئەكـ بەر بۇ ئىسىم قۇلىقىغا چىرايلىق ئاڭلىنىپ .

— بولىدۇ ، مەن سىلىنى باشلاپ باراي ، — دېدى ھېسامىدىن ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ جىددىي تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى ، — جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا قايتىپ چىقسىلا . قۇرئان ئوقۇمىسىلا .

ئەكبەر تۇرۇپلا قالدى ، ھېسامىدىنىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى ، ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، تەئەججۈپلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى :

— ئەپەندىم ، مەسچىت دېگەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان يەر ، ئۇ يەردە قۇرئان ئوقۇماي نېمە ئىش قىلىدۇ ؟ !

— ئۇغۇ شۇنداق ... لېكىن ... لېكىنزە ،... — دېدى ھېسامىدىن ھودۇقۇپ ، دۇدۇقلاپ ، — سىلىنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشلىرى ، سىلىنى ئاسرىمىساق ، سىلىنىڭ ئامانلىقلىرىنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ ! ...

— رەھمەت ! — دېدى ئەكبەر ھېسامىدىنىنىڭ قانداقتۇر تەڭقىسلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى سېزىپ ، — ماڭا كۆڭۈل بۆلۈشكەنلىرىگە رەھمەت !

شۇ كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يەنە بىر ئىش يۈز بەردى :

ئەكبەر كېتىۋېتىپ ، يول بويىدا بىر ئادەمنىڭ 10 ياشلىق ئوغلى بىلەن ئۈزۈم سېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . سېۋەتكە لىق قاچىلانغان كەھرىۋادەك سارغىيىپ پىشقان مۇناقى ئۈزۈملەر ئەكبەرنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ ، ئاغزىغا سېرىق سۇ

يىغدى. ئۇ، باقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەسلەپ مۇلايىم سالاملاشتى، ئاندىن ئۈزۈمدىن بىر كىلوگرام تارتقۇزۇپ ئەللىك يۈەنلىك تاشقى پېرېۋوت بېلىتىدىن① بىرنى بەردى. باقال پۇلنىڭ ئارقا - ئالدىغا قاراپ:

— غوجام، بۇ پۇل بەك چوڭ ئىكەن، ياندۇرالمايمەن! — دېدى ئۆزرە ئېيتقاندەك تەلەپپۇزدا.

شۇ چاغدا، ماش رەڭ فورما كىيىۋالغان بىر بازار باشقۇرغۇچى كېلىپ، باقالنى قىرقىرىتىپ تۇرۇپ، ئىككى يۈەن ئەللىك پۇڭ باشقۇرۇش ھەققى ئېلىپ كەتتى.

— ھۇ نائىنساپلار! — دېدى باقالنىڭ ئوغلى ھېلىقى بازار باشقۇرغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن كايىپ، — تېخى بىر پۇڭلۇق سودا قىلمىساق، بىرمۇنچە پۇلنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى!...

ئەكبەرنىڭ باقال بىلەن ئۇنىڭ كاج تەلەي ئوغلىغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇلار ھەر كۈنى مۇشۇنداق بىرەر سېۋەت مېۋە - چېۋە سېتىپ، شۇنىڭدىن قالغان تۆت - بەش تەڭگە پۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— بولدى ئاكا، ياندۇرمىسىلا، — دېدى ئەكبەر مېڭىشقا تەمشىلىپ، — ھەممىسى سىلىدە قالسۇن!

كۈتۈلمىگەندە، ھېسامىدىن ئارىغا چۈشتى:

— ياق ھاجىم، پۇلنى ياندۇرمىسا بولمايدۇ!

— نېمىشقا؟ — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ، — ھېسامىدىن ئەپەندىم، بىز مۇسۇلمانلاردا ئۆشرە - زاكات دېگەن بىرنەرسىمۇ بار. بۇ ئاكىمىز بالا - چاقىلىق ئىكەن، بولدى، قېلىۋەرسۇن!

---

① تاشقى پېرېۋوت بېلىتى — چەت ئەللىكلەرنىڭ خەلق پۇلى ئورنىدا ئىشلىتىدىغان پۇل. شۇ چاغدا، بىر يۈەنلىك تاشقى پېرېۋوت بېلىتى بىر يۈەن ئەللىك پۇڭ قىممىتىدە ئاقاتتى.

— ياق ، بولمايدۇ ھاجىم ، ئارتۇقنى ياندۇرسۇن ! —
دېدى ھېسامىددىن يەنە شۇنداق تەرسالىق بىلەن ، — بۇ خىيانەت
بولۇپ قالىدۇ !

ئەكبەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ، چىرايىدىكى با-
يىقى رايىشلىق ، مېھرىبانلىق ئورنىنى ئەمدى بىر خىل غەزەپ ۋە
نەپرەت ئىگىلەپ ئالغان ئىدى :

— ئەپەندىم ، سىلى ھۆكۈمەت كادىرلىرى مۇسۇلمان
تۇرۇپ نېمانداق بىغەرەز بولۇپ كەتتىڭلا ! — دېدى ئۇ
ھېسامىددىننىڭ ھېسسىز كۆزىگە تىكىلىپ ، — بۇ پۇلنى ئۆز رازى-
لىقىم بىلەن بېرىۋاتسام ، سىلى نىمانچە قىلىلا ؟ ! بىزدە
«قوينۇڭدىن تۆكۈلسە ، قونچىڭغا» دەيدىغان گەپمۇ بارغۇ ؟ !

ئەكبەر شۇ گەپلەرنى قىلىپ ، رايى قايتقان ھالدا ئۇدۇل
يولىغا ماڭدى . بىر چاغدا ھېسامىددىن ئۇنىڭ ئارقىدىن يېتىشىپ
كېلىپ ، بىر ياغلىق ئۈزۈم بىلەن بىر سىقىم ئاشقان پۇلنى ئۇنىڭ
قولىغا تۇتقۇزدى ۋە بېزەڭلىك بىلەن يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى
يورغىلاتتى :

— شۇنداق قىلمساق بولمايدۇ ، ھاجىم ! بۇ قائىدە -
پرىنسىپ ، سىلىنى ئاسرىغانلىق ! ...

ئەكبەر ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، زۇۋان سۈرمىدى .
بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق
گىرەلەشكەن ھالدا شەھەر كۆرۈش ، ئۇيەر - بۇ يەرنى زىيارەت
قىلىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى .

بۈگۈن ئەتىگەن ئەكبەر ئورنىدىن تۇرۇپلا ، ئۆزىنى
يوقلاپ كىرگەن ھېسامىددىندىن سورىدى :

— سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ باشلىق كىم ؟
— ۋاڭ ئىنماۋ ! — دېدى ھېسامىددىن .
— مۇسۇلماندىن كىم ؟ — يەنە سورىدى ئەكبەر .

— ئىسمايىل ئەھمەد دېگەن بىر كىشى بار ! — دەپ جاۋاب بەردى ھېسامىدىن .

— ئۇ كىشىنىڭ گېپى ئۆتەمدۇ ؟

— ئۆتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا مېنى شۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرسىلە ، ھېسامىدىن ئەپەندىم ! — دېدى ئەكبەر ئىلتىجا بىلەن .

— بولىدۇ ، مەن ئۇقۇشاي ! — دېدى ھېسامىدىن تومتاق قىلىپ .

بىر كۈن ئەكبەرنىڭ كۈتۈشى ، ھېسامىدىننىڭ ئۇقۇشۇشى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى .

ئەتىسى ، ھېسامىدىن ئەتىگەندىلا ئەكبەردىن بىر نەر-سىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولغاندەك سىرلىق قىلىپ سورىدى :

— سىلى ئۇلار بىلەن كۆرۈشسىلىرى نېمە دەيدىلا ؟

— نېمە دېيىشىمنى ئۆزۈم بىلمەن! — دېدى ئەكبەرمۇ سىرلىق قىلىپ .

— ھېچبولمىغاندا ، دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ماۋزۇسىنى دەپ باقسىلا ! — دەپ تۇرۇۋالدى ھېسامىدىن گىجىڭلىق بىلەن .

— مېنىڭ گېپىم ئوچۇق ئادەم ، — دېدى ئەكبەر تاقىتى تاق بولغان ھالدا ، — دەيدىغان گېپىمنىڭ ماۋزۇسى : يۇرت توغرىسىدا ، خەلقىم توغرىسىدا ، دىنىم توغرىسىدا ۋە ئۆزۈمنىڭ قەشقەرگە بېرىشىم توغرىسىدا ... مۇشۇلار توغرىسىدا سۆزلەشسەم بولار ؟

— بولار ... — دېدى ھېسامىدىن مۇجمەللىك بىلەن ، — مەن يەنە ئۇقۇشاي !

ئەمما ، ئەتىسى ھېسامىدىن بىر پارچە خېتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ :

— بۇ ئىككى باشلىقنىڭ بىرسى بىيجىڭغا، بىرسى خو-
تەنگە كېتىپتۇ، — دېدى ئۆززە ئېيتقاندەك تەلەپپۇزدا، — مانا بۇ
ھەقتىكى خەۋەر ھەم سۈرەتلەر!
— بولدى، ھېسامىددىن ئەپەندى! بۇ گەپنى قويايلى، —
دېدى ئەكبەر ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ، — مېنىڭ
قەشقەرگە بارىدىغان ئىشىم قانداق بولدى؟ مېنى قاچان يولغا
سېلىشلا؟
— يەنە بىرئاز تەخىر قىلىسىلا، ھاجىم، — دېدى
ھېسامىددىن ئامال بار بۇ گەپتىن ئۆزىنى ئەپقېچىشقا تىرىشىپ، —
ھازىر ھاۋا بۇزۇق، قەشقەرگە ئايروپىلان قاتنىمايۋاتىدۇ...
بۇ گەپلەر ئۇنىڭ باھانىسى ئىدى، يۈرىكى تۈيغۇن
ئەكبەرمۇ بۇنى ئاللىقاچان سېزىپ بولغان ئىدى.
— ھېسامىددىن ئەپەندىم، ئايروپىلان بولمىسا، ماشىنىدا
ماڭساممۇ بولىدۇ! — دېدى ئەكبەر ۋە نەچچە كۈندىن بېرى
قەلبىنى تاتىلاپ يۈرگەن ئاتالمىش دەردلىرىنى ئىختىيارسىز تۆكۈشكە
باشلىدى، — مەن مۇشۇ كۈننىڭ كېلىشىنى 32 يىلدىن بېرى
تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلدىم. دادامنىڭ ئۆمرى يېتىشمىدى،
ئۇ، يۇرتىنى كۆرەلمەي، ئارزۇ - ئۈمىدىنى ماڭا يۈكلەپ، بۇ ئا-
لەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتتى! ھېسامىددىن ئەپەندى، سىلى
يۇرتتىن، ئائىلىدىن بىرەر يىل ئايرىلىپ باققانمۇ؟! جۇدالىقنىڭ
دەردىنى تارتىپ باققانمۇ؟! لېكىن مەن، ئىنسان بالىسىنىڭ
بېشىغا بىر كۆرگەن جۇدالىق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى خالىمايمەن!
ئويلاپ باقسىلا، 32 يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟! 16 ياش ۋاقتىمدا يۇرتۇم-
دىن، ئانامدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلدىم. شۇنىڭدىن
بېرى، مەن ئۇلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن! لېكىن، ئۇلار-
نىڭ چىرايى بىر كۈنمۇ كۆز ئۆڭۈمدىن نېرى بولغىنى يوق! مەن
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاشۇ مەھەللە، ئاشۇ كوچا، ئاشۇ توپىلىق

يوللار بىر كۈنىمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق ! تووۋا … مەن بۇلارنى سۆزلەپ نېمە قىلاي ، بۇنداق ئازابنى ، بۇنداق كۈلپەتنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم قانداق چۈشىنىدۇ !؟ — ئەكبەر بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتتى ، ئەمدى خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتقاندەك ، زەئىپ ، مىسكىن ئاۋازدا پىچىرلاشقا باشلىدى ، — مەن شۇنچە كۆپ يۇرتداشلارنىڭ كۆڭلىنى ، كۆزىنى ، يۈرىكىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن تۇرسام ، ئەمدى ئۇلارمۇ يۇرتقا بارالماي نائۈمىد كېتەرمۇ ؟! ئاھ ، خۇدا ، ماڭا رەھىم قىل ! يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىنى پۇراپ ، كۆزلىرىمگە سۈرتۈشكە نېسىپ قىل ! ئانامنىڭ چىرايىنى بىر كۆرسەت ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ، تۇپرىقىنى قۇچاقلاشقا نېسىپ قىل ! …

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى ، ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم ئۇنىڭ نەپسىنى قىسىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، دېرىزە ئالدىغا كەلدى ، يىپەك پەردىنى قايرىپ ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى . غۇررىدا كىرگەن سالقىن شامال ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلۇپ ، دىمىققان ۋۇجۇدىنى سەگىتتى !

شۇ تاپتا ، ئەكبەرگە 32 يىللىق كۈتۈشتىن كۆرە ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك كۈتۈش ئېغىرراق تۇيۇلۇۋاتاتتى . بۇرۇن ئۇ ، ئامالسىز ئىدى ، مۇساپە يىراق ، يول تاقاق ئىدى . باراي دەپ بارالمايتتى ، كۆرەي دەپ كۆرەلمەيتتى ! لېكىن ئەمدىچۇ ؟ تالاي دېڭىز ـ ئوكيان ، تاغ ـ داۋانلار ئارقىدا قالدى . ئەكبەر ۋەتەنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىن كىرىپ ، غەربكە كەلدى . ئۇنىڭ دەسسەپ تۇرغىنى ۋەتەن تۇپرىقى ، نەپەسلىنىپ تۇرغىنى ۋەتەن هاۋاسى ئىدى ! ئەكبەر پەقەت يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭسىلا ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ، ئەجدادلار خاكى تۇزۇپ تۇرغان ئانا يۇرتىغا بارالايتتى ! لېكىن ئۇ ، هازىر قانىتى بۇغۇچلانغان قۇشتەك

بولۇپ قالغان ئىدى. قارىماققا، ئەركىنىدەك كۆرۈنىسمۇ، لېكىن خالىغان ۋاقىتتا ئۇچۇپ، خالىغان يەرگە بارالمايتتى. بۇغۇچلانغان يىپىنىڭ بىر ئۇچى ھېسامىدىنىنىڭ قولىدا ئىدى! ...

ئەكبەرنىڭ بايىقى سۆزى ۋە ئايانچلىق قىياپىتى بۈگۈن ھېسامىدىنگە قاتتىق تەسىر قىلدى.

بىر ئادەم ھەرقانچە باغرى تاش، ۋىجدانى سۇس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا مېھىر تۇيغۇسى بىلەن قەھىر قۇدرىتى تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. بىر ئىشلاردا مېھىر تۇيغۇسى غالىب كەلسە، يەنە بىر ئىشلاردا قەھىر قۇدرىتى غالىب كېلىدۇ!

بۈگۈن ھېسامىدىنىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇزاقتىن بېرى بېسىلىپ ياتقان مېھىر تۇيغۇسى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇستۇنلۇكىنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەكبەرگە ئىچى ئاغرىدى، ھېسداشلىقى قوزغالدى. دېمىسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ 32 يىلدىن بېرى يۇرتتىن ئايرىلىپ، ئەمدى يۇرتىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، ئۇ يەرگە بارالماي نائۇمىد قايتىپ كېتىشى ئۆمۈرلۈك ئەلەم قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟! بۇنداق ئەلەمگە يۈرەك قانداق چىدايدۇ؟!...

شۇلارنى ئويلىغان ھېسامىدىن ئۆز تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدىغان بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ئەكبەر ھاجىم! مەن سىلىنى تېز ئارىدا قەشقەرگە يولغا سېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن! خۇدا بۇيرۇسا، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا!

ئادەم يۈرەكتىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىپ، شۇنىڭغا تۇشلۇق كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشكەندە، خۇشال بولىدۇ، خاتىرجەم بولىدۇ!

ھېسامىدىنىنىڭ سۆزى تۇنجى قېتىم ئەكبەرنىڭ يۈرىكىگە خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئەتتى!

دېگەندەك ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېسامىدىن خۇش خە-
ۋەر ئېلىپ كەلدى .
ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئەكبەرنى ئايروپىلان بىلەن
قەشقەرگە ئۇزىتىپ قويدى .
ئايروپىلان بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ، ئاستا - ئاستا
پەسلەشكە باشلىدى . بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى مۇزىكىلار
ئارىسىدىن لەرزان لەيلەپ چىقتى :
« ھۆرمەتلىك مېھمانلار : يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن ،
ئايروپىلان قەشقەر ئايرودرومىغا قونىدۇ ! ... »
ئەكبەرنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سوقۇپ كەتتى !
بۇ يۈرەك بۇرۇن خۇددى داتلىشىپ توختاپ قالغان
سائەتكە ئوخشاش ئاۋازسىز ئىدى ! ئەمدىلىكتە بولسا ، يۇرتىنىڭ
باھارى ، يۇرتىنىڭ ھاۋاسى ، يۇرتىنىڭ زەۋقى بىلەن ھاياتنىڭ
جۇشقۇن ، ياڭراق مۇزىكىسىنى چېلىشقا باشلىغان ئىدى ! ...
ئاھ ، تەڭرىم ! غېرىبسىنغان ، ئىنتىزارلىققا تولغان ئاشۇ
ئۇزاق ھايات مۇساپىسى نېمىدېگەن كۆلپەتلىك ئىدى - ھە ! ؟
ئەكبەر جۇدالىقنىڭ دەردىنى بەكمۇ ئۇزاق ، بەكمۇ كۆپ
تارتتى . ئوتتۇز نەچچە يىللىق تەشنالىقتا ئۇنىڭ لەۋلىرى گەزلە-
شىپ ، دىلى قاغجىراپ كەتكەن ئىدى . شۇ تاپتا ئۇلا ئەمەس ،
بەلكى تەبىئەتمۇ ، بارلىق جان - جانىۋارلارمۇ خۇشال ئىدى .
شۇڭا ، ئۇلار پۈتۈن ئىشقى بىلەن گۈزەل بىر كۈينى
كۈيلەۋاتاتتى . بۇ كۈيدە تەشنالىقى قانغان يۈرەكنىڭ
بەختى ، خۇشاللىقى ۋە ئالەمچە مۇھەببىتى مۇجەسسەملەنگەن
ئىدى !
ئەكبەر ئايروپىلاننىڭ ئىشىكىدىن كەڭ بوشلۇققا بېشىنى
چىقىرىپ ، يۇرتىنىڭ ساپ ۋە ئىللىق ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ ئۇزاق
نەپەس ئالدى ، ھاياجاندىن ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان تېنى



راھەتلەندى ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن قايغۇ ـ ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن قوڭۇر رەڭلىك يۈزى ئىسسىق ياش بىلەن نەملەندى ! ...

ئەكبەر ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشتى ، پۇتلىرىنى قاتتىق بېسىپ ، ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك ماكانىغا قەدەم قويدى !

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ ئىسسىق ۋە يېقىملىق بىر سېزىمدىن ئېرىپ كېتىدىغاندەك مەستخۇش ھالەتكە كەلگەن ئىدى . ئەكبەر كېتىۋېتىپ ، پۇت ـ قولى گويا تۇيۇقسىز مادارىدىن كەتكەندەك لەسسىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ، نامازغا سەجدە قىلغاندەك ئىككى قولى بىلەن يەرنى تېرىدى ، ئاندىن ماڭلىيىنى ئانا سۈتىدەك پاك ۋە ھالال تۇپراققا يېقىپ ، ئۇنى قانغۇچە پۇرىدى . بۇ ، ئۇنىڭ ئانا يۇرتقا بولغان سالىمى ، ھۆرمىتى ۋە ئوتلۇق سۆيگۈسى ئىدى . بۇ ، ھېچقانداق سۆيگۈگە ئوخشاشمايدىغان ، ھېچقانداق كۈچ يوق قىلالمايدىغان ، پەقەت يۈرەكلا چۈشىنەلەيدىغان يېگانە ، سىرلىق ۋە مەڭگۈلۈك مۇقەددەسلىككە ئىگە ئىلاھىي سۆيگۈ ئىدى ! ...

ئەكبەر تۇپراقنى بېشىنى كۆتۈردى ، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتا ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ ، تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر مۇنچە ئادەملەر كۆرۈندى . ئۇ ، گەرچە ئېنىق پەرق قىلالمىسىمۇ ، لېكىن ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئانىسى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقىنى باغرى سېزىپ تۇراتتى .

راست ، ئەكبەرنى قارشى ئېلىشقا چىققان ئاشۇ ئادەملەر ئىچىدە ، چېچى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ ، بېلى مۈكچەيگەن ، كۆزىنىڭ خۇنى كېتىپ ، شام چىراغدەك پىلدىرلاپ قالغان ئانىسى خان تىللا ۋە ئۇنى ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرغان ئاچىسى مەستۇرە بىلەن سىڭلىسى پاتىمە بار ئىدى . ھەممىدىن قىزىقى ،

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەكبەر تېخى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما بۇ يىل 30 ياشتىن ھالقىپ، بېجىرىم يىگىت بولۇپ قالغان ئىنىسى سەپەر ھەممىدىن بەك تېپىچەكلەپ، بويۇنداپ «ئاكام قانداق ئادەم بولغىيتتى» دېگەن قىزىقىش بىلەن ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇراتتى!

ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئېغىر جۇدالىق دەردىدە يۈرەكلىرى لەختە-لەختە بولۇپ كەتكەن بۇ قان-قېرىنداشلارنى ئايرودرومدا بۇنداق قىزغىن ۋە تاسادىپىي ئۇچراشتۇرۇش ھېسامىدىنىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ئۇ، تۈنۈگۈن قەشقەردىكى مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئەكبەر ئايرودرومنىڭ گۈللۈكىدىن بىر سىقىم تۇپراقنى سىقىمداپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر توپىغا قاراپ ماڭدى!

ئۇ، شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان ھاياجان بىلەن ماڭاتتى، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە تولغان قەدەملەر بىلەن ماڭاتتى، يۈرەك باغرى ئۆرتەنگەن ھالدا ماڭاتتى، ۋىسال شادلىقىدا جان-جەھلى بىلەن ماڭاتتى؛ خۇددى خۇشاللىقتىن، ھاياجاندىن ئېلىشىپ قالغاندەك، ئانا قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولغان يېتىم قوزىدەك تەقەززالىق، قىزغىنلىق بىلەن شاتۇردەك قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى!...

ئەكبەرنىڭ قەدەم ئىزىدىن گويا يېقىملىق مۇزىكا ناۋاسى، شوخ ناخشا ساداسى ياڭرىغاندەك، ھەممە يەر خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن ئىدى!

يىراق ئاقۋاش تاغلاردىمۇ، چوڭقۇر جىرادىكى شارقىراق سۇلاردىمۇ، كۆپچۈگەن دالالارنى قاپلاپ ياتقان يېشىل مايسىلاردىمۇ، رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان چۆل گۈللىرىدىمۇ، سۇلىرى

يوللارغا تېپىشىپ چىقىۋاتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەردىمۇ ... مانا شۇ خۇشاللىق بىلەن ۋىسال جىلۋىسى تەنتەنە قىلاتتى ! ...

1995 - يىل ، ئاپرېل ـــ 1998 - يىل ، مارت

مەككە ـــ راۋالپىندى
قەشقەر ـــ ئۈرۈمچى

这部长篇小说以纯熟的艺术手法描写半个多世纪以来侨居在巴基斯坦，沙特阿拉伯，埃及等国家的一些同胞坎坷的生计道路。

جاۋابكار مۇھەررىرى : ئابلىز ئۆمەر
جاۋابكار كوررېكتورى : ئابدۇقېيۇم ئەبەيدۇللا

# سەرسان روھ

( رومان )

ئاپتورى : ئەخەت تۇردى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
( قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى : 844000 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مم ، 1/32
باسما تاۋىقى : 16.625 قىستۇرما ۋارىقى :5
1999 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 8080 ــــ 1

ISBN7 — 5373 — 0687 — 7/I. 189
باھاسى : 20.00 يۈەن